ئەبۇبەكرى سىراجىددىن

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى

تەرجىمە قىلغۇچى: سابىرجان
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇلباقى قاسىم

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە

تەھرىردىن: ........ 5
كىرىش سۆز ........ 7
ئاپتور ھەققىدە ........ 12
بەيتۇللاھ ( ئاللاھنىڭ ئۆيى ) ........ 13
چوڭ زىيان ........ 17
ۋادىدىكى قۇرەيشلەر ........ 19
يوقالغان خەزىنىنىڭ قايتا تېپىلىشى ........ 23
ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا ئىچىلگەن قەسەم ........ 26
پەيغەمبەرگە بولغان ئېھتىياج ........ 29
پىل يىلى ........ 33
چۆل ........ 37
ئىككى چوڭ يوقىتىش ........ 41
خرىستىئان مۇرتى بۇھەيرا ........ 43
خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى ........ 45
ئۆيلىنىش تەكلىپلىرى ........ 47
ئۆي ........ 50
كەئبىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى ........ 55
تۇنجى ۋەھيى ........ 58
ناماز ........ 61
ئائىلەڭنى ئاگاھلاندۇرغىن! ........ 66
قۇرەيش قارشى چىقتى ........ 68
ئەۋس ۋە خەزرەج ........ 72
ئەبۇجەھىل ۋە ھەمزە ........ 75
قۇرەيشنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرى ........ 77
قۇرەيش كاتتىلىرى ........ 81
ئەندىشە ۋە ئۈمىد ........ 84
ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى ........ 88
ئۈچ سوئال ........ 95
ھەبەشىستان ( ئېفىئوپىيە ) ........ 100
ئۆمەر ........ 104
بايقۇت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ........ 108
جەننەت ۋە ئەبەدىيلىك ........ 114
قايغۇلۇق يىل ........ 117

www.munber.org

”سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ نۇرى“ ..... 123

قايغۇلۇق يىلدىن كېيىن ..... 127

يەسرىبنىڭ جاۋابى ..... 130

كۆچ - كۆچ ..... 135

سۇيىقەست ..... 138

ھىجرەت ..... 141

مەدىنىگە كىرىش ..... 146

ھەمكارلىشىش ۋە چىقىشالماسلىق ..... 148

يېڭى توي ..... 156

ئۇرۇش باشلاندى ..... 160

بەدرىگە يۈرۈش ..... 164

بەدرى غازىتى ..... 173

يېڭىلگەنلەرنىڭ قايتىپ كېتىشى ..... 181

ئەسىرلەر ..... 183

بەنى قەينۇقا ..... 189

ھازا ۋە تويلار ..... 193

ئەسھابى سۇففە ..... 198

مۇشرىكلەرنىڭ ھۇجۇملىرى ..... 201

ئۇرۇش تەييارلىقلىرى ..... 204

ئۇھۇد يۈرۈشى ..... 209

ئۇھۇد غازىتى ..... 212

ئىنتىقام ..... 222

شېھىتلارنىڭ دەپنە قىلىنىشى ..... 225

ئۇھۇدتىن كېيىن ..... 230

ئىنتىقام قۇربانلىرى ..... 235

بەنى نەزىر ..... 240

ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ..... 243

خەندەك ..... 255

مۇھاسىرە ..... 261

بەنى قۇرەيزە ..... 272

مۇھاسىرىدىن كېيىن ..... 278

مۇناپىقلار ..... 281

مونچاق ..... 284

تۆھمەت ..... 287

قۇرەيشتىكى ئارىسالدىلىق ..... 292

مۇتلەق غەلىبە ..... 297

ھۇدەيبىيەدىن كېيىن ..... 303


www.munber.org

خەيبەر ........................................ 309
«كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟» ........................................ 318
خەيبەر غازىتىدىن كېيىن ........................................ 323
ئۆمرە ۋە ئۆندىن كېيىن ........................................ 331
قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ........................................ 338
سۈلھىنىڭ بۇزۇلۇشى ........................................ 343
مەككىنىڭ فەتھى ........................................ 350
ھۇنەين غازىتى ۋە تائىف قورشاۋى ........................................ 358
كېلىشىملەر ........................................ 363
زەپەردىن كېيىن ........................................ 368
تەبۇك غازىتى ........................................ 373
تەبۇك غازىتىدىن كېيىن ........................................ 377
دەرىجىلەر ........................................ 385
كېلەچەك ........................................ 390
ۋىدالىشىش ھەجى ........................................ 393
تاللاش ........................................ 398
مېيىتنىڭ دەپنە قىلىنىشى ۋە خەلىپىلىك ........................................ 404

www.munber.org

www.munber.org

## تەھرىردىن:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر قىسسىلەر «قۇرئان كەرىم» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ساماۋىي كىتابلارنىڭ گاھىلىرىدا تەپسىلى، گاھىلىرىدا قىسقىچە شەكىلدە بايان قىلىنىپ كەلگەن. ئەمما «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەر خىل مەنپەئەتلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا بۇرمىلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىنى ساغلام شەكىلدە يورىتىپ بېرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەنبە يالغۇز «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. مۇسۇلمان يازغۇچىلار باشقا ساماۋىي كىتابلاردا بايان قىلىنغان قىسسە ياكى رىۋايەتلەرگە «قۇرئان كەرىم» نىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىش ياكى كەلمەسلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئەمما، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەھلى كىتاب ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بەزى ساغلام بولمىغان قىسسە ۋە رىۋايەتلەر رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق كىتابىدىكىگە ئوخشاش ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالمايمۇ قالمىغان. ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» سىدىن كېيىن، سابىت داموللاھاجىم «شېرىن كالام» تېمىسى ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئىشەنچلىك قىسسىلەرنى چىقىش قىلغان ھالدا يېزىپ چىقىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. 80- يىللارغا كەلگەندە مۇھەممەد خۇزەيرىنىڭ ئىسلام ئالەمىدە كۈچلۈك نوپۇز ياراتقان ئەسىرى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىندى. ئەمما، مىللىتىمىزنىڭ سانىغا كۆرە تولىمۇ چەكلىك، يەنە كېلىپ پەقەت بىرلا قېتىم نەشىر قىلىنغان بۇ كىتاب كىتابنى يۈرىكىدىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، كۆپىنچىسى ئىماملارنىڭ سۇپىلىرىدا تاشلاندۇق قەغەزلەرگە ئايلىنىپ تۈگىگەن بولدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار كەمبەغەل كاپىرنىڭ ھالىغا ئوخشايدىغان خەلقىمىزنىڭ باغرىنى ئېچىشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە «ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەنگلىيىلىك مۇسۇلمان تەتقىقاتچى، يازغۇچى مارتىن لىڭس (ئەبۇبەكرى سىراجىددىن) تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى تولىمۇ خۇشاللىنارلىق بىر ئىش بولدى. مەن مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستۈمگە ئالغان بۇ كىتابنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىمدە، كىتابنىڭ قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە يالغۇز تۈركچىسىنىڭلا قىرىق نەچچە قېتىم

www.munber.org

نەشر قىلىنىشىنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. تۈركچە 41 ــ نەشرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى يورىتىپ بېرىشتە ئىلگىرىكى تەرجىمىھال كىتابلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە تەسۋىر، يېڭىچە ئۇسلۇبلارنى چىقىش قىلغان. ۋەقەلەر ناھايىتى رەتلىك ۋە جانلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىسى ئوقۇغۇچىنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدىغان شەكىلدە يېزىلغان بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىسىمۇ ناھايىتى جانلىق، راۋان ۋە چۈشىنىشلىك تەرجىمە قىلىشقا تىرىشقان. بۇ ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن قوللاشقا ئېرىشىدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك «شېرىن كالام»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا خەلقىمىزنىڭ بۇ خۇسۇستىكى ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كېتەلەيدىغانلىقىغا چىن دىلىمدىن ئىشىنىمەن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، دۇنيا تارىخىنىڭ ئەڭ زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان بۇ ئەڭ قەدىمىي ساماۋىي دىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، شەرئىي ئەھكام، سىياسەت، ئىقتىساد، شەخسىي ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەت، ئۇرۇش، دىپلوماتىيە، جەمئىيەت تەرتىۋى... قاتارلىقلارغا تولغان، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە باي پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى 40، ۋەھىيدىن كېيىنكى 23 يىللىق ھاياتىنى بىر قانچە يۈز سەھىپىگە سىغدۇرۇش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى قىسقارتىش ئېھتىياجىنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ھەقىقەت. بەلكىم شۇ يۇقىرىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەن بۇ كىتابنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا مارتىن لىڭسىنگىمۇ بەزى مۇھىم ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەسىلەن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ئەسناسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى توسقان سۇراقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ قىسسىسى، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ھارپىسىدىكى مەككە مۇشرىكلىرىغا سۆزلىگەن جاسارەتلىك سۆزلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. لېكىن، يۇقىرىقىغا ئوخشاش بەزى ئەھۋاللار مەۋجۇت بولسىمۇ، يەنىلا كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتى، تارىخىي ۋەقەلەرنى ساغلام مەنبەلەرنى چىقىش قىلغان ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىشتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى قاتارلىقلارغا قەتئىي كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. مارتىن لىڭسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى ھېسابلىنىدىغان «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ پاكىستاندا ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى مۇكاپاتى» غا ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇكسەكلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا كېرەك.

ئابدۇلباقى قاسىم
2007 ـ يىل 2 ـ ئاي

www.munber.org

# كىرىش سۆز

## ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئامېرىكىلىق ئالىم مىخائىل خارت تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مەشھۇر كىشىسىنى تېپىپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ.

ئۇ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىش ــ ئىزلىرىنى، قابىلىيەتلىرىنى، ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى بىردىن يۈزگىچە رەتكە تىزماقچى بولىدۇ.

مىخائىل خارت مۇشۇ مەقسەت بىلەن بىر نەچچە ئاي جاپالىق ئىزدىنىدۇ ۋە ئۆزى توپلاپ كىرگۈزگەن مەلۇماتلار ئارقىلىق كومپيۇتېردىن كىشىلەرنى ئاپتوماتىك ھالدا تاللاش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىدۇ.

نەتىجىدە، كومپيۇتېر مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەڭ مەشھۇر ئىنسان دەپ تاللايدۇ.

بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ خرىستىئان ئەللىرىدە ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا قوزغىغان بولسىمۇ، مىخائىل خارت ئۆزىنىڭ بۇ نەتىجىگە كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېرىشكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىتەرەپ ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھەردائىم تەكىتلەپ تۇرغان.

بۇ نەتىجىنى ئېلان قىلغان فرانسۇز ژورنىلى «لې پوينت»، **1979** ــ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى «ئەڭ مەشھۇر شەخس» دەپ تاللىدى.

**1979** ــ يىل **12** ــ ئاينىڭ **29** ــ كۈنى، نەشر قىلىنغان گېزىتلەردە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «ھەزرىتى مۇھەممەد مىلادى **571** ــ دىن **632** ــ يىلغىچە ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنياۋى تەسىرى كۈندىن ــ كۈنگە شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتىدۇ ۋە مىليونلارچە ئىنسان ئۇ كۆرسەتكەن يولدىن مېڭىۋاتىدۇ.»

بىر ئىنساننىڭ (ۋاپاتىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل كېيىن) غەربلىك ۋە غەيرى مۇسۇلمان بىر مەملىكەتتە، غەيرى مۇسۇلمان بىر ئالىم تەرىپىدىن «ئەڭ مەشھۇر شەخس» بولۇپ تاللىنىشى، ئۇنىڭ دەۋاسىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

شۇنداق، ئۇنىڭ دەۋاسى ھەق ۋە ھەقلىق، شۇنداقلا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ــ سائادىتى ئۈچۈن شۇنداق مۇھىم، ئەھمىيەتلىك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئېسىل نەسەبلىك ئائىلىدە، يېتىم ھالدا تۇغۇلدى، ھاياتىدا ئاتا مېھرى ــ شەپقىتىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدى. بەش ــ ئالتە ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا، ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ، بوۋىسىنىڭ ھامىيلىقىدا، ساغلام، بېجىرىم، ئەدەب ــ ئەخلاقلىق، ئاقكۆڭۈل، كەمتەر، راستچىل بولۇپ يېتىشتى. ئەمما ئۇ ساۋاتسىز ھەم پېقىر ئىدى. ئۇنىڭ ساۋاتسىزلىقى، ئۇنىڭ تەقدىرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىلاھىي مۆجىزە بولسا؛ پېقىرلىقى ئۇنىڭ غۇرۇر ۋە ئىلھام مەنبەسى، ھەم ئۇنىڭدا ئېسىل سۈپەتلىك

www.munber.org

خاراكتېرلارنىڭ يېتىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. ئەنە شۇنداق شەرت ــ شارائىتلاردا ئۆسۈپ ــ يېتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، باشقىلاردىن سەدىقە ئالمايتتى، ئەمما ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى. قوبۇل قىلغان ھەدىيەنىمۇ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتەتتى ياكى يوقسۇل ــ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزى ھەمىشە يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتتە ياشايتتى. چۈنكى ئۇ مال ــ بايلىقنى ئىمتىھان، نام ــ شۆھرەتنى ئاپەت، راھەت ــ پاراغەتنى شەخسىيەتچىلىك دەپ بىلەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىشتىن، يەنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىشتىن بۇرۇن، يەھۇدىيلار، ناسارالار ۋە بەزى ئىلىملىك ئەرەبلەر ئارىسىدا يېقىندا بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر تارقالدى ھەم ئۇلار، بولۇپمۇ يەھۇدىيلار پەيغەمبەرنىڭ پات ئارىدا چىقىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. لېكىن پەيغەمبەرنىڭ قەيەردىن چىقىدىغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن مەلۇم نىسبەتتە ئېنىق بولسىمۇ، قايسى قەۋمنىڭ، قايسى قەبىلىسىدىن چىقىدىغانلىقى ھەممىگە مەۋھۇم ئىدى. شۇڭا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ يىراق ــ يىراق يەرلىرىگە ماكانلاشقان بەزى يەھۇدىي ئالىملىرىمۇ بۇ پەيغەمبەرنى كۈتىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنراق تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز پەرەزلىرىدىكى ئورۇنغا قاراپ يول ئېلىشتى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەرنى مۇتلەق ھالدا ئۆزلىرىدىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتتى. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئېسىل نەسەبلىك قەۋم دەپ بىلەتتى. ئەگەر شۇنداق بولغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۈچ ــ قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئاشاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ قوشنىسى بولغان ئەرەبلەرنى ھەرگىز ياراتمايتتى. چۈنكى ئەينى زامان ئەرەبلىرى جاھالەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەندىن سىرت، ئۇلاردا قاتىللىق، ئۇرۇش ــ جېدەل، جازانىخورلۇق، ساختىپەزلىك، باتىل ئېتىقادلار... ئىشقىلىپ ناچار ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، ئۇلاردىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەرەبلەرنىڭ تىلىغا ئالغۇدەك ئارتۇقچىلىقىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەرگە بولغان ئېھتىياجى، يەھۇدىيلارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ئىدى. ئەگەر شۇنداق مۇھىم شەخستىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئۇ ھالىنى ئۆزگەرتمىسە، ئەرەبلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى مۇقەررەر ئىدى.

دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە، ﷲ تائالانىڭ تەقدىرى ئەرەبلەرگە تەجەللى قىلدى. يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھىرىدىن چىققان مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئىسىملىك بىرى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئەرەبلەر، بولۇپمۇ، قۇرەيشلەر دەسلەپ ھاڭ ــ تاڭ قالدى، ئاندىن ئۇنىڭ سۆز ــ تەشۋىقاتلىرى، ئىش ــ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، ئۇنى ساراڭ، مەجنۇن، شائىر، سېھىرگەر... قاتارلىق بەدناملار بىلەن قارىلاشقا باشلىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتىن بۇرۇن قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىسى ئىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلارمۇ دەسلەپ لەۋلىرىنى چىشلەپ، ھەسرەتتە قالدى، ئاندىن كېيىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقىرىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭۈللىرىدىكى شەك ــ شۈبھىنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى سوئاللارنى سورىدى، ئالغان جاۋابى ئۇلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى، چۈنكى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەق دەۋاسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۆزى دۈچ كەلگەن شۇنچە كۆپ توسالغۇ، دىشۋارچىلىق، قىيىن ــ قىستاق، ھىيلە ــ



www.munber.org

مكىر، تۆھمەت، سۇيىقەستلەرگە پىسەنت قىلمىدى ۋە دەۋاسىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەق يولىدا ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ، 22 يىللىق جاپالىق مۇجادىلە نەتىجىسىدە، ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنغان ھەم ئۆزىمۇ ئۈمىد قىلغان ھەقىقىي ئىسلام جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ھەم اللە تائالانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداشقا مۇۋەپپەق بولدى ھەم ئۆزىنىڭ ئۈممەتلىرىگە شانلىق سەھىپە ئېچىپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىشتىن بۇرۇن، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، قەبىلە تۈزۈمى ئاستىدا ياشايدىغان، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ــ توقۇنۇشلارنى نورمال تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان، بۇلاڭ ــ تالاڭ، قىز ــ ئاياللارنى خورلاش، ھەتتا قىزلارنى تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىش قاتارلىق قىلمىشلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ئەرەبلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن ئىسلام دىنىنىڭ شەرىپىگە نائىل بولغاندىن كېيىن، زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك ھالەتلەر شەكىللەندى:

1 ـ بىر ــ بىرى بىلەن قېرىنداش بولدى. بۇ قېرىنداشلىق دىنىي قېرىنداشلىق بولۇپ، ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، قان قېرىنداشلىقى ئۇلار ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

2 ـ گۈزەل ئەخلاق ساھىبىغا ئايلاندى. قىمار، شاراپ، قاتىللىق، جازانخورلۇق، پاھىشىۋازلىق، پىتنە ــ پاسات، ھەقسىز قان تۆكۈش... قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىگە ئايلاندى، ھەتتا ئۇ قىلمىشلاردىن ئەشەددىي تۈردە يىرگىنىدىغان ھالغا يەتتى.

3 ـ قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئەپۇ قىلىش، زاكات ۋە سەدىقە بېرىش، ھەر ئىنساننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مەزلۇم ۋە ئاجىزلارنى قوغداپ، زالىم ۋە مۇتتەھەملەرگە قارشى چىقىدىغان ئادىل ھۆكۈمران ۋە قەھرىمان شەخسلەرگە ئايلاندى.

4 ـ اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ رازىلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر نىشانى دەپ بىلىپ، خەيىر ــ ئېھسان ۋە تەقۋالىقتا بىر ــ بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان ھالغا كەلدى.

5 ـ قەدىمى يەتكەن يەرلەردە ئىلىم ــ مەرىپەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇ يەرلەرنى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئەندۇلۇس بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيانىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئىلىملىك، ئادالەتلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك كىشىلىرىگە ئايلاندى. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا، تارىخنىڭ ئەڭ كۈچ ــ قۇۋۋەتلىك قوشۇنلىرىنى قۇردى ۋە سەلتەنەتلىك، دۇنياغا مەدەنىيەت نۇرى تارقىتىدىغان دۆلەتلەرنى بەرپا قىلدى.

دېمەك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەسلىسى بىلەن جاھالەت قورغانلىرى يېمىرىپ تاشلىنىپ، «سائادەت ئەسرى» نىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. ھەقسىزلىك، ۋەھشىيلىك، قانخورلۇق دەۋرى يوق قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «سائادەت دەۋرى» تۇرغۇزۇلدى.

ھەممىگە ئايانكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللە نىڭ يەر يۈزىنى بەرپا قىلغاندىن بۇيان ئىنسانلار ئۈچۈن ئورناتقان پەيغەمبەرلەر زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى، ھەم ئۇ ھالقىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. دېمەك، بۇندىن كېيىن، يەر يۈزىگە پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. چۈنكى، اللە ئۆز كالامى قۇرئان كەرىمنى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى بۇ ئۈممەت ئۈچۈن



www.munber.org

تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەبەدىي يولباشچى قىلىپ بەردى. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىزدە، شۇ ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

بىرىنچىسى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەرنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەق دەۋا يولىدا ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن ئىكەنمىز، بۇ يولدىن چەتنىمەي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشتە، ھەق دەۋايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۈلگە ئېلىشىمىز، ئۇنىڭ بۇ يولدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ئۆزى دۇچ كەلگەن ھەر بىر مۇشكۈلاتقا قارىتا ئالغان دانا تەدبىرلىرىنى، شۇنچە خېيىم ـ خەتەرلىك پەيتلەردە الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش روھىنى يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنى، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ، ئىنسانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان دەۋاسىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنىڭ نېمىلىكى ۋە قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قانداق پايدىلىق ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى تەپسىلىي ئۆگىنىپ چىقىشىمىزغا، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئىزدىنىشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە خەلقىمىز **80** ـ يىللاردا، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ قېتىرقىنىپ تەرجىمە قىلىشى نەتىجىسىدە، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە نائىل بولۇپ، بۇ ھەقتىكى بەزى مەلۇماتلارغا ئېرىشەلىگەن بولسىمۇ، كىتاب تىراژىنىڭ ئازلىقى ھەم بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتا نەشر قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىتابمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى بىلەن ھەر تەرەپلىمە تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. مەن، بىزدىن باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ قولىدا بۇ ھەقتە يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇنلىغان كىتابلارنىڭ بارلىقىنى، ھەم ژانىر ھەم سان جەھەتتىن كۆپ ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق كىتابخانا ياكى كۇتۇپخانىلارغا كىرسە، بۇ ھەقتىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ يېتىپ ئاشقۇچە بارلىقىنى ئاڭلىدىم ھەم كۆردۈم. شۇڭا بىزدىمۇ مۇشۇنداق كىتابتىن يەنە بىر قانچە خىل نۇسخىسى بولسىمۇ، يەنە ئارتۇقلۇق قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ھەر بىر مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئەسىرىنى ئۆزگىچە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا يېزىش ئارقىلىق، بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەققىدە يېڭىچە چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، ئىنگلىز ئالىمى سىراجىددىن ئەبۇبەكرىنىڭ (مارتىن لىڭس) بۇ كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. بۇ كىتاب دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. مەسىلەن، تۈركىيەنىڭ ئۆزىدىلا **40** نەچچە قېتىم نەشر قىلىنىپ بولدى. كىتابنىڭ قولىمىزدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ساخاۋەتچى تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن تۈركچە **41** ـ نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. الله تائالادىن بۇ خىزمىتىمىزنى خەيرلىك قىلىشىنى ۋە كىتاب ئۈچۈن ئەجرى سىڭگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەش بىلەن بىرگە، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كىتابتا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ۋە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمەن.

www.munber.org

كىتابتىكى بىر نەچچە پارچە بېيىتنىڭ بەزىلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىدىكى بېيىتلاردىن پايدىلىنىلدى. ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋاقىپ بولغاي!

ئاخىرىدا، الله تائالانىڭ ئەمەلىيىتىگە لايىق ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇ تەگداشسىز ئىنسانىنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولىدىغان بەندىلىرى قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمەن ــ ئامىن!

تەرجىماندىن.

مىلادى **2007** ــ يىل **2** ــ ئاي.

www.munber.org

## ئاپتور ھەققىدە

مارتىن لىڭس (ئەبۇبەكرى سىراجىددىن) 1909 ـ يىلى ئەنگىلىيەدە تۇغۇلغان بولۇپ، باشتا پروتىستان ئىدى، كېيىن دىنسىز بولۇپ كەتكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز ئەدەبىياتى ئوقۇغان. 25 يېشىدىن باشلاپ دۇنيادىكى باشقا دىنلارنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. شىمالىي ئافرىقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاستىسىدا بۈيۈك سوپى شەيخ ئەھمەد ئەل ئالەۋى ئەش شازەلى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسمىنى ئەبۇبەكرى سىراجىددىنغا ئۆزگەرتكەن.

1939 ـ يىلى مىسىرغا بارغان ۋە قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا 12 يىل شېكسپېر توغرۇلۇق مەخسۇس دەرس بەرگەن. 1948 ـ يىلى ئەنگىلىيەگە قايتىپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئەرەب تىلى بويىچە دىپلوم ئالغان. 1955 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، ئىنگلىز مۇزېيخانىسىدىكى شەرق قول يازمىلىرىنى (ئاساسلىق ئەرەبچە) تۈرلەرگە ئايرىش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغان.

مارتىن لىڭسنىڭ "قەدىمىي ئېتىقادلار ۋە زامانىۋىي خۇراپاتلىقلار"، "20 ـ ئەسىردە بىر ئەۋلىيا"، "تەسەۋۋۇپ نېمىدۇر؟"، "ئون بىرىنچى سائەت"، "ھەقىقەت كىتابى"، "قۇرئان كەرىمدىكى تەسۋىر ۋە ئىپادە سەنئىتى"، "ئىلاھىي مەدەنىيەت نۇرى ئاستىدىكى شېكسپېر" قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب، ئاپتورنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت، پاكىستاندا ھەر يىلى بېرىلىدىغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

مارتىن لىڭسنىڭ شېئىرلىرىمۇ خېلى داڭلىق بولۇپ، ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇنىڭ ماقالىلىرى «ئىسلام پەسىللىك ژورنىلى»، «(يېڭى) ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «دىنلار ئارا سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» قاتارلىق ژورنال ۋە ئېنسىكلوپېدىيەلەردە ئېلان قىلىنغان. يازغۇچى 2005 ـ يىلى ۋاپات بولغان.



www.munber.org

## بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى)

(1)

يارىتىلىش كىتابى «تەكۋىن» بىزگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسىنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بالىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كەپىدە ئولتۇرغان ئىبراھىمغا: «ئاسمانغا قارىغىن ۋە يۇلتۇزلارنى قانچىلىك سانىيالىساڭ، شۇنچىلىك سانىغىن!» دېگەنلىكىنى، ئىبراھىمنىڭ ئاسمانغا قارىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا غەيبتىن: «سېنىڭ نەسەبىڭمۇ مۇشۇنداق كۆپىيىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ (تەكۋىن؛ **15: 5**).

ئايالى سارە يەتمىش ئالتە ياش، ھەزرىتى ئىبراھىم سەكسەن بەش ياشتا ئىدى. سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھاجەر ئىسىملىك مىسىرلىق دېدەكنى توقال قىلىپ بەردى. ئەمما سارە بىلەن دېدەك ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى. ھاجەر سارەنىڭ غەزىپىدىن قورقتى ۋە قايغۇ ئىچىدە ئاللاھقا يالۋۇردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرىشتە ئارقىلىق بىر ۋەھيى ئەۋەتتى: «سېنىڭ نەسلىڭنى شۇنداق كۆپەيتىۋېتىمەنكى، ئۇلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدۇ». پەرىشتە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سېنىڭ بىر ئوغلۇڭ بولىدۇ. ئىسمىنى ئىسمائىل قويىسەن. چۈنكى ئاللاھ سېنىڭ ئاھ ـ زارىڭنى ئاڭلىدى» (تەكۋىن؛ **16: 10 ـ 11**). ھاجەر قايتىپ بېرىپ، ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن سارەگە پەرىشتىنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بالا تۇغۇلغاندا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭغا «تەڭرى ئاڭلايدۇ» مەنىسىدىكى ئىسمائىل دېگەن ئىسىمنى قويدى.

بالا ئون ئۈچ ياشقا كەلگەندە، ئىبراھىم يۈز، سارە توقسان ياشتا ئىدى. ئاللاھ ئىبراھىمغا يەنە ندا قىلدى ۋە سارەنىڭ بىر ئوغۇل تۇغىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئىسھاق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشىدىن قورققان ئىبراھىم ئاللاھقا يالۋۇردى: «ئىسمائىل سېنىڭ نەزىرىڭدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن!» ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئىسمائىل ھەققىدىكى سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم. ئەندىشە قىلما، ئۇ سالامەت بولسۇن!... مەن ئۇنى بۈيۈك بىر مىللەت قىلىمەن. ئەمما مېنىڭ ئەھدىم پەقەت كېلەر يىلى مۇشۇنداق ۋاقىتتا سارەدىن تۇغۇلىدىغان ئىسھاق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.» (تەكۋىن؛ **17: 20 ـ 21**).

سارەنىڭ كۆزى يورۇپ، ئىسھاق دۇنياغا كەلدى. سارە ئۇنى ئۆزى ئەمگۈزدى. ئىسھاق سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سارە ئىبراھىمغا ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئىسمائىلنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، بۇ ئىشقا بەكمۇ پەرىشان بولدى. ئەمما ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمغا قايتا ندا قىلىپ، ئۇنىڭ سارەنىڭ دېگىنىنى قىلىشىنى ۋە قايغۇرماسلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىسمائىلنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

www.munber.org

ئىبراھىم بىر ئەمەس، بەلكى ئىككى بۈيۈك مىللەت (يەنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈلگەن ئىككى كۈچ، يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئەمىرلىرىنى ئورۇندايدىغان ئىككى ۋاستە) نىڭ ئەجدادى بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ دىنغا مۇناسىۋەتسىز بىر ئىشنى رەھمەت سۈپىتىدە ۋەدە قىلمايدۇ ھەم ئاللاھنىڭ نەزەرىدە روھىي ئۇلۇغلۇقتىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە يوقتۇر. ھەزرىتى ئىبراھىم بىللە ئاقمايدىغان، بەلكى ھەر بىرىنىڭ ئۆز يولىدا ئېقىشى كېرەك بولغان ئىككى مەنىۋىي دەريانىڭ مەنبەسى بولاتتى. شۇڭا ئۇ ھەممە ئىشنىڭ تۈزىلىدىغانلىقى ئىشەنچى بىلەن ئىسمائىل ۋە ھاجەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە پەرىشتىلەرگە تاپشۇردى.

ئىككى مەنىۋىي دەريا ـ ئىككى دىن، ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى دۇنيا، ئىككى دائىرە، شۇنداقلا، ئىككى مەركىزى نۇقتا. بىر يەر ـ ئىنسانلار تەرىپىدىن تاللانغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئاسمان» تەرىپىدىن تاللانغانلىقى ئۈچۈن مۇقەددەستۇر. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ تەۋەلىكىدە ئىككى مۇقەددەس مەركەز بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى يېنىدا، يەنە بىرى تېخى بىلىنمىگەن يەردە ئىدى. ئەنە شۇ بىلىنمىگەن يەر ھاجەر بىلەن ئىسمائىل ئېلىپ كېتىلگەن يەر بولۇپ، ئۇنۇمسىز ئەرەب ۋادىسى، كەنئان تۇپراقلىرىغا (تۆگە كارۋىنى بىلەن) قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتا (جەنۇب تەرەپتە) ئىدى. بۇ ۋادىنىڭ ئىسمى بەككە بولۇپ، بۇ ئىسىم ۋادىنىڭ تارلىقىغا قاراپ بېرىلگەن ئىدى. چۈنكى بۇ ۋادىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي تۆپىلىكلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئىچىدىن پەقەت ئۈچلا يول كېسىشىپ ئۆتەتتى. ئۈچ يولنىڭ بىرى شىمالغا، بىرى جەنۇبقا، يەنە بىرى غەربكە ـ قىزىل دېڭىزغا قاراپ سوزۇلاتتى ۋە دېڭىز ساھىلىغا ئەللىك مىل يىراقلىقتا ئىدى. كىتابلاردا ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ بەككىگە قانداق يېتىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئۇلار بەلكىم كارۋان يولچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بارغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ۋادا چوڭ كارۋان يوللىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ يول جەنۇبىي ئەرەبىستاندىن ئاق دېڭىز بويلىرىغا پۇراقلىق بۇيۇملار ۋە ئېپار توشۇلىدىغان يول بولغاچقا، بەزىدە «ئېپار يولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھاجەر بىلەن ئىسمائىل بۇ ۋادىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كارۋاندىن ئايرىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئانا ـ ئوغۇل ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق قىينالدى، ھاجەر ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن بەكمۇ قورقتى. ئىسمائىل ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ياتقان يېرىدە ئاللاھقا يالۋۇردى ۋە ئانىسى سەل نېرىدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ياردەم كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى كۆزەتتى. ھېچكىمنى كۆرەلمىدى ۋە ئۇدۇلىدىكى ئېگىز تۆپىلىككە قاراپ يۈگۈردى، ئەمما يەنە ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. ھاجەر ئىككى ئارىلىقتا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بېرىپ كەلدى. ئاندىن بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، بىر پارچە قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، پەرىشتە يېتىپ كەلدى ۋە (تەكۋىنگە كۆرە) ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«تەڭرى بالاڭنىڭ نىداسىنى ئاڭلىدى. ئەي ھاجەر! سەن نېمىگە مۇنچىۋالا پەرىشان بولىسەن؟ قورقما! چۈنكى تەڭرى يەردە ياتقان بالىنىڭ نىداسىنى ئاڭلىدى. بېرىپ بالاڭنى ئورنىدىن تۇرغۇز ۋە ئۇنى قۇچىقىڭغا ئال! چۈنكى ئۇنى بۈيۈك بىر مىللەت قىلىمەن. تەڭرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە ئۇ بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقنى كۆردى.» (تەكۋىن؛ **21: 17 ـ 20**)



www.munber.org

ئاللاھ ئىسمائىلنىڭ تاپىنى تەگكەن يەردىن بىر بۇلاق چىقىرىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ۋادا سۈيىنىڭ موللىقى تۈپەيلىدىن كارۋانلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭگە ئايلاندى ۋە بۇلاققا «زەمزەم» ئىسمى بېرىلدى.

تەكۋىن ـ ئىبراھىمنىڭ بۇ نەسەبنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسمائىل ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار: «ۋە تەڭرى بالا بىلەن بىرگە ئىدى. بالا ۋەھشىي تەبىئەت قويىندا ياشاپ چوڭ بولدى ۋە ئوقچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.» (تەكۋىن؛ **21: 17 ـ 20**) بۇنىڭدىن سىرت، ئىسمائىل ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات بەكمۇ ئاز بولۇپ، پەقەت ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنىڭ دادىلىرى ئىبراھىمنى ھەبرون دېگەن يەرگە دەپنە قىلغانلىقى ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئەساۋنىڭ جىيەنى (ئىسمائىلنىڭ قىزى) گە ئۆيلەنگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلاردىلا (ئىسمائىلنىڭ ئىسمى) تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا «مەزمۇر» نىڭ ‹ئەي مېھماندارلارنىڭ رەببى! سېنىڭ ئىبادەتخانىلىرىڭ نېمىدېگەن گۈزەل؟!› ناملىق بابىدا ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، شۇنداقلا زەمزەمنىڭ ئۇلارنىڭ ۋادىدىن ئۆتۈشى بىلەن بۇلدۇقلاپ چىققانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ: «مۇبارەك كىشىلەر ـ كۆچىنى سەندىن ئېلىپ، بەككە ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرنى سۇ مەنبەسىگە ئايلاندۇرغانلارنىڭ يولىدا بولغان ۋە ئۇلارنى قەلبىگە مەھكەم ئورناتقانلاردۇر.» (مەزمۇر؛ **84: 5 ـ6**)

ئىسمائىل ۋە ھاجەر مەنزىلگە يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يەنە يەتمىش بەش يىللىق ئۆمرى بار ئىدى. ئۇ ئوغلى بىلەن شۇ ۋادىدا كۆرۈشتى. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىل بىلەن بىرگە ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا ئىنشا قىلماقچى بولغان تاۋاپگاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. (ھەج سۈرىسى، **26** ـ ئايەت.) تاۋاپگاھنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىمۇ ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىلگەندى. بۇ تاۋاپگاھ «كۇپ» قا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «كەئبە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، «كەئبە» نىڭ تۆت بۇرجىكى كومپاسنىڭ تۆت تەرىپىگە بىنائەن بېكىتىلگەندى. بۇ مۇقەددەس يەردىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسە يەر يۈزىگە چۈشكەندىن بېرى ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىدە تۇرغان ۋە بىر پەرىشتە تەرىپىدىن ھەزرىتى ئىبراھىمغا كەلتۈرۈلگەن ساماۋىي تاش بولۇپ، «ئۇ جەننەتتىن يەر يۈزىگە سۈتتەك ئاق ھالەتتە چۈشتى، ئەمما ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۇنى قاپقارا قىلىۋەتتى.» (ھەدىس: تىرمىزى رىۋايىتى). بۇ قارا تاش كەئبىنىڭ شەرقى بۇرجىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تاۋاپگاھنىڭ قۇرۇلۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمغا يەنە نىدا قىلىپ، ئۇنىڭغا كىشىلەرنى بەككىگە (كېيىنچە مەككە دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ھەج قىلىشقا چاقىرىشنى ئەمر قىلدى:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق. (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن. كىشىلەر ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ



www.munber.org

نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ... دېدۇق.﴾[1]

ھاجەر ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئۆزى بەككىگە يېڭى كەلگەن ۋاقىتتا ياردەم ئىزدەپ ئىككى يەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ ئىككى يەر ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈشنى ھاجىلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى قىلدى. ئۇنىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئىبراھىم (بەلكىم كەنئاندا بولۇشى مۇمكىن) ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن ئوتلاقلارغا، بۇغداي ۋە ئارپا ئېتىزلىرىغا قاراپ مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇلارغا تۈرلۈك مېۋىلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگىن.﴾[2]

---

[1] ھەج سۈرىسى، 26 -، 27 - ئايەتلەر.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى، 37 - ئايەت.



www.munber.org

## يوق زىيان

**(2)**

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولدى. ئەرەبىستان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق يەرلەردىن كەلگەن ھاجىلار مەككىنى تۆرلۈك مال ـ بايلىق بىلەن تولدۇرىۋەتتى. چوڭ ھەج يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلاتتى، ئەمما كەئبىنى ئۆمرە ھەج بىلەن خالىغان ۋاقىتتا زىيارەت قىلسا بولاتتى. بۇ ئىبادەتلەر ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل يولغا قويغان قائىدە ـ تۈزۈملەر ئاستىدا تەرتىپلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىسھاقنىڭ نەسەبىدىن كەلگەنلەرمۇ كەئبىنى ھەزرىتى ئىبراھىم تەرىپىدىن ياسالغان مۇقەددەس سۈپىتىدە تاۋاپ قىلاتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن تەڭرىنىڭ مەئبۇدلىرىدىن بىرى ئىدى. لېكىن، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرلا ئاللاھقا بولغان ئىبادەتنىڭ ساپلىقى بۇزۇلۇپ، ئەسلى ماھىيىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئىسمائىلنىڭ نەسەبى مەككىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپەيدى. يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەنلەر بۇ ۋادىدىن ئېلىۋالغان تاشلىرىنى كەئبىگە سىمۋول قىلىپ تاۋاپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. كېيىنچە، ئەتراپتىكى بۇتپەرەس خەلقنىڭ تەسىرىدە بۇ تاشلارنىڭ يېنىدا بۇتلار پەيدا بولدى ۋە ئاخىرىدا ھاجىلار بۇ بۇتلارنى مەككىگە توشۇشقا باشلىدى ۋە كەئبىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، يەھۇدىيلار ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ تاۋاپگاھىنى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى.

بۇتپەرەسلەر بۇتلىرىنى ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئارىسىدىكى ۋاسىتە دەپ قارىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن ـ كۈنكە ئازايدى ۋە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن يىراقلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ئېتىقادى زەئىپلىشىپ، كۆپىنچىسى ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ھەقىقەتنى كۆرەلىگەنلەر ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەق يولدىن ئازغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرمۇنچە دەلىل ـ ئىسپات بار. مەسىلەن، ئۇلار زەمزەم بۇلىقىغا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، بۇلاقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنۇتقانىدى. بۇ ئىشنىڭ ئەسلى سەۋەبچىسى يەمەندىن كەلگەن جۇرھۇمىيلار ئىدى. چۈنكى ئۇلار مەككىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغانىدى. چۈنكى ئىسمائىلنىڭ ئىككىنچى ئايالى جۇرھۇمي ئىدى. ئەمما جۇرھۇمىيلار بەكمۇ ئادالەتسىز بولغاچقا، باشقا قەبىلىلەر بىرلىشىپ ئۇلارنى مەككىدىن قوغلاپ چىقاردى. جۇرھۇمىيلار مەككىدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن زەمزەم بۇلىقىنى تىندۇرۇپ، ئىزىنى يوقىتىۋەتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇلاق كۆزىنى ھاجىلار يىللاردىن بېرى مەككىگە ئېلىپ كەلگەن ئۈنچە ـ مارجانلار بىلەن تىندۇرۇپ، ئۈستىنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتكەنلىكىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى (يەنى مەككىنىڭ مەسئۇللىقىنى) خۇزائە قەبىلىسى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ قەبىلە ئىسمائىلنىڭ نەسەبىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاۋۋال يەمەنگە كۆچۈپ كېتىپ، كېيىن يەنە



www.munber.org

شىمالغا قايتقان ئەرەب قەبىلىسى ئىدى. ئەمما خۇزائە قەبىلىسىمۇ ئۇز ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلىنغان بۇ مۇقەددەس سۇنىڭ ئورنىنى سۈرۈشتە قىلمىدى. چۈنكى ئۇ كۈنلەردە مەككىنىڭ باشقا يەرلىرىدىن قۇدۇقلار قېزىلغان بولۇپ، خەلقنىڭ (ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا) ئېھتىياجى قالمىغاچقا، مۇقەددەس بۇلاق ئاستا ـ ئاستا كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، خۇزائەلەر جۇرھۇمىيلارنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولغانىدى. خۇزائەلەرنىڭ گۇناھى بۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى. ئۇلارنىڭ كاتتىبېشىدىن بىرى يەمەندىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، موئابى قەبىلىسىنىڭ بۇتلىرىدىن بىرنى سورىدى. موئابىلار ئۇنىڭغا ھۇبەل ئىسىملىك بۇتنى بەردى. ئۇ كاتتىباش ھۇبەلنى مەككىگە ئېلىپ كېلىپ، كەئبىگە قويدى. ھۇبەل كەئبىدىكى بۇتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ قالدى.

www.munber.org

## ۋادىدىكى قۇرەيشلەر

**(3)**

قۇرەيش ـ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەسەبىدىن كەلگەن ئەڭ كۈچلۈك ئەرەب قەۋملىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئىسادىن تۆت يۈز يىل كېيىن، قۇرەيش قەبىلىسىدىن قۇسەي خۇزائەنىڭ كاتتىبېشى خۇلەيلنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. خۇلەيل كۈيئوغلىنى ئۆز ئوغۇللىرىدىنمۇ بەك ئەتىۋارلايتتى. چۈنكى شۇ دەۋر ئەرەبلىرى ئارىسىدا قۇسەينىڭ ئورنى بەكمۇ ئۈستۈن ئىدى. خۇلەيل ئۆلگەندىن كېيىن، ناھايىتى شىددەتلىك توقۇنۇش يۈز بەردى ۋە ئاخىرىدا، مەككىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە كەئبىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرى قۇسەيگە بېرىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، قۇسەي يېقىن تۇغقانلىرى بولغان قۇرەيشلەردىن ئىنىسى زۇھرى، تاغىسى تەيم، يەنە بىر تاغىسىنىڭ ئوغلى مەھزۇم ۋە باشقا بىر نەچچە جىيەنىنى ۋادىغا ئېلىپ كېلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇلار ۋە بۇلارنىڭ يېقىنلىرى «ۋادا قۇرەيشلىرى»، قۇسەينىڭ يىراق تۇغقانلىرى ۋە تۆپىلىكلەرگە ئورۇنلاشقان قۇرەيشلەر «سەھرا قۇرەيشلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. قۇسەي ھەر ئىككى قەبىلىنى خۇددى پادىشاھتەك باشقۇرۇپ، باج ـ سېلىق ئالاتتى ۋە يىغىلغان مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۆزىنى باقالمايدىغان دەرىجىدىكى ھاجىلارغا سەرپ قىلاتتى. كەئبىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئۇنىڭ چېدىرىنىڭ ئەتراپىدىكى چېدىرلاردا تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇ قوغدىغۇچىلارغا ئۆي ـ بىسات قىلىۋېلىش ئەمرىنى بەردى ۋە ئۆزىگىمۇ «دارۇن نەدۋە» ئىسىملىك كاتتا سارايىنى ياساتتى.

ناھايىتى تەرتىپلىك كېتىۋاتقان ئىشلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا  ـ ئاستا ئۆز يولىدىن چىقىشقا باشلىدى. ھەر نەسلدە پەقەت بىرلا كىشىنىڭ پۈتۈن قەۋمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى قۇسەي نەسەبىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى. قۇسەينىڭ تۆت ئوغلىنىڭ ئىچىدە ئابدۇمەنناف ئەڭ شەرەپلىك ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، قۇسەي چوڭ ئوغلى ئابدۇددارنى (ئۇنىڭ ئەڭ قابىلىيەتسىز بولۇشىغا قارىماي) باشقا ئوغۇللىرىدىن ئۈستۈن كۆردى ۋە ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئوغلۇم! كىشىلەر باشقىلارنى سەندىن شەرەپلىك دەپ بىلسىمۇ، مەن يەنىلا سېنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىمەن. سەن ئىشىكنى ئاچمىغۇچە كەئبىگە ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. قۇرەيشنىڭ جەڭ تۇغىنى سەن تۇتىسەن. سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز ھېچبىر ھاجى مەككىدىن سۇ ۋە يېمەكلىك تاپالمايدۇ. قۇرەيش سېنىڭ ئۆيۈڭدىن باشقا يەردە بىرەر مەسلىگە قارار بېرەلمەيدۇ.» قۇسەي ئۆزىنىڭ ھەققى ۋە ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئابدۇددارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن سىرت، دارۇن نەدۋە (ساراي) نىمۇ ئۇنىڭ ئىگدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئابدۇمەنناف بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن دادىسىنىڭ قارارىغا ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمەي قوبۇل قىلدى. ئەمما ئۇندىن كېيىنكى نەسىل ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشى ئابدۇمەننافنىڭ ئوغلى ھاشىمنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئابدۇددار سۇلالىسىدىن

www.munber.org

ھاشىمنىڭ سۆلالىسگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھاشىم ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى زۇھرى ۋە تەممىنىڭ نەۋرىلىرى ۋە ئەڭ چوڭ ئوغلىنىڭ نەسەبىدىن باشقا قۇسەي نەسەبىنىڭ بارلىق كىشىلىرى قوللايتتى. مەھزۇمنىڭ نەسەبىدىن كەلگەنلەر ۋە باشقا يىراق جەمەتلەر ھەق - ھوقۇقنىڭ ئابدۇددارلاردا قېلىشىدا چىڭ تۇردى. ئىشلار شۇ قەدەر چىڭغا چىقتىكى، ئابدۇمەنناف نەسەبىدىن كەلگەن بىر بۆلۈك ئايال بىر قۇتىدا خۇشپۇراق ماددا ئېلىپ كېلىپ، كەئبىنىڭ يېنىغا قويدى. ھاشىم، قېرىنداشلىرى ۋە باشقا تەرەپدارلىرى قوللىرىنى بۇ قۇتىنىڭ ئىچىگە قويۇپ بىر - بىرىدىن ئايرىلماسلىققا قەسەم ئىچتى ۋە بۇ قەسەملىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللىرىنى كەئبىنىڭ تاشلىرىغا سۈركەشتى. مانا بۇ كىشىلەر «خۇشپۇراقلىق كىشىلەر» دەپ ئاتالدى. ئابدۇددارنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ بىرلىششكە قەسەم ئىچتى ۋە ئۇلارغا «ئىتتىپاقداشلار» دېگەن نام بېرىلدى. ئۇرۇش - توقۇنۇش ۋە جەڭگە - جېدەل كەئبىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى ناھايىتى چوڭ دائىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغاندا، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بۇ مۇقەددەس تۇپراقتىن نەچچە مىل يىراق يەرگە بېرىشقا مەجبۇر بولاتتى. نىھايەت، ئابدۇمەنناف نەسەبىگە باج توپلاش ۋە ھاجىلارغا يېمەك - ئىچمەك تەمىنلەش ھوقۇقى؛ ئابدۇددار نەسەبىگە كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇش ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ بۇرۇنقىدەكلا دارۇن نەدۋەدە يىغىلىدىغانغا پۈتۈشتى.

ھاشىمنىڭ قېرىنداشلىرى ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ھاشىمغا تاپشۇردى. ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، ھاشىم مەجلىستە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەي قۇرەيشلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ قوشنىسى سىلەر، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ياشاۋاتىسىلەر. مانا بۇ بايرامدا ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى - ھاجىلار ئاللاھنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مېھمانلىرىدۇر ۋە ئۇلار ھەرقانداق مېھماندىنمۇ ئەزىزدۇر. ئەگەر مېنىڭ مال - بايلىقىم يېتىشكەن بولسا، بۇ ئىشنى سىلەرگە ئارتىپ قويمىغان بولاتتىم.»

ھاشىم ھەم ئەرەبىستان ئىچىدە ھەم سىرتىدا شان - شۆھرەت قازاندى. مەككىدىن يولغا چىقىپ، يەمەنگە ماڭغان قىشلىق كارۋان بىلەن ئاۋۋال غەربىي شىمالىي ئەرەبىستانغا، ئاندىن رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىر قىسمى بولغان بىزانس (شەرقى رىم) ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە سۈرىيە ۋە پەلەستىنگە ماڭغان يازلىق چوڭ كارۋاننى ھاشىم يولغا سالغاندى. ھەر ئىككى كارۋان «ئىپار يولى» دىن ئۆتەتتى. يازلىق كارۋاننىڭ تۇنجى ئۆتىڭى مەككىدىن ئون بىر كۈنلۈك (تۆگە بىلەن) يىراقلىقتىكى يەسرىب بوستانلىقى (مەككىنىڭ شىمالىدا) ئىدى. بىر زامانلاردا بۇ يەرلەرگە يەھۇدىيلارلا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى، كېيىنچە جەنۇبىي ئەرەبىستان تەرەپتىن بىر ئەرەب قەبىلىسى كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار جەمئىيەتتىكى رولىنى ۋە ئۆز دىنلىرىنى قوغداپ قالغان ئاساستا باياشات تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. يەسرىبتىكى ئەرەبلەرگە كەلسەك، ئۇلاردا ئانا ئۇرۇقداشلىق ئەنئەنىلىرى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەجدادلىرىدىن بىر ئايالنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، «كەيلەنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن نام قالغاندى. ئەمما كەيلەدىن كېيىن قەبىلە خەزرەج ۋە ئەۋس دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.



www.munber.org

نەججار سۇلالىسىدىن ئەمرىنىڭ قىزى سەلما خەزرەجنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە تونۇلغان ئاياللىرىدىن بىرى ئىدى. ھاشىم سەلماغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بەردى. سەلما ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلۇشىنى ۋە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ تۆت ياشقىچە يەسرىبتە چوڭ بولۇشىنى شەرت قىلغان ئاساستا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ھاشىم بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ۋابا كېسىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەسرىبنىڭ ئىقلىمى مەككىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاشىم پات - پات سۈرىيەگە بېرىپ كېلەتتى، شۇڭا بېرىپ - كېلىش يولىدا سەلما ۋە بالىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايتتى. ئەمما ھاشىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىدى، سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە، پەلەستىنىنىڭ «غەززە» دېگەن يېرىدە كېسەل تارتىپ ۋاپات بولدى.

ھىشامنىڭ ئابدۇشەمس ۋە ئابدۇلمۇتەللىب ئىسىملىك ئىككى ئۆز ۋە نەۋفەل ئىسىملىك بىر ئۆگەي قېرىندىشى بار ئىدى. ئابدۇشەمس يەمەن ۋە سۈرىيەدە، نەۋفەل ئىراقتا تىجارەت قىلغاچقا، بۇ ئىككىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەككىدە تۇرمايتتى. شۇڭا ھاجىلارنى سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى كىچىك قېرىندىشى ئابدۇلمۇتەللىب تاپشۇرۇۋالدى. ئابدۇلمۇتەللىبمۇ ئۆزىدىن كېيىن بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان بىرىنى ئويلىشىۋاتاتتى. ھاشىمنىڭ سەلمادىن باشقا ئاياللىرىدىن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئەمما (ئەگەر تارقالغان سۆز - چۆچەكلەر راست بولسا) بۇلار ۋە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى سەلمانىڭ ئوغلىغا يەتمەيتتى. شەيبە (بۇ ئىسمىنى ئانىسى قويغان) شۇنچە ياش بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ بوستانلىقتىن كەلگەنلەر ئۇنىڭ ھەققىدە ئاجايىپ خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشەتتى. بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بوستانلىققا باردى. شەيبە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئانىسى سەلمادىن ئۇنى ئۆزىگە ئامانەت قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەمما ئانىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. شەيبەمۇ ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئابدۇلمۇتەللىب ئۈمىدىنى ئۈزمەي، مەككىدە ئۇلارغا يەسرىب قىلىپ بېرەلمەيدىغان شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. مۇقەددەس ئۆينىڭ قاراۋۇللىرى ۋە پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىنىڭ مەركىزى ۋە ھەج پائالىيىتىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بولغان قۇرەيشلەر باشقا بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئۈستۈن ئىدى. شەيبە بىر كۈنى دادىسىنىڭ قولىدىن ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ - يېتىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى سىرتتىن كەلگەن بىرى بۇ شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمايتتى. سەلما ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ سۆزلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى. ئەگەر ئۇلار مەككىگە كۆچۈپ بارسا، ئوغلى بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرالايتتى. سەلما ئوغلىغا رازىلىق بەردى. ئابدۇلمۇتەللىب شەيبەنى تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىندۇرۇپ، مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولدا ئۇچرىغانلار بۇ ناتونۇش يىگىتنى كۆرۈپ: «ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قۇلى ئىكەن» دېيىشتى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇلارغا: «بۇ قېرىندىشىم ھاشىمنىڭ ئوغلى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ھەممە كىشىگە بولغان خۇشخۇي مۇئامىلىسى بۇ يىگىت ھەققىدە شەھەردە تارقالغان سۆز - چۆچەكلەرنىڭ



www.munber.org

ئەڭ دەسلەپكىسى ئىدى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن شەيبە «ئابدۇلمۇتەللىب» دەپ چاقىرىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار مەككىگە يېتىپ بېرىپ، كۆپ ئۆتمەي ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن تاغىسى نەۋفەل ئارىسىدا (دادىسىنىڭ ھەقلىرى ھەققىدە) تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. ئابدۇلمۇتەللىب ھامىيسى (تاغىسى) ۋە يەسرىبلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ھەققىگە ئېرىشەلىدى. ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ يەسرىبتە بەرگەن ۋەدىسىدىنمۇ ئۆمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. يىللار ئۆتتى. ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىب (شەيبە) نىڭ ھاجىلارغا سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك تارقىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشىغا ھېچكىم قارشى چىقالمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى تاغىسى ۋە دادىسىدىنمۇ ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر تارقالدى.



www.munber.org

## يوقالغان خەزىنىنىڭ قايتا تېپىلىشى

**(4)**

كەئبىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن، پەس، يېرىم چەمبەر شەكىللىك تام بىلەن قورشالغان بىر يەر بار. تامنىڭ ئىككى ئۇچى كەئبىنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرىپى بىلەن تۇتاشمىغۇدەك دەرىجىدە قىسقا بولۇپ، ھاجىلار بۇ يەردىن ئۆياق ـ بۇ ياققا ئۆتەلەيتتى. ئەمما تاۋاپ ۋاقتىدا ھاجىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ تامنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. ھەزرىتى ئىسمائىل بىلەن ھاجەرنىڭ قەبرىسى بۇ تامنى چۆرىدەپ تۇرغان قىيا تاشلارنىڭ ئاستىدا بولغاچقا، بۇ يەر «ھەجەرى ئىسمائىل (ئىسمائىل تېشى)» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئابدۇلمۇتەللىب كەئبىگە يېقىن تۇرۇشنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىكى، بەزىدە بۇ تاشنىڭ يېنىغا كۆرپە سېلىپ ئۇخلايتتى. بىر كېچىسى بۇ يەردە ئۇخلاۋاتقىنىدا، بىر كۆلەڭگە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ: «تاتلىق بۇلاقنى قازغىن!» دېدى. ئۇ: «تاتلىق بۇلاق دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى، ئەمما كۆلەڭگە غايىب بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئويغانغان ۋاقتتا، روھىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلىنىڭ شادلىققا تولغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بۇ كېچىنىمۇ تاشنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۇ كېچىسى كۆلەڭگە يەنە پەيدا بولدى ۋە: «قېنى قازمامسەن؟!» دېدى. ئەمما ئابدۇلمۇتەللىب سوئالغا يەنە جاۋاب ئالالمىدى. ئۈچىنچى كېچىسى كۆلەڭگە ئۇنىڭغا: «كۆمۈۋېتىلگەن خەزىنىنى قازغىن!» دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب بۇلارنىڭ نېمىلىكىنى سورىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سوئالى يەنە جاۋابسىز قالدى. تۆتىنچى كېچىسى ئۇنىڭغا: «زەمزەمنى قازغىن!» دېگەن ئەمر بېرىلدى. ئابدۇلمۇتەللىب: «زەمزەم دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

دەرھال قازغىن ئۇنى! قىلمايسەن پۇشمان،
چۈنكى ئۇ مىراستۇر ئەجدادتىن قالغان.

قۇرۇماس بۇلاق ئۇ ئەبەدىلئەبەد،
كەلسىمۇ ھاجىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ.

دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئاندىن ئۇنى قان، ئوغىت، چۇمۇلە ۋە قۇزغۇنلار يىغىلغان بىر يەرنى ئىزدەشكە ۋە ئاللاھنىڭ ھاجىلارنى ھەج پائالىيتى داۋامىدا سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان پاكىز سۇ چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى.

تاڭ ئاتتى، ئابدۇلمۇتەللىب ئورنىدىن تۇردى ۋە كەئبىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى «ئىراق بۇلۇڭى» دەپ ئاتالغان بۇلۇڭدىن باشلاپ غەربىي يۆلىنىشكە قاراپ يۈرۈدى. بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، توختاپ «ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)» نى سۆيدى. ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلاپ، «ئىراق بۇلۇڭى» دىن «ھەجەرى ئىسمائىل» غا، ئۇ يەردىن غەربىي بۇلۇڭ



www.munber.org

(سۈرىيە بۆلۈكى) غا، ئۇ يەردىن «يەمەن بۆلۈكى» غا باردى. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەسەبىدىن بولغانلار (مەيلى بەنى ئىسھاق ياكى بەنى ئىسمائىل بولسۇن) كەئبىنى قۇياشقا قارشى يۆنىلىشتە تاۋاپ قىلاتتى. «يەمەن بۆلۈكى» دىن «ھەجەرۇل ئەسۋەد» كە قاراپ ماڭغاندا، ئەبۇ قۇبەيس تۆپىلىكى ۋە باشقا تۆپىلىكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇلمۇتەللىب كەئبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى. ھەر بىر ئايلانغىنىدا كۆن تېخىمۇ بەك يورۇپ كېتەتتى، چۈنكى ئەرەبىستاندا تاڭ شەپقىنىڭ ۋاقتى بەكمۇ قىسقا ئىدى. تاۋاپ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، «ھەجەرۇل ئەسۋەد» نىڭ يېنىدىن مېڭىپ، كەئبىنىڭ ئىشىكىگە باردى ۋە ئىشىككە ئېسىلغان ھالقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ئۆگىتىلگەن دۇئانى ئوقۇدى.

يېقىنلا يەردىكى قۇم بارخانلىرى تەرەپتىن قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇ تەرەپكە قارىۋىدى، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئىبادىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ كەئبە ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا يۈز يىلدىن بېرى تۇرغان قۇرام تاشلارغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە قاراپ تۇردى. قۇرەيشلەر بۇ قۇرام تاشلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرى قىلىۋالغان بولۇپ، قۇربانلىق ماللىرىنى بۇ ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوياتتى. ئابدۇلمۇتەللىب بۇ تاشلارنىڭ ئارىسىنىڭ قان ۋە ئوغۇت بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ تاشلارغا يېقىنلاپ بېرىپ، ئۇ يەردە بىر چۈمۈلە ئۇۋىسىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆردى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئۆيىگە قايتىپ، ئوغلىنى چاقىردى ۋە بېرىپ ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىنى قېزىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. بۇ يەرنى ھەممە تەرەپتىن ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئابدۇلمۇتەللىبكە بولغان ھۆرمىتى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، ئۆزلىرى قۇربانلىق قىلىدىغان بۇتلىرىنىڭ ئۇلىنىڭ قېزىلىشىنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىغان بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ يەرنى قېزىشىغا قارشى چىقتى. ئەمما ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزىنىڭ داۋاملىق قازىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ھارىسقا كىشىلەرنى يىراقلاشتۇرۇپ، يېنىغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتماسلىقنى تاپىلىدى.

كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي، ھاياجان ئىلكىدە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. بەنى ھاشىم نەسەبىدىن بولغان بۇ ئىككىيلەننىڭ (بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) قارارى قەتئىي بولۇپ، توختىماي يەر قازاتتى. ئىساف ۋە نائىلە ئىسىملىك بۇ ئىككى بۇتنىڭ مەككە بۇتلىرى ئارىسىدىكى مەرتىۋىسى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس ئىدى، ھەتتا خەلق ئارىسىدا ئۇلارنىڭ كەئبىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكى ئۈچۈن تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن جۈرھۇملۇق بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئىكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ تارقالغانىدى. شۇڭا ھېچكىم ئابدۇلمۇتەللىبنى توختىتىشقا بەك ئۇرۇنۇپ كەتمىدى. ئۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئابدۇلمۇتەللىب بۇلاقنىڭ كۆزىگە يېپىۋېتىلگەن قۇرام تاشنى كۆرۈپ ئاللاھقا شۈكرى ئېيتتى. خەلق قايتا توپلاندى، ھەتتا تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. جۈرھۇمىيلار كۆمۈۋەتكەن خەزىنە چىقاي دەپ قالغاندا، ئەتراپتا تۇرغان خالايىق بۇ خەزىنىدىن ئۆزىگە پاي ئايرىش جېدىلىگە چۈشتى. ئابدۇلمۇتەللىب بۇ خەزىنىنىڭ ئۆزىگە ياكى كەئبىگە ۋەياكى خەلققە تەۋە بولىدىغانلىقىنى چەك تاشلاش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئېنىق قارار بېرىلمىگەن نەرسىگە چەك

www.munber.org

تاشلاپ قارار بېرىش شۇ زامان خەلقلىرىنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى. مەككىدىمۇ بۇ ئادەت موئابى بۇتى ھۇبەلنىڭ ئالدىدا چەك تاشلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. چەك تاشلاندى، خەزىنىنىڭ بىر قىسمى كەئبىگە، يەنە بىر قىسمى ئابدۇلمۇتەللىبكە چىقتى، قۇرەيشلەرگە ھېچنېمە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زەمزەم سۈيىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ بەنى ھاشىم قەبىلىسىگە تاپشۇرۇلدى، چۈنكى ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

www.munber.org

## ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا ئىچىلگەن قەسەم

**(5)**

ئابدۇلمۇتەللىب مەرتىلىكى ۋە دانالىقى بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بولۇپ، ئۆزى كېلىشكەن، يېقىملىق بىرى ئىدى. شۇنداقلا، مال ـ بايلىقمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بار ئىدى. زەمزەم بۇلىقىنىڭ (ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن) قايتا ئېچىلىشى ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى. ئۇ، بۇ ئىنئاملار ئۈچۈن ئاللاھتىن بەكمۇ مىننەتدار ئىدى. ئەمما زەمزەم بۇلىقىنى قېزىۋاتقان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ بۇ ئىشقا توسالغۇ بولۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەزى ھېس ـ خىياللارنى سېلىپ قويغانىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك تۈگىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى، ئەمما بىرلا ئوغۇلغا دادا بولۇشىنىڭ ئۆزىنى زەئىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بۇنىدىن بۇرۇن پەقەتلا ھېس قىلمىغانىدى. مەسىلەن، ئابدۇشەمس قەبىلىسىنىڭ رەئىسى، جىيەنى ئۇمەييەگە بىر قانچە ئوغۇل ئىنئام قىلىنغانىدى. ئەگەر بۇلاقنى قېزىش ئىشى مەھزۇم قەبىلىسىنىڭ رەئىسى مۇغىرەگە بېرىلگەن بولسا، ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر شەكىللىك بولۇپ قوغداپ تۇرغان بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بىر نەچچە خوتۇنى بولسىمۇ، پەقەت بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئىشقا كۆنۈپ قالغانىدى، ئەمما زەمزەم بۇلىقىنى ئىنئام قىلغان ئاللاھ ئۇنى باشقا جەھەتلەردىمۇ ئۈستۈن قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئابدۇلمۇتەللىب بۇ يېڭى ئىنئام (زەمزەم) نىڭ ئىشتىياقىدا ئاللاھقا تېخىمۇ كۆپ ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى ۋە دۇئاسىدا ئەگەر ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون ئوغۇل ئاتا قىلىپ، ئۇنىلىسى قاتارغا قېتىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى كەئبىدە قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى.

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە توققۇز ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇ قەسەم ئىچكەن ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئون ئوغلىنىڭ بولۇشىنى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك ھېسسىياتتا ئىدى. ئەمما ئابدۇللاھتىن باشقا ئوغۇللىرى چوڭ بولغانسېرى، ئۇنىڭ قەسىمى خىيالىنى چۇلغىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەممە ئوغلىدىن ئىپتىخارلىناتتى، بولۇپمۇ، ئابدۇللاھقا ئالاھىدە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھەردائىم ئىپادىلەپ تۇراتتى. بەلكىم ئاللاھ بۇ بالىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان چىراي ۋە خۇلق بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ۋە بەلكىم ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشىنى خالىغانىدى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئابدۇلمۇتەللىب سۆزىدە تۇرىدىغان كىشى ئىدى ۋە ھېچقاچان ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بەكمۇ ئادىل كىشى بولۇپ، ھەر قاچان ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. قايسى ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا ئۆزى قارار بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئابدۇللاھ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئون ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاللاھقا قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بۇ قەسەمنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى سورىدى. ئوغۇللىرىنىڭ دادىسىغا بويۇن ئېگىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى، چۈنكى دادىنىڭ قەسىمى ئۆزلىرىنىڭ قەسىمى دېگەنلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار دادىلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى



www.munber.org

سورىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇلارنى بىردىن ئوقۇقا ئۆز ئىشارەتلىرىنى قويۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن قۇرەيشنىڭ پال ئوقلىرىغا مەسئۇل كىشىگە خەۋەر يوللاپ، ئۇنىڭ كەئبىدە تۇرۇپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى. ئوغۇللىرىنى مۇقەددەس ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، پالچىغا ئۆزىنىڭ قەسىمى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ھەر ئوغۇل ئۆز ئوقىنى تەييارلىدى، ئابدۇلمۇتەللىب ھۇبەلنىڭ يېنىدا تۇردى. ئۇ ھەمىشە يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، كىچىك ئوغلى ئابدۇللاھقا دۇئا قىلاتتى. پال ئوقلىرى تارتىلدى، چەك ئابدۇللاھقا چىقتى. دادىسى بىر قولىدا پىچاقنى، يەنە بىر قولىدا ئابدۇللاھنى تۇتۇپ ئىشىك تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. ئۇ بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئوغلىنى قۇربانلىق قىلغۇدەك بىر يەرنى ئىزدەيتتى.

ئەمما ئۇ ئاياللىرىنى، بولۇپمۇ، ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى فاتىمەنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ باشقا ئاياللىرى مەككە سىرتىدىكى قەبىلىلەردىن بولغاچقا، قۇرەيشلەر ئارىسىدا تەسىر دائىرىسى بەكمۇ چوڭ ئەمەس ئىدى. ئەمما فاتىمە مەككىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان مەھزۇم قەبىلىسىدىن يەنى قۇرەيشلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئانا تەرەپ نەسەبى قۇسەينىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابىدقا تۇتىشاتتى. فاتىمەنىڭ ئائىلىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا ياردەم قولىنى سۇنالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىندا ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئون ئوغلىنىڭ ئۈچى (زۇبەير، ئەبۇتالىب ۋە ئابدۇللاھ) فاتىمەدىن بولغان بولۇپ، ئۇندىن باشقا بەش قىزىمۇ بار ئىدى. بۇ ئاياللارمۇ بوش كەلمەي، ھەممىسى ئۆز ئوغلىنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان پالاكەتتىن ئەنسىرەپ، فاتىمەنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشۋالغانىدى.

پال ئوقى سىيلىنىۋاتقاندا، ئەتراپقا ناھايىتى كۆپ ئادەم يىغىلىپ بولغانىدى. ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن ئابدۇللاھ ئۆڭ - سۆلى ئۆچكەن ھالدا مەككە ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىۋىدى، مەھزۇم قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن كۇسۇر - كۇسۇر ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئارىدىن بىرى: «ئۇ قولۇڭدىكى پىچاق بىلەن نېگە ماڭدىڭ؟» دەپ سورىدى. ھالبۇكى، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسگە بەكمۇ ئايان ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب يەنە ئۆزىنىڭ قەسىمى توغرۇلۇق سۆز باشلاپ تۇرۇشىغا مەھزۇم قەبىلىسىنىڭ رەئىسى مۇغىرە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: «ئۇنى قۇربانلىق قىلماي، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسە ئاتىغىن. ئابدۇللاھنىڭ بەدىلىگە قانچىلىك نەرسە تەلەپ قىلساڭ مەيلى، بىز بەنى مەھزۇم قەبىلىسى بارلىقىمىزنى پىدا قىلىشقا تەييارمىز!» دېدى. ئۇ ۋاقىتقىچە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ باشقا ئوغۇللىرىمۇ كەئبىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى. باشتا ھېچقايسىسى ئۈن - تىن چىقارمىدى، كېيىنچە ھەممىسى دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كەففارەت بېرىش ئارقىلىق ئابدۇللاھنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى ئۈچۈن يالۋۇرۇشقا باشلىدى. باشقىلارمۇ بىردەك شۇنداق قىلىشقا ئۈندىدى. ئابدۇلمۇتەللىبمۇ شۇنداق قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما كۆڭلى شۈبھىدىن تەسكىن تاپالمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ ئەھۋالدا كەففارەت بېرىپ، ئوغلىنى قۇتۇلدۇرسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى؛ ئەگەر بولسا قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سوراپ بېقىش ئۈچۈن يەسرىبتە ياشايدىغان دانا بىر ئايالنىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى.

www.munber.org

ئابدۇلمۇتەللىب ئابدۇللاھ ۋە باشقا بىر ياكى ئىككى ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ، ئۆزى تۇغۇلغان شەھەر ـ يەسرىبكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئايال يەسرىبنىڭ جەنۇبىدىكى خەيبەر دېگەن يەرگە كەتكەنىدى. بۇ يەرگە يەھۇدىيلار يەرلەشكەن بولۇپ، يەسرىبتىن يۈز مىل يىراقلىقتا ئىدى. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەيبەرگە يېتىپ باردى. ئايالنى تېپىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ئايال ئۇلارغا ئۆزىنىڭ روھلار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتىسى قايتا كېلىشىنى ئېيتتى. ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ئەتىسى ئايال ئۇلارغا: «ماڭا ئىلھام كەلدى. سىلەردە قاننىڭ بەدىلى نېمە؟» دەپ سورىدى. ئابدۇلمۇتەللىب: «ئون تۆگە» دەپ جاۋاب بەردى. ئايال: «ئۇنداقتا، سىلەر يۇرتۇڭلارغا قايتىپ بېرىپ، قۇربان قىلماقچى بولغان ئادىمىڭلارنى بىر تەرەپكە، ئون تۆگىنى يەنە بىر تەرەپكە قويۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلاڭلار، ئەگەر چەك يەنە ئۇ ئادەمگە چىقسا، تۆگىلەرگە يەنە ئون تۆگە قوشۇپ، قايتا چەك تاشلاڭلار. تاكى چەك تۆگىلەرگە چىققانغا قەدەر تۆگىلەرنىڭ سانىنى ئوندىن ـ ئوندىن ئاشۇرۇپ تۇرۇڭلار ۋە قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئادىمىڭلارنى ئازات قىلىڭلار!» دەپ تەلىمات بەردى.

ئۇلار مەككىگە قايتتى. ئابدۇللاھنى ۋە ئون تۆگىنى مەككىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئابدۇلمۇتەللىب كەئبىنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە ھۇبەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى. ئاندىن چەك تاشلاندى، چەك ئابدۇللاھقا چىقتى. يەنە ئون تۆگە ئېلىپ كېلىندى. چەك داۋاملىق ئابدۇللاھقا چىقىۋەردى، تۆگىلەرنىڭ سانى ئوندىن ـ ئوندىن كۆپىيىپ مىڭغۇەردى. تۆگىلەرنىڭ سانى يۈزگە يەتكىچە، نەتىجە ئوخشاش بولۇپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرى چەك تۆگىلەرگە چىقتى. ئەمما ئابدۇلمۇتەللىب بەكمۇ ئېنچىكىلەپ ئىش قىلىدىغان بولغاچقا، بىر قېتىملىق چەك بىلەنلا بولىدى قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، چەك سانىنى ئۈچكە چىقاردى. چەك ئارقا ـ ئارقىدىن تۆگىلەرگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاھنىڭ كەففارەتنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئىشەندى ۋە تۆگىلەرنى قۇربانلىق قىلدى.

www.munber.org

# پەيغەمبەرگە بولغان ئېھتىياج

## (6)

ئابدۇلمۇتەللىب ھېچقاچان ھۆبەلگە چوقۇنمىدى، چۈنكى ئۇ ھەردائىم تەڭرىگە (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلاتتى. ئەمما موئابىنىڭ بۇتى نەسىللەردىن بېرى كەئبىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى ۋە بارلىق ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان بۇ ئىبادەتخانىغا بېرىلىدىغان مەرھەمەت ۋە بەرىكەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇندىن باشقا كىچىك ئىبادەتخانىلارمۇ بار بولۇپ، «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان لات، ئۇززا ۋە مەنات قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب كىچىك ۋاقتىدا يەسرىبتىكى باشقا ئەرەبلەرگە ئوخشاش ۋادىنىڭ شىمالى ۋە قىزىل دېڭىز بويىدىكى قۇبەيدكە جايلاشقان مەنات ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ بېرىلاتتى. مەككىنىڭ جەنۇبىدا، بىر كۈنلۈك تۆگە يولى مۇساپىسىدىكى نەھلە تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان ئۇززا دېگەن بۇت بولسا، قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر بۇتى ئىدى. بۇ يەردىن يەنە بىر كۈنلۈك يول ماڭغاندا، ھەۋازىن قەبىلىسىدىن بولغان سەقىفنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «يېشىل جەننەت» دەپ ئاتالغان تائىفقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. لات ـ تائىفلىق بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بۇتى ھەشەمەتلىك بىر بۇتخانىغا قويۇلغانىدى. سەقىفلەر بۇ بۇتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇرەيشلەر بىلەن تەڭ كۆرەتتى. قۇرەيشلەرمۇ مەككە بىلەن تائىفنى تىلغا ئالغاندا «ئىككى شەھەر» دەپ، تائىفنى بەكمۇ ئۇلۇغلايتتى. تائىف خەلقى «ھىجازنىڭ بوستانى» دەپ ئاتالغان تائىف تۇپرىقىنىڭ شۇنچە مۇنبەت، ئىقلىمىنىڭ شۇنچە ياخشىلىقىغا قارىماي، يەنە شىمالدىكى قۇرغاق زېمىننى قىزغىناتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆز مەبۇدلىرىنى ھەرقانچە ئۇلۇغلىسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۆيىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئىشلارنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇشىنى، يەنى ئۆز مەبۇدلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئورۇنغا چىقىشىنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىسمائىلنىڭ نەسەبىدىن بولۇپ، مەككىلىكلەر بىلەن يېقىن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئەمما بۇ ھەقتىكى ھېسسىياتلىرى بەكمۇ قالايمىقان ۋە بىر ـ بىرىگە زىت ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرەيش قەبىلىسى ئۇلاردەك قىزغانچۇقلۇق قىلمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانىڭ مەركىزىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن ھەج قىلغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ناھايىتى ئۇلۇغ ئىبادەتخانىنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش ـ ئۆزلىرى بىلەن باشقا قەبىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزماسلىققا تىرىشىش ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب مەككىدە ھاجىلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولغاچقا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قەبىلىلەر ئارا ۋەزىپە بولۇپ، مەلۇم بىر قىسمىغا قۇرەيشنىڭ بارلىق ئەزالىرى تەڭ كۈچ چىقىراتتى. مەككىگە كەلگەن ھاجىلارغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس ـ تۇيغۇ بېرىش، ئۇلارنى خۇشخۇي قارشى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىگە خۇش مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كەلگەن بۇتلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت ـ



www.munber.org

ئېھتىرام بىلدۈرۈش لازىم ئىدى. بۇتلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بۇرۇنقىلاردىن قالغان بولۇپ، دادىلىرى، دادىلىرىنىڭ دادىلىرى، ھەتتا بىر نەچچە ئەجدادتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئابدۇلمۇتەللىب ئۇچۇن «ئاللاھ» ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ، شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا قۇرەيش، خۇزائە، ھەۋازىن ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدىكى زامانداشلىرىغا نىسبەتەن تېخىمۇ يېقىن ئىدى.

ئەمما ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان بىر نەچچە كىشىلا بار بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان يوقاپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇتقا چوقۇنۇش ئەجدادلاردىن قالغان ئەنئەنە ئەمەس، بەلكى كېيىنچە پەيدا بولغان بىدئەتتىن ئىبارەت ئىدى. ھۇبەلنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئالتۇن موزىيىدىن پەرقسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۇچۇن تارىخقا بىر نەزەر تاشلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنى «ھەنىفلەر» دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بۇتلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ، ئۇلار بۇتلارنى «مەككىنى بۇلغىغان ۋە مەككىنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزگەن مەخلۇقلار» دەپ بىلەتتى. كۆپىنچە نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى ۋە قارشى چىقىشلىرى ئۇلارنى مەككە خەلقىدىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇلارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە ئەسلىدە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ھەنىفلەردىن تۆت كىشىنى تونۇيتتى. بۇ تۆت كىشىنىڭ ئىچىدە ئەسەد قەبىلىسىدىن ئىككىنچى جىيەنى نەۋفەلنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرى بولۇپ، خرىستىئان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خرىستىئانلارنىڭ ئارىسىدا يېقىندا بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى ھەققىدە خەۋەر تارقالغان ئىدى. شەرقتىكى چېركاۋلارمۇ ئۇلارنى قوللاپ، مۇنەججىم ۋە كاھىنلار ئارقىلىق تەستىقلىغانلىقى ئۇچۇن بۇ خەۋەر بەكمۇ كەڭ يېيىلىپ كەتكەنىدى. يەھۇدىيلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ ھەزرىتى ئىسا ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى ھەققىدىكى پىكىرلەرگە قوشۇلاتتى. يەھۇدىي ئالىملىرى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەرنىڭ بەكمۇ يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىغا دائىر بىرمۇنچە دەلىلىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تاللانغان قەۋمنىڭ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ۋەرەقە قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ ئىشتىن شۈبھىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەرنىڭ ئەرەب بولماسلىقىدا ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى. ئەرەبلەر يەھۇدىيلارغا قارىغاندا پەيغەمبەرگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. چۈنكى يەھۇدىيلار ھېچ بولمىغاندا تەڭرىگە ئېتىقاد قىلاتتى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يولىدىن ماڭاتتى ۋە بۇتلارغا چوقۇنمايتتى. ئەرەبلەرنىڭ بۇ يالغانچى تەڭرىلەرگە چوقۇنۇشنى پەقەت بىر پەيغەمبەرلا توسۇپ قالالايتتى. كەئبىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا جەمئىي **360** بۇت بولغاندىن سىرت، ھەر ئۆيدە بىردىن بۇت بار ئىدى. بۇت شۇ ئۆينىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان تۇنجى ئىش بۇتنى سىلاش ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش بولاتتى. بۇ خىل بىدئەتلەر پەقەت مەككىگىلا خاس بولماستىن، پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىغا كەڭ يېيىلغانىدى. بۇنىدىن باشقا، مۇقىم يەرلىشىپ ياشايدىغان خرىستىئان ئەرەبلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار جەنۇبتا نەجران ۋە يەمەنگە،

www.munber.org

شىمالدا سۈرىيە چېگرىلىرى ئەتراپىغا جايلاشقانىدى. ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ۋەھيىسى (ھەزرىتى ئىسا) ئاق دېڭىز رايونى ۋە ياۋروپا قىتئەسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، **600** يىل مابەينىدە بۇتپەرەس مەككە خەلقىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. ھىجاز ئەرەبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىدىكى كەڭ كەتكەن نەجد تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان ئەرەبلەر بۇ مۇقەددەس كىتابتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

قۇرەيش ۋە باشقا بۇتپەرەس قەبىلىلەر خىرىستىئانلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىمايتتى. خىرىستىئانلار بەزىدە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ مەئبەدىنى (ئىبادەتخانىسىنى) تاۋاپ قىلغىلى كېلەتتى، قۇرەيشلەر ئۇلارنى باشقا ھاجىلارغا ئوخشاش كۈتۈۋالاتتى. ھەتتا بىر خىرىستىئاننىڭ كەئبىنىڭ ئىچىگە ھەزرىتى مەريەم بىلەن ھەزرىتى ئىسانىڭ رەسىمىنى سىزىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ۋە رىغبەتلەندۈرۈلگەنىدى. بۇ رەسىم قۇرەيش ئەقىدىسىگە زىت كەلسىمۇ، قۇرەيشلەر ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ رەسىم ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئىككى يېڭى بۇتنىڭ قوشۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ۋەرەقە ئۆز قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە، كونا مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇيالايتتى ۋە ئۇ كىتابلار ئۈستىدە تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆپ ساندىكى خىرىستىئانلارنىڭ يېڭى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى ئالدىنئالا تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىسانىڭ سۆزلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرستىشىنىڭ بىرئاز ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك ئىكەنلىكىنى، چۈنكى تېخى ھېچقانداق ئېنىق مەلۇماتنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئىسانىڭ بەزى سۆزلىرىنىڭ مەنىسى كىشلەرگە مەخپىي بولۇپ، نېمىنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكى بىلىنمەيتتى: «ئۇ ھېچقاچان ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئاڭلىغانلىرىدىنلا ئىبارەتتۇر.»

ۋەرەقەنىڭ بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان قۇتەيلە ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار بولۇپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتى. ۋەرەقەنىڭ سۆزلىرى قۇتەيلەگە شۇنچىلىك تەسىر قىلغانىدىكى، ھەردائىم ئۇزلىرى كۈتۈۋاتقان پەيغەمبەر ھەققىدە: «ئەجىبا، ئۇ راستىنلا بىزنىڭ ئارىمىزدىمىدۇ؟» دەپ خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

تۆگىلەر قۇربانلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىب ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئوغلى ئابدۇللاھنى ئۆيلەمەكچى بولدى. ئەتراپنى بىرئاز كۆزەتكەندىن كېيىن، قۇسەينىڭ سىڭلىسى زۆھرىنىڭ نەۋرىسى بولغان ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنەنى مۇۋاپىق كۆردى.

زۆھرى قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ۋەھب بىر نەچچە يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان بولۇپ، ئامىنە دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەبىلە رەئىسلىكىنى قولغا ئالغان ئاكىسى ۋۇھەيبنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەنىدى. ۋۇھەيبنىڭمۇ ھالە ئىسىملىك بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئامىنەنى ئوغلىغا، ھالەنى ئۆزىگە ئېلىشنى قارار قىلدى. ۋۇھەيبمۇ بۇ قارارنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا قىلىنىدىغان قوش توي مەرىكىسى ئۈچۈن تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. بېكىتىلگەن كۈن يېتىپ كەلدى، ئابدۇلمۇتەللىب ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، زۆھرى قەبىلىسىنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. بەنى ئەسەد مەھەللىسى بۇ يولنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

www.munber.org

ۋەرەقە نىڭ سىڭلىسى قۇتەيلە مۇ بۇ مەشھۇر توينى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرغانىدى. ئابدۇلمۇتەللىب يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھەر جەھەتتىن ناھايىتى ياش كۆرۈنەتتى. ئابدۇللاھ يىگىرمە بەش يېشىدا بولۇپ، ياشلىق باھارى مەزگىلىدە ئىدى. ئىككى كۈيئوغۇلنىڭ كېلىن ئۆيىگە يېقىنلىششى داقا ـ دۇمباق سادالىرى بىلەن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلدى. دادا ـ ئوغۇل ئىككىسى يېقىنلاپ كېلىۋىدى، قۇتەيلەنىڭ كۆزلىرى ياش يىگىتكە مىختەك قادىلىپ قالدى. ئابدۇللاھ چىراي ـ تۇرق جەھەتتە ئۆز زامانىنىڭ «يۇسۇف»ى ئىدى. شۇڭا قىزلار ـ ياش قۇرەيشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھاياتلىرىدا بۇنداق كېلىشكەن بىرىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىشىپ يۈرەتتى. ئەمما قۇتەيلە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ۋە پېشانىسىدە ھېچكىمدە كۆرۈلمىگەن بىر نۇرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالغانىدى. كەلمەكچى بولغان پەيغەمبەر ئابدۇللاھمىدۇ ياكى ئۇ پەيغەمبەرگە دادا بولامدىغاندۇ؟!

دادا ـ ئوغۇل قۇتەيلەنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا: «ئەي ئابدۇللاھ!» دەپ چاقىرغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئابدۇلمۇتەللىب جىيەنى بىلەن سۆزلەشسۇن دېگەندەك ئابدۇللاھنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. ئابدۇللاھ قۇتەيلە تەرەپكە قارىدى. قۇتەيلە ئۇنىڭدىن نەگە ماڭغانلىقىنى سورىدى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تويغا كېتىۋاتقانلىقىنى قۇتەيلەگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن: «دادام بىلەن كېتىۋاتىمەن» دەپلا جاۋاب بەردى. قۇتەيلە: «مېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەمرىڭگە ئالغىن. مەن ساڭا سېنىڭ ئۈچۈن قۇربان قىلىنغان تۆگىنىڭ سانى بىلەن تەڭ تۆگە بېرىمەن» دېدى. ئابدۇللاھ: «دادام بىلەن بىللە كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقالمايمەن ھەم ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

توي مۇراسىمى كۆڭۈلدىكىدەك ئېلىپ بېرىلدى، ئىككى جۈپ ئەر ـ ئايال ۋۇھەيبىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇردى. بىر كۈنى، ئابدۇللاھ ئۆز ئۆيىدىن بىر نەرسە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، يەنە ۋەرەقەنىڭ سىڭلىسى قۇتەيلەگە ئۇچراپ قالدى. قۇتەيلە ئابدۇللاھنىڭ يۈزىدىن بىر نەرسە ئىزدىگەندەك ئىنچىكىلەپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئۆزىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن قايتا ئېيتمىغانلىقىنى سورىدى. قۇتەيلە ئۇنىڭغا: «يۈزۈڭدىكى ئۇ نۇر بۈگۈن يوق، بۈگۈن سەن مېنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسەمنى بېرەلمەيسەن» دەپ جاۋاب بەردى.

توي بولغان يىل مىلادى **569** ـ يىلى ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل «پىل يىلى» بولۇپ، بىر نەچچە تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن تارىختىكى مەشھۇر يىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.



www.munber.org

# پىل يىلى

## (7)

ئۇ يىللىرى يەمەن ھەبەشىستاننىڭ مۇستەملىكىسىدە بولۇپ، ئەبرەھە ئىسىملىك بىر ھەبەش باشقۇراتتى. ئەبرەھە سانا (يەمەننىڭ پايتەختىتى) نى پۈتۈن ئەرەبىستاننىڭ ھەج مەركىزى قىلىش ئۈچۈن، مەككىدىكىدىنمۇ چوڭ ئىبادەتخانا (چېركاۋ) ياساتتى. بۇ ئىبادەتخانا ئۈچۈن سابا مەملىكىتىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن سارايلىرىدىن مەرمەر تاشلار كەلتۈردى، ئالتۇن كرېست، پىل چىشى ۋە قاراسەندەل مۇنبەر ياساتتى. ئاندىن نەجاشىغا مۇنداق دەپ مەكتۇب يوللىدى: «پادىشاھىم! سىزدىن بۇرۇنقى ھېچبىر پادىشاھقا نېسىپ بولمىغان بىر ئىبادەتخانا ياساتتىم، سىز ۋە بارلىق ئەرەبلەر بۇ ئىبادەتخانىغا تاۋاپ قىلىشقا رازىمەنلىك بىلدۈرمىگىچە ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەيمەن.» ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ھەممەيلەنگە ئاشكارىلىغاچقا ھىجاز بىلەن نەجد ئەرەبلىرى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ توقۇنۇش يۈز بەردى. بىر كۈنى كەچتە قۇرەيشلەرنىڭ كىنانە قەبىلىسىدىن بىر كىشى بۇ ئىبادەتخانىنى بۇلغىۋېتىش مەقسىتىدە ساناغا مەخپىي بېرىپ، سالامەت قايتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھە كەئبىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشكە قەسەم ئىچتى ۋە تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ناھايىتى چوڭ قوشۇن بىلەن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. قوشۇننىڭ باش تەرىپىدە بىر پىل بار ئىدى. سانانىڭ شىمالىدىكى بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ، ھەبەشلەر ئۇلارنى يېڭىپ، قەسئام قەبىلىسىنىڭ رەئىسى نۇفەيلنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. نۇفەيل جېنىنىڭ ئامانلىقى شەرتى بىلەن ئۇلارغا يول باشلاشنى قوبۇل قىلدى.

قوشۇن تائىفقا يېقىنلاشقاندا، سەقىف قەبىلىسى ئەبرەھەنىڭ كەئبىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولغان لاتنى ئۆرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە يولنىڭ قالغان قىسمىغا ئارىلىرىدىن بىر كىشىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ بەردى. ئەبرەھە يېنىدا نۇفەيل بولسىمۇ، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئەمما سەقىفلىك يول باشلىغۇچى مەككىگە ئىككى مىل يىراقلىقتىكى مۇغەممىستە ئۆلدى، ھەبەشلەر ئۇنىڭ جەسىدىنى شۇ يەرگە كۆمۈپ قويىدى. ئەرەبلەر تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ قەبرىسىگە تاش ئاتىدۇ.

ئەبرەھە مۇغەممىستە ھايالىدىماقچى بولدى ۋە بىر بۆلۈك ئاتلىق ئەسكىرىنى مەككە تۆپىلىكلىرىگە ئەۋەتتى. ئەبرەھەنىڭ تۇرشاۋۇللىرى ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا، ئۇنى يىغىپ ئەبرەھەگە ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن ماللىرىنىڭ ئارىسىدا ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئىككى يۈز تۆياق تۆگىسىمۇ بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، قۇرەيشلەر ۋە باشقا قوشنا قەبىلىلەر ئۇرۇش مەسلىھەتى ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلدى. ئەمما بۇ يىغىلىشتا دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قارار بېرىلدى. ئەبرەھە مەككىگە ھەيئەت ئەۋەتىپ، مەككىنىڭ رەئىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. ئەلچى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت كەئبىنى ئۆرۈۋېتىش



www.munber.org

ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى، ئەگەر قان تۆكۈلۈشىنى خالىمىسا، مەككە رەئىسىنىڭ ھەبەشلەرنىڭ قارارگاھىغا بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

ھوقۇق ۋە ۋەزىپىلەر ئابدۇددار بىلەن ئابدۇمەنناف ئائىلىسىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈشۈلگەندىن بېرى، قۇرەيشىنىڭ رەسمىي رەئىسى يوق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ رەئىسى مەككىنىڭ رەئىسى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلچىلەر ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆيىگە يۈزلەندى، ئابدۇلمۇتەللىب ئوغۇللىرىدىن بىرىنى يېنىغا ئېلىپ ھەبەشلەرنىڭ قارارگاھىغا قاراپ ماڭدى. ئەبرەھە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىياپىتىگە قاراپ شۇنداق تەسىرلەندىكى، ئۇنىڭغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە پەسكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە گىلەمدە ئولتۇردى. ئەبرەھە تەرجىمان ئارقىلىق ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆزىدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى يۈز تۆياق تۆگىسىنى يىغىۋالغانلىقىنى، ئەبرەھەنىڭ تۆگىلەرنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئەبرەھە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز ھەيران قالغانلىقىنى ۋە ئابدۇلمۇتەللىبتىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى. چۈنكى ئەبرەھەنىڭ قارىشىچە، ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزىنىڭ تۆگىلىرىدىن بەكرەك يىقىلماقچى بولغان دىنىنى ئويلىشى كېرەك ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسىمەن، كەئبىنىڭمۇ ئەلۋەتتە قوغدىغۇچى ئىگىسى بار.» ئەبرەھە: «ھېچكىم كەئبىنى مەندىن قوغداپ قالالمايدۇ!» دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب: «قېنى كۆرەرمىز، سەن ئاۋۋال مېنىڭ تۆگىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبرەھە تۆگىلەرنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن پەرمان بەردى.

ئابدۇلمۇتەللىب تۆگىلىرىنى ئېلىپ مەككىگە قايتتى ۋە قۇرەيشلەرگە تۆپىلىكلەرگە چىقىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن بىر نەچچە كىشىنى ئېلىپ كەئبىگە باردى ۋە ئاللاھنىڭ ئەبرەھە ۋە ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۆزلىرىگە كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن يالۋۇردى. ئۇ كەئبىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان ھالقىلاردىن بىرىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپ يالۋۇردى: «ئى ئاللاھ! بەندەڭ ئۆز ئۆيىنى قوغدىدى، سەنمۇ ئۆز ئۆيۈڭنى قوغدىغىن!» ئابدۇلمۇتەللىب دۇئاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە مەككىنىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىكلەرگە چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردىن پەس تەرەپتە بولۇۋاتقان ھەممە ئىشنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەبرەھە شەھەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ كەئبىنى ئۆرۈپ، يەنە كەلگەن يولى بىلەن ساناغا قايتىشنى ئويلاشتى. ھەرخىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن پىل تەييار ھالەتتە تۇرغان قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇلدى. بۇ كۈچتۈڭگۈر ھايۋان ئۆز ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن، باشقۇرغۇچىسى ئۇنەيس تەرىپىدىن نىشانغا يەنى كەئبىگە قاراپ ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. نۇفەيل پىل باققۇچىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يول باشلاپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇنەيستىن پىلنى قانداق باشقۇرۇشنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنەيس يولغا چىقىش ئەمرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەينىگە قاراپ تۇرغان بىر پەيتتە، نۇفەيل پىلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ چۆكۈش ئەمرىنى بەردى. پىل ئەمرگە بىنائەن جايىدىلا چۆكتى. بۇنى كۆرگەن ئەبرەھە ۋە ئەسكەرلىرى ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇنەيس پىلغا ئورنىدىن تۇرۇش ئەمرىنى بەرگەن بولسىمۇ، پىل



www.munber.org

ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشى قالمىدى. بېشىغا تۆمۈر بىلەن ئۇرۇپ باقتى، قورسىقىغا ئۈچلۈق تۆمۈرنى نىقتاپ باقتى، ئەمما پىل ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇننى يەمەن تەرەپكە ماڭدۇرۇش ئارقىلىق پىلنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولدى. پىل ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇننىڭ كەينىدىن مېڭىشقا باشلىدى. قوشۇننىڭ بېشىنى قايتىدىن مەككە تەرەپكە بۇرىۋىدى، پىلمۇ ئۇ تەرەپكە بۇرالدى، ئەمما بىر قەدەممۇ ماڭغىلى ئۇنىماي، تۇرغان جايىغىلا چۆكۈۋالدى.

بۇ، ھەبەشلەرنىڭ بىر قەدەممۇ ئالدىغا ماڭماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ئەمما ئەبرەھە ئۆزى ياساتقان ئىبادەتخانىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ رەقىبىنى ئۆرۈپ تاشلاشقا قەتئىي نىيەت باغلىغاچقا، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا پەرۋامۇ قىلمىدى. ئەگەر ئۇ قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كەتكەن بولسا، بەلكىم چوڭ پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى. ئەمما ئۇ كېچىكىپ قالغانىدى. ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، غەلىتە ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن بۇ قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى يېيىلىپ پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىدى. ھەبەشلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاسماننىڭ قۇش بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغانلاردىن بۇ قۇشلارنىڭ قارلىغاچقا ئوخشاش ئۈچىدىغانلىقى، ھەر بىر قۇشنىڭ ئاغزىدا بىر، ئىككى پۇتىدا ئىككى (جەمئىي ئۈچ) تاش (پۇرچاق چوڭلۇقىدا) بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. قۇشلار ئەسكەرلەرگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىپ، تاشلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئېتىشقا باشلىدى. تاشلار شۇنداق شىددەتلىك چۈشتىكى، قالقانلارنىمۇ ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئېتىلغان ھېچبىر تاش زايە كەتمەيتتى ۋە تاش تەگكەن ئادەم دەرھال ئۆلەتتى. چۈنكى تاش تەگكەن بەدەن دەرھال ياكى ئاستا - ئاستا چىرىپ كېتەتتى. ئەسكەرنىڭ ھەممىسىگە تاش تەگمىگەن بولۇپ، ئۇنەيس ۋە پىلمۇ تاش تەگمىگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. قۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ بىر قىسمى ھىجازدا قېلىپ، پادىچىلىق قىلدى ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما قوشۇننىڭ كۆپىنچىسى ساناغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يولدا ئۆلدى. ئەبرەھە قاتارلىق بىر تۈركۈمى ساناغا قايتىپ بېرىپلا ئۆلدى. نۇفەيل بولسا، ھەبەشلەر پىل بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بىر پەيتتە قېچىپ، مەككىنىڭ تۆپىلىكلىرىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا چىقىۋالغانىدى.

ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئەرەبلەر قۇرەيشلەرنى «تەڭرىنىڭ خەلقى» دەپ ئاتاشقا ۋە ئۇلارغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەئبىنىڭ ئۆرۈلۈشىنى توسۇپ قالغانىدى. ئۇندىن باشقا، قۇرەيشلەر پىل ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان باشقا بىر ۋەقە ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ تېخىمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ قۇش ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا مەككىدە يوق بولۇپ، كارۋانلارغا قوشۇلۇپ، پەلەستىن ۋە سۇرىيە تەرەپكە تىجارەتكە كەتكەنىدى. قايتىشىدا دادىسىنىڭ يەسرىبتىكى تۇغقانلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇ يەردە كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدى. مەككىگە قايتقان كارۋاندا ئابدۇللاھ يوق ئىدى. ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇلمۇتەللىب، كېسىلى ياخشىلىنىپ قالغاندا ئۇنى ياندۇرۇپ كېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر ئوغلى ھارىسنى يەسرىبكە ئەۋەتتى.



www.munber.org

ئەمما ھارىس يەسرىبكە يېتىپ بارغاندا، جىيەنلىرىنىڭ تەسەللىي سالاملىرىغا دۇچ كەلدى. چۈنكى ئابدۇللاھ ۋاپات بولغانىدى.

ھارىس مەككىگە قايتىپ كەلدى، شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان مەككە خەلقى بەكمۇ ئېچىندى. ئامىنەنىڭ بىردىنبىر تەسەللىيسى قورسىقىدىكى بالىسى بولۇپ، تۇغۇت يېقىنلاشقانسېرى بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورسىقىدا پارلاق بىر نۇرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانىدى. چۈنكى بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆزىگە بىر نۇر چۈشتىكى، سۇرىيەدىكى بۇسرا قەلئەلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئېنىق كۆرۈندى ۋە قۇلىقىغا: «سېنىڭ قورسىقىڭدىكى بالا كەلگۈسىدە خەلقىڭنىڭ رەھبىرى بولىدۇ. بالاڭ تۇغۇلغاندا: ‹ئاللاھنىڭ ئۇنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقلاردىن قوغدىشىنى تىلەيمەن› دېگىن ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد قويغىن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغانىدى.

بالا بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن تۇغۇلدى. ئامىنە تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ نەۋرىسىنى كۆرۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئابدۇلمۇتەللىبكە خەۋەر يوللىدى. ئابدۇلمۇتەللىب بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كەئبىگە كۆتۈرۈپ باردى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئىنئام ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتتى. ئاندىن بالىنى كۆتۈرۈپ ئاۋۋال ئۆز ئۆيىگە باردى ۋە بالىنى ئۆيىدىكىلەرگە كۆرسەتكەندىن كېيىن ئامىنەنىڭ قېشىغا باردى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭمۇ پات ئارىدا ئامىنەنىڭ جىيەنى ھالەدىن بىر بالىسى تۇغۇلماقچى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئابباس بولۇپ، ئۇ ئىشىك ئالدىدا دادىسىغا قاراپ تۇراتتى. ئابدۇلمۇتەللىب بوۋاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: «بۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ. قېرىندىشىڭنى سۆيۈپ قويغىن!» دېدى. ئابباس بوۋاقنى سۆيۈپ قويدى.

www.munber.org

## چۆل

## (8)

يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ چۆلنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېمىتىلىشى ۋە مەلۇم ياشقىچە چۆلدە چوڭ بولۇشى ئەرەبىستاندا كەڭ ئومۇملاشقان ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، باللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقۇرى بولۇشى ۋە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ كەڭ تارقىلىشى سەۋەبىدىن مەككە ئەرەبلىرىمۇ باللىرىنى بۇ ئادەت بويىچە چوڭ قىلاتتى. بۇ پەقەت تەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپى بولۇپ، ئۇنىدىن باشقا، چۆلنىڭ ئىنسان روھىغا بولغان تەسىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. قۇرەيشلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاشقا يېڭىلا باشلىغان بولۇپ، قۇسەي ئۇلارغا كەئبىنىڭ ئەتراپىغا جايلىشىشنى ئېيتىشتىن بۇرۇن، ئۇلار تېخى يېرىم كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. قانداقلا بولمىسۇن، مۇقىم ھاياتقا ئۆتۈش لازىم بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەزى ناچار تەرەپلىرى بار ئىدى. ئېسىل نەسەب ۋە ھۆرلۈك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس ئۇقۇملار بولۇپ، كۆچمەنلەر ھۆر ياشايتتى ۋە چۆلدىكى ئىنسان ماكان ۋە زامانغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايتتى. مەسىلەن، بىر كۆچمەن چېدىرىنى سۆكۈۋەتسىلا، ئۆزىنىڭ كەچمىش ئىزىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەلەيتتى. ئۇنىڭدا زامان ۋە ماكان ئۇقۇمى بولمىغاچقا، ئەتىسىدىن ئەندىشە قىلمايتتى. ئەمما شەھەرلىك ئىنسان مەھبۇسقا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بىر يەردە ئۆزۈن مەزگىل مۇقىم ئولتۇراقلىششقا مەجبۇر بولۇشى ئۇنى پۈتۈنلەي تۇگەشتۈرۋېتەتتى. تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە ـ ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانىڭ غايىسگە ئايلىنىپ قالغاندى. شۇنداقلا، شەھەر ئىنسانىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان يەر ئىدى. ئاگاھلىق ۋە ھورۇنلۇق ئۇلارنىڭ تۆت تېمىغا مەھكەم ئورناپ كەتكەن بولۇپ، ئىنسانىنىڭ سەگەكلىك ۋە ھۇشيارلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھەرۋاقىت ماراپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە، ھەتتا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان تىلمۇ بۇزۇلاتتى. ساۋاتلىق ئەرەبلەر ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، نۇتقىنىڭ ياخشى بولۇشى ھەر بىر ئەرەبنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. ئەرەبلەردە ئادەمنىڭ قىممىتى نۇتقىنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئىشلىتەلىشى بىلەن ئۆلچىلەتتى ۋە شېئىر پاساھەتنىڭ ئەڭ ۋايىغا يەتكەن تۈرى بولغاچقا، شائىر بىر ئائىلىنىڭ ئەڭ پەخىرلىك كىشىسى ھېسابلىناتتى. ئۇ زامانلاردا ئەڭ داڭلىق شائىرلار ئاساسەن چۆلدىكى بىر نەچچە قەبىلىدىن چىقاتتى. چۈنكى چۆل تىلى شېئىريي تىلغا بەكمۇ يېقىن ئىدى.

شۇڭا ھەر نەسىلنىڭ چۆل بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلغاندىلا، تەننى پاكىز ھاۋا بىلەن، تىلنى ساپ ئەرەبچە بىلەن، روھنى ھۆرلۈك ئەقىدىسى بىلەن ئوزۇقلاندۇرغىلى بولاتتى. گەرچە قۇرەيش ئوغۇللىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالالىسىمۇ، سەككىز يېشىغىچە چۆلدە ياشاشقا مەجبۇر ئىدى.

بەزى قەبىلىلەر كىچىك باللارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش بىلەن داڭق چىقارغان بولۇپ، مەككىنىڭ شەرقيي جەنۇبىدىكى ھەۋازىنلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تارمىقى بولغان بەنى سەئد ئىبنى بەكىر قەبىلىسىمۇ بۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئامىنە ئوغلىنى بۇ قەبىلىلىك بىر ئايالغا بەرمەكچى بولدى. ئۇلار



www.munber.org

مەككىگە بەلگىلىك ۋاقىتلاردا كېلىپ، بالىلارنى يىغىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىغا ئاز قالغانىدى. بۇ قېتىم مەككىگە كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا يولدىشى ھارىس بىلەن بىرلىكتە كەلگەن ۋە ئۆزى يېقىندىلا يەڭگىگەن ئەبۇ زۇئەيبىنىڭ قىزى ھەلىمە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يىلى قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە قولىمىزدا ھېچنېمە قالمىغانىدى. مەن مىدە ئېشكىمنى مىنىپ ماڭدىم. يېنىمىزدا سۈتى تارتىلىپ كەتكەن قېرى تۆگىمىزمۇ بار ئىدى. ئاچ قالغان بالامنىڭ يىغىسىدىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدۇق. كۆكسۈمدە ئۇنى ئېمىتقۇدەك سۈت قالمىغانىدى. ئېشىكىم شۇنداق ئورۇق ۋە كۈچسىز بولغاچقا، پات ـ پات باشقىلارنى ساقلىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئۇلاغلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىۋېلىشى ئۈچۈن يامغۇر يېغىشىنى شۇنداق تىلىگەن بولساقمۇ، مەككىگە يېتىپ بارغىچە يەقەتلا يامغۇر ياغمىدى. مەككىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن بالا ئىزدەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتىراشقا باشلىدى. بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئامىنە بالىسىنى ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا تەڭلەپ باققان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ بالىسىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى بىز بالىلارنىڭ دادىلىرىدىن ياردەم كۈتەتتۇق. ئۇ دېگەن يېتىم تۇرسا، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە بوۋىسى بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيتتى؟ شۇڭا ھېچكىم ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىغانىدى.»

بالا باققۇچىلار ئېمىتىش ھەققى ئۈچۈن بىۋاستە پۇل تەلەپ قىلمايتتى. چۈنكى بالىغا ئېمىتىلگەن سۈت ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلىش ئۇلارغا نىسبەتەن نومۇسسىزلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلار سۈت ھەققى ئۈچۈن باشقا نەرسە ئالاتتى ۋە بۇ ھەقنىڭ ئۇزۇن مەزگىلگىچە داۋام قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شەھەرلىكلەر بىلەن كۆچمەنلەر ئارىسىدىكى بۇ ئېلىم ـ بېرىم ناھايىتى تەبىئىي ئىش بولۇپ، بىرىدە بار نەرسە يەنە بىرىدە يوق ئىدى. كۆچمەنلەر تەڭرى ئاتا قىلغان ئەنئەنىۋى ھاياتنى يەنى ھابىلنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. قابىلنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا (قابىل ـ ئەڭ دەسلەپكى شەھەرنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى)، باي ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، كۆچمەنلەر بۇ ئائىلىلەر بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايتتى. ئىنىكئانا ـ ئۆزىنى ئىككىنچى ئانا دەپ تونۇيدىغان ۋە ئۆمۈر بويى ئۆزىدىن مىننەتدار بولىدىغان بىر پەرزەنتكە ئىگە بولاتتى. شۇنداقلا، ئىنىكئانىنىڭ ئۆز بالىلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى قاتارىدا كۆرەتتى. بۇ ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەس بولۇپ، سۈت ئەرەبلەردە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە بىر يولى ھېسابلانغاچقا، سۈت ئەمگۈزگۈچىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئېمىتىلگەن بالىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئەمما ئېمىتىلگەن بالىدىن بىر نەرسە كۈتۈشكە بولمايتتى ۋە ئۇ چوڭ بولغىچە بارلىق چىقىمنى دادىسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ئەمما بالىنىڭ بوۋىسى بۇ ئىشقا مەسئۇل بولالمايتتى. ئەگەر ئابدۇلمۇتەللىب مەسئۇل بولغان تەقدىردىمۇ، ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئىگە چىقالماسلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىراسنى بالىلىرى بۆلۈشۈۋالاتتى، ئامىنە بولسا يوقسۇل ئىدى. ئابدۇللاھ بالىسىغا بەش تۈياق تۆگە، ئازغىنە قوي ۋە ئۆچكە پادىسى، بىر جارىيەدىن باشقا نەرسە مىراس قالدۇرۇپ قويالمىغانىدى. ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى گەرچە ئەڭ شەرەپلىك ئائىلىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، بۇ يىلقى بالىلارنىڭ ئارىسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەڭ يوقسۇل بالا ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىنىكئانا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ باي بولمىسىمۇ، بەكلا پېقىر بولۇپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىناتتى. ھەلىمە ۋە ئۇنىڭ يولدىشى بۇ قېتىمقى بالا باققۇچىلارنىڭ

ئارىسىدىكى ئەڭ يېقىنلىرى ھېسابلىناتتى. ئەگەر ھەلىمەنى باشقىلارغا سىلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ھەلىمە چوقۇم شاللىنىپ قالاتتى. بالا يىغىش ئىشى تاماملاندى، ھەلىمەدىن باشقا ھەممىسى بىردىن بالا تېپىپ كەلگەنىدى. پەقەت ئەڭ يوقسۇل بالا ئانىسىز، ئەڭ يوقسۇل ئانا بالىسىز قېلىپ قالغانىدى.

ھەلىمە مۇنداق دەيدۇ: «مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئېرىمگە: دوست ـ يارەنلەرنىڭ ئالدىدا ئېمىتكۈدەك بالا تاپالماي قايتىپ كېتىشكە رايىم يوق. مەن بېرىپ ئۇ يېتىم بالىنى ئېلىپ كېلىمەن، ـ دېدىم. ئېرىم: ئىختىيارىڭ، بەلكىم ئۇنىڭ سايىسىدا تەڭرىم بىزگە ئىلتىپات كۆرسىتەر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا بوۋاق تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن بېرىپ بالىنى ئالدىم ۋە چۈشكەن يېرىمىزگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، ئاغزىنى كۆكسۈمگە تەگكۈزدۈم، كۆكسۈم بىردىنلا سۈتكە لىق تولدى. ئۇ بىر كۆكسۈمنى ئەمدى، يەنە بىرىنى يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىم ئېمىپ سۈتكە تويدى. ئاندىن ھەر ئىككىسى ئۇخلاپ قالدى. ئېرىم قېرى تۆگىنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى. ئۇمۇ تۆگىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ، چۈنكى تۆگىنىڭ يېلىنىمۇ سۈتكە تولغانىدى. ئېرىم ئىككىمىز تۆگىنىڭ سۈتىدىن تويغىدەك ئىچتۇق. ئۇ كېچە بىز ئۈچۈن ئۇنتۇلماس كېچە بولدى. ئەتىسى ئېرىم ماڭا: ھەلىمە! سەن ئالغان بۇ بالا خاسىيەتلىك بالا ئوخشايدۇ، ـ دېدى. مەن: مەنمۇ شۇنداق بولسىكەن دەپ تىلەيمەن، ـ دېدىم. ئاندىن يولغا چىقتۇق. مەن ئېشەككە مىنىپ، بالىنى ئارقامغا ئالدىم. ئېشىكىم ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇلىغى ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. سەپەرداشلىرىم: ھەلىمە! بىزنى ساقلاپ تۇر، بۇ سەن مىنىپ كەلگەن ئېشەكمۇ؟ـ دېيىشتى. مەن: ھەئە، شۇ ئېشەك، ـ دېدىم. ئۇلار: ئېشىكىڭگە بىرەر مۆجىزە يولۇقتىمۇ نېمە؟ـ دېيىشتى.

بىز بەنى سەئد قەبىلىسىنىڭ چېدىرلىرىغا يېتىپ كەلدۇق. مېنىڭچە، ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن زېمىندا بۇ يەردەك قاقاس ۋە ئۈنۈمسىز تۇپراق يوق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز بۇ بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن بۇيان مال ـ چارۋىلىرىمىز ھەر كۈنى ئۈيگە قارنى توق، يېلىنى سۈتكە تولغان ھالدا قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. باشقىلار بىر تامچە سۈتكە زار بولۇپ كەتكەن چاغلاردا، بىز ماللىرىمىزنى سېغىپ ئىچەتتۇق. قوشنىلىرىمىز پادىچىلىرىغا: چارۋىلارنى ئۇلارنىڭ پادىچىلىرى ئوتلاتقان يەرلەرگە ئاپىرىپ ئوتلىتىپ كېلىڭلار!ـ دەپ تاپىلايتتى. يەنە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى ئاچ ۋە سۈت يوق، بىزنىڭ چارۋىلىرىمىز توق ۋە سۈتلىرى لىق قايتىپ كېلەتتى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتى بالا ئىككى ياشقا كىرىپ، مەن ئۇنى سۈتتىن ئايرىغانغا قەدەر داۋاملاشتى.»

ھەلىمە سۆزلىرىنى مۇنداق دەپ داۋاملاشتۇرىدۇ: «بالا ناھايىتى ساغلام چوڭ بولدى، باشقا بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدەك يوغىنالمىغانىدى. گەرچە ئىككى ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بويى ئۆسۈپ چوپ ـ چوڭلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىزگە بەرىكەت ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ يېنىمىزدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلساقمۇ، ئىلاجىسىز ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردۇق. مەن ئانىسىغا: ئوغلۇڭ يەنە ئازراق چوڭ بولغىچە مەن بېقىپ تۇراي. چۈنكى ئۇنىڭ مەككىدە يۇقۇملۇق كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ـ دېدىم ۋە ئانىسىنى قايىل قىلغىچە گېپىمىزدە چىڭ تۇردۇق. ئانىسى ماقۇل بولدى، بىز بالىنى ئېلىپ قايتتۇق.



www.munber.org

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى، ئۇ ۋە سۈت قېرىنداشى چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قوزىلارنىڭ قېشىدا ئويناۋاتاتتى. بىر چاغدا سۈت قېرىنداشى يېنىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە: قۇرەيش قېرىنداشىمنى ئاق كىيىم كىيگەن ئىككى كىشى يەرگە ياتقۇزۇپ، كۆكسىنى ياردى ۋە قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتىدۇ، ـ دېدى. ئېرىم ئىككىمىز شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق. ئۇ يەردە ئولتۇراتتى، ئەمما چىرايى بەكمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇنى باغرىمىزغا بېسىپ: ساڭا نېمە بولدى ئوغلۇم؟ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ: ئاق كىيىملىك ئىككى ئادەم مېنى يەرگە ياتقۇزۇپ، كۆكسۈمنى ياردى ۋە ئىچىمدىن مەن بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى ئىزدىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئەتراپقا قارىدۇق، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىككى بالىنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلىغۇدەك بىر تامچە قان ياكى كىچىككىنە يارا ئىزىمۇ يوق ئىدى. بالىلاردىن قايتا ـ قايتا سوئال سورىغان بولساقمۇ، يەنىلا ئوخشاش جاۋاب بېرەتتى. بالىنىڭ كىچىككىنە كۆكسىدە سىزىقچە چاغلىق بىر ئىز كۆرۈنمەيتتى. نورمال بولمىغان بىردىنبىر نەرسە بالىنىڭ دۈمبىسىدە، ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك ئەمما ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان دۈگىلەك بىر ئىشارەت بار ئىدى. ئۇ يەرنىڭ گۆشلىرى خۇددى ئىستاكان بىلەن يەل تارتقاندەك سىرتقا تومپىيىپ تۇراتتى. ئەمما بۇ ئىشارەت تۇغۇلۇشىدىنلا بار ئىدى.»

كېيىنكى يىللىرى بالا بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى: «ئاق كىيىم كىيگەن ئىككى ئادەم يېنىمغا كەلدى. قوللىرىدا قار بىلەن تولغان ئالتۇن لىگەن بار ئىدى. مېنى تۇتۇپ يەرگە ياتقۇزدى ۋە كۆكسۈمنى يېرىپ، يۈرىكىمنى سىرتقا چىقاردى. ئاندىن يۈرىكىمنىمۇ ئىككىگە ئايرىپ، ئىچىدىن بىر پارچە قارا ئۇيۇلمىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، يۈرىكىمنى ۋە كۆكسىمنى قار بىلەن يۇدى». ئۇ يەنە: «مەريەم ۋە ئىسادىن باشقا بارلىق ئادەم بالىسىغا تۇغۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن شەيتان يېقىنلاشقاندۇر» دېگەننى قوشۇپ قويىدى.



www.munber.org

# ئىككى چوڭ يوقىتىش

**(9)**

نىھايەت، ھەلىمە ۋە ئېرى ھارىس بالىلارنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىگە ئىشەندى. بۇ ۋەقە ئۇلارغا بەكمۇ تەسىر قىلغانىدى. ھارىس سۈت بالىلىرىغا يامان روھلارنىڭ يېپىشىۋېلىشىدىن ياكى ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىۋېلىشىدىن قورقتى ۋە ئايالىغا بۇ يامان ئىشلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بالىنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ھەلىمە ئۇنى يەنە مەككىگە ئېلىپ باردى. بالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ سەۋەبىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئامىنە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقى نىيىتىدىن يانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چىڭ تۇردى ۋە ئاخىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولدى. ئامىنە ھەلىمەگە تەسەللىي بېرىپ: «مېنىڭ ئوغلۇمدا بىر خاسىيەت بار» دېدى ۋە ھامىلە ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ھەلىمە بالىنى يەنە ئېلىپ كېتىشكە نىيەت باغلىدى، ئەمما ئامىنە بالىنى ئۆزى بېقىش قارارىغا كەلگەنىدى ۋە: «ئۇنى مېنىڭ يېنىمدا قويۇپ، ئۆيۈڭگە ساق ـ سالامەت بېرىۋالغىن!» دېدى.

بالا ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۈچ يىل تۇردى. بۇ جەرياندا بۇۋىسى، تاغا ـ ھاممىلىرى ۋە جىيەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا شۇنداق ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن بىر كۈندە توي قىلىپ ئالغان ئايالىدىن بولغان ھەمزە ۋە سەفىييە ئىسىملىك بالىلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلاتتى. ھەمزە مۇھەممەد بىلەن تەڭ بولۇپ، سەفىييە ئۇلاردىن ئازراق كىچىك ئىدى. دادا تەرىپىدىن تاغا ۋە ھامما، ئانا تەرىپىدىن جىيەن بولغان بۇ ئۈچ قېرىنداشنىڭ ئارىسىدا بىر ئۆمۈرلۈك قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇلغانىدى.

بالا ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئۇنى ئېلىپ يەسرىبتىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ بارماقچى بولۇپ، شىمالغا ماڭغان كارۋانغا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىككى تۆگىسى بولۇپ، بىرىگە ئامىنە، يەنە بىرىگە جارىيە بىلەن مۇھەممەد مىنىۋالغانىدى. مۇھەممەد خەزرەجلىك تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا لەگلەك ئۇچۇرتۇش ۋە سۇ ئۈزۈش قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. ئامىنە يەسرىبتىن قايتىش يولىدا ئاغرىپ قالغاچقا، يەسرىبتىن يىراق بولمىغان ئەبۋا دېگەن يەردە كارۋاندىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەبۋادا بىر نەچچە كۈن يېتىپ ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. بەرەقە ھەر ئىككى تەرەپتىن يېتىم قالغان مۇھەممەدكە تەسەللىي بېرىشكە تىرىشتى ۋە بەزى يولۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى مەككىگە ئاپىرىۋالدى.

ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتى بۇۋىسىغا قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەممەد ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا بولغان ئالاھىدە سۆيگۈسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ھەردائىم كەئبىگە يېقىن تۇرۇشقا تىرىشاتتى. زەمزەم بۇلىقىنى قېزىش ئەمرى بېرىلگەن ۋاقىتتىمۇ، ئۇ ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش) نىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتاتتى. شۇڭا

www.munber.org

ئائىلىسى ھەر كۈنى كەئبىنىڭ سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان يېرىگە كۆرپە سېلىپ بېرەتتى. دادىلىرىغا بولغــان ھۆرمــەتتىن ئوغــۇللىرىنىڭ ھېچقايىسســى، ھــەتتا ھەمزەمــۇ ئــۇنىڭ قېشــىغا بېــرىپ ئولتۇرالمايتتى. ئەمما كىچىك نەۋرىسى بۇ ئىشلاردىن مۇستەسنا بولۇپ، تاغىلىرى ئۇنىڭغا باشقا يــەردە ئولتۇرۇشنى ئىشارەت قىلسا، ئابدۇلمۇتــەللىب: «ئوغلۇمنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ كېلەچىكى پارلاق» دەيتتى. مۇھەممەد بوۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، مۈرىسىگە چىقۋالاتتى. بوۋىســىمۇ ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا سۆيۈنۈپ كېتەتتى. مــەيلى كەئبــىدە بولسۇن ياكى مــەككىنىڭ باشقا يەرلىرىدە بولسۇن، ئۇنى ئەتىگەندىن كەچكىچە يېنىدىن ئايرىمايتتى. ھــەتتا مەجلىسكىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتى. مەجلىستە قىرىققا يېقىن قەبىلە رەئىسى بىر يەرگە يىغىلىپ مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشاتتى. سەكسەن ياشتىكى بوۋاي يەتتە ياشلىق نەۋرىسىنىڭ بۇ مەسىلىلەر ھەققىــدىكى پىكرىنى ئالاتتى. بوۋىسى ھــەردائىم: «ئوغلۇمنىڭ كېلەچىكى بەكمۇ پارلاق» دەپ قوياتتى.

مۇھەممــەد ئانىســىنىڭ ۋاپــاتىدىن ئىككــى يىــل كېــيىن بوۋىســىدىنمۇ ئــايرىلىپ قالــدى. ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن مۇھەممەدنى دادىسىنىڭ (ئابدۇللاھنىڭ) ئۆز قېرىندىشى ئەبۇتالىبقا تاپشۇردى. ئەبۇتالىبمۇ جىيەنىگە ئــۇنىڭ بوۋىسى كۆرسەتكەن مېھرى - شەپقەتنى كۆرسەتتى. شۇندىن بېرى، ئۇ ئەبۇتالىبنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئەبۇتالىبنىڭ ئايالى فاتىمەمۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە مېھرىبانلىق قىلدى. كېيىنكى يىللىرى، مۇھەممەد ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرى ئاچ قالسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

www.munber.org

## خرىستىئان مۇرتى بۇھەيرا

### (10)

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ماللىرى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بەكمۇ ئازلاپ كەتكەچكە، ئۇنىڭدىن باللىرىغا ناھايىتى ئاز مىقداردا مىراس قالغانىدى. ئەمما ئوغۇللىرىنىڭ بەزىلىرى، بولۇپمۇ، ئەبۇلەھەب ئىسمى بىلەن تونۇلغان ئابدۇلئۇززا ئۆزلىكىدىن بېيىپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى، بولۇپمۇ، ئەبۇتالىب يوقسۇل ئىدى. شۇڭا جىيەنى (ھەزرىتى مۇھەممەد) ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزىنىڭ چىقىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، قوي - ئۆچكە پادىلىرىنى بېقىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە كۈنلىرىنى مەككىنىڭ تۆپىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىكى تۇزلەڭلىكلەردە يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بەزىدە تاغىسى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرلەرگە ئېلىپ چىقاتتى. بۇ سەپەرلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى مۇھەممەد توققۇز (بەزىلەر ئون ئىككى دەپ قارايدۇ) يېشىدا بىر كارۋانغا قېتىلىپ سۇرىيەگە باردى. بۇسرادىكى مەككە كارۋانلىرى ھەر دائىم چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭلەرنىڭ بىرىدە نەچچە ئەۋلاد خرىستىئانلارنىڭ ھۇجرىسى بار ئىدى. بۇ مۇرتلاردىن بىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى ۋارىسلىق قىلاتتى. بۇ مىراسلارنىڭ ئىچىدە كونا قولىيازمىلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە ئەرەبلەرگە بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. زاماندا بۇ ھۇجرىدا ياشاۋاتقان بۇھەيرا بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تېما ھەققىدە ئىزدىنىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى، ئۇمۇ ۋەرەقەگە ئوخشاش بۇ پەيغەمبەرنىڭ شۇ دەۋردە كېلىشىگە ئىشىنەتتى.

بۇھەيرا مەككە كارۋانلىرىنىڭ بۇ ھۇجرىدىن يىراق بولمىغان يەرگە چۈشكەنلىكىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. ئەمما بۇ قېتىم بۇرۇن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان بىر مەنزىرىگە دۇچ كېلىپ، داڭقېتىپ قالدى. چۈنكى كىچىك بىر پارچە بۇلۇت ناھايىتى پەس لەيلەپ كارۋاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتى ۋە يولۇچىلارنىڭ بىر ياكى ئىككىسىنى قۇياش تەپتىدىن قوغداۋاتاتتى. بۇھەيرا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقسىنىپ قاراپ تۇردى ۋە تېخىمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى كارۋان ئۆتەڭگە چۈشۈۋىدى، بۇلۇتمۇ مېڭىشتىن توختاپ ئۇلار سايىداپ ئولتۇرغان دەرەخنىڭ ئۈستىدە جىم تۇردى. دەرەخمۇ شاخلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئۇلارغا تېخىمۇ قويۇق سايە تاشلاشقا باشلىدى. بۇھەيرا مۇنداق بىر مۆجىزىنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. پەقەت ئاللاھ بىر شەخسلا بۇ مۆجىزىگە سەۋەبكار بولالايتتى. بۇھەيرانىڭ يادىغا يېڭى پەيغەمبەر كەلدى. ئەجەبا، ئۇ پەيغەمبەر كەلگەنمىدۇ ياكى ئۇ بۇ كارۋاننىڭ ئىچىدىمۇ؟

بۇھەيرا قولىدىكى پۇل - مېلىنىڭ ھەممىسىگە يېمەك - ئىچمەك سېتىۋالدى ۋە كارۋانغا: «ئەي قۇرەيشلەر! سىلەر ئۈچۈن زىياپەت تەييارلىدىم. چوڭ - كىچىك، ھۆر - قۇل ھەممىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن» دەپ خەۋەر يوللىدى.

www.munber.org

كارۋاندىكىلەر تەكلىپكە بىنائەن يېتىپ كېلىشتى، ئەمما بۇھەيرانىڭ شۇنچە تاپىلىشىغا قارىماي، مۇھەممەدنى تۆگە ۋە ماللارغا قارىتىپ قويغانىدى. بۇھەيرا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئەمما كىتابلاردا تەرىپلەنگەن سىمانى تاپالمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۈگۈنكى مۆجىزىگە سەۋەب بولالىغۇدەك كىشى يوق ئىدى. بۇھەيرا ئىچىدە: «ھەممىسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلدى ۋە: «ئەي قۇرەيشلەر! ئاراڭلاردا زىياپەتكە كەلمىگەنلەر بارمۇ؟» دەپ سورىدى. قۇرەيشلەر: «باشقا ھېچكىم قالمىدى، پەقەت كىچىك بىر ئوغۇل بالا قېلىپ قالدى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇھەيرا: «ئۇنىڭغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلماڭلار! ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار، بىللە تاماق يېسۇن!» دېدى. ئەبۇتالىب ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئويلاشماي ئىش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىشتى. ئارىدىن بىرى: «بىز ھەقىقەتەن خاتا قىلدۇق. ئابدۇللاھنىڭ ئوغلىنى بۇ زىياپەتتىن مەھرۇم قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى» دېدى. ئاندىن بېرىپ مۇھەممەدنى ئېلىپ كەلدى.

بۇھەيرا بالىنىڭ يۈزىگە بىر قاراپلا مۆجىزىلەرنىڭ تېگىگە يەتتى. تائام يېگەچ بالىنىڭ چىرايىغا تەپسىلىي قاراپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ سىماسىنىڭ ئۆز كىتابىدىكى تەسۋىرگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. تاماقتىن كېيىن، بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سىپايىلىك بىلەن تۇرمۇش ئادىتى، ئۇيقىسى ۋە باشقا ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورىدى. مۇھەممەد ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى. ھەتتا بۇھەيرا ئۇنىڭ دۈمبىسىنى كۆرمەكچى بولۇۋىدى، مۇھەممەد قىلچە ئىككىلەنمەي كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭسىزمۇ مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغان بۇھەيرا، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۆرىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە قىلچە شەك قالمىدى. بۇھەيرا ئەبۇتالىبقا بۇرۇلۇپ: «بۇ بالا قانداق تۇغقىنىڭ بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇتالىب: «ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما بۇھەيرا: «ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھايات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېدى. ئەبۇتالىب: «شۇنداق، ئۇ جىيەنىم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇھەيرا: «ئۇنداقتا، دادىسىغا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئەبۇتالىب: «ئانىسى مۇھەممەدكە ھامىلدار ۋاقتىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن» دېدى. «مانا بۇ ھەقىقەتتۇر! جىيەنىڭنى يۇرتۇڭغا ئېلىپ كەت ۋە ئۇنى يەھۇدىيلاردىن قوغدىغىن! چۈنكى مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ. ئۇلار مۇھەممەدنى كۆرۈپ قالسا، يامانلىق قىلىشى مۇمكىن. جىيەنىڭنى كەلگۈسىدە ئۇلۇغۋار ئىشلار كۈتمەكتە» دېدى بۇھەيرا.



www.munber.org

# فەيرىيەت ئۈيۈشمىسى

## (11)

سۈرىيەدىكى تىجارىتىنى تۈگەتكەن ئەبۇتالىب مەككىگە قايتقاندىن كېيىن، مۇھەممەدنىڭ تاغىلىرى ئۇنىڭمۇ ئاببااس ۋە ھەمزەگە ئوخشاش ئەسكىرىي تەلىم ئېلىشىنى قارار قىلدى. ھەمزە كۈچتۈڭگۈر بولۇپ، چېلىشچى ۋە ئۇستا قىلىچۋاز ئىدى. مۇھەممەد بولسا، تېخى ئەمدى يېتىلىۋاتقان، ئوتتۇرا بويلۇق بالا بولسىمۇ، ئوقيا ئېتىشقا ئالاھىدە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەكمۇ ئۆتكۈر بولغاچقا، ئەجدادلىرى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىلغا ئوخشاش مەرگەن بولۇپ چىقىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇنىڭ سۈرەيىيا بۇرجىدىكى يۇلتۇزلارنى ساناپ چىقالىشى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇ يىللاردا فۇججار ئۇرۇشىدىن باشقا مۇھىم ئىش يوق ئىدى. فۇججار ئۇرۇشى ئۇزۇن مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ھەر دائىم توقۇنۇش چىقىپ تۇرمايتتى ۋە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا باشلانغانلىقى ئۈچۈن «فۇججار ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغاندى. كىنانە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم نەجدتىكى ھەۋازىن قەبىلىسىدىن ئەمرىنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەيبەر قەلئەسىگە سىغىنىۋالغاندى. بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار يەنە بۇرۇنقىدەك چۆل ئۇسلۇبى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. قەبىلىنىڭ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك ئىدى. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قەبىلىسى كىنانەگە، يەنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يىللىرى قۇرەيش كىنانە بىلەن ئىتتىپاقداش قەبىلە ئىدى. ئۇرۇش ئۈچ ـ تۆت يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توقۇنۇش يۈز بەرگەن جەمئىي ۋاقىت بەش كۈنگە يەتمەيتتى. مۇھەممەدنىڭ دادىسىنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى زۇبەير ھاشىملارنىڭ قوماندانى ئىدى. زۇبەير بىلەن ئەبۇتالىب ئۆز جىيەنلىرىنى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى توقۇنۇشلىرىغا بىللە ئېلىپ باردى، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن تېخى كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، نىشانغا تەگمىگەن دۈشمەن ئوقلىرىنى يىغىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇندىن كېيىنكى توقۇنۇشلاردا قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەچكە، ئۇنىڭمۇ ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى ۋە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەندى.

بۇ ئۇرۇش شەھەر قانۇنلىرى بىلەن چۆل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۈرىيەدىكى رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئادالەتلىك قانۇنلىرىنى كۆرگەنىدى. ھەبەشىستاندىمۇ ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ ئادالەت ئورناتقىلى بولاتتى. ئەمما ئەرەبىستاندا بۇلارغا ئوخشاش، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرەلەيدىغان ئادالەتلىك قانۇن يوق ئىدى. فۇججار ئۇرۇشىمۇ بۇندىن بۇرۇنقى ئۇرۇشلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەبىئى ھالدا بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوللىرى ۋە ۋاستىلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. شۇنداقلا، قۇرەيشلەر بۇ قېتىم ئويلىنىش ۋە پىكىر بايان قىلىش بىلەنلا قالماي، بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تولۇق تەييارلىق كۆردى.

www.munber.org

ئۆلارنىڭ بۇ ئادالەت چۈشەنچىسى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن مەككىدە مەيدانغا كەلگەن بىر ۋەقە تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

زەبىد قەبىلىسىنىڭ يەمەندە تۇرۇشلۇق سودىگىرى سەھم قەبىلىسىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ بىرىگە مال ساتتى. سەھملىك ئادەم مالنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، ئالدىن كېلىشكەن باھادا پۇل تۆلىگىلى ئۇنىمىدى. سەھملىك كاتتىباش زەبىدلىك سودىگەرنىڭ مەككىلىك ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بىرەر ئىش قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ تۇراتتى. دەرۋەقە، زەبىدلىك سودىگەر ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىگە چىقىپ، يۇقىرى ئاۋازدا قۇرەيشلەرنى بۇ ئىشنى ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا چاقىردى. سەھم قەبىلىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان قەبىلىلەر تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. قۇرەيش بولسا، قەبىلە ئايرىمچىلىقىنى يوقىتىپ، بىرلىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئەمما ئۆز ئىچىدىكى ئايرىمچىلىقنى، يەنى قۇسەينىڭ مىراسى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىتتىپاقداشلار ۋە خۇشپۇراقلىقلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. سەھم قەبىلىسى ئىتتىپاقداشلارغا تەۋە ئىدى. يەنە بىر گۇرۇھنىڭ رەئىسى بولسا، مەككىنىڭ ئەڭ بايلىرىدىن بىرى (تەيم قەبىلىسىنىڭ باشلىقى) ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆيىنى ئادالەتپەرۋەرلەرنىڭ يىغىلىش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. خۇشپۇراقلىقلار گۇرۇھىغا تەۋە ئابدۇشەمس ۋە نەۋفەل قەبىلىلىرىدىن باشقا ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغانىدى. ھاشىم، مۇتەللىب، زۆھرى، ئەسەد ۋە تەيم قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىلغان بولۇپ، بۇلارغا ئىتتىپاقداشلار گۇرۇھىدىن ئەدىي قەبىلىسىمۇ قوشۇلدى. ھەممەيلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاجىزلارنى قوللاپ، ئادالەتنى قوغداش نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇش قارار قىلىندى. ھەممەيلەن بىرلىكتە كەئبىگە بېرىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۈستىگە سۇ تۆكۈپ، بۇ سۇنى بىر قاچىغا ئالدى ۋە ھەممەيلەن بۇ «مۇقەددەس سۇ» دىن ئىچكەندىن كېيىن، ئوڭ قوللىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، قاچان مەككىدە بىرىگە زۇلۇم قىلىنسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى مەيلى مەككىلىك ياكى باشقا يەرلىك بولسۇن، چوقۇم ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بىر جان، بىر تەن بولۇشقا قەسەم ئىچتى. ئاندىن بېرىپ، سەھملىك كاتتىباشقا مالنىڭ پۇلىنى تۆلەتكۈزدى. بۇ تەشكىلاتقا قاتناشمىغان قەبىلىلەرنىڭ ھېچبىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەھملىك كاتتىباشنى قوغدىمىدى.

تەيم قەبىلىسىنىڭ رەئىسى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىنتىزامنى ئورناتقانلارنىڭ بىرى ھاشىملاردىن زۇبەير بولۇپ، ئۇ جىيەنىنى قەسەم ئىچىش مۇراسىمىغا بىللە ئېلىپ بارغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېيىنچە مۇنداق دېگەنىدى: «ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئۇ مۇراسىمنى بىر توپ قىزىل تۆگىگە تېگىشمەيمەن. ئەگەر ھازىر، ئىسلامدا ئۇ تەشكىلاتقا چاقىرىلسام، خۇشاللىق بىلەن قېتىلغان بولاتتىم.» ئۇ مۇراسىمغا قاتناشقانلاردىن يەنە بىرى ئوغلى ئەبۇبەكرى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن تەيملىك ئەبۇ قۇھافە (ئۇۋي ئىگىسىنىڭ جىيەنى) ئىدى. ئەبۇبەكرى ھەزرىتى مۇھەممەدتىن بىر ياكى ئىككى ياش كىچىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىدىكى ئەڭ سەممىي دوستى ئىدى.

www.munber.org

# ئۆيلىنىش تەكلىپلىرى

**(12)**

مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) يىگىرمە يېشىدىن ئاشقاندىن كېيىن، داۋاملىق ئۆز تۇغقانلىرى ياكى باشقا كىشىلەر بىلەن بىللە سەپەرلەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى، ئاغرىپ قالغان بىر سودىگەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ سەپەردىن سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېلىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان سودىگەرلەر كۆنسېرى كۆپەيدى. شۇڭا ئۇنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، توي قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇشقا باشلىدى.

تاغىسى ۋە ھامىيسى ئەبۇتالىبنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ئەڭ چوڭى تالىب مۇھەممەد بىلەن تەڭداش، ئوتتۇرانجىسى ئاقىل ئون ئۈچ ۋە كىچىكى جەئفەر تۆت ياش ئەتراپىدا ئىدى. مۇھەممەد ئۇلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە ھەردائىم ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايتتى. بولۇپمۇ، جەئفەرگە بولغان سۆيگۈسى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. جەئفەر ھەم ئەقىللىق ھەم يېقىملىق بالا ئىدى. ئەبۇتالىبنىڭ قىزلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى بويىغا يېتىپ قالغانىدى. قىزنىڭ ئەسلى ئىسمى فاھتە بولۇپ، كېيىنچە ئۇممۇ ھانى ئىسمى بىرىلگەنىدى. مۇھەممەد بىلەن فاھتە بىر ـ بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشەتتى. شۇڭا مۇھەممەد قىزغا ئۆيلىنىش مەقسىتىنى ئەبۇتالىبقا ئېيتتى. ئەمما ئەبۇتالىبنىڭ باشقا پىلانلىرى بار ئىدى. چۈنكى مەھزۇن قەبىلىسىدىن تاغىسىنىڭ ئوغلى ھۇبەيرەمۇ ئۇممۇ ھانىنى ئۆزىگە سورىغانىدى. ھۇبەيرە مەككىدە خېلى نامى چىققان بىرى بولۇپلا قالماي، ئەبۇتالىبقا ئوخشاش شېئىرى قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككىدە مەھزۇن قەبىلىسى كۈنسېرى كۈچىيىپ، ھاشىم ئەۋلادلىرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئەبۇتالىب ئۇممۇھانىنى ھۇبەيرەگە ياتلىق قىلدى. جىيەنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ: «ئۇلار بىزگىمۇ قىز بەرگەنىدى (بۇ يەردە شۇبھىسىز ئۆز ئانىسىنى كۆزدە تۇتماقتا)، مەرد كىشىلەرگە مەردلىك قىلىش كېرەك» دەپ تۇترۇقسىز جاۋاب بەردى. مۇھەممەد ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا چىنپۈتمىدى، چۈنكى ئابدۇلمۇتەللىب مەھزۇملارغا ئاتىكە ۋە بەررا ئىسىملىك ئىككى قىزىنى ياتلىق قىلىپ، ئۇلارغا بولغان قەرزىنى ئاللىبۇرۇن ئادا قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، مۇھەممەد تاغىسىنىڭ ئۆزىگە تېخى توي قىلىش قۇرامىغا يەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ھەم ئۆزىمۇ شۇنداقراق ئويغا كېلىپ قالغانىدى. ئەمما كېيىنكى كۈنلەردىكى كۈتۈلمىگەن ئىشلار ئۇنىڭ پىكرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئەسەد قەبىلىسىلىك خۇۋەيلىدنىڭ قىزى، شۇنداقلا خرىستىئان مۇرتى ۋەرەقە ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى قۇتەيلەنىڭ جىيەنى خەدىچە مەككىلىك باي تىجارەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەممىسى بەنى ھاشىم قەبىلىسىنىڭ يىراق تۇغقانلىرى ئىدى. خەدىچە ئىككى قېتىم ياتلىق بولغانىدى ۋە كېيىنكى ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تىجارىتىنى ئۆزىنىڭ نامىدا يۈرگۈزىدىغان باشقا كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. مۇھەممەد مەككىدە «ئەل ئەمىين» (ئىشەنچلىك ۋە شەرەپلىك كىشى) دەپ تونۇلۇشقا باشلىدى. بۇ شان ـ شەرەپ ئۇنىڭغا مال تاپشۇرغان كارۋان ئىگىلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان خەدىچە، بىر كۈنى سۈرىيەگە يوللىماقچى بولغان



www.munber.org

كارۋىنىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قۇرەيشلەرگە بېرىپ كېلىۋاتقان ئەڭ يۇقىرى ھەقنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى بەرگەندىن سىرت، مەيسەرە ئىسىملىك بىر قۇلنى سەپەر بويىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن قېتىپ قويىدى.

مۇھەممەد نەستور ئىسىملىك بىر مۇرت تۇرىدىغان چېركاۋغا يېقىن يەردىكى دەرەخنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇردى. كارۋانلارنىڭ دەم ئالىدىغان يەرلىرى ئوخشاش بولغاچقا، بۇ دەرەخ ئون بەش يىل بۇرۇن تاغىسى بىلەن بىللە كېلىپ دەم ئېلىشقا چۈشكەن دەرەخنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇھەيرا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نەستور قالغان بولسا كېرەك. بۇ ئېھتىماللىقلار تۇرۇپ تۇرسۇن، مەيسەرەنىڭ باشقىلارغا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «نەستور چېركاۋدىن چىقىپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى ۋە: دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىم؟ـ دەپ سورىدى. مەن: ئاللاھنىڭ ئۆيىنى قوغدايدىغان قۇرەيشلەردىن بىرى، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. نەستور: ئۇ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى كىشى پەيغەمبەردىن باشقىسى ئەمەس، ـ دېدى.»

نەستورنىڭ سۆزلىرى مەيسەرەنىڭ ئەقلىنى يول بويى چۇلغىۋالغان بولسىمۇ، بەك ھەيران قالمىغانىدى. چۈنكى ئۇ بۇ قېتىم بۇرۇنقى سەپەرلەردىكىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىرى بىلەن بىللە سەپەر قىلغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ پىكرى مۇنداق بىر ئىش بىلەن تېخىمۇ قەتئىيلەشتى: ئۇ سەپەر بويىچە ھاۋانىڭ بىنورمال دەرىجىدە سوۋۇغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بىر كۈنى ئىككى پەرىشتىنىڭ مۇھەممەدنى ئىسسىق ھاۋادىن قوغداپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆردى.

مۇھەممەد مەككىگە قايتىپ، سۇرىيەدە ساتقان مالنىڭ نەرقىگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرى بىلەن ئۇدۇل خەدىچەنىڭ ئۆيىگە باردى. خەدىچە مۇھەممەدنىڭ سەپەر ۋە سودا ـ سېتىق توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. تىجارەت بەكمۇ ئوڭۇشلۇق بولغان بولۇپ، سۇرىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنى ئەسلى تەننەرخىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت ساتقىلى بولاتتى. ئەمما خەدىچە بۇلارغا پىسەنتمۇ قىلمىدى، چۈنكى خەدىچەنىڭ زېھنى قىلىنىۋاتقان سۆزدە ئەمەس، بەلكى سۆز قىلىۋاتقان كىشىدە قالغانىدى. ئۇ (مۇھەممەد) ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، مۇرىسى كەڭ، بېشى چوڭ بولۇپ، ھەممە ئەزاسى بىر ـ بىرىگە شۇنداق ماس كەلگەنىدى. چېچى قويۇق، قارا ۋە دولقۇنسىمان بولۇپ، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ساقىلىمۇ قارا ۋە قويۇق، چېچى بىلەن تەڭ دېگۇدەك ئۇزۇن ئىدى. پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قوشما قېشى قويۇق ئىدى. بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ كۆز رەڭگىنىڭ قارا ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنسە، بەزىلىرىدە ئوچۇق قەھۋە رەڭگى ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇرنى ئىلمەك، ئاغزى يوغان ۋە بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. ساقىلى شۇنچە ئۇزۇن بولسىمۇ، بۇرۇتىنى ھېچقاچان ئۇستۇنكى لېۋىگە تاقاشقۇدەك دەرىجىدە ئۆستۈرمىگەچكە، لەۋلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تېنىنىڭ رەڭگى قۇياش تەپتىدە قوڭۇرلىشىپ كەتكەنىدى (ئەسلىدە ئاق). بۇلاردىن تاشقىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى (دادىسىنىڭ يۈزىدىنمۇ شۇنداق نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ يۈزىدىكى نۇر تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى). بولۇپمۇ، پېشانىسى ۋە كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىللىق نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

خەدىچە تېخى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئون بەش ياش چوڭ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىقىدىن خاۋاتىرلىنەتتى.

خەدىچە مۇھەممەدكېتىشى بىلەنلا نۇفەيسە ئىسىملىك بىر دوستىدىن مەسلىھەت سورىدى. دوستى خەدىچەنى ئۇنىڭ بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويۇشقا ۋەدە بەردى. ئۇ ئارىلىقتا مەيسەرە يول بويى بولغان ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ ئىككى پەرىشتە كۆرگەنلىكىنى ۋە خرىستىئان مۇرتىنىڭ سۆزلىرىنى خوجايىنى خەدىچەگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. خەدىچە بۇ سۆزلەرنى دەرھال جىيەنى ۋەرەقەگە يەتكۈزدى. ۋەرەقە: «ئەي خەدىچە! ئەگەر راستىنلا شۇنداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا، مۇھەممەد قەۋمىمىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دېگەن گەپ. ئۇزۇندىن بېرى بۇ پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم، مانا ئەمدى كەلدى» دېدى.

نۇفەيسە مۇھەممەدنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيلەنمىگەنلىكىنى سورىدى. ھەزرىتى مۇھەممەد: «ماددىي ئىمكانىم يار بەرمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. نۇفەيسە: «ئەگەر ساڭا ماددىي ئىمكان يارىتىپ بېرىلسە ۋە پۇل ـ مال، ھۆسىن ـ جامال، ئېسىل نەسەب ئىگىسىدىن بىرى ساڭا ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلسا، قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىدى. مۇھەممەد: «كىم ئۇ؟» دېدى. «خەدىچە» دېدى نۇفەيسە. ھەزرىتى مۇھەممەد: «مەن قايسى ھالىم بىلەن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمەن؟» دېدى. نۇفەيلە: «ئۇ ئىشلارنى ماڭا قويۇۋەت!» دېدى. ھەزرىتى مۇھەممەد: «ئۇنداقتا، مەندە چاتاق يوق.» دەپ جاۋاب بەردى. نۇفەيلە بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى خەدىچەگە يەتكۈزدى، خەدىچە ئادەم ئەۋەتىپ مۇھەممەدنى چاقىرتتى. مۇھەممەد يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا: «ئەي تاغامنىڭ ئوغلى! مەن سېنى تۇغقىنىم بولغانلىقىڭ ۋە ئۇ، بۇ گۇروھقا قېتىلماي ئۆز يولۇڭدا ماڭغانلىقىڭ؛ شۇنداقلا ئىشەنچلىك، راستچىل ۋە خۇشخۇي بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى قويدى. ئىككىسى مۇھەممەدنىڭ تاغىلىرىنىڭ خەدىچەنىڭ بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بولغان تاغىسى ئەمر بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ھاشىملار ھەمزەنى (تېخى ياش بولسىمۇ، بەنى ئەسەد قەبىلىسگە ئەڭ يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇراسىمدىكى ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى. چۈنكى، ھەمزەنىڭ سىڭلىسى سەفىييە تېخى يېقىندىلا خەدىچەنىڭ ئىنىسى ئەۋۋامغا ياتلىق بولغانىدى. ھەمزە جىيەنى بىلەن بىرلىكتە ئەمرنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ باردى. خەدىچەنىڭ مېھرى ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە تۆياق چىشى تۆگە كېلىشتى.



www.munber.org

## ئۆي

## (13)

كۈيئوغۇل تاغىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى ۋە كېلىنىنىڭ ئۆيىنى ماكان تۇتتى. خەدىچە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئايالى بولۇپلا قالماستىن، ھەم دوستى ھەم غايە ۋە ئىستەكلىرىنى ئورۇندايدىغان ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. تۇرمۇشتىكى بەزى مۇسىبەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۈنلىرى ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام ئۆتەتتى. خەدىچە مۇھەممەدتىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز (جەمئى ئالتە) باللىق بولدى. باللىرىنىڭ چوڭى قاسىم ئىسىملىك ئوغۇل بولۇپ، ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن مۇھەممەد ئەبۇل قاسىم (قاسىمنىڭ دادىسى) دەپ چاقىرىلىشقا باشلىدى. ئەمما قاسىم ئىككى ياشقا كىرمەيلا چاچراپ كەتتى. ئىككىنچى باللىرى زەينەپ ئىسىملىك قىزلىرى ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇقىيە، ئۇممۇ گۈلسۈم ۋە فاتىمە قاتارلىق قىزلىرى تۇغۇلدى. كەنجى ئوغۇللىرىمۇ تۇغۇلۇپ كۆپ ئۆتمەيلا چاچراپ كەتتى.

مۇھەممەد توي كۈنى دادىسىدىن مىراس قالغان سادىق جارىيە ـ بەرەقەنى ئازات قىلىۋەتتى. ئەمما يەنە شۇ كۈنى، خەدىچە ئۆز قۇللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئون بەش ياشلىق زەيدنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. بەرەقە يەسرىبلىك بىرىگە ياتلىق بولۇپ، ئۇ ئادەمدىن بىر ئوغۇل بالا تۇغدى ۋە شۇندىن ئېتىبارەن ئۇممۇ ئەيمەن (ئەيمەننىڭ ئانىسى) دەپ چاقىرىلدى. زەيد بولسا، خەدىچەنىڭ جىيەنى يەنى ئاكىسى ھاشىمنىڭ ئوغلى ھاكىم تەرىپىدىن ئۇكاز بازىرىدىن سېتىۋېلىنغان بىر نەچچە باللىنىڭ بىرى ئىدى. بىر كۈنى، خەدىچە ھاكىمنى يوقلاپ كەلدى. ھاكىم ئۇنىڭغا يېڭى سېتىۋالغان قۇللاردىن بىرىنى تاللىۋېلىشنى ئېيتتى، خەدىچە زەيدنى تاللىۋالغاندى.

زەيد داۋاملىق ئۆز ئەجدادلىرىنى تىلغا ئېلىپ ماختىناتتى. ئۇنىڭ دادىسى سۈرىيە بىلەن ئىراق ئارىسىغا جايلاشقان قەلب قەبىلىسىدىن؛ ئانىسى بولسا، مەشھۇر تاي قەبىلىسىدىن بولۇپ، مەرتلىكى ۋە پاساھىتى بىلەن ئەرەبىستانغا تونۇلغان شائىر ۋە پالۋان خاتىممۇ مۇشۇ قەبىلىدىن ئىدى. بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئانىسى زەيدنى ئېلىپ ئائىلىسىنى يوقلىغىلى ئۆز قەبىلىسىگە كېتىۋېتىپ، دەم ئېلىشقا چۈشكەن يېزىغا قەين قەبىلىسىدىن بىر توپ ئادەم ھۇجۇم قىلدى ۋە زەيدنى بۇلاپ كېتىپ، قۇل قىلىپ سېتىۋەتتى. دادىسى ھارىس ئۇنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىزدەپ، بەكمۇ پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. زەيد قەلب قەبىلىسىدىن دادىسىغا خەۋەر يوللىغۇدەك بىرىنى تاپالمىدى، ئەمما كەئبىگە ئەرەبىستاننىڭ ھەر يېرىدىن ھاجىلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ خىزمىتىدە يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى، ئۇ مەككە كوچىلىرىدا ئۆز قەبىلىسىدىن ھەج قىلغىلى كەلگەن بىر توپ كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەگەر ئۇلارنى ئالدىنقى يىللىرى كۆرگەن بولسا، چوقۇم باشقىچە ھېسسىياتقا چۆمگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۆزىگە تونۇشلۇق بىرىنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ھازىرقى ھېسسىياتى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. چۈنكى ئۇ ھازىر ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغان



www.munber.org

ھالدا، بۇ يەرنى تاشلاپ ئائىلىسىگە قايتالمايتتى. بىراق، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا خەۋەر يوللاش لازىم ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ بىر چۆل بالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنداق ۋاقىتلاردا ھېچنەرسىنىڭ شېئىرغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىرنەچچە مىسرا شېئىر يېزىپ باقتى، ئەمما يازغان شېئىرى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ قەلب قەبىلىسىدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاۋۋال تونۇشلۇق بەردى ۋە: «ئائىلەمگە بۇ شېئىرنى ئالغاچ كېتىڭلار! چۈنكى ئۇلار نەچچە يىلدىن بېرى مېنىڭ ھەسرىتىمنى چېكىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

ئائىلەمدىن يىراق بولساممۇ ئۆزۈم،
يوللايمەن خەلقىمگە ئىككىلىك سۆزۈم:

مەن ھازىر تەڭرىنىڭ نۇرلۇق ئۆيىدە،
ياشايمەن ئەڭ ئۇلۇغ كەئبە تۈۋىدە.

ۋە شۇڭا مەن ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەڭلار،
مېنى ئىزدەپ، تۆگىلىك يىراق كەتمەڭلار.

ئاللاھقا مىڭ شۈكرى! بىر ماڭا تېگىل
بىرگە ياشاش چوڭ ئائىلىدە ، نەسەبى ئېسىل.

ھاجىلار يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىپلا ئائىلىسىگە خەۋەر يەتكۈزدى. ھارىس دەرھال قېرىندىشى كەئب بىلەن بىللە كەئبىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەككىگە بېرىپ، مۇھەممەدتىن ئوغلى زەيدنى خالىغان باھاغا سېتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ ئۆزى تاللىسۇن! ئەگەر ئۇ سىلەر بىلەن كېتىشنى خالىسا، مەن سىلەردىن ھېچنېمە تەلەپ قىلماي بېرىمەن. ئەگەر مېنى تاللاپ قالسا، مەن مېنى تاللىغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن قارار چىقىرالمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن زەيدنى يېنىغا چاقىرىپ كېلىپ: «بۇ ئىككىسىنى تونۇمسەن؟» دەپ سورىدى. زەيد: «ھەئە، بۇ تاغام، بۇ دادام» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنى تونۇيسەن ھەم ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىمنىمۇ بىلىسەن. سەن ھازىر بۇ ئىككىمىزدىن بىرىنى تاللىغىن» دېدى. زەيد ئاللىبۇرۇنلا بىر قارارغا كېلىپ بولغاچقا، دەرھال: «مەن سەندىن باشقىسىنى تاللىمايمەن. سەن مېنىڭ ھەم ئانام ھەم دادامسەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن: «ئەي زەيد! قۇللۇقنى ئەركىنلىكتىن، ئاتا - ئاناڭ ۋە تاغىلىرىڭدىنمۇ ئەۋزەل كۆرەمسەن؟» دەپ سوراشتى. زەيد: «شۇنداق، مەن بۇ ئادەمدىن ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۈم. شۇڭا ھېچكىمنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل كۆرەلمەيمەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، سۆھبەت ئاخىرلاشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا: «ئەي خالايىق! ئاڭلاپ

www.munber.org

تۇرۇڭلار! زەيد ئىككىمىز دادا - بالا بولۇشتۇق. مەن زەيدنىڭ دادىسى، زەيد مېنىڭ ۋارىسىمدۇر» دەپ جاكارلىدى.

ھارىس ۋە كەئب ئۆز يۇرتلىرىغا قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرگە ئېيتىپ بەرسىمۇ، ھەرگىز خىجىللىقتا قالمايتتى. چۈنكى ئۇلار زەيدنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى، كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئۆز قېرىنداش ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بەكمۇ پايدىلىق بىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، كۆڭلى تەسەللى تېپىپ، خاتىرجەم ھالدا قايتقانىدى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن، زەيد مەككىدە «زەيد ئىبنى مۇھەممەد» دەپ چاقىرىلىشقا باشلىدى.

مۇھەممەدنىڭ ئۆزىدىن كىچىك ھاممىسى ھەم خەدىچەنىڭ يەڭگىسى سەفىييە مۇھەممەد بىلەن خەدىچەنى ئەڭ كۆپ يوقلايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. سەفىييە ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىنىڭ ئوغلى زۇبەيرنى دائىم بىللە ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا زۇبەير كىچىكىدىن باشلاپلا مۇھەممەدنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى. سەفىييەدىن باشقا، خەدىچەنىڭ ھەممە بالىسىنىڭ كىندىك ئانىسى ۋە ئۆيىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن سادىق خىزمەتچىسى سەلمامۇ كۆپ كېلەتتى.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، مۇھەممەدنىڭ سۈت ئانىسى ھەلىمەمۇ پات - پات كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. خەدىچە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ھەلىمە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە مال - چارۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. خەدىچە ھەلىمەگە قىرىق تۇياق قوي ۋە كاجۇىلىق بىر تۆگە ئىنئام قىلدى. پۈتۈن ھىجازغا ۋابادەك تارقالغان بۇ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئائىلىگە يېڭى بىر ئەزانىڭ قوشۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

ئەبۇتالىبنىڭ بالىلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۇنىڭغا بەكرەك ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان مۇھەممەد ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدى. بەلكىم مۇھەممەد ئانىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغانلىقى ۋە باشقا قان قېرىندىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولغانىدى. تاغىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەبۇلەھەب ئەڭ باي بولسىمۇ، ئۇ ھەرۋاقىت ئائىلىسىدىن يىراقتا تۇراتتى. شۇڭا مۇھەممەد ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، شۇنداقلا، تىجارەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان تاغىسى ئابباستىن ياردەم سورىماقچى بولدى. ئابباسنىڭ ئايالى ئۇممۇل فازىلمۇ مۇھەممەدكە ناھايىتى ئامراق بولۇپ، ئۇنى ھەردائىم ناھايىتى خۇشخۇي كۈتۈۋالاتتى. مۇھەممەد دەرھال ئابباسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ كۈنى ياخشىلىنىپ بولغىچە، ئىككى ئائىلە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا قاراپ بېرىش ھەققىدىكى پىكرىنى ئېيتتى. ئابباس بۇ پىكرنى قىلچە ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلدى. ئىككىيلەن شۇ يەردىن ئۇدۇللا ئەبۇتالىبنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئەبۇتالىب ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە: «ئاقىل بىلەن تالىبنى ماڭا قويۇپ، قالغان كىمنى ئالساڭلار مەيلى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئابباس ئون بەش ياشلىق جەئفەرنى، مۇھەممەد بەش ياشلىق ئەلىنى ئالدى. دەل ئۇ كۈنلەردە، خەدىچە ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى. لېكىن ئابدۇللاھ قاسىمدىنمۇ ئاز ئۆمۈر كۆردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەلى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغانىدى. رۇقىيە ۋە ئۇممۇ گۈلسۇم بىلەن تەڭ دېمەتلىك،



www.munber.org

زەينەپتىن كىچىك، فاتىمەدىن ئازراق چوڭ ياشتىكى ئەلى، بۇ تۆت جىيەنى بىلەن بىر قېرىنداشتەك چوڭ بولدى. مۇھەممەد بىلەن خەدىچە ئائىلىسىدە بۇ بەشى ۋە زەيدتىن باشقا، بۇلار بىلەن يىراق ـ يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان ۋە تارىختا چوڭ ـ كىچىك رول ئوينىغان كۆپلىگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ بار ئىدى.

ئۇندىن باشقا، مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئەڭ چوڭ تاغىسى ھارىسنىڭمۇ بىر نەچچە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇسۇفيان مۇھەممەدنىڭ سۈت قېرىندىشى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەدتىن بىر نەچچە يىل كېيىن، بەنى سەئد قەبىلىسىلىك ھەلىمە تەرىپىدىن ئېمىتىلگەنىدى. كۆپىنچە كىشىلەر ئەبۇسۇفياننى ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشاشلىقى جەھەتتىن مۇھەممەدكە يېقىن دەپ قارايتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ناتىقلىقى ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرىدىن يەنە بىرى ئىدى. ئەمما ئەبۇتالىب قابىلىيەتلىك شائىر ئىدى (ئۇ شېئىر يېزىشتا تاغىلىرى زۇبەير ۋە ئەبۇتالىبقا قارىغاندا تېخىمۇ قابىلىيەتلىك ھېسابلىناتتى). ھەزرىتى مۇھەممەد بولسا، ئەرەب تىلى گراماتىكىسى ۋە پاساھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىرەر كوپلېت شېئىر يېزىپ باقمىغانىدى.

ئەبۇسۇفيان مۇھەممەدنىڭ تەڭتۇش دوستى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بەش قىزى (يەنى مۇھەممەدنىڭ دادىسىنىڭ قېرىنداشلىرى) نىڭ باللىرى مۇھەممەدكە قانداش تۇغقانلىرىدىنمۇ يېقىن كىشىلەر ھېسابلىناتتى. شىمالدىكى ئەسەد قەبىلىسىدىن جەھش ئىسىملىك بىرىگە ياتلىق بولغان ھاممىسى ئۇمەيمەنىڭ باللىرى مۇھەممەدنىڭ ئەڭ چوڭ جىيەنلىرى ئىدى. جەھشنىڭ مەككىدە بىر ئۆيى بار ئىدى ۋە ئابدۇشەمس نەسەبىنىڭ ئۇمەييە تارمىقىغا تەۋە قەبىلىنىڭ رەئىسى ھارب ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. شۇڭا، جەھشنىڭ ئۇمەيمەگە ئۆيلىنىشى، ئۇنىڭ ئابدۇشەمسلىك بىرىگە ئۆيلەنگەنلىكى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇمەيمەنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مۇھەممەدتىن ئون ئىككى ياش كىچىك بولسىمۇ، بۇ ئىككى جىيەن ئارىسىدا ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەت بار ئىدى. ئۇمەيمەنىڭ گۈزەللىكى بىلەن تونۇلغان ۋە ئوغلى ئابدۇللاھتىن خېلىلا كىچىك بولغان زەينەپمۇ بۇ يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىدە بولۇپ، مۇھەممەد ھەر ئىككىلىسىنى كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇندىن باشقا، ھاممىسى بەررەنىڭ ئوغلى ئەبۇسەلەمەگىمۇ بەك ئامراق ئىدى.

«ئەل ئەمىن» نىڭ بۇ سۆيگۈسى پەقەت ئائىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانىدى. خەدىچەگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، بۇ سۆيگۈ چەمبىرىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ چوڭايدى، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قاراپ كېڭەيدى. خەدىچەنىڭ سىڭلىسى ھالە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھالە ئوغلى ئەبۇل ئاس بىلەن پات ـ پات ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. خەدىچەمۇ جىيەننى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى. شۇڭا ھالە خەدىچەدىن ئوغلى ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر ئايال تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈندى (چۈنكى خەدىچە دائىم ئۇلارغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىدىن ياردەم سورىشىنى تاپىلاپ تۇراتتى). خەدىچە ھەزرىتى مۇھەممەدتىن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىدى، مۇھەممەد قىزلىرى زەينەپنىڭ ئەبۇل ئاس ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ۋە زەينەپ بويىغا يەتكەندە ئىككىسىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇش پىكرىنى بەردى ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئىككىسىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويدى.



www.munber.org

قۇرەيش خەلقى مۇھەممەدكە سىياسىي جەھەتتىن ھەر دائىم بىللە بولغان ھاشىم ۋە مۇتەللىب نەسەبىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەن سىياسىي كۈچىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش ئۈمىدىدە قارايتتى. شۇنداقلا، بارلىق قۇرەيش قەبىلىلىرى ئۇنى ئەرەبىستان قەبىلىلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى قوغدىيالايدىغان، قۇرەيش نەسلىنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ئەزاسى دەپمۇ قارايتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى مەدھىيىلەيتتى، ماختايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئەبۇلەھەب جىيەنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىزلىرى رۇقىيە ۋە ئۇممۇ گۇلسۇم بىلەن ئۆز ئوغۇللىرى ئۇتبە ۋە ئۇتەيبەنىڭ چېيىنى ئىچۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سورىدى. مۇھەممەد بۇ ئىككى جىيەنىنى ياخشى كىشىلەر دەپ تونۇغاچقا، ئەبۇلەھەبنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ۋە قىزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چېيىنى ئىچۈرۈپ قويدى.

ئۇندىن باشقا، ئۇممۇ ئەيمەنمۇ ئائىلە ئەزالىرى قاتارىغا قېتىلدى. مەنبەلەردە ئۇنىڭ تۇل ئىكەنلىكى ياكى ئېرىدىن ئاجراشقانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇممۇ ئەيمەن ئۇ ئائىلىنى ئۆز ئائىلىسى دەپ بىلەتتى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىراتتى ۋە باشقىلارغا: «ئۇ مېنىڭ ئۆز ئائىلەمدىن قالغان بىردىنبىر تۇغقىنىمدۇر» دەيتتى.

www.munber.org

# كەئبىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى

## (14)

ئەلى ئائىلىگە ئېلىپ كېلىنىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، قۇرەيشلەر كەئبىنى قايتا ياساشنى قارار قىلغانىدى (ئۇ يىلى مۇھەممەد ئوتتۇز بەش يېشىدا ئىدى). ئۇ چاغلاردا كەئبىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئىشىكنى تاقىغان بىلەنمۇ ئۆگزىسى بولمىغاچقا، ئوغرىلار ئىچىگە ئاسانلا كىرىپ چىقالايتتى. يەر ئاستى ئامبارغا كۆمۈلگەن خەزىنىنىڭ بىر قىسمى تېخى يېقىندىلا ئوغرىلانغانىدى. قوللىرىدا ئۆگزە ئۈچۈن يەتكۈدەك تاختاي بار ئىدى. يۇنانلىق بىر سودىگەرنىڭ تىجارەت كېمىسى دېڭىز قىرغىقىغا سوقۇلۇپ، تۈزىگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، جىددە پورتىغا توختىتىپ قويۇلغانىدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ تاختايلىرىنى كەئبىنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىش ئۈچۈن سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككىدە ناھايىتى ئۇستا ياغاچچى بىر قىبتى بار ئىدى.

ئەمما كەئبىنى بەكمۇ ھۆرمەتلىگەچكە، ئۇنىڭغا قول تەككۈزۈش ئۈچۈن تېگىرقاپ قېلىشقانىدى. كۆڭۈللىرىدە كونىراپ كەتكەن تاملارنى ئۆرۈپ، ئورنىغا يېڭىدىن تام قوپۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، مۇقەددەس ئۆينى چېقىپ قويۇپ گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن ياكى بىرەر بالا ـ قازاغا مۇپتىلا بولۇشتىن قورقاتتى. ئۇلارنىڭ تېگىرقاشلىرى ھەر كۈنى كەئبىنىڭ ئىچىدىن كۈنگە قاقلىنىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدىغان يىلاننى كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى. كىم ئۇ تەرەپكە يېقىنلاشسا، يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ، تىلىنى چىقىراتتى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە خىرىس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تېخىمۇ قورقۇشقا باشلايتتى. بىر كۈنى يىلان ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر بۈركۈت يىلاننى قاماپ ئالغان پېتى ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرەيشلەر خاتىرجەم بولۇشۇپ: «ئاللاھ بىزنىڭ پىلانىمىزنى تەستىقلىدى. ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ ئىشىمىزغا تۇتۇش قىلايلى. يېنىمىزدا بىزگە ياردەم قىلغۇدەك ياغاچچى ۋە يەتكۈدەك دەرىجىدە تاختايلىرىمىزمۇ بار. تەڭرى بىزنى يىلاندىنمۇ قۇتۇلدۇردى» دېيىشتى.

مۇھەممەدنىڭ چوڭ ئانىسى فاتىمەنىڭ قېرىندىشى (مەخزۇم قەبىلىسىدىن) ئەبۇۋەھب كەئبە تاملىرىنىڭ تېشىنى ئېلىشنى باشلاپ بەردى. ئەمما ئۇ تاشنى قولىغا ئالسا، تاش ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ يەنە ئەسلى جايىغا چۈشۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىسى ئىشنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان مەخزۇمىيلارنىڭ رەئىسى (ئۆلۈپ كەتكەن مۇغىرەنىڭ ئوغلى) ۋەلىد قولىغا سۇمبا ئېلىپ: «سىلەر بۇزالمىساڭلار، مەن بۇزىمەن» دەپ كەئبىگە باردى ۋە: «ئي تەڭرىم! قورقما، بىز ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمىز» دەپ نىدا قىلدى. ئاندىن كەئبىنىڭ يەمەن بۇلۇڭى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئارىسىدىكى شەرقىي جەنۇب تامنىڭ بىر قىسمىنى ئۆرۈدى. ئەمما باشقىلار يېقىنلاشمىشتىن قورقتى ۋە: «بىز كۈتۈپ تۇرايلى! ئەگەر ۋەلىد ھالاك بولۇپ كەتسە، كەئبىگە چېقىلمايلى، ھەتتا ئۆرۈۋېتىلگەن يەرلەرنى تۈزەپ قويايلى! ئەگەر



www.munber.org

ۋەلىدكە بىر ئىش بولمىسا (بۇ ئاللاھنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزنى تەستىقلىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ)، ئاندىن بىزمۇ ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى!» دېيىشتى. ئۇ كېچىسى ھېچقانداق غەلىتىلىك يۈز بەرمىدى. ۋەلىد سەھەردە تۇرۇپ يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇردى، باشقىلارمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. پۈتۈن تاملار چېقىلىپ، ھەزرىتى ئىبراھىم قويغان ئۇل تاشقا كەلگەندە، قاتار تىزىلغان تۆگە لوكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېشىل رەڭلىك چوڭ ـ چوڭ تاشلار كۆرۈندى. ئارىلىرىدىن بىرى تاشلارنى قومۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىغا پىشاڭ سېلىپ شۇنداق بىر كۆتىرىۋىدى، بىردىنلا پۈتۈن مەككە يەر تەۋرىگەندەك تىترەپ كەتتى. قۇرەيشلەر بۇنى كەئبىنىڭ ئۇلىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇش دەپ بىلىپ، ئۇ تاشلارغا قايتا چېقىلمىدى.

ھەجەرۇل ئەسۋەد قويۇلغان بۆلۈكتە بىر پارچە سۇريانچە يېزىق تېپىلدى. ئەرەبلەر بىر يەھۇدىي كېلىپ بۇ يېزىقنى ئوقۇغىچە چېقىلماي تۇردى. تاشقا: «مەن ئاللاھ مەن ۋە مەككىنىڭ رەببىمەن. بەككىنى (مەككىنى) كۆكلەرنى ۋە يەرلەرنى ياراتقان، ئاي ۋە قۇياشقا شەكىل بەرگەن ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىغا چېقىلغىلى بولمايدىغان يەتتە پەرىشتىنى ئورۇنلاشتۇرغان كۈنى ياراتتىم. ئۇ (بەككە) ئىنسانلارغا سۈت ۋە سۇ بىلەن ياردەم قىلىدىغان تەخسە بار بولغان مۇددەتكىچە يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. يەنە بىر پارچە يېزىق ماقامى ئىبراھىمدا، كەئبە ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئاياق ئىزى قېلىپ قالغان قۇرام تاشنىڭ ئاستىدىن تېپىلدى. ئۇنىڭغا: «مەككە تەڭرىنىڭ مۇقەددەس ئۆيىدۇر. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچ تەرەپتىن بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر ئۇنى ئەڭ بۇرۇن بۇلغىۋېتىدىغان كىشىلەر بولۇپ قالمىسۇن!» دەپ يېزىلغانىدى.

قۇرەيشلەر كەئبىنى تېخىمۇ ئېگىزلىتىپ ياساش ئۈچۈن ئەتراپتىن تاش يىغىپ كەلدى. ھەر قەبىلە نۆۋەت بىلەن ئىشلەيتتى. قۇرۇلۇش ھەجەرۇل ئەسۋەد قويۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە، قەبىلىلەر ئارىسىدا شىددەتلىك توقۇنۇش يۈز بەردى. چۈنكى ھېچبىر قەبىلە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش شەرىپىنى باشقا قەبىلىگە تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇش شۇنداق شىددەتلەندىكى، ھەممىسى ئىشنى تاشلاپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، مويسىپىت بىر كىشى ئۇلارغا: «ئەي قۇرەيشلەر! بۇ مەسىلىنى چىرايلىقچە ھەل قىلىپ، سىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويىدىغان بىرىنى تاللاڭلار! ھازىر سىرتتىن مەسجىدكە تۇنجى بولۇپ كىرگەن كىشى بۇ ئىشنى ئايرىپ قويسۇن!» دەپ مەسلىھەت بەردى. كەئبىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر مەسجىد، يەنى سەجدە قىلىدىغان يەر دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئۆيىگە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ئادىتى ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ھەزرىتى ئىسمائىل دەۋرىدىن ئېتىبارەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. قۇرەيشلەر بۇ مويسىپىتنىڭ تەكلىپىگە بويىچە ئىش قىلماقچى بولدى. سىرتتىن مەسجىدكە تۇنجى بولۇپ (خېلىدىن بېرى مەككىدە بولمىغان ۋە تېخى يېڭىلا قايتىپ كەلگەن) مۇھەممەد كىرىپ كەلدى. ئىشىكتىن ئۇنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خالايىقنىڭ يۈزلىرىدە خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلگەندە، ئىللىق سالام ـ سائەتلەر ۋە قىزغىن كۈتۈۋېلىش ئاۋازلىرى

يۈكسىلىشكە باشلىدى. بەزىلەر: «بۇ ئىشنى ‹ئەل ئەمىين› ئايرىپ قويسۇن!» دېسە، بەزىلەر: «مۇھەممەد كەلدى، بىز ئۇنىڭ قارارىغا رازىمىز» دەپ توۋلايتتى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇلارغا: «ماڭا بىر پارچە رەخت بېرىڭلار!» دېدى. ئۇ رەختنى يەرگە يېيىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن: «ھەربىر قەبىلە رەختنىڭ بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ، تەپمۇ تەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈڭلار!» دېدى. تاش كۆتۈرۈلدى، مۇھەممەد تاشنى ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن كەئبىنىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشنىڭ قالغان قىسمى داۋاملاشتۇرۇلدى.

www.munber.org

## تۇنجى ۋەھيى

## (15)

مۇھەممەدنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى باشقىلارنىڭ ئېڭىدا كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. مۇھەممەدمۇ ئۆزىگە بەزى كۈچلۈك مەنىۋىي ئىشارەتلەرنىڭ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ قانداق ئىشارەت ئىكەنلىكى سورالغىنىدا: «سەھەر ئاپتىپىدەك ئېنىق كۆرۈنۈشلەر» ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، تەنھالىقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى ۋە مەككە ئەتراپىدىكى تۆپىلىكلەردىن بىرىگە جايلاشقان ھىرا غارىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالدى. ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بەنى ئىسمائىل دەۋرىدىن تارتىپلا كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان بولۇپ، ھەر نەسىلدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان بىر نەچچە كىشى بولاتتى. شۇڭا بۇ ئادەت قۇرەيش ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۈچۈن يات ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى مۇھەممەدمۇ بۇ كونا، ئەمما ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەتنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن يېنىغا يېمەك - ئىچمەك ۋە زۆرۈر نەرسە كېرەكلەرنى ئېلىپ غارغا چىقاتتى ۋە بىر نەچچە كۈننى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئائىلىسىگە قايتاتتى. ئاندىن يەنە يېمەك - ئىچمەك ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، غارغا قاراپ ماڭاتتى. ئەنە شۇنداق، غارغا كېتىۋاتقان سەپەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ساڭا سالاملار بولسۇن!» دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلايتتى. كەينىگە قارىسا، دەل - دەرەخ ۋە تاغۇ - تاشلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

رامىزان - ئەنئەنىۋى ئېتىكاپ ئېيى ئىدى. مۇھەممەد قىرىق يېشىغا كىرگەن يىلى، رامىزاننىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، غاردا يالغۇز ئولتۇرغىنىدا ئادەم سۈرەتلىك بىر پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئوقۇ!» دېدى. ئۇ: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد ئۇ ئىشنى ئۆز ئاغزى بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتە مېنى قۇچاقلاپ، ئاخىرقى نەپسىم قالغىچە سىقتى. ئاندىن مېنى قويۇۋېتىپ: ئوقۇ!ـ دېدى. مەن: ئوقۇشنى بىلمەيمەن، ـــ دېدىم. مېنى يەنە قۇچاقلاپ، شۇنداق قاتتىق سىقتى. ئاندىن قويۇپ بېرىپ يەنە: ئوقۇ!ـ دېدى. مەن يەنە: ئوقۇشنى بىلمەيمەن، - دېدىم. ئۈچىنچى قېتىم سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن! پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.﴾[1]

---

[1] ئەلەق سۈرىسى 1 - دىن 5 - ئايەتكىچە.



www.munber.org

مەن پەرىشتىنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىدىم. پەرىشتە يېنىمدىن ئايرىلدى.» ھەزرىتى مۇھەممەد دائىم: «بۇ كەلىملەر قەلبىمگە مۆھۆر باسقاندەك ئورناپ كەتكەندى» دەيتتى. ئەمما ئۇ شائىرلارغا چاپلاشقاندەك ئۆزىگىمۇ جىن چاپلىشىپ قالغانلىقىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىدىن، دەرھال غاردىن چىقىپ كەتتى. تۆپىلىكتىن چۈشۈۋېتىپ يۇقۇرىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدى: «ئى مۇھەممەد! سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەن. مەن جىبرىئىل بولىمەن». مۇھەممەد ئاسمانغا قارىۋىدى، غاردىكى پەرىشتىنىڭ ئەسلى سىياقىدا پۈتۈن كۆك يۈزىنى قاپلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. پەرىشتە يەنە: «سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەن، مەن جىبرىئىل بولىمەن» دېدى. پەيغەمبەر بىر ھازاغىچە پەرىشتىگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزىنى باشقا ياققا يۆتكىدى، ئەمما قاياققا قارىسا، پەرىشتىنىڭ سىماسى شۇ ياقتا كۆرۈنەتتى. نىھايەت، پەرىشتە كەتتى، ھەزرىتى مۇھەممەدمۇ ئۆيىگە قايتتى. ئۆيىگە كىرىپلا، تۆشەككە ئۆزىنى ئاتتى ۋە خەدىچەگە: «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» دېدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كەتكەندى. بىردىنلا ھولۇقۇپ كەتكەن خەدىچە ئۇنىڭدىن ھېچنېمە سورىمايلا ئۇستىگە يېپىنچا ئارتىپ قويدى. مۇھەممەد ئۆزىنى سەل ـ پەل بېسىۋالغاندىن كېيىن، خەدىچەگە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان خەدىچە دەرھال جىيەنى ۋەرەقەنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ۋەرەقە بەكلا ياشىنىپ قالغاچقا، كۆزلىرىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: «مۇبارەك بولسۇن! ۋەرەقەنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان رەببىمگە قەسەم قىلىمەنكى، مۇسانىڭ يېنىغا چۈشكەن پەرىشتە مۇھەممەدنىڭ يېنىغىمۇ چۈشۈپتۇ. مۇھەممەد خەلقىنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. سەن بېرىپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگىن!» دېدى.

خەدىچە ئۆيىگە قايتىپ، ۋەرەقەنىڭ سۆزلىرىنى مۇھەممەدكە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد خاتىرجەم بولۇپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن يەنە غارغا ماڭدى. ئىبادىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە كەئبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلدى. ئاندىن مەسجىدتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان ۋەرەقەگە سالام بەردى. ۋەرەقە خەدىچەگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئەينەن تەكرارلىغاندىن كېيىن، مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى: «سېنى يالغانچىغا چىقىرىدۇ، ساڭا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ، ساڭا جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە سېنى قوغلاپ چىقىرىدۇ؛ مەن ئۇ كۈنلەرنى كۆرەلىسەم، ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا ياردەم قىلغان بولاتتىم». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتتى.

ۋەرەقە ۋە خەدىچەنىڭ تەسەللىسىدىن كېيىن، ھەزرىتى مۇھەممەدتە پەيدا بولغان ئىشەنچ ئىككىنچى ۋەھيىنىڭ چۈشۈشى بىلەن تېخىمۇ ئاشتى. ئىككىنچى ۋەھيىنىڭ قانداق چۈشكەنلىكى مەنبەلەردە بايان قىلىنمىغان، ئەمما مۇھەممەد بۇ ھەقتىكى سوئالغا: «ئىككى خىل چۈشتى. بەزىدە ۋەھيى قوڭغۇراق ئاۋازىدەك كېلەتتى، بۇ ئەڭ قىيىنى بولۇپ، قوڭغۇراق ئاۋازى مەن ۋەھيىنى چۈشەنگەندىلا توختايتتى. يەنە بەزىدە پەرىشتە ئىنسان سىياقىدا كېلىپ ماڭا سۆزلەيتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەكرارلايتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەندى.

ئىككىنچى ۋەھيى قۇرئاننىڭ يالغۇز ھەرپلەر بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلىدىغان ھەرپ بىلەن باشلانغانىدى. ھەرپتىن كېيىن، ئىلاھىي قەسەم كېلەتتى. يەنى بىرىنچى



www.munber.org

ۋەھيدە ئىسمى زىكىر قىلىنغان، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ۋاستىسى بولغان قەلەم نامىدا قەسەم قىلىنىۋاتىدۇ. قەلەم توغرۇلۇق سورالغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھ تۇنجى بولۇپ قەلەمنى، ئاندىن قەغەزنى ياراتتى ۋە قەلەمگە: ياز!ــ دەپ ئەمر بەردى. قەلەم: نېمە يازىمەن؟ــ دەپ سورىدى. ئاللاھ: مېنىڭ قىيامەتكىچە ياراتقان نەرسىلىرىم ھەققىدىكى ئىلمىمنى ياز!ــ دېدى. قەلەم ئەمرنى تولۇق بىجا كەلتۈردى.» قەلەم نامىدا قەسەم ئىچىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يازغانلىرى نامىدا قەسەم ئىچىلەتتى. سامادا پەرىشتىلەر قەغەزلەرگە يازغان نەرسىلەردىن بىرى ـ لەۋھۇلمەھپۇزدا «ئۇلۇغ قۇرئان» دەپ تەسۋىرلەنگەن قۇرئانى كەرىم ئىدى. قەسەملەردىن كېيىن تەسەللىي كېلەتتى:

﴿نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېئمىتى بىلەن (مۇشرىكلەر ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.﴾[1]

بۇ ئىككى قېتىملىق ۋەھيدىن كېيىن، مەلۇم ۋاقىتقىچە ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خەدىچەنىڭ شۇنچە تەسەللىسىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتتى. نىھايەت، ۋەھيى يەنە كېلىشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلى تىنجىدى:

﴿چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق. ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن. ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسۇز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ يېتىمنى خارلىما، سائىلغا قوپاللىق قىلما! پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېئمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېئمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېئمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ).﴾[2]

[1] قەلەم سۈرىسى، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.
[2] زۇھا سۈرىسى 1 ـ دىن 11 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org

## ناماز

**(16)**

بۇ ئاخىرقى ئايەتتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتە ۋە ۋەھيى ھەققىدە كۆرگەنلىرىنى (ئايالى خەدىچەدىن باشقا) ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆزىگە يېقىن دەپ ئويلىغان كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما بۇ ئىش ئۇزۇنغا قالماي ئاشكارىلاندى. بىر كۈنى، مەككە تۆپىلىكلىرىدىن بىرىدە جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تاپىنى بىلەن تۆپىلىكتىكى چىملارغا تېپىۋىدى، ئۇ يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ئاندىن نامازدىن بۇرۇن قانداق پاكلىنىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئۆزى ئاۋۋال تاھارەت ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى بىرمۇ بىر قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى، قىيام، رۇكۇ، سەجدە ۋە تەشەھھۇدنى، تەشەھھۇدتا قانداق ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى ۋە بۇلارنى ئۆگىتىش جەريانىدا، قانداق ۋاقىتلاردا «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئاللاھ بۈيۈكتۇر) دەيدىغانلىقىنى، نامازدىن چىقىشتىن بۇرۇن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دېيىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى تەكرارلاپ تۇردى. ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەرىشتە ئۇ يەردىن ئايرىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆيىگە قايتتى. ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆگىتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى خەدىچەگە ئۆگەتتى ۋە ئىككىسى بىرلىكتە ناماز ئوقۇدى.

دىن تاھارەت ۋە ناماز ئاساسلىرى بىلەن باشلانغانىدى. خەدىچەدىن كېيىنلا ناماز ئوقۇشنى ئۆگەنگەنلەر ھەزرىتى ئەلى، زەيد ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى تەيملىك ئەبۇبەكرى قاتارلىقلار ئىدى. ئەلى تېخى ئون يېشىدا، زەيد بولسا مەككىدە ھېچقانداق تەسىر دائىرىسى يوق ئىدى. ئەمما ئەبۇبەكرى ئىلملىك، خۇشپېئىل، مۇلايىم كىشى بولۇپ، ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. كىشىلەر ھەر تۈرلۈك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ئەبۇبەكرىمۇ ئۆزى ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەرنى ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ يېڭى دىنغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ۋەسىلە بولدى. چاقىرىقتا تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقانلاردىن بىرى زۇھرى قەبىلىسىدىن ئەۋفنىڭ ئوغلى ئابدۇل ئەمر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ يىراق تۇغقانلىرىدىن)، يەنە بىرى، بەنى ھارىس قەبىلىسىدىن ئەل جەرراھنىڭ ئوغلى ئەبۇئۇبەيدە ئىدى.

ئاللاھنىڭ ''ئەررەھمان'' ۋە ''ئەررەھىم'' ئىسىملىرى ۋەھيىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ''رەھمان'' كەلىمىسى ''بەكمۇ مەرھەمەتلىك، چەكسىز رەھىم قىلغۇچى'' مەنىسىدىكى ''رەھىم'' كەلىمىسىنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ مەنىگە ئىگە بولغان ''رەھمان'' كەلىمىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان باشقا كەلىمە بولمىغاچقا،



www.munber.org

بۇ كەلىمە كۆپىنچە ھاللاردا خاتا چۈشىنىلىپ كەلگەندى. يېڭى دىنىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا سىغىنىش ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەھيىدە بۇ ئىككى كەلىمىگە ئەھمىيەت بېرىلگەندى. "ئەررەھىم" (بەكمۇ مەرھەمەتلىك) دىنىمۇ چوڭقۇر مەرھەمەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان "ئەررەھمان" كەلىمىسى مەرھەمەتنىڭ يىلتىزى ۋە ماھىيىتىنى ئىپادىلىمەكتە. چەكسىز ئىلتىپات ۋە ئېھسان مەنىسىدىكى بۇ كەلىمە قۇرئاندا "ئاللاھ" كەلىمىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ﴿ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار.﴾[1]

بۇ ئىسىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچۈن ئالاھىدە مەنىلىك ئىسىم بولۇپ، ئابدۇل ئەمر (مەنىسى: ئەمرنىڭ قۇلى) بەكمۇ بۇتپەرەست ئىسىم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇررەھمان (رەھماننىڭ قۇلى، ئەپۇ قىلغۇچىنىڭ قۇلى) غا ئۆزگەرتتى. بۇ ئىسىم پەقەت ئەۋفنىڭ ئوغلىغىلا ئەمەس، مۇسۇلمان بولغان باشقا بىرقانچە كىشىگىمۇ بېرىلگەندى.

ئىسلامىي دەۋەتكە تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى قايىل قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر يۇرۇش مەنىۋىي ئىشارەتلەر ئارقىلىق بۇ يولغا قەدەم قويغانىدى. ئەبۇبەكرى چۈشكە تەبىر بېرىش قابىلىيىتى بىلەن مەككە ئاھالىسى ئارىسىدا خېلىدىن بېرى داڭق چىقارغانىدى. بىر كۈنى سەھەردە، شەمس قەبىلىسىنىڭ كۈچلۈك بىر ئادىمى سەئد ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى خالىد ئۇنى تۇيۇقسىز يوقلاپ كەلدى. ياش يىگىتنىڭ يۈزىدىن بىرەر مۇھىم ۋەقەگە دۇچ كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. خالىد ناھايىتى ھولۇققان قىياپەتتە، كېچىدە ئۆزى مۇھىم دەپ ئويلىغان، ئەمما چۈشىنەلمىگەن بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. چۈشىدە، ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ قېشىدا تۇراتتى، ھاڭنىڭ تېگىدىن ئوت يالقۇنى لاۋۇلدايتتى. بىر ئازدىن كېيىن دادىسى يېتىپ كېلىپ، ئۇنى ھاڭغا ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى. دادىسى بىلەن ھاڭ بويىدا قاتتىق ئېلىشىپ، ھېچ ماجالى قالمىغان بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك ئىككى قول كېلىپ، ئۇنى دادىسىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. قارىسا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغۇچى «ئەل ئەمىين» يەنى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىدى. خالىد دەل شۇ يەرگە كەلگەندە چۈشىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان ئەبۇبەكرى: «ساڭا خەير - ئېھسان تىلەيمەن. سېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. شۇڭا سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكىن! ھەم ئۇنىڭ پاناھىغا ئۆتسەن ھەم ئۇنىڭ سايىسىدە ئىسلامغا كىرىسەن. ئىسلام سېنى ئوت يالقۇنىدىن ساقلايدۇ» دېدى. خالىد ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چۈشىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ بۇ چۈشكە قانداق تەبىر بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، خالىد ئائىلىسىدىن مەخپىي ھالدا ئىسلامغا كىردى.

بۇ ئارىدا، ئابدۇشەمسلىك بىر سودىگەر سۇرىيەدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، چۆلنىڭ بىر يېرىدە دەم ئېلىشقا چۈشتى ۋە مۇنداق بىر ئاۋاز بىلەن ئويغىنىپ كەتتى: «ئەي ئۇخلاۋاتقانلار!

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 110 - ئايەت.



www.munber.org

ئۈيغىنىڭلار، چۈنكى مەككىگە ئەھمەد كەلدى.» بۇ سودىگەر ئۇمەييە قەبىلىسىدىن ئەۋفاننىڭ ئوغلى، شۇنداقلا ئانىسى تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاممىسى ئۇممۇ ھاكىم ئەل بەيزا (ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى) نىڭ نەۋرىسى ئوسمان ئىدى. گەرچە ئۇ "كەلدى" سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ ۋە "ئۇلۇغلانغان" مەنىسىدىكى ئەھمەدنىڭ ئورنىغا "بەكمۇ ئۇلۇغلانغان" مەنىسىدىكى مۇھەممەدنىڭ قوللانغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، بۇ چاقىرىق ئۇنىڭ روھى ھالىتىنى باشقىچە قىلىپ قويغانىدى. ئۇ مەككىگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئەبۇبەكرىنىڭ جىيەنى (تەيملىك) تەلھە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تەلھەمۇ بۇسرادىن قايتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇسرالىق بىر خرىستىئان مۆرتى ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئەھمەد ئىسىملىك بىرىنىڭ چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى سورىغانىدى. ۋە بۇ خرىستىئان مۆرتى تەلھەنىڭ: «ئەھمەد دېگەن كىم؟» دېگەن سوئالىغا: « ئەھمەد ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى بولىدۇ. بۇ ئاي ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئېيى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. تەلھە بۇ سۆزلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئوسمانغا سۆزلەپ بەردى. ئاندىن مەككىگە كىرگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇل ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. دەرۋەقە، ئۇلار مەككىگە كىرىپ ئۇدۇل ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە يولدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ئەبۇبەكرى ئۇلارنى ئېلىپ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار باشلىرىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىسلامغا كىرگەن تۆتىنچى كىشى زۆھرى قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىش سەۋەبىمۇ باشقىلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغلار مېنىڭ تېخى ئەمدى بالاغەتكە يېتىپ قالغان ۋاقتىم بولۇپ، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئەيتنىڭ پادىلىرىنى باقاتتىم. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ئەبۇبەكرى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە بەرگۈدەك سۈت بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. مەن پادىلارنىڭ مېنىڭ ئەمەس، بەلكى ماڭا ئامانەت قىلىنغانماللار ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارغا سۈت بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەندىن: تېخى قوشقار كۆرمىگەن قوزاڭ بارمۇ؟ـ دەپ سورىدى. مەن: بىر قوزا بار، ـ دېدىم ۋە ئۇنى تۇتۇپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قوزىنى باغلىغاندىن كېيىن، يېلىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى. قوزىنىڭ يېلىنى سۈتكە لىق تولدى. ئەبۇبەكرى ئوتتۇرى داسقا ئوخشاش ئويۇلۇپ كەتكەن بىر پارچە تاش تېپىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قوزىنى ساغدى. ھەممىمىز سۈتتىن قانغىچە ئىچتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يېلىنغا: قۇرۇپ كەت!ـ دەپ بۇيرۇۋىدى، دەرۋەقە، يېلىن شاپپىدىلا قۇرۇپ كەتتى.»

ئابدۇللاھ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىسلامغا كىردى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن يەتمىش سۈرە ئۆگەندى ۋە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەممىسىنى يادلىۋالدى. كېيىنكى يىللاردا، ئابدۇللاھ ئەڭ داڭلىق ھاپىز (قارى) لارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ بىر مەزگىل توختاپ قېلىشى بىلەن دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا تېخى چۈشمىگەن ۋەھيىدە ئىپادىلەنگىنىدەك، يۈرىكى بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئالدىدا ئېزىلىۋاتاتتى. ﴿ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ.﴾[1]

ئۇنى: «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» دېيىشكە مەجبۇر قىلغان تىترەك پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. بىر كېچىسى يۆگىنىپ ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن، ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ھەققىدىكى تېخىمۇ مۇھىم ۋە تېخىمۇ ئېغىر بىر ۋەھيى ئۇنىڭ ئېتىكاپىنى بۇزدى: ﴿ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما). پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل. سۇر چېلىنغان ۋاقىت ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر.﴾[2]

كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەردىن كۈتۈلگەن نامازنى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۈيۈك مەسئۇلىيەتنى تەكتىلەيدىغان ئەمرلەر بىلەن ئويغاندى. ﴿ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەققەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ. ھەققەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە) كېچىسى بېرىلگىن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدە) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن. ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن).﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن، بەزىدە بۇلاردىن يەڭگىلرەك ۋەھيىلەرمۇ نازىل قىلىناتتى. بىر قېتىم پەرىشتە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى (پەرىشتىنى ئۇنىدىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيتتى): «خەدىچەگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويغىن!» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەگە: «ئەي خەدىچە! جىبرىئىل ساڭا پەرۋەردىگارىڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى» دېدى. ھاياجاندىن خېلى ۋاقىتقىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان خەدىچە، ئۆزىگە

[1] ھەشر سۈرىسى، 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۇددەسسىر سۈرىسى، 1 ـ دىن 10 ـ ئايەتكىچە.
[3] مۇزەممىل سۈرىسى، 1 ـ دىن 9 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org

سەل كېلىۋالغانىدىن كېيىن: «ئاللاھ سالامدۇر، سالاممۇ ھەم ئۇنىڭدىندۇر. سالاملار جىبرىئىلغا بولسۇن!» دېدى.

ئىسلامغا دەسلەپ ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قىلىنغان ئەمرنىڭ ئۆزلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى ۋە ئۇلارمۇ كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. كۈندىلىك نامازلىرىغا كەلسەك، ئۇلار نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىپلا قالماي، ئۇست ـ باشلىرىغا ۋە ناماز ئوقۇيدىغان يەرلىرىنىڭ تازىلىقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. شۇنداقلا، قۇرئاننىڭ نازىل بولغان ھەر بىر سۈرىسىنى نامازلىرىدا ئوقۇش ئۈچۈن دەرھال يادلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. كەلگەن ۋەھيىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەتراپىدىكىلەرگە ئېيتىپ بېرەتتى ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىناتتى. ۋەھيى تېخىمۇ تېز كېلىشكە باشلىدى. دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى، ئۆلۈم، قايتا تىرىلىش ۋە ھېساب كۈنىنىڭ مۇقەررەرلىكى، شۇنداقلا، جەننەت ۋە جەھەننەم ھەققىدىكى ئايەتلەر كۆپرەك نازىل بولاتتى. ئەمما ئايەتلەردە ھەممىدىن بەكرەك ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، ئۇلۇغلۇقى، ھېكمەت، مەرھەمەت، مەغپىرەت، ئېھسان ۋە قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەندى. ئۇندىن باشقا، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەر ۋە ئالەم بوشلۇقىنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتە ھەرىكەت قىلىشىمۇ بايان قىلىنغاندى. تەبىئەتتىكى بۇ تەڭپۇڭلۇق قانۇنىيىتى تەۋھىدنىڭ مۆجىزاتلار دۇنياسىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتلەر قۇرئاندا ئىنساننى تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە دالالەت قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەندى.

دۈشمەن مۇشرىكلەر يوق يەرلەردە مۇئمىنلەر بىر ـ بىرى بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ سالىمى، يەنى جىبرىئىل ھەزرىتى مۇھەممەدكە بەرگەن سالام ”ئەسسالامۇئەلەيكۇم“ بىلەن سالاملىشاتتى. سالام ئالغان كىشىمۇ سالام بەرگۈچىگە ”ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام“ بىلەن جاۋاب بېرەتتى. بۇ سالامدا كۆپلۈك مەنىسىدىكى ” ــ كۇم“ (شەخس) قوشۇمچىسى ھەر ئىنساننىڭ ئىككى يېنىدىكى پەرىشتىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۈكرى ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ھاياتقا بولغان كۆز ـ قاراشلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. قۇرئاندا ھەمدۇسانا ئېيتىش توغرىسىدىكى ئايەتلەر خېلىلا چوڭ سالماقنى ئىگەللەيتتى. شۈكرى ئېيتىشنىڭ يولى: ”ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين“ (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!) دېيىش؛ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئىپادىسى بولسا: ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېيىش ئىدى. بۇ، قۇرئاندىكى تەۋبە سۈرىسىدىن باشقا ھەربىر سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولۇپ، مۇئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن چوقۇم ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دەيتتى (تەۋبە سۈرىسى ئۇ ۋاقىتتا تېخى نازىل بولمىغاندى) ۋە بارا ـ بارا ھەربىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ”بىسمىللا“ دېيىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇردى.

www.munber.org

## ئائىلەڭنى ئاگاھلاندۇرغىن!

**(17)**

گەرچە ئىسلام دەۋىتى تېخى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، بۇ پىداكار مۇئمىنلەر ۋە زاھىدلارنىڭ سىپىغا قېتىلىۋاتقان ئەر ـ ئايال ياشلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. ئىسلامغا تۇنجى بولۇپ كىرگەنلەرنىڭ ئارىسىدا، بۇندىن بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ جىيەنلىرىدىن جەئفەر ۋە زۇبەيرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقا جىيەنلىرىمۇ ئىمان ئېيتتى. ھاممىسى ئۇمەييەنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش بىلەن قېرىندىشى ئۇبەيدۇللاھ ۋە يەنە بىر ھاممىسى بەررەنىڭ ئوغلى ئەبۇسەلەمە قاتارلىقلار ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇندىن باشقا، ئانا تەرەپتىن ئىككى جىيەنى زۆھرى قەبىلىسىدىن ئەبۇۋەققاسنىڭ ئوغلى سەئد ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇمەيرمۇ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تۆت تاغىسىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلى ئۇنىمىدى. ئەبۇتالىب ئۆز ئوغۇللىرى جەئفەر ۋە ئەلىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە قارشى چىقتى. ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ تۇرىۋالغانىدى. ئاببas ۋە ھەمزە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئامراق ئىدى، ئەمما ئاbbاس ئىسلامغا كىرىشتىن چېكىنەتتى. ھەمزە بولسا، بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمەس قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. ئەمما ئەبۇلەھەب جىيەنى (مۇھەممەد) نىڭ ئازغۇن بىرى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېلان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن!﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەلىنى چاقىرىپ: «ئاللاھ مېنى ئالدى بىلەن يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىمدىن تارتىپ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنى بۇيرىدى. بۇ ئىشقا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ. شۇڭا بىر زىياپەت بېرىشىم كېرەك. سەن قوينىڭ بىر سان گۆشىدە تاماق تەييارلا ۋە بىر كومزەك سۈت تېپىپ كەل. ئاندىن ئابدۇلمۇتەللىب ئائىلىسىگە تەۋە ھەممەيلەننى چاقىرىپ كەلگىن! شۇ ئارقىلىق مەنمۇ ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلغان بولاي» دېدى. ئەلى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى تولۇق تەييارلىدى. زىياپەتكە ھاشىم قەبىلىسىدىن ھەممىسى بولۇپ **40** كىشى كەلدى. ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: «مېھمانلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ماڭا: تەييارلانغان تاماقتىن ئېلىپ كەل!ـ دېدى. مەن تەخسىدە تاماق ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تاۋاقتىن بىر لوقما ئېلىپ، چىشلەپ باققاندىن كېيىن، يەنە تاۋاققا قويدى ۋە: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن تاماقنى مېھمانلارغا بېرىشكە باشلا!ـ دېدى. مېھمانلار غىق تويغىچە يېيىشتى. ئەمما تاماق ئۆز پېتى تۇراتتى. ھاياتىم ئۇستىگە قەسەم قىلىمەنكى، مەن قويغان تاماققا بىر ئادەممۇ تويمايتتى. تاماقتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: مېھمانلارغا سۈت بەر!ـ دېدى. مەن كومزەكنى ئېلىپ كەلدىم، ھەممەيلەن سۈتتىن قانغىچە ئىچتى. ھالبۇكى، كومزەكتىكى سۈتنى بىر كىشى يالغۇز ئىچىۋېتەلەيتتى. زىياپەتتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋەز ئېيتاي دەپ

www.munber.org

تۇرۇشىغا ئەبۇلەھەب ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: ئۆي ئىگىسى سىلەرنى سېھىرلىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز ئېيتماي تۇرۇپ، ھەممىسى چىقىپ كېتىشتى.»

ئەتىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە بىر كۈن بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنى يەنە قىلىشنى تاپىلىدى. ئەلى بىر كۈن بۇرۇنقىسىغا ئوخشاش تەييارلىق كۆردى، ھەممە ئىش ئوخشاش بولۇپ ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ۋەز ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. «ئەي ئابدۇلمۇتەللىب ئوغۇللىرى! بۇ خەلققە مەندىنمۇ بەكرەك خۇش بېشارەت ئېلىپ كېلىدىغان ھېچقانداق بىر ئەرەبنى تونۇمايمەن. مەن سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىمەن. ئاللاھ مېنى سىلەرنى ئاللاھقا چاقىرىشقا بۇيرىدى. شۇنداق ئىكەن، ئاراڭلاردىن كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟ كىم مېنىڭ ۋارىسىم، ۋەكىلىم ۋە قېرىندىشىم بولىدۇ؟» دېدى. پۈتۈن قەبىلىدىن ھېچكىم ئۈن چىقارمىدى. جەئفەر بىلەن زەيد بىر نەرسە سۆزلىمەكچى بولدى، ئەمما بۇ مەسىلىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس دەپ ئويلىغاچقا، ئۇلارمۇ ئېغىز ئاچمىدى. ھېچكىمنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن ئون ئۈچ ياشلىق ئەلى ئۆزىنىڭ ئېغىز ئېچىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن سېنىڭ ياردەمچىڭ بولىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئەلىنىڭ گەجگىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: بۇ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مېنىڭ ۋەكىلىم، ۋارىسىم ۋە قېرىندىشىمدۇر. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار!ـ دېدى. مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئەبۇتالىبنى مازاق قىلغان ھالدا: ئۇ سېنى ئۆز ئوغلۇڭغا قۇلاق سېلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىلىرىدىن سەفىييە ئوغلى زۇبەيرگە ئوخشاش ئىسلامنى دەرھال قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەش سىڭلىسى خېلى ۋاقىتقىچە قارار بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرۋادەك: «مەن باشقا قېرىنداشلىرىمنىڭ قارارىنى كۈتۈۋاتىمەن» دېيىشەتتى. ئەمما ئەرۋانىڭ يەڭگىسى، يەنى (ئەرۋاغا ئوخشاش قارارسىز) ئاكىسىنىڭ ئايالى ئۇممۇل فازىل دەرھال ئىمان ئېيتتى. ئۇ خەدىچەدىن كېيىن ئىمان ئېيتقان تۇنجى ئايال ئىدى. ئاندىن ئۆز سىڭلىسى مەيمۇنە ۋە ئۆگەي سىڭىللىرى سەلما بىلەن ئەسمانىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋەسىلە بولدى. جەئفەر ئۇممۇل فازىلنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان بولۇپ، تېخى يېقىندىلا ئەسما بىلەن شۇ ئۆيدە تونۇشۇپ توي قىلغانىدى. ھەمزە ئۇنىڭ قېرىندىشى سەلماغا ئۆيلەنگەنىدى. ئىسلام دەۋىتىگە تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقانلارنىڭ بىرى ئۇممۇ ئەيمەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ئەيمەن ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «جەننەت ئەھلىگە ئۆيلىنىشنى ئويلىغانلار ئۇممۇ ئەيمەنگە ئۆيلەنسۇن!» بۇ سۆز زەيدكە بەكمۇ تەسىر قىلدى. ئۇممۇ ئەيمەن زەيدتىن خېلىلا چوڭ بولسىمۇ، ئارىدىكى ياش پەرقى زەيد ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. شۇڭا زەيد قارارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ئەيمەننى رازى قىلىپ، ئىككىسىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويدى.

ئۇممۇ ئەيمەن زەيدتىن بىر ئوغۇل تۇغدى ۋە ئىسمىنى ئۇسامە قويدى. ئۇسامە خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسىدەك ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ بولدى.



www.munber.org

# قۇرەيش قارشى چىقتى

## (18)

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، مۇسۇلمانلار بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مەككە سىرتىدىكى دەريا بويىغا بېرىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ئەمما بىر كۈنى، بىر قانچە بۇتپەرەس ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا يېنىغا كەلدى ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى ۋە زۇھرى قەبىلىسىدىن سەئىد كاپىرلاردىن بىرىنى تۆگىنىڭ قوۋۇرغا سۆڭىكى بىلەن ئۇرۇپ يارىدار قىلدى. بۇ، ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى قانلىق ۋەقە ئىدى. ئۇندىن كېيىن، ئاللاھ ئەمر بەرگەنگە قەدەر زىددىيەت ـ توقۇنۇشتىن يىراق تۇرۇشقا قارار بەردى. چۈنكى نازىل بولغان ۋەھيىلەردە پەيغەمبەرگە، شۇنداقلا ئۇلارغا سەۋر ـ تاقەت قىلىش ھەققىدە تەۋسىيەلەر بار ئىدى. ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن.﴾[1]

بۇ قېتىملىق توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى ھەر ئىككى تەرەپ خالىمايتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارە تەبلىغ قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، پۈتۈن قۇرەيشلەر بۇ يېڭى دىنىنىڭ ئۆز تەڭرىلىرىگە، پرىنسىپلىرىغا ۋە ئەنئەنىلىرىگە قارشى چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىچە ئارىلىقتا (ئىسلامغا) قارشىلىق بىلدۈرمىگەنىدى. بارا ـ بارا بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى ۋە بىر گۇرۇھ قۇرەيش ئەبۇتالىبنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ جىيەنىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. ئەبۇتالىب ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ يولغا سالدى، ئەمما ئۇلار ئەبۇتالىبنىڭ ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەي ئەبۇتالىب! سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە مۆتىۋەر بىرىسەن. بىز سەندىن قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنى باشقۇرۇپ قويۇشۇڭنى تەلەپ قىلدۇق، ئەمما سەن بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلمىدىڭ. قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ خورلىنىشىغا، تەڭرىلىرىمىزنىڭ مازاق قىلىنىشىغا ۋە تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرالمايمىز. يا سەن ئۇنى توسۇپ قال ياكى بولمىسا، بىز ھەر ئىككىلىڭلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلايلى!»

ئەبۇتالىب بەكمۇ ئازابلاندى ۋە جىيەنىگە خەۋەر يوللىدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىگە تەھدىت سالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە: «ئەي جىيەنىم! ئۆزەڭنى ۋە مېنى ئاسرا! ماڭا مەن كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتىپ قويما!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھقا قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مېنى بۇ يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى بەرسىمۇ، ئاللاھنىڭ دىنى زەپەر قۇچمىغىچە ياكى مەن بۇ يولدا ھالاك بولمىغىچە، ھەرگىز ئۆز يولۇمدىن قايتمايمەن!» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن غەمكىن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، تاغىسى ئۇنىڭغا: «ئەي جىيەنىم!

[1] مۇزەممىل سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەيلى، ئۆزەڭ خالىغان ئىشنى قىلغىن. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەرقاچان سېنىڭ يېنىڭدىمەن» دېدى.

قۇرەيشلەر ئەبۇتالىبنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، ئۇنىڭ جىيەنىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن باش تارتتى. چۈنكى ئەبۇتالىب مەككە مۆتىۋەرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى خالىغان كىشىنى قانات ئاستىغا ئالالايتتى. ئۇ زامانلاردا، ھەربىر مۆتىۋەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنى قاتتىق تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن مەككىدە ھىمايىچىسى يوق، ئاجىز كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىش مەقسىتىدە بىر مەسلىھەت ئورگىنى تەسىس قىلىندى. ئەھۋال بەكمۇ جىددىي ئىدى. ھەج مەۋسۇمىگە ئازلا ۋاقىت قالغان بولۇپ، ھاجىلار كۆپ ئۆتمەي پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىدىن مەككىگە يىغىلاتتى. قۇرەيشلەر مېھماندوستلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقى پەقەت ھاجىلارنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش تەرەپتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ كەلگەن تەگرىلىرى (بۇتلىرى) بىلەن بىللە قوبۇل قىلىش تەرەپتىنمۇ مەشھۇر ئىدى. ئەمما بۇ يىل، ھاجىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بۇتلارنى پەس كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاپ، بىرمۇنچە باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدىغان يېڭى دىنغا كىرىشكە چاقىرىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار مەككىگە قايتا كەلمەس بولۇۋالىدۇ. بۇ ھەم تىجارەتنى ھەم مەككىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ شان - شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. يەنە بىر ئېھتىماللىق بولسا، ئەرەبلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىپ (خۇددى قۇرەيشنىڭ خۇزائەنى ۋە خۇزائەنىڭ جۇرھۇمىيلارنى قوغلاپ چىقارغىنىدەك) قۇرەيشلەرنى مۇقەددەس ماكاندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئورنىغا باشقا بىر قەبىلىنى تۇرغۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

پەيغەمبەرنى يالغانچى دەپ ئېلان قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ پەقەت باشقىلارنى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن توسۇپ قالالايتتى - خالاس! چۈنكى باشقىلارمۇ بۇ دىنغا قىزىقىپ، ئۆزلىرى قارار بېرىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇندىن باشقا، ئۇلارغا ئاڭلىتىلىدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مانا بۇ، قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسى ئىدى، شۇڭا، بەزىلىرى ئۇنى «ساراڭ» دەپ ئېلان قىلىشنى ئۇيغۇن كۆردى، بەزىلىرى بولسا، ئۇنى كاھىن، شائىر ياكى سېھىرگەر دەپ ئېلان قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سۈپەتلەردىن قايسىسىنىڭ تەسىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە، قەبىلىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرى مۇغىرەنىڭ ئوغلى ۋەلىدتىن مەسلىھەت سوراشتى. ۋەلىد ئۇلارغا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئەسلى نىشاندىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن بىللە ئولتۇرۇپ قايتا ئويلىشىشتى ۋە: «مۇھەممەد ئۆزى سېھىرگەر بولمىسىمۇ، چوقۇم سېھىرگەرلەر بىلەن ئورتاق نۇقتىسى بار» دەپ قارار چىقىرىشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد بىر ئادەمنى دادىسىدىن، قېرىنداشلىرىدىن، ئايالىدىن ياكى پۈتۈن ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتەلەيدىغان سېھرى كۈچكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋەلىد ئۇلارغا «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئاجايىپ سېھرى كۈچى» نى ئورتاق ھۇجۇم نۇقتىسى قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. بۇ تەۋسىيەنى قوبۇل قىلغان قۇرەيشلەر، مەككىگە كىرىدىغان بارلىق

يوللارنى كېسىپ، ھاجىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئاسانلا مايىل قىلىۋالالايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇ ۋەزلەرنى ئېيتىشتىن بۇرۇن مەككىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەرنى ئاسان قايىل قىلالايدىغان تىل پاساھىتى ۋە كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى يەنە شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟!

قۇرەيشلەر پىلانلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئەمما باشتىلا ئاللاھدە بىر ئەھۋال يۈز بەردى ۋە ئۇلار چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدى. بەنى غىفار قەبىلىسىدىن (بۇ قەبىلە مەككىنىڭ غەربى شىمالىدا بولۇپ، قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا جايلاشقان) ئەبۇزەر ئىسىملىك بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار ھەققىدە خېلى كۆپ ئىشلارنى ئاڭلىغانىدى. ئەبۇزەر گەرچە ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش قاراقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە بۇتپەرەسلىككە قارشى تۇراتتى. ئەبۇزەرنىڭ قېرىندىشى ئۈنەيس بىر ئىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ، قايتىشىدا ئەبۇزەرگە مەككىدە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلغان ۋە «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دەيدىغان بىر كىشىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۆز قەبىلىسى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ھەققىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئەبۇزەر دەرھال مەككىگە قاراپ ئاتلاندى. مەككىگە كىرىش ئېغىزىدا يولنى توسقان قۇرەيشلەر، ئۇ ئىگەللىمەكچى بولغان مەلۇماتلارنى (ئۇ سوراشتىن بۇرۇن) تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشتى. ئەبۇزەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىپ باردى. ئۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى پالاسنىڭ ئۈستىدە يۈزىنى يېپىپ قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى.

ئەبۇزەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئويغىتىپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا سالام ياندۇردى. ئەبۇزەر: «مىسرالىرىڭنى ماڭا ئوقۇپ بەرگىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن شائىر ئەمەسمەن، مېنىڭ ئوقۇغانلىرىم قۇرئاندۇر؛ ھەم بۇ سۆزلەر مېنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇزەر: «ئۇنداق بولسا، مەن ئۈچۈن بىر ئوقۇغىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر سۈرە ئوقۇپ بەردى. ئەبۇزەر: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈردۈم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ غىفار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولدى ۋە: «شۈبھىسىز ئاللاھ خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدۇ» دېدى. بەنى غىفار قەبىلىسىدىكىلەر پۈتۈن ئەتراپقا ئوغرى ـ قاراقچىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەرگە ئىسلامنىڭ ئەمرلىرىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئۇنى خەلقىنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى. ئەبۇزەر ئۆز قەبىلىسىگە قايتتى ۋە بىر مۇنچە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋەسىلە بولدى. ئەبۇزەر كونا ھۈنىرىنى تېخى تاشلىمىغانىدى. ئەمما ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قۇرەيش كارۋانلىرىغا كۆپرەك تېگىش قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئالدى توسالغان كارۋاندىكىلەر ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلسا، بۇلانغان ماللىرى قايتۇرۇپ بېرىلەتتى.



www.munber.org

يەنە بىر ۋەقە بەنى غىفار قەبىلىسىگە ئوخشاش غەرىبكە جايلاشقان بەنى دەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەب بولدى. بەنى دەۋسلىك تۇفەيل مەككىگە كېتىۋاتقىنىدا، ئۆزىنىڭ قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد دېگەن سېھىرگەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيشلەر يولدىن ئۆتكەن ھەممە ئادەمنى قاتتىق تەنبىھلىگەچكە، ھەممە ئادەم مەككىگە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كىرەتتى. مەن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن مەسجىدكە بېرىشتىن بۇرۇن قۇلاقلىرىمغا پاختا تىقىۋالغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە يەمەن بۇلۇڭى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئارىسىدا، يۈزىنى قۇددۇسقا قىلغان ھالدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئايەتلەرنى شۇنچە بوش ئاۋازدا ئوقۇسىمۇ، بىر قىسمى مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى ۋە ئاڭلانغان ئايەتلەر ماڭا باشقىچە تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”مەن توغرا ـ خاتانى ئايرىيالايدىغان، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئوقۇمۇشلۇق ھەم شائىر ئادەممەن. شۇنداق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغۇدەكمەن؟ ئەگەر ئۇنىڭ سۆزلىرى توغرا بولسا، قوبۇل قىلىمەن. خاتا بولسا، پىسەنت قىلماي ئۆز يولۇمغا ماڭىمەن“ دېدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈپ تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى تۈگىتىپ، ئۆيىگە ماڭدى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ ئۆيىگە كىرىشىگە مەنمۇ ئارقىسىدىن كىردىم ۋە: ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! سېنىڭ قەبىلەڭدىكى كىشىلەر ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق دېدى. مەنمۇ ئۇ قەدەر قورقۇپ كەتتىمكى، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى تۇيماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋالدىم. ئەمما ئاللاھ سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ماڭا ئاڭلاتتى. شۇڭا سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلمەكچى بولدۇم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە قۇرئان ئوقۇپ بەردى. مەن دەرھال شاھادەت كەلتۈردۈم. ئاندىن ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن قەبىلەمگە قايتتىم. دادام ۋە ئايالىم ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئەمما بەنى دەۋس قەبىلىسىنىڭ قالغان ئەزالىرى كۆپىرلىقتا چىڭ تۇردى. مەن يەنە مەككىگە باردىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلارغا بەددۇئا قىلىشىنى ئۆتۈندۇم. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ماڭا: خەلقىڭنىڭ يېنىغا قايت! ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىل ۋە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىل!ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. يىللار ئۆتكەنسېرى مۇسۇلمان بولغان دەۋسلىك ئائىلىلەرنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى.»

تۇفەيل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئەمما باشقا ھاجىلار ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن باشقىچە نەرسىلەرنى چۈشەندۈرگەن مۇسۇلمانلارغا دۇچ كەلگەچكە، دەرھال ئىمان ئېيتىشقانىدى. مانا بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە يېڭى دىن ھەققىدە سۆز ـ چۆچەك باشلىنىپ كەتتى. بۇ سۆز ـ چۆچەكلەر بولۇپمۇ، يەسرىب ۋادىسىدىكى پۈتۈن خەلقنىڭ كۆڭۈلدىكى سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

www.munber.org

## ئەۋس ۋە خەزرەج

**(19)**

ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى يەسرىبتە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشايدىغان بەزى يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولسىمۇ، بىر - بىرىگە يەنىلا ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. چۈنكى، ئاللاھنىڭ تاللانغان قۇللىرى ھېسابلىنىدىغان ۋە بىر خۇدالىق ئېتىقادىدىكى يەھۇدىيلار كۆپ خۇدالىق ئېتىقادىدىكى، بۇتپەرەس ئەرەبلەرنى (ئۆزلىرىدىن كۆچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن) ھۆرمەتلەش بىلەن بىرگە بەكمۇ قىزغىناتتى. شۇڭا يەھۇدىيلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدا: «ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتى كەلدى. ئۇ (بىزگە) يېتىپ كەلگەندە، بىز سىلەرنى خۇددى ئاد ۋە ئىرەم قەۋملىرى يوق بولغاندەك، يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىمىز!» دېيىشەتتى. يەھۇدىي كاھىن ۋە ئالىملىرى ئۆزلىرىدىن پەيغەمبەرنىڭ نەگە كېلىدىغانلىقىنى سورىغانلارغا مەككە بىلەن بىر يۆنىلىشتىكى يەمەن تەرەپنى كۆرسىتىشەتتى. شۇڭا يەسرىبلىكلەر مەككىدە بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. ئۇ پەيغەمبەر ئېيتقان ۋەھىيلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىزىقىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار، ئەلمىساقتىن تارتىپ بىر خۇدالىق ئېتىقادقا چوقۇنۇپ كەلگەندى. جاھان تىنچ ۋاقىتلاردا، يەھۇدىيلار ئۇلارغا تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىنسانىنىڭ ئەسلى مەقسىتىدىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى، بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش پىكرى كۆپ خۇدالىق بۇتپەرەسلەر قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغان مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. بىر قېتىم، بىر يەھۇدىي ئالىمى ئۇلارغا جەنۇب تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ يەردىن تەكرار تىرىلىش ھەققىتىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئەرەبلەرنىڭ مەككىدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە بۇنچە قىزىقىشىغا، سۈرىيەدىن يەسرىبكە كۆچۈپ كەلگەن ۋە يامغۇر سۇلىرى بىلەن ۋادىنى بىر نەچچە قېتىم قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىبنۇل ھەييەبان ئىسىملىك بىر يەھۇدىي سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ دىنىي زات پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا تۇنجى ۋەھيى كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۆلگەن بولۇپ، ئۆلۈمىدىن بۇرۇن يەسرىبلىكلەرنى يېنىغا چاقىرىپ: «ئەي يەھۇدىيلار مېنى ئاشلىق ۋە شارابلار ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان يۇرتتىن ئاچلىق ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بېسىۋالغان بۇ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى بىر ئويلاپ بېقىڭلار!» دېدى. يەھۇدىيلار: «سەن بىزدىن ياخشى بىلىسەن» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئىبنۇل ھەييابان: «مەن يېقىندا كېلىدىغان پەيغەمبەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ يۇرتقا كەلدىم. ئۇ بۇ يۇرتقا ھىجرەت قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىمدا كېلىشىنى ۋە ئۆزەمنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشىمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ پات يېقىندا سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كېلىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەتراپتا تۇرغان يەھۇدىي ياشلىرىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كەلگەندە، (گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەھۇدىي بولمىسىمۇ) ئۇنى قوبۇل قىلىشىغا ۋەسىلە بولدى.



www.munber.org

ئەرەبلەر كىشىنى تەستىقلىسىمۇ، ئۇ كىشى ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلمايتتى. يەھۇدىيلار بولسا، خەۋەرنى قوبۇل قىلاتتى، ئەمما كىشى خاتا ئەۋەتىلدى دەپ ئويلىشاتتى. چۈنكى ئاللاھ تاللانغان مىللەتتىن بولمىغان بىرىنى قانداقسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ؟! شۇنداق بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ھاجىلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى ۋە ئۇلاردىن تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىشقا تىرىشاتتى. يەسرىب ئەرەبلىرى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ قىزىقىشلىرىنى ۋە يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ، بىر خۇدالىق ئېتىقادى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە بەكرەك قىزىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ھەم ئۆزلىرىمۇ خۇددى مەككىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ھاجىلاردەك ھاياجانلىنىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەزرەجلىكلەر بالا ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن بىللە كېلىپ خەزرەجتە تۇرغان، كېيىن سۇرىيەگە سەپەرگە ماڭغاندا يەسرىبتىن بىر نەچچە قېتىم ئۆتكەن ۋە ھازىر ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلغان بۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەۋس قەبىلىسىگە كەلسەك، ئۇلارغا تەۋە بولغان ئەبۇقەيس خەدىچە ۋە ۋەرەقەنىڭ مەككىلىك بىر ھاممىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. ئەبۇقەيس كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە مەككىدە تۇراتتى ۋە ۋەرەقەنىڭ يېڭى پەيغەمبەر ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى قوللايتتى.

ھاجىلار ۋە مەككىنى زىيارەت قىلغىلى بارغان كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن تۇغۇلغان بۇ ئامىللار ۋادى خەلقىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرى بولۇپ، بىر ئەۋسلىك بىلەن بىر خەزرەجلىكنىڭ ئارىسىدىكى قانلىق ۋەقە تۈپەيلىدىن باشلانغان توقۇنۇش ئىككى قەبىلىگە تەۋە بىرمۇنچە ئايماقلارنىڭ بىر - بىرىگە قارشى دۈشمەنلىشىشىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ھەتتا يەھۇدىيلارمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، بىر تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىققان ئۇچ قېتىملىق چوڭ توقۇنۇش دۈشمەنلىك ئوتىنى پەسەيتىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەچكە، تۆتىنچى قېتىم تېخىمۇ چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا ئەۋسلىكلەر مەككىگە ھەيئەت ئەۋەتىپ، قۇرەيشلەردىن خەزرەجلەرگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولدى.

ھەيئەت قۇرەيشلەردىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلاردىن مەككىگە كېلىش مەقسەتلىرىدىن تېخىمۇ گۈزەل بىر ئىشنى خالاپ - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلارمۇ بۇ گۈزەل ئىشنىڭ نېمىلىكىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە سۆز ئاچتى، ئاندىن قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئىياس ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ: «دوستلار! بۇ، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىمىزدىن تېخىمۇ ياخشى ئىش ئىكەن» دېدى. ئەمما ھەيئەت باشلىقى يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە: «ئۇنداق بولسا، ئۇ سېنىڭ بولسۇن. ھاياتىم ئۈستىگە قەسەم ئىچىمەنكى، بىز بۇ يەرگە بۇنىدىن باشقا بىر مەقسەت بىلەن كەلدۇق» دېدى. ئىياس لام - جىم دېيەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. قۇرەيش ئەۋسلىكلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ھەيئەت مەدىنىگە قايتىپ، كۆپ ئۆتمەي، ئىياس ۋاپات بولدى. ئۇ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ

www.munber.org

يېنىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ ئاخىرقى نەپسىنى بەرگۈچە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە شاھادەت كەلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىياس ئىسلامغا كىرگەن تۇنجى يەسرىبلىك ھېسابلىنىدۇ.

www.munber.org

## ئەبۇجەھىل ۋە ھەمزە

### (20)

مەككە مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇشرىكلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىدى. بىر كۈنى، قۇرەيش چوڭلىرى ھىجىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ پەيغەمبەرگە بولغان غەزىپىنى ئۇلغايتىدىغان گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل كەئبىنىڭ شەرقى بۇلۇڭىغا بېرىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيگەندىن كېيىن، كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئايلىنىپ، ھىجىرنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئۇ يەردە ئولتۇرغان مۇشرىكلار ئاۋازلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىقى يۈز ئىپادىلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئايلىنىپ ئىككىنچى قېتىم ھىجىرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، يەنە شۇنداق ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە: «ئەي قۇرەيشلەر! ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتقا قەسەم ئىچىمەنكى، مەن سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىمەن!» دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەلپازىنى كۆرگەن قۇرەيشلەر داڭقېتىپ قالدى. ھېچبىرى ھاقارەت قىلالمىدى، ھەتتا ئېغىزىنى ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. بىر ۋاقىتتا، ئارىلىرىدىكى ئەڭ ئاچچىقى يامان بىرى ئېغىز ئېچىپ، ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن: «ئەي ئەبۇلقاسىم! سەن ئۆز ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرغىن! تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، سەن ساراڭ، ئەخمەقلەردىن ئەمەسسەن» دېدى. كۆپ ئۆتمەي، ھەممىسىنىڭ ئېغىزى قايتا ئېچىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئاندىن بۇگۈنكى ۋەقەنىڭ ئۆچىنى كېلەركى قېتىم ئېلىشقا قەسەم ئىچىشتى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئائىلىسى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى ئارىسىدا ئەبۇل ھەكەم دەپ چاقىرىلىدىغان، ئەمما مۇسۇلمانلار ئەبۇجەھىل (جاھالەتنىڭ دادىسى) دەپ ئاتىۋالغان، مەھزۇم قەبىلىسىدىن ئەمر دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ زامانلاردا، مەھزۇملەرنىڭ رەئىسى مۇغىرەنىڭ نەۋرىسى ۋە ۋەلىدنىڭ جىيەنى ئىدى. ئەبۇجەھىل بۇ ئورۇننىڭ تاغىسىدىن كېيىن ئۆزىگە قالىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەچكە، شۇنىڭغا قارىتا تەييارلىقلارغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مەككىدە بايلىقى، مېھماندوستلۇقى، ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا قاتتىق قوللۇقى ۋە ئالدىراقسانلىقى بىلەن نام چىقارغانىدى. ئەبۇجەھىل ئالدىنقى يىللىق ھەج مەۋسۇمىدە ھاجىلارنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كە قارشى ئەشەددىي تۈردە ئاگاھلاندۇرغان ۋە پەيغەمبەرنى سېھىرگەر دەپ توختىماي جار سالغانلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ ئۆز قەبىلىسىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلەرچە جازالىغاندىن سىرت، باشقا قەبىلىلەرنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئەمما ئۇ بىر كۈنى ئۆزى بىلمەيلا بۇ يېڭى دىن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ سافا دەرۋازىسى يېنىدا ئولتۇراتتى. ئەبۇجەھىل ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇقەددەس يەردە يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنى مەھزۇملارنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرستىپ قويۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بىلگەن ئەبۇجەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا تىل ـ ھاقارەت ياغدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، ئەمما ھېچنېمە دېمىدى. ئەبۇجەھىل ئاغزىغا كەلگەن بارلىق ھاقارەتلىك سۆزلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن، مەسجىدكە كىردى ۋە ھىجىرنىڭ قېشىغا يىغىلغان باشقا قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېتىپ تۇرۇشىغا، ھەمزە بويىنىغا ئوقياسىنى ئاسقان ھالدا ئوۋدىن قايتىپ كەلدى. ئوۋدىن قايتىپ ئۆيىگە بېرىشتىن ئاۋۋال كەئبىنى زىيارەت قىلىش ھەمزەنىڭ ئادىتى ئىدى. ھەمزەنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر ئايال سافا دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ئايال يىگىرمە يىل بۇرۇن «خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى» نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان تەيم قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئاننىڭ ئازاد قىلىنغان چۆرىسى ئىدى. جۇدئاننىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئەبۇبەكرىنىڭ جىيەنلىرى بولاتتى. پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) گە ۋە دىنىغا ئىتائەتكار بۇ ئايال ئەبۇجەھىلنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى ۋە ناھايىتى غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ ئايال ھەمزەگە: «ئەي ئەبۇ ئەمارە! ھىشامنىڭ ئوغلى ئەبۇل ھەكەمنىڭ مۇھەممەدكە قىلغان ئىشىنى بىر كۆرگەن بولساڭ. مۇھەممەد ئاۋۇ يەردە ئولتۇراتتى، ئەبۇجەھىل يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تىل ـ ھاقارەت ياغدۇردى ۋە مەسخىرە قىلغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى (ئەبۇجەھىل كەتكەن تەرەپنى ئىشارەت قىلدى). مۇھەممەد ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى» دېدى.

ھەمزە مۇلايىم ۋە چىقىشقاق بىرى ھەم قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ جەسۇر يىگىتى ئىدى. ئاچچىقى كېلىپ قالسا، بەكمۇ ئەسەبىيلىشىپ كېتەتتى. شۇئان ئۇنىڭ تەمبەل بەدىنى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى. كەئبىگە كىرگەن ھەمزە ئۇدۇل ئەبۇجەھىلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۈرىسىدىن ئوقياسىنى غەزەپ بىلەن ئېلىپ تاشلاپ: «ئۇنى ھاقارەتلىدىڭ شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭ دىنىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدىم. ئەگەر نوچى بولساڭ، مەن بىلەن مەيدانغا چىق!» دېدى. ئەبۇجەھىل قورقۇپ كەتمىدى، ئەكسىچە ئۇ بۇ ئىشنى بولدى قىلىشنى ئويلاشتى. شۇڭا ئۆزىگە بولۇشماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان ھەقەمسايىلىرىنى جايىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: « قويۇپ بېرىڭلار! ئەبۇئەمارە خالىغىنىنى قىلسۇن! چۈنكى، تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى بەكمۇ ئېغىر ھاقارەتلىدىم.»

www.munber.org

# قۇرەيشنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرى

## (21)

ھەمزە ئۇ كۈندىن كېيىن پەسكويغا چۈشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىستەكلىرىگە بويسۇندى. ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى قۇرەيشلەرگە بەكمۇ تەسىر قىلغانىدى. ئۇلار پەيغەمبەرنى بۇندىن كېيىن ھەمزەنىڭ قوغدايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە چېقىلىشتىن تەپ تارتىشاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ مەسلىنىڭ ئەسلى ماھىيتىنى قايتا ئويلىششىغا ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىكى يۈز ـ ئابرۇيلىرىغا تەسىر قىلىدىغان بۇ خىل ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئىزدىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇ خەتەرلىك پەيتلەردە تاكتىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئابدۇشەمس قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋىرى ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ مەجلىستە بەرگەن پىكرىنى قوبۇل قىلىشقا قارار بەردى. ئۇتبە ئۇلارغا: «نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) كە (ئۇ) قوبۇل قىلىدىغان بەزى تەكلىپلەرنى سۇنمايمىز؟ ئەگەر بىزنى ئۇز راھتىمىزگە قويۇپ بېرىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ بېرىشكە رازىمىز» دېگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كەئبىنىڭ قېشىدا يالغۇز ئولتۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئۇتبە دەرھال مەجلىستىن چىقىپ، مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ھاشىمنىڭ قېرىندىشى ئابدۇشەمسنىڭ نەۋرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئابدۇمەنناف ئۆلگەندىن كېيىن، ئىككى ئوغلى ئابدۇشەمس ۋە ھاشىم قەبىلىنى ئىككىگە ئايرىۋالغان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىنىڭ بىر ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوچۇقنى ئېتىشكە يېتەرلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇتبە ئۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىقنى خالىمايدىغان، تىنچلىقپەرۋەر ھەم ناھايىتى ئەقىللىق بىرى ئىدى.

ئۇتبە پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەي جىيەنىم! سەن ئۆزەڭنىڭ قەبىلەڭدە ئەڭ ئېسىل نەسەبلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك كىشى ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىسەن. ئەمما سەن ئۆز قەبىلەڭ ۋە خەلقىڭگە ناھايىتى چوڭ ۋە خەتەرلىك ئىش تېرىپ بەردىڭ. سەن ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋاتىسەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىسەن، دىنلىرىنى ۋە تەڭرىلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتىسەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى كاپىر دەۋاتىسەن. مەن ساڭا بەزى تەكلىپلەرنى سۇنماقچىمەن، ساڭا ئۇيغۇن بولغىنىنى قوبۇل قىلغىن! ئەگەر مال ـ بايلىق تەلەپ قىلساڭ، بىز ماللىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، سېنى ئىچىمىزدىكى ئەڭ باي كىشى قىلايلى. ئەگەر شان ـ شەرەپ تەلەپ قىلساڭ، سېنى ئۆزىمىزنىڭ رەھبىرىمىز قىلايلى ۋە سېنىڭ سۆزۈڭدىن ھېچ چىقمايلى. ئەگەر پادىشاھ بولماقچى بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزنىڭ پادىشاھى قىلايلى. ياق، ئەگەر ساڭا چاپلاشقان جىندىن ۋە كېسەللىكتىن قۇتۇلالمايۋاتقان بولساڭ، بىز ساڭا تېۋىپ تاپايلى ۋە سەن ساقايغىچە راسخوتىڭنى ئۆز يېنىمىزدىن چىقىرىپ داۋالتايلى!» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئەي ئەبۇۋەلىد! ئەمدى مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق



www.munber.org

سال!» دېدى. ئۇتبە: «ماقۇل، قۇلاق سالىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە يېڭى نازىل قىلىنغان سۈرىلەردىن بىرنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇتبە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئۇنى زەڭ سېلىپ تىڭشاۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشتى. ئەمما بىر نەچچە ئايەت ئاڭلىغاندىن كېيىن، باشقا خىيالنى تاشلاپ، ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى ۋە قوللىرىنى كەينىگە تىرەپ يەردە ئولتۇردى. قۇرئاننى تىڭشىغانسېرى قوللىرىغا تېخىمۇ بەك تايىناتتى. قۇلىقىغا كىرىۋاتقان تىلنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئوقۇلغان ئايەتلەردە ۋەھيى، ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر، ئۇلارغا ئەگەشمىگەنلىكتىن ھالاك بولغان، دوزاخ ئازابىغا قالغان قەۋملەر، ئاندىن ئىمان ئېيتقانلار، بۇ دۇنيادا ئۇلارنى قوغداشقا پەرىشتىلەرنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ۋە سائادەتلىك ئاخىرەت ھاياتى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرىنى: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، ئاي بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت بىلەن ئاياغلاشتۇردى ۋە دەرھال بېشىنى يەرگە قويۇپ، سەجدە قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇل ۋەلىد! مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىدىڭ، قالغىنى سەن ئۆزۈڭ بىل!» دېدى.

ئۇتبە قايتىپ كەلدى، ھەقەمسايىلىرى ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ ھەيران قېلىشتى ۋە: «ئەي ئەبۇل ۋەلىد! ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوراشتى. ئۇتبە ئۇلارغا: «ئۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ شېئىر ئەمەس، تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، پال ياكى سېھىرمۇ ئەمەس. ئەي قۇرەيشلەر! مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بويىچە ئىش قىلىڭلار! بۇ ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىڭلار. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان سۆزلەر ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ئىشتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئەرەبلەر ئۇنى يوقاتسا، باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولىسىلەر. ئەگەر ئۇ ئەرەبلەردىن ئۈستۈن كەلسە، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى سىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىڭلار، ئۇنىڭ كۈچى سىلەرنىڭ كۈچۈڭلارغا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سىلەر دۇنيانىڭ ئەڭ بەختلىك كىشىلىرىگە ئايلىنىسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھەقەمسايىلىرى: «ئۇ سېنى سۆزلىرى ئارقىلىق سېھىرلەپتۇ» دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. ئۇتبە: «مەن سىلەرگە ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم. سىلەر نېمىنى توغرا دەپ قارىساڭلار، شۇنى قىلىڭلار» دېدى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇششۇقچە تاكاللىشىشنى خالىمىدى. قۇرئان ئايەتلىرى ئۇنىڭغا خېلى ئوبدانلا تەسىر قىلغانىدى. ئۇتبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىلىدىغان سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب ئېلىپ كەلمىگەچكە، ئارىدىن بىرى: «مۇھەممەدنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزىمىز مۇنازىرىلىشەيلى. شۇنداق قىلغاندا، بۇ يولنىمۇ سىناپ باققان بولىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) گە مۇنداق دەپ خەۋەر يوللىدى: «قەبىلەڭنىڭ مۆتىۋەرلىرى سەن بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى، 37 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ دەرھال يېتىپ كەلدى، كۆڭلىدە ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇلار ئۇتبە ئېيتقان تەكلىپلەرنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىۋىدى، يەنە ئۈمىدسىزلەندى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن: «مەن سېھىرلەنمىدىم. ئاراڭلاردا شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش ياكى سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بولۇشنىمۇ ئارزۇ قىلمايمەن. ئەكسىچە، ئاللاھ مېنى سىلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ماڭا بىر كىتاب بەردى. سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشنىمۇ بۇيرىدى. مەن شۇ بويىچە سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدۈم ۋە ياخشى ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدىم. ئەگەر مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى قوبۇل قىلساڭلار، سىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتكە ئېرىشىسىلەر. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭلار، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇردۇم» دېدى.

قۇرەيشلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ تۇرۇشتى. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى ۋە: «پەرۋەردىگارىڭدىن ئەتراپىمىزدىكى تاغلارنى يوق قىلىپ، تۈپىلىكلەرنى تۈزلەڭلىكلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى، يۇرتىمىزدىن ئىراق ۋە سۇرىيەدىكىگە ئوخشاش دەريالار ئېقىتىشنى تەلەپ قىل! ئەجدادلىرىمىزدىن بىرىنىڭ، مەسىلەن، قۇسەيىنىڭ تىرىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىل! بىزمۇ ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سوراپ باقايلى. ئەگەر بىز ئۈچۈن بۇلارنى تەلەپ قىلمىساڭ، ئۆزەڭ ئۈچۈن بىر نەرسىلەر تەلەپ قىل! مەسىلەن، ئاللاھنىڭ سېنىڭ سۆزلىرىڭنى توغرىلاپ، بىزنىڭكىنى خاتاغا چىقىرىدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىل. ساڭا باغ ـ ۋاران، ئوردا ـ ساراي، ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزىنىلىرى بەرسۇن، بىز شۇ ئارقىلىق سېنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىڭنى بىلىپ باقايلى!» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئاللاھتىن بۇنداق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمايمەن. چۈنكى ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى» دېدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى ۋە يەنە: «ئۇنداقتا، ئاسماننى پارچە ـ پارچە ھالەتتە ئۈستىمىزگە چۈشۈرگىن!» دېيىشتى. ئۇلار بۇ سۆزنى: ﴿ئەگەر خالىساق، ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز﴾[1] دېگەن ئايەتكە قارىتا ئېيتىشقانىدى. «قارار بەرگۈچى ئاللاھتۇر، ئۇ خالىسا چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

قۇرەيشلەر يەنە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇشتى ۋە سۆزنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ۋەھىينىڭ ئەڭ ھەيران قالارلىق تەرىپى "رەھمان" ئىسمىنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى بولۇپ، بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىلھام بۇلىقى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. سۈرىلەردىن بىرى: ﴿رەھمان (مېھرىبان ئاللاھ) قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بىلەن باشلىناتتى. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ بۇ سۆزلەرنى يەمامەلىك بىر ئادەمدىن ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدىكى سۆز ـ

[1] سەبەئ سۈرىسى، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] رەھمان سۈرىسى، 1 ـ ۋە 2ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

چۆچەكلەرنى راستقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇنداق دېيىشتى: «ساڭا ھەممە نەرسىنى يەمامەلىك رەھمان ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇق. بىز رەھمانغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئى مۇھەممەد! بىز سۆزلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق. تەڭرىگە قەسەم قىلىمىزكى، سېنى ھەرگىز بوش قويۇپ بەرمەيمىز. بىز سېنى ياكى سەن بىزنى يوقاتقانغا قەدەر سەن بىلەن ئېلىشىمىز» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇندىمىدى. ئارىدىن بىرى قوپۇپ مۇنداق قوشۇمچە قىلدى: «سەن شوتا بىلەن كۆككە تاقاشمىغۇچە ۋە سۆزلىرىڭنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تۆت پەرىشتە ئېلىپ كەلمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ھەتتا بۇ ئىشلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ ئىشەنمەسلىكىم مۇمكىن». بۇ سۆزلەرنى قىلغۇچى مەھزۇملۇق ئۇمەييەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىدى. ئابدۇللاھ دادا تەرەپتىن ئەبۇجەھلنىڭ جيەنى؛ ئەمما ئانىسى ئاتكە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى بولۇپ، قېرىندىشى ئابدۇللاھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلىغا ئۇنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى. قەبىلە مۆتىۋەرلىرى بىلەن بولغان يىرىك مۇناسىۋەتنىڭ كۆڭۈل غەشلىكىدە تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆز تۇغقىنى ئېيتقان بۇ سۆزلەر بەكمۇ ھار كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بەك قارشى چىققان مەھزۇم قەبىلىسىدىن پەقەت بىرلا كىشى ھامىسى بەررەنىڭ ئوغلى ئەبۇسەلەمە مۇسۇلمان بولغانىدى. كۇتۇلمىگەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تەرەپتىن كۈچلۈك بىر قوللىغۇچى چىقىپ قالدى. ئەبۇسەلەمەنىڭ دادا تەرىپىدىن جيەنى بولغان ئەركام ئىسىملىك باي تۇغقىنى بار ئىدى (ئىككىسىنىڭ مەھزۇملۇق بوۋىلىرى قېرىنداش ئىدى). بىر كۈنى، ئەركام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «لائىلاھە ئىللاللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر) » دەپ ئىمان ئېيتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ سافا تۆپىلىكى يېنىدىكى چوڭ ئۆيىنى ئىسلام خىزمىتى ئۈچۈن ئاتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار مەككىنىڭ قاق ئوتتۇرىدا، مۇشرىكلارغا كۆرۈنۈپ قېلىش ۋە ئۇلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلماي، خاتىرجەم ھالدا جەم بولالايدىغان ۋە تېپىلىشىپ ئىبادەت قىلالايدىغان بىر يەرگە ئېرىشتى.

www.munber.org

# قۇرەيش كاتتىلىرى

## (22)

پەيغەمبەرگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇل، ئازات گەردە ياكى مەككە سىرتىدىكى قۇرەيشلەر ئىدى. گەرچە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بەزىلىرى نوپۇزلۇق ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان قۇرەيشلەر بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئورنى بولمىغاچقا، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئائىلە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلىنىپ قالغان، ئاجىز، زەئىپ كىشىلەر ئىدى. ئابدۇررەھمان، ھەمزە ۋە ئەرقام بۇلارنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، ئۇلاردىمۇ قەبىلە رەئىسى بولغۇدەك سالاھىيەت يوق ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىر نەچچىنى، ئەڭ بولمىغاندا ئۆز تاغىسى ئەبۇتالىبنى يېنىغا تارتىشقا تىرىشاتتى. ئەگەر ئەبۇجەھلنىڭ تاغىسى ۋەلىدتەك كۈچلۈك بىرىنىڭ (ۋەلىد ھەم مەھزۇملارنىڭ رەئىسى ھەم قۇرەيشلەرنىڭ غەيرى رەسمىي رەئىسى ئىدى) قوللىشىغا ئېرىشەلىسە، دەۋىتىنى تېخىمۇ ئاسان ئېلىپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋەلىد قۇرەيشنىڭ باشقا رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن خېلى ئاڭلىق، بەس - مۇنازىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋەلىد بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئىككىسى قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقان پەيتتە، يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىر ئەما كىشى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ئاۋازىدىن تونۇپ قالدى ۋە يېنىغا كېلىپ ئۆزىگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇشىنى ياكى باشقا بىر ۋاقىتتا كېلىشىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ كىشى يەنىلا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تەرىنى تۈرۈپ، ئۇ ئادەمگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرىۋالدى. سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۈزۈلۈپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، سۆھبەتنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى ۋەلىد دەۋەتكە پەقەتلا يېقىن يولىمىغانىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، يېڭى بىر سۈرە نازىل بولدى. ﴿ئۆزىنى (ئىماندىن) بىهاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن). ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنىدى. سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھتىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن.﴾[1]

كۆپ ئۆتمەي، ۋەلىد ئۆزىنىڭ كىبىرىنى مۇنۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى: «مەن قۇرەيشنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە رەئىسى تۇرۇپ، ۋەھيى ماڭا كەلمەي، نېمىشقا مۇھەممەدكە كەلگۈدەك؟ ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾[2] ئەبۇجەھلنىڭ ۋەلىدنىڭكىگە قارىغاندا بىر ئاز ئورۇنلۇقراق ئىدى: «بىز شان - شەرەپ ئۈچۈن ھەر دائىم ئابدۇمەنناف ئائىلىسى بىلەن بەسلىشىمىز. ئۇلار

[1] ئەبەسە سۈرىسى، 5 - تىن 10 - ئايەتكىچە.
[2] زۇخرۇف سۈرىسى، 31 - ئايەت.



www.munber.org

باشقىلارنى تويغۇزىدۇ، قوغدايدۇ، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. ئۇلار باشقىلارنى يۆلەيدۇ، بىزمۇ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك ئۇلاردىن قالماي، ئۇلار قىلغاننىڭ ئەينىنى قىلىمىز. مانا ئەمدى ئۇلار: ”بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭغا ئاسماندىن ۋەھيى كېلىدۇ“ دەۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ تەگدىشىنى قاچان، نەدىن تاپىمىز؟ تەڭرىگە قەسەم قىلىمىزكى، ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەيمىز ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمايمىز.» شەمس ئايمىقىدىن ئۇتبەنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ تۇترۇقسىز بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ كۆزقارىشى يەنىلا ئوخشاش ئىدى. چۈنكى ئۇ: «ئەگەر مۇھەممەد راستىنلا پەيغەمبەر بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىش كېرەك» دېگەننى ئويلىماي، بەلكى «مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئابدۇمەنناف ئائىلىسىگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغان بولىدى» دېگەننىلا ئويلايتتى. بىر كۈنى، ئەبۇجەھىل ئاچچىق بىلەن ئۇتبەگە: «ئەي بەنى ئابدۇمەنناف! مانا ئەمدى سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارمۇ بار بولدى» دېدى. ئۇتبەمۇ: «بىزدىن پادىشاھ ياكى پەيغەمبەر چىقىشى سىلەرگە بەك ھار كېلىۋاتامدۇ؟» دەپ قارشى چىقتى (بۇ يەردىكى ”پادىشاھ“ كەلىمىسى قۇسەيگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇتبە ئەبۇجەھىلگە ئابدۇمەنافنىڭ قۇسەينىڭ ئوغلى؛ مەھزۇمنىڭ بولسا جىيەنى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدى). ئۇلارغا يېقىنلا يەردە تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يانلىرىغا كەلدى ۋە: «ئەي ئۇتبە! سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئاللاھ ياكى ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن ئەمەس. ئەي ئەبۇجەھىل! ساڭا كەلسەك، سېنىڭ بېشىڭغا يېقىندا بىر بالائى ـ قازا كېلىدۇ ۋە سەن ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايسەن!» دېدى.

قۇرەيشنىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرى ئارىسىدىكى رىقابەت پەسەيمىگەنىدى ۋە كۈچلۈكلەر داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئابدۇشەمس ۋە مەھزۇملار ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ئايماق بولۇپ، ئۇتبە ۋە قېرىندىشى شەيبە شەمس ئايمىقىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇمەييە ئايمىقىنىڭ رەئىسى ھارب (ئۇتبەنىڭ جىيەنى) ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندقا ئۆيلەنگەن ئەبۇسۇفيان چىققانىدى. ئەبۇسۇفيان ئادالەتپەرۋەر، ئېغىر ـ بېسىق ۋە سەۋرچان بولغاچقا، سىياسىي ۋە تىجارىي ئىشلاردا كۆپ نەتىجىلەر قازانغانىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئايالى ھىند ئالدىراقسان ۋە يەڭگىلتەك بولۇپ، ئەبۇسۇفياننىڭ ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىنى ياقتۇرمايتتى. ئەمما ئەبۇسۇفيان ئۆزى قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدىغان بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئايالىنىڭ پىكىرلىرىگە پەقەتلا قۇلاق سالمايتتى. ھەم ئەبۇسۇفيان ئىسلامغا ئەبۇجەھىلدەك دۈشمەنلىك قىلىپمۇ كەتمەيتتى.

قۇرەيش رەھبەرلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئىسلامغا قارشى تۇرۇشتا ھەممىسى پىكىرداش ئىدى. ھەممىسى پۈتۈن ئەرەبىستاننى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بايلىق بۇ شەرەپنىڭ بىر تەرىپى بولمىسىمۇ، مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن بايلىق بولمىسىمۇ بولمايتتى. شەرەپلىك ۋە كاتتا بولۇش ئۈچۈن ھەم ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇشى ھەم ۋاقتى كەلگەندە ئۆزگىگە يار ـ يۆلەك بولالايدىغان ئىتتىپاقدىشى بولۇشى لازىم ئىدى. باشقىلار بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇش ئۆزگە ئىتتىپاقداش تېپىشنىڭ ئەڭ قولايلىق يولى ئىدى. ئەمما مال ـ بايلىقى بولمىسا، بۇ شارائىتقا ئېرىشىشمۇ مۇمكىن بولمايتتى. ھەتتا مال ـ



www.munber.org

بايلىقىدىن سىرت، بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولۇشى چوقۇم شەرت ئىدى. مەسىلەن، مەرتىلىك، سېخىيلىقنى بۇ شەرتلەرنىڭ ئەڭ ئۈلگىلىك مىساللىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاخىرەت ساۋابى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىغا ئۆزىنىڭ مەرتلىكى، جەسۇرلىقى، باشقىلارغا كاپالەتلىك قىلىش، ئېتىبار تۇزۇش، قوغداش ۋە باشقا جەھەتلەردە بەرگەن سۆزىدە تۇرىدىغان بىرى سۈپىتىدە تونۇلۇش ۋە ئۈلگەندىن كېيىنمۇ شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خاتىرلىنىش ئۈچۈن قىلاتتى. مانا بۇلار، قۇرەيشلەر ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە مەڭگۈلۈك ئىشلار ئىدى. ۋەلىد قاتارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان دەۋەتكە قۇلاق سېلىشنى خالىمايتتى، قارشى چىقاتتى. ئۇلارنىڭ نام ـ شۆھرىتى ۋە ئەبەدىي ئۆچمەس ئىزلىرى ئەرەبىستان زېمىنىنىڭ ئۆز پېتى قېلىشى ۋە ئەرەب ئەنئەنىلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆز ئەينى داۋاملىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا ھەممىسى ۋەھيىنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا كۆچىنىڭ يېتىشىچە قارشىلىق بىلدۈرەتتى. ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ۋە شۇنچە تىرىشچانلىقىنىڭ نۆلگە تەڭ بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەتلا ئويلىشىپ قويمايتتى. ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات يۇرتىدۇر. ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)﴾[1].

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 64 ـ ئايەت.

www.munber.org

# ئەندىشە ۋە ئۈمىد

## (23)

شۈبھىسىزكى، ياشلار ۋە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي دەۋەتنى دەرھال قوبۇل قىلمىدى. ئەمما ئۇلاردا ھاياتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بۇ دىنىي دەۋەتكە قارشى تۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان تەكەببۇرلۇق تۇيغۇسى يوق ئىدى. ئوسمان چۆلدە ئاڭلىغان: «ئەي ئۇيقۇدىكىلەر ئويغىنىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ۋەھيىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. دەرۋەقە، دەۋەتنى قوبۇل قىلغانلار خۇددى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يېڭى بىر ھاياتقا كۆز ئاچقاندەك بولۇپ قالغانىدى.

ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى كۇففارلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى مۇنۇ ئايەت ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ: ﴿ئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دەيدۇ.﴾[1] ئۇلارغا بېرىلگەن ئىلاھىي جاۋابمۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ﴿بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتماستىن، قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق)﴾[2] ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟﴾[3] مانا بۇ ئايەتلەر كۈپرىلىق ئەقىدىلىرى قەلبىگە تېخى مەھكەم ئورناپ كەتمىگەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. باشقا ئايەتلەرنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ ئىدى ـ ئەلۋەتتە! ئۇلارنى بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىگەن يەنە بىر سەۋەب ئەۋەتىلگەن ئەلچىنىڭ شەخسىيىتى بولۇپ، ئۇ باشقىلارنى يامانلىققا باشلىمايدىغان، ھەققانى ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەۋەتتە ھەم ئاگاھلاندۇرۇش ھەم خۇشخەۋەر بار ئىدى. ئاگاھلاندۇرۇش كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىسە، خۇشخەۋەرلەر كۆڭۈللىرىنى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۈرەتتى.

﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلەر؛ ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار. (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ.﴾[4]

تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەت تەسۋىرلەنگەن ئايەتلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 16 ـ ئايەت؛ دۇخان سۈرىسى، 38 ـ ئايەت.
[3] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 115 ـ ئايەت.
[4] فۇسسىلەت سۈرىسى، 30 ـ دىن 32 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org

﴿ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شۇ دوزاخ ياخشىمۇ يا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، (كىرگەن كىشى) مەڭگۇ قالىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايدۇر. ئۇلار جەننەتتە خالىغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە مەڭگۇ قالىدۇ، بۇ، پەرۋەردىگارىڭدىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر.﴾[1]

قۇرئاندا ھەقىقي مۇئمىنلەر «بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلار» دەپ تەسۋىرلەنسە، كاپىرلار: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار﴾[2] دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

مۇئمىننىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى پوزىتسىيىسى كاپىرلانىڭكىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇشى لازىم. كاپىرلار پاتقان غەپلەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت جىسىملىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتمەيلا قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلاردىن ساۋاق ئالماسلىقى ئىدى. ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ـ ئىنساننىڭ ئۈمىدىنى بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە بۇرىشىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتنى قاپلىغان ئايەتلىرىدىن ساۋاق ئېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿ئاسماندا بۇرۇجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېئمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى. ﴾[3]

قۇرەيش چوڭلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن بۇ ئايەتلەرنى (يەنى مۆجىزىلەرنى) كۆرستىشنى ياكى ئاسماندىن ئۇنى توغرىلايدىغان بىر پەرىشتىنىڭ چۈشۈشىنى ۋەياكى ئۇنىڭ ئاسمانغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. بىر كۈنى، تولۇنئاي ھىرا تېغىدىن سەل ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، بىر توپ مۇشرىك پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن ئەگەر پەيغەمبەرلىكى راست بولسا، ئاينى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە يېرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇئمىنلەر ۋە تېخى قارار بېرەلمىگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دۇئا قىلدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى. چۈنكى ئاي ئىككىگە ئايرىلىپ، تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مانا كۆردۈڭلارمۇ؟» دېدى. ﴿ئەمما (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ.﴾[4] يەنە بىر تەرەپتىن، مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرى يايراپ كەتتى. قارار بېرەلمىگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل بولدى، بەزىلىرى دەرھال ئىمان ئېيتتى.

---

[1] فۇرقان سۈرىسى، 15 - ۋە 16 - ئايەتلەر.
[2] يۇنۇس سۈرىسى، 7 - ئايەت.
[3] فۇرقان سۈرىسى، 61 - ۋە 62 - ئايەتلەر.
[4] قەمەر سۈرىسى، 2 - ئايەت.

www.munber.org

تەلەپ قىلىنغان نەرسىگە جاۋابەن كۆرسىتىلگەن بۇ مۆجىزە بىر مۇستەسنا ئىدى. چۈنكى باشقا مۆجىزىلەر قۇرەيشلەر تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇلاردىن باشقا، پەقەت مۇئمىنلەرلا شاھىت بولغان كىچىك مۆجىزىلەرمۇ بار ئىدى. ئەمما بۇ مۆجىزىلەر ئىسلام دىنىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىمەيتتى. چۈنكى ئالدىنقى دىنىنىڭ مۆجىزىسى ئىسا ئەلەيھسسالام بولغان بولسا، بۇ دىنىنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان ئىدى. قۇرئانغا نىسبەتەن ئىسا ئەلەيھسسالام ھەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەم: ﴿ئاللاھنىڭ مەريەمگە ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر.﴾[1]

خۇددى ئالدىنقى دىن ئىسا بىلەن ھەقىقىي دىن بولۇپ شەكىللەنگىنىدەك، ئىسلام دىنىمۇ قۇرئان بىلەن ھەقىقىي دىن بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. بۇ كالام (قۇرئان) نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىنساننىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قاتماللاشقان ۋە چۈشكۈنلەشكەن روھنى قايتىدىن ئويغىتىدۇ. شۇڭا قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، قۇرئان ھەرۋاقىت ئۇلارنى ئەتراپىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشكە چاقىرىش ئارقىلىق جاۋاب بېرەتتى.

﴿ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى، زېمىن قانداق يېيىتىلدى؟﴾[2]

ئىمان ئېيتقانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەندىشە ۋە ئۈمىدنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئىپادىسى بولغان ”ئەلھەمدۇلىللاھىل رەببىل ئالەمىن“ (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ھەمد بولسۇن!) سۆزى شۈكرى ئېيتقۇچىنىڭ ئەندىشىسى ۋە ئاللاھقا بولغان ئۈمىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) سۆزىمۇ ئىنساننى ئۈمىد بىلەن شۇ تەرەپكە يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ ئەندىشە ۋە ئۈمىد فاتىھە سۈرىسىدە ئەڭ يارقىن ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىنغانىدى (بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ بىرىنچى سۈرىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ”ئاچقۇچى“ مەنىسىدىكى فاتىھە ئىسمى بېرىلگەن ـ ت).

﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).﴾[3]

[1] نىسا سۈرىسى، 171 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] غاشىيە سۈرىسى، 17 ـ دىن 20 ـ ئايەتكىچە.
[3] فاتىھە سۈرىسى، 2 ـ دىن ـ 7 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org

ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئەڭ گۈزەل ۋە دەل جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن يەنە بىر سۈرە قۇرئاننىڭ ئاخىرقى سۈرىلىرىدىن بىرى ئىخلاس سۈرىسى بولۇپ، بۇ سۈرە بۇتپەرەسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنى شەرھىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا نازىل بولغاندى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.﴾[1]

[1] ئىخلاس سۈرىسى.

www.munber.org

# ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى

## (24)

ئەبۇتالىبنىڭ چوڭ ئوغۇللىرى تالىب ۋە ئاقىل، كىچىك ئوغۇللىرى جەئفەر ۋە ئەلىنىڭ دەل ئەكسىچە ئىمان ئېيتمىدى ۋە دادىلىرىغا ئوخشاش يېڭى دىنغا كىرىش ئۈچۈن مەڭدەپ قالدى. ئەمما ئۇلار ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلمايتتى. يېڭى دىنغا ناھايىتى پەرقلىق مۇئامىلە قىلغانلارنىڭ بىرى ئەبۇلەھەب بولۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق يىغىلىشىدىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىسلامغا قارشى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغانىدى. ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالى (شەمسىنىڭ رەئىسى ئەبۇسۇفيانىنىڭ سىڭلىسى) ئۇممۇ جەمىلەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاجايىپ دۈشمەنلىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئوغۇللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزى رۇقىيە ۋە ئۇممۇ گۇلسۇمدىن ئاجرىشىشقا مەجبۇرلىدى (ئۇلارنىڭ تويى بولغانلىقى ياكى چاي ئىچۈرۈلۈپ قويۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق). ئۇممۇ جەمىلەنىڭ ئۇلار ئاجراشقاندىن كېيىن يايراپ كەتكەن دىلى، پۇلدار ئۇمەييەنىڭ جىيەنى ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ رۇقىيەنى ئەمرىگە ئېلىشى بىلەن يەنە غەشلىككە تولدى. بۇ توي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەدىچەنى ئالدىنقى قېتىمقىدىن بەكرەك سۆيۈندۈردى. چۈنكى قىزلىرى رۇقىيە بەختكە ئېرىشكەندىن سىرت، ئۆزلىرىمۇ يېڭى كۈيئوغۇلنىڭ ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىغا نائىل بولغانىدى. ئۇلارنى شۈكرى ئېيتىشقا ئۈندىگەن يەنە بىر سەۋەب شۇ ئىدى، رۇقىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مەككىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ باشقا قىزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىقى، ئوسمانمۇ زامانىنىڭ ئەڭ كېلىشكەن يىگىتى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەدىچە بۇ ئىككىسىنى بىللە كۆرسىلا شۇنداق مەسلىكى كېلەتتى. «ئاللاھ گۈزەلدۇر ۋە ئۇ گۈزەللىكنى سۆيەر» (ھەدىس). توي بولۇپ كۆپ ئۆتمەي، ئوسمان ۋە رۇقىيە مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن مەككە سىرتىغا چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى، ئەمما ئۇ ئادەم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ قايتىپ كەلدى ۋە كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۆلۈپ ۋە: «بولدى قىل! مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالغانلىقىڭنى ئېيتىپ بېرەي. سەن ئۇ يەردە ئوسمان بىلەن رۇقىيەگە مەسلىكىڭ كېلىپ قاراپ قالدىڭ ۋە كېچىكىپ قالدىڭ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى ئەرۋا ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن قارار بەردى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بۇ قارارغا كېلىپ قېلىشىغا ئون بەش ياشلىق ئوغلى تۇلەيبىنىڭ ئەركامنىڭ ئۆيىدە ئىمان ئېيتقانلىقىنى جاكارلىشى سەۋەب بولغانىدى. تۇلەيب ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئانىسىغا ئېيتقاندا، ئانىسى: «بىزمۇ ئەر كىشىلەر قىلغان ئىشنى قىلالىساق، قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى قوغدىغان بولاتتۇق» دېدى. ئەمما تۇلەيب ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولمىدى ۋە: «قايسى سەۋەب سېنى ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قويىدى؟ قېرىندىشىڭ ھەمزەمۇ ئىمان ئېيتتى» دېدى. ئەرۋا يەنىلا باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ قارارىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەكچى



www.munber.org

بولدى، لېكىن تۇلەيب ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: «ئاللاھنىڭ نامىدا سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگىن ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا شاھادەت ئېيتقىن!» دېدى. ئەرۋا ئوغلىنىڭ ئېيقانلىرى بويىچە قىلدى ۋە ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن تېخىمۇ جاسارەتلىنىپ، قېرىندىشى ئەبۇلەھەبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەيىبلىدى.

خەدىچەنىڭ تۇغقانلىرىغا كەلسەك، ئىسلام دىنى مەككىگە يېيىلىپ كۆپ ئۆتمەي، ئۆگەي قېرىندىشى نەۋفەل ئىسلامنىڭ ئەڭ ئازغۇن ۋە ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى ئوغلى ئەسۋەدنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئەسۋەدنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى (بىر مەنىدە) خەدىچەگە نەۋفەلنىڭ دۈشمەنلىكىنى ئۇنۇتتۇرغانىدى. ھەممىدىن يامىنى، خەدىچەنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جىيەنى ۋە بىر نەچچە يىللىق كۈيئوغلى (شەمسلىك) ئەبۇل ئاس (ئايالى زەينەپ مۇسۇلمان بولسىمۇ) ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. (زەينەپ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن) قۇرەيش چوڭلىرى ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش مەقسىتىدە ئەبۇل ئاسنى زەينەپتىن ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. ھەتتا ئۇ قەدەر زورلىدىكى، ئۇنى مەككىنىڭ ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ باي، ئەڭ ئېسىل نەسەبلىك قىزىغا ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىشتى. ئەمما زەينەپ بىلەن ئەبۇل ئاس بىر - بىرىنى ياخشى كۆرەتتى. زەينەپ ئېرىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى ۋە ھەردائىم ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئەبۇل ئاسمۇ زەينەپنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاجرىششقا زورلىغانلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ئايالنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايالغا ئېھتىياجى يوقلىقىنى ئېيتتى. خەدىچەنىڭ يەنە بىر جىيەنى ھەكىممۇ (بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن خەدىچەگە زەيدنى بەرگەن قېرىندىشى ھىشامنىڭ ئوغلى) ئەبۇل ئاسقا ئوخشاش ھاممىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ھۆرمەتلەيتتى، لېكىن قۇرەيش تەڭرىلىرىگىمۇ قارشى چىقمايتتى. ھەكىمنىڭ ئوغلى خالىد بولسا، مۇسۇلمان بولغانىدى. ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.﴾[1]

بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن ھەقىقەت قۇرئاننىڭ خېلى كۆپ يېرىدە تەكرارلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىممىسىدىن ئەڭ چوڭ يۈكنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ، ئۇنىڭ مەھزۇملۇق جىيەنى ئابدۇللاھنىڭ شېرىك ئەقىدىسىگە ئازابلىنىشىنى توسۇپ قالالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئازابقا سالغان يەنە بىر ئىش، چوڭ تاغىسى ھارىسنىڭ ئوغلى، بىر ۋاقىتلاردىكى ئەڭ سەممىي دوستى ئەبۇسۇفياننىڭ ئىمان ئېيتماسلىقى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆزىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەمما ئەكسىچە ئىسلام ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىغانىدى. ئەبۇسۇفياننىڭ ۋەھيىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە قارشىلىقى بەلكىم تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ تەسىرىدە كۈنسېرى كۈچلىنىپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى باشقا ۋەقەلەردىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مەسىلەن، ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا، ئايالى ئۇممۇ رۇمان ۋە يەنە بىر ئايالىدىن بولغان ئوغلى

[1] قەسەس سۈرىسى، 56 - ئايەت.

ئابدۇللاھ بىلەن قىزى ئەسمامۇ بىللە مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇممۇ رۇمان بۇنىدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن (زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەگە ئوخشاش) ئىسلامنىڭ تۇنجى سەبىيلىرىدىن بىرى ـ ئائىشەنى تۇغقانىدى. ئەبۇبەكرى شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋەسىلە بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلقابەنى مۇسۇلمان قىلالمىدى. ئابدۇلقابە ئانىسى ئۇممۇ رۇمان ۋە دادىسىنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىقىغا قارىماي، مۇسۇلمان بولۇشنى قەتئىي رەت قىلدى.

مۇئمىنلەر ئەندىشىگە چۆمگەنىدى. مۇشرىكلەر بولسا، مەككىدىكى تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تەھدىت سالىدىغان، كېلەچەكلىرىگە، بولۇپمۇ بالىلىرىنىڭ ھايات قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىلانلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان بىر ۋەقەگە دۇچ كەلگەنىدى. بەنى مەھزۇم قەبىلىسى ئۆز ئىچىدىكى بىر يىغىلىشتا ئابدۇللاھنىڭ ئۆز جىيەنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كە قارشى چىقىشىغا سۆيۈنگەنىدى. ئابدۇللاھنىڭ قېرىندىشى زۇھەير ئىمان ئېيتمىغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا ئابدۇللاھتەك دۈشمەنلىك قىلىپ كەتمەيتتى. ئابدۇللاھ ۋە زۇھەير دادىلىرى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئاتىكە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان بالىلىرى ئىدى ۋە دادىلىرىنىڭ ئاتىكەگە ئىسمىداش يەنە بىر ئايالىدىن بىر قىزى بار ئىدى. ھىند ئىسىملىك بۇ قىز ئون توققۇز يېشىدا بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى ۋە بۇ قىز تېخى يېقىندىلا ئىككى ئۆگەي ئاكىسىنىڭ جىيەنى ئەبۇسەلەمەگە (مەھزۇملارنىڭ باشقا بىر ئايمىقىدىن) ياتلىق بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشى قەبىلىنىڭ ئىككى ئايمىقىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن قەبىلە ئەزالىرىنى خۇرسەن قىلغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ خۇرسەنلىكى ئەبۇسەلەمەنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن باشلاپ ئۈمىدسىزلىك ۋە غەزەپكە ئالماشتى. ھىند (كېيىنكى ئىسمى ئۇممۇ سەلەمە) نىڭ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ مۇئمىن مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى.

ئەبۇسەلەمەنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى بەررە قۇرەيشنىڭ ئەمر ئايمىقىدىن بولغان بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇپ، ئەبۇسەبرا ئىسىملىك ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئەمر ئايمىقىنىڭ رەئىسى سۇھەيل قىزى ئۇممۇ گۈلسۈمنى ئەبۇسەبراغا ياتلىق قىلدى. بەررە قېرىندىشى ئەرۋانىڭ ئەكسىچە مۇسۇلمان بولمىغانىدى. لېكىن ئەبۇسەبرا ئۆگەي قېرىندىشى ئەبۇسەلەمە ۋە ئۆگەي ئانىسى (دادىسىنىڭ ئىككىنچى ئايالى) مەيمۇنەنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن ئىسلام دىنىغا قىزىقىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شۇ قىز قېرىنداشلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر» دېگەن سۆزى مەيمۇنەگە ۋە ئاباس، ھەمزە ۋە جەئفەرلەرنىڭ ئاياللىرى بولغان ئۈچ قىز قېرىنداشقا قارىتىلغانىدى. مەيمۇنەنىڭ ئەبۇسەبرانىڭ دادىسىغا ياتلىق بولۇشى ئەمر ئايمىقىغا ناھايىتى ياخشى ئىسلام ئۆرنىكى بولغانىدى.

سۇھەيل يەنە بىر قىزى سەھلەنى شەمسىنىڭ رەئىسى ئۇتبەنىڭ ئوغلى ئەبۇھۇزەيفەگە ياتلىق قىلغانىدى. ئەمر ئايمىقىنىڭ كۈچى باشقىلىرىغا نىسبەتەن ئاجىز ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۇلار ۋە باشقا ئايماقلارنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بۇ بىر جۈپ ياش توي قىلىپ كۆپ ئۆتمەي مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەبۇسەبرا ۋە ئۇممۇ گۈلسۈممۇ ئىمان ئېيتتى. يەنى سۇھەيل ئىككى قىزىنى ۋە ئۆزى ئامراق ئىككى كۈيئوغلىنى؛ ئۇنىدىن

www.munber.org

باشقا، قېرىنداشلىرى خاتىب، سالىت، سەكراننى ۋە سەكراننىڭ ئايالى (ئۆزىنىڭ جىيەنى) سەۋدەنى يېڭى دىنغا تارتقۇزۇپ قويغانىدى. لېكىن سۇھەيلگە ئىنىسى كەلگىنى چوڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭمۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىشى ئىدى. ئابدۇللاھ دادىسىنىڭمۇ كۆڭلىدە ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈمىدىمۇ شۇ ئىدى. چۈنكى سۇھەيل بارلىق قەبىلە رەئىسلىرى ئىچىدە ئەڭ مەرھەمەتلىك ۋە ئەڭ ئەقىللىق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇھەيل روھىنى تىنجىتىش ۋە ئۆز كاللىسىدا ئىلمىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بىرى پات - پات ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغان بولۇۋالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سۇھەيل ئىسلامغا قارشى چىقتى، ئەمما بەك قاتتىق قوللۇق قىلمىدى. باللىرىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلماسلىقى بۇ دۈشمەنلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان يەنە بىر ئامىل ئىدى.

ئەبۇھۇزەيفە ئابدۇشەمسلىكلەر ئىچىدە ئاتا - ئانىسىغا قارشى چىققان بىردىنبىر رەئىس ئوغلى ئەمەس ئىدى. چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئوتتىن قۇتقۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن خالىد مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىر مەزگىل يوشۇرۇپ يۈردى، لېكىن كېيىنچە دادىسى بۇنى بىلىپ قالدى ۋە ئۇنى كونا دىنغا قايتىشقا زورلىدى. خالىد: «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ دىنىدىن قايتقاندىن ئۆلگىنىم ياخشىراق» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، دادىسى خالىدنى بىر ئۆيگە سولاپ قويىدى ۋە يېمەك - ئىچمەك بەرمىدى. خالىد ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقتى. شۇندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى، ئەمما ئۇنى پەرزەنتلىكتىن رەت قىلىۋەتتى. ئۇتبە ئوغلى ئەبۇھۇزەيفەگە خالىدنىڭ دادىسىدەك قاتتىق قوللۇق قىلمىدى. ئەبۇھۇزەيفەمۇ دادىسىغا كۆيۈنەتتى ۋە بىر كۈنى دادىسىنىڭمۇ بۇتپەرەسلىكنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئابدۇشەمسىنىڭ ئۈمەييە ئايمىقىغا كەلسەك، ئۇلار ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە رۇقىيەگە ئۆيلىنىشىدىنمۇ چوڭ ئىشلارغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. يەنى ئىتتىپاقداشلىرى بەنى ئەسەد ئىبنى خۇزەيمەنىڭ كۆپ قىسىم خەلقى يېڭى دىنغا كىرگەنىدى. مۇسۇلمان بولغانلار جەمئى ئون تۆت كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنلىرى ۋە جەھش ئائىلىسىدىكىلەرمۇ (بۇ ئائىلە قەبىلە رەئىسى ئىدى) بار ئىدى. بۇلاردىن سىرت، ئۈمەييەلەرنىڭ رەئىسى ئەبۇسۇفيان؛ ئابدۇللاھنىڭ ئىنىسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشكە ياتلىق قىلغان قىزى ئۈممۇ ھەبىبەمۇ يېڭى دىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئىلاھىي مۇناسىۋەتنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلەرگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەدىي قەبىلىسىنىڭ كاتتا ئائىللىرىدىن بىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. نۇفەيلنىڭ ئىككى ئايالىدىن خەتتاب ۋە ئەمر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. خەتتاب ئۆلگەندىن كېيىن، خەتتابنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئوغلى ئەمرگە ياتلىق بولدى ۋە ئۇنىڭدىن زەيد ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى. شۇنداق بولغاندا، زەيد بىلەن خەتتاب دادا باشقا ئانا بىر تۇغقان قېرىنداش بولۇپ ھېسابلىناتتى. زەيد ۋەرەقەگە ئوخشاش قۇرەيشنىڭ بۇتپەرەسلىكنى خاتا دەپ ئويلايدىغان نادىر كىشىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ بۇتقا چوقۇنمايلا قالماي، بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان گۆشلەرنىمۇ ھەرگىز يېمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد



www.munber.org

قىلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە قۇرەيشلەردىن قىلچە تەپ تارتماي ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەتتاب قۇرەيش ئەنئەنىلىرىگە بەكمۇ رىئايە قىلاتتى ۋە زەيدنىڭ ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان تەڭرى ۋە بۇتلىرىنى ھاقارەتلىشىگە بەكمۇ غەزەپلىنەتتى. شۇڭا ئۇ زەيدنى مەككە سىرتىدىكى تۆپىلىكلەردە ياشاشقا مەجبۇرلىدى، ھەتتا بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ كەئبە ئەتراپىغا كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆزى دىمەتلىك ياشلارنى يىغىپ قوشۇن تەشكىللىۋالدى. ئۆز خەلقىدىن ئايرىلىپ قالغان زەيد ھىجازنى تەرك ئېتىپ، شىمالى ئىراقتىكى مۇسۇلغا، ئۇ يەردىن غەربىي شىمالدىكى سۇرىيەگە كەتتى. بارغان يەرلىرىدە ئۇچرىغان خىرىستىئان مۇرتلىرى ۋە يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئىبراھىمنىڭ دىنى توغرۇلۇق مەلۇمات توپلىدى. بىر كۈنى، ئۇ بىر خىرىستىئان مۇرتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ (مۇرت) زەيدكە ئۆزى تەرك ئەتكەن يۇرتتا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىنى قايتا يايىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان زەيد مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئەمما سۇرىيەنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدىكى لەھم دېگەن يەردە باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. ۋەرەقە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ قايغۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى باشقىلارغا ماختاپ بەردى ۋە: «ئۇ قىيامەت كۈنى ناھايىتى كۆپ كىشىنىڭ ئىبسىل پەزىلىتىنى ئۆزىگە جەملىگەن ھالدا تىرىلىدۇ» دېگەنىدى.

زەيدنىڭ ئۆلۈمىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى، خەتتابمۇ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر سىڭلىسى فاتىمەگە ئۆيلەنگەن سەئىد (زەيدنىڭ ئوغلى) بىلەن ئەپ ئۆتەتتى. ئەمما ئىسلامنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق بۇزۇلدى. چۈنكى سەئىد ئەڭ دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئايالى فاتىمەمۇ ئۇنىڭ ۋەسلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغانىدى. ئەمما ئۆمەر (ئۆمەرنىڭ ئانىسى ئەبۇجەھىلنىڭ سىڭلىسى) يېڭى دىنغا قارشى ئىدى. سەئىد ۋە فاتىمە ئۆمەرنىڭ ناھايىتى قاتتىق قول ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىككە قارار قىلدى. ئۆمەرنىڭ ئايالى زەينەپ جۇمھ قەبىلىسىدىن مەئزۇننىڭ ئوغلى ئوسماننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئوسمان بۇرۇندىن تارتىپ زاھىدلىقتا ياشايتتى ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنەتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ۋە ئىككى قېرىندىشى دەرھال ئىمان ئېيتتى. ئۇندىن باشقا زەينەپنىڭ ئۈچ جىيەنىمۇ مۇسۇلمان بولغانىدى (زەينەپنىڭ ئۇ چاغدا مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆمەردىن مەخپىي تۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى). ئاكىسى ئوسمان ئۆمەردەك قاتتىق قول بولمىسىمۇ، باشقىلار بىلەن ئاسانلىقچە چىقىشالمايدىغان مىجەزى بار ئىدى.

زەينەپ ۋە قېرىنداشلىرى ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ رەئىسى ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئۈمەييە ئىبنى ھەلەبنىڭ جىيەنلىرى ئىدى. بىر كۈنى، ئۈمەييەنىڭ قېرىندىشى ئۇبەي بىر پارچە چىرىگەن سۆڭەكنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! سەن ئاللاھنىڭ بۇ سۆڭەكنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتامسەن؟» دەپ مازاق قىلدى ۋە قولى بىلەن سۆڭەكنى ئېزىپ، ئۇۋۇقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە قارىتىپ چاچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، مەن شۇنداق دېدىم. ئاللاھ ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە سېنىمۇ مانا

www.munber.org

مۇشۇ ھالىتىگىدە قايتا تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن سېنى جەھەننەمگە ئاتىدۇ» دېدى. تۆۋەندىكى ئايەت ئۇبەيگە جاۋابەن نازىل بولغانىدى:

﴿ئۇ بىزگە (ئىنسانىنىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر.»﴾[1]

قىيامەت

**(25)**

جىبرىئىلنىڭ پات - پات زېمىنغا چۈشۈشى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر بولۇش ئۈچۈن ۋەھيى ئەۋەتىلگەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ياشىشى كېرەك ئىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى مۇشرىكلەر): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ، ياكى (بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز؟» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلەر) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر» دەيدۇ.﴾[2]

بۇ ھارام (چەكلىمە) ـ ئۇلارنىڭ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسىغا پەردە تارتىلىشى ئۈچۈن (تەكەببۇرلۇق) يالۋۇرۇشلىرىغا قارشى بېرىلگەن جاۋابتۇر. يەر بىلەن كۆك بىرلىشىپ، زامان ۋە ماكانىنىڭ مەنىسى قالمىغان ۋاقىتتا قىيامەت قوپىدۇ. ﴿شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.﴾[3]

﴿بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر؟﴾[4] بۇ كۈن قۇرئاننىڭ كۆپ يېرىدە تەكرارلىنىدۇ. بۇ - ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ، يېقىندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ﴿قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر كېلىدۇ.﴾[5] قىيامەتنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما ئىنسانلار ﴿... ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر.﴾[6] دېگەن ئايەتنى قىيامەتنىڭ يېقىندا كېلىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىدۇ. ۋەھيى كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن قىيامەت كۈنى كۈتۈلمەكتە.

[1] ياسىن سۈرىسى، 78 - ۋە 79 - ئايەتلەر.
[2] فۇرقان سۈرىسى، 21 - ۋە 22 - ئايەتلەر.
[3] قارىئە سۈرىسى، 4 - ۋە 5 - ئايەتلەر.
[4] مۇزەممىل سۈرىسى، 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى•
[5] ئەئراف سۈرىسى، 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] ھەج سۈرىسى، 47 - ئايەت.



www.munber.org

ئاللاھ تائالا جىبرىئىل (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدىكى ۋاقىتتا) كەلگەن تۈنجى كېچە (قەدر كېچىسى) ھەققىدە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قەدر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.﴾①

قىيامەتنى كۆتۈش ـ ھۆكۈمنى كۆتۈش دېمەكتۇر. قۇرئان توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيدىغان پرىنسىپ ۋە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىك بارلىق ساماۋىي (ۋەھيى يولى بىلەن ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن) كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ۋەھيى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان زاتنىڭ پانى ۋە ئۆتكۈنچى نەرسىلەردە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ ئىلاھىي مەۋجۇدىيەت ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقارغۇچىدۇر. ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مەخپىيىتى ئاشكارىلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ياخشىنىڭ ياماندىن ئايرىلىپ چىقىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە قارشى چىققانلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە، ئۆزىگە بەيئەت قىلغانلارنى ياخشىلىقنىڭ ئەڭ كاتتا مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈردى.

ۋەھيىنىڭ ياخشىلارنى تېخىمۇ ياخشى بولۇشقا (ياخشىلىقنىڭ كاتتا مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشكە) دەۋەت قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەمما ۋەھيي كېلىشتىن بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن "ياخشى" دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىردىنلا "ئەسكى ۋە دۈشمەن" ئاتىلىپ قېلىشى مۇسۇلمانلارنى ھەيران قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، روھىي بېسىمغىمۇ دۇچار قىلغانىدى. قۇرئاندا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى ۋەھيىگە قارشى چىققان كىشى بىلەن "دوست" بولۇش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئايەت نازىل بولدى.

﴿ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ (ۋەز ـ نەسىھەتنى) قۇرئاندا تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق، (بۇنىڭ بىلەن) ئۇلار (ھەقىقەتتىن) تېخىمۇ يىراقلاشماقتا.﴾②

﴿بىز ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلەرنى) قورقۇتىمىز، ئەمما قورقۇتۇشىمىز ئۇلارنىڭ يولسىزلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.﴾③

بۇندىن بۇرۇن ھېچكىم ئەبۇلەھەبنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى بىلمەيتتى. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ جۇمھىنىڭ سابىق رەئىسى ۋە ئىسلام دۈشمىنى ئۇمەييە ئىبنى ھەلەب بىلەن كونا دوستلۇقىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر مىسالىدۇر. قۇرئاندا نۇھقا ئەۋەتىلگەن ۋەھيىنىڭ ئۇلارنى (يەنى نۇھ بىلەن قەۋمىنى) بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ (يەنى قەۋمىنىڭ) تېخىمۇ ئازغۇنلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن نۇھنىڭ ئۆز قەۋمى ئۈستىدىن ئاللاھقا شىكايەت قىلغانلىقى (يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە) رىۋايەت قىلىنغان.

---

① قەدر سۈرىسى، 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەتلەر.
② ئىسرا سۈرىسى، 41 ـ ئايەت.
③ ئىسرا سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.



www.munber.org

## ئۈچ سوئال

## (26)

قۇرەيشلەر ھەر قېتىملىق مەجلىستە ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارالغان مەسىلىلەر ھەققىدە مەسلىھەتلىشەتتى. بۇ قېتىملىق مەجلىستە يەسرىبتىكى يەھۇدىي ئالىملىرىدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ھەيئەت ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. ئەۋەتىلگەن ئىككى ئەلچىگە: «ئۇلارغا مۇھەممەد توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭلار، ئۇنى تەرىپلەڭلار ۋە قىلغان سۆزلىرىنى يەتكۈزۈڭلار. چۈنكى يەھۇدىيلار تۇنجى مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات) قا ئىشەنگەچكە، پەيغەمبەر ھەققىدە چوقۇم مەلۇماتلىرى بار. ئەمما بىزنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق» دېيىشتى. يەھۇدىي ئالىملىرى ئەلچىلەرگە: «ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سوئال سوراڭلار. ئەگەر بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇ يالغانچىدۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى زاماندا ئۆز يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ، غارغا كىرىپ كەتكەن ياشلارنى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆنلەرنى ۋە غەلىتە سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئاندىن يەر يۈزىنىڭ ئۇ چېتىگە، شەرق ۋە غەربىگە يېتىپ بارغان كىشىنىڭ كىملىكىنى ۋە ئاخىرىدا روھنىڭ ماھىيىتىنى سوراڭلار. ئەگەر بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلىسە، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەردۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

قۇرەيشلەر ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەرگە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىقى سوئاللارنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە ئەتە جاۋاب بېرىمەن» دېدى ۋە «ئىنشائاللاھ (يەنى خۇدا خالىسا)» دېيىشنى ئۇنۇتتى. ئەتىسى قۇرەيشلەر سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئالالمىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تا ئون بەش كۈنگىچە ھېچقانداق ۋەھيى كەلمىدى، جىبرىئىلمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يولۇقمىدى. مۇشرىكلەر مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، قىلغان سۆزلىرىگە ۋە ئۆزى كۈتكەن ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىگە بەكمۇ قايغۇراتتى. ئون بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جىبرىئىل كېلىپ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بەردى ھەم ئۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى يەتكۈزدى. بۇ ئۆزۈن كۈتۈشنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغانىدى:

﴿سەن بىرەر ئىش قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي، «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن.﴾[1]

ۋەھيىنىڭ كېچىكىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۆئمىنلەرنى باشتا شۇنچە قايغۇغا سالغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئۇلارنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى. چۈنكى مۇشرىكلار بۇ كۈتۈشنى مەلۇم بىر سەۋەبكە باغلاشنى قوبۇل قىلمىغان بىلەن، كۆڭلىدە شۇبھە بولغان بەزى قۇرەيشلەر ئۈچۈن، بۇ، ۋەھيىنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئۆيدۇرمىسى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىل ئىدى. ئەگەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇرۇنقى ۋەھيىلەرنى ئۆزى

[1] كەھف سۈرىسى، 23 - ۋە 24 - ئايەتلەر.



www.munber.org

توقۇپ چىققان بولسا، بۇ قېتىم شۇنچە كېچىكىپ، مۇشرىكلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىش ۋە ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ يۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

مۇسۇلمانلار ھەر دائىم ۋەھىيدىن مەنىۋى كۈچ ئالاتتى. قۇرەيشلەر بۇرۇنقى زاماندا ئۆز يۇرتىنى تەرك ئەتكەن ياشلار ھەققىدىكى سوئالنى سورىغان ۋاقىتتا (ئۇلار ھەققىدىكى قىسسىنى ئۇ ۋاقىتقىچە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغانىدى)، بۇ قىسسىنىڭ شۇ زاماننىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە قىسسىدە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئېيتمىغانلارنىڭ پەرقى بايان قىلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەفەستە[1] ئۇخلاپ قالغان ياش يىگىتلەرنىڭ قىسسىسى مۇنداق ئىدى: مىلادى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، خەلقى بۇتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتكەن بىر گۇرۇھ ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن خەلقى تەرىپىدىن جازالاندى. ياشلار ئۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىپ بىر غارغا يوشۇرۇنۇۋالدى ۋە ئۇ يەردە 300 يىلدىن ئارتۇق ئۇخلاپ قالدى.

ئۇلار ھەققىدىكى قىسسە قۇرئاندا (كەھف سۈرىسى، 9 ـ دىن 25 ـ ئايەتكىچە) يەھۇدىيلارنىڭ بىلدىغىنىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە تولۇق بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇلار ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىل ئۇخلىغانلىقىنى قانداق بىلگەنلىكى ۋە ئىتلىرىنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى غارنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ياتقانلىقى قاتارلىقلار...

ئىككىنچى سوئالغا كەلسەك، ئۇ بۈيۈك سەيياھ زۇلقەرنەيىن ئىدى. ۋەھىيدە ئۇنىڭ شەرققە ۋە غەربكە قىلغان سەپەرلىرى تولۇق بايان قىلىنغاندىن سىرت، ئۈچىنچى سەپىرىمۇ (بۇ سەپەر سوئالنىڭ ئىچىدە يوق) تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى. زۇلقەرنەينىڭ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان بىر خەلق ئۇچراپ قالدۇ. ئۇ خەلق زۇلقەرنەيىننىڭ ئۆزلىرىگە يەجۇجى ـ مەجۇجىدىن ۋە جىنلاردىن قوغدايدىغان بىر تام ياساپ بېرىشى ئۈچۈن يالۋۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا جىن ـ شەيتانلارنى بىر يەرگە يىغىش قۇدرىتى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جىن ـ شەيتانلار قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ئۇ يەردىن چىقىپ، يەر يۈزىدە پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ. مانا بۇ، قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۈچىنچى سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتا، ئىنساننىڭ ئەقلىنىڭ روھنى تولۇق چۈشىنىشكە يېتەلمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان: ﴿ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن.﴾[2]

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى ۋە ئاخىرقى جۈملىدىكى: «سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن» دېگەن ئىبارىنىڭ يەھۇدىيلارغا ياكى ئەرەبلەرگە قارىتىلغانلىقىنى سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر ئىككىسىگە قارىتىلغان» دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، يەھۇدىيلار دەرھال قارشى چىقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. چۈنكى ئۇلار (قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەندەك) ھەممە نەرسە ئايرىم ـ ئايرىم

[1] ئەفەس ـ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئىزمىر ۋىلايىتىدىكى بىر يەرنىڭ نامى بولۇپ، تۈركلەر ئاناتولىيەگە كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن يۇنانلار بۇ يەردە شەھەر قۇرۇپ مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. ھازىر ئۇ شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىلا قېلىپ قالدى. بۇ يەر ھازىر تۈركىيەنىڭ ساياھەت مەركەزلىرىدىن بىرى.

[2] ئىسرا سۈرىسى، 85 ـ ئايەت.



www.munber.org

بايان قىلىنغان كىتاب ـ تەۋراتنى ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بىلدىغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ ئىلمى ئالدىدا بەكمۇ ئازدۇر. شۇنداقتىمۇ، سىلەر بىلگىنىڭلارنى تولۇق ئىشلىتەلىسەڭلار، سىلەرگە شۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ». بۇ ئىشتىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشقا باشلىدى:

﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

قۇرەيش چوڭلىرى يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ تەۋسىيەلىرىگە قۇلاق سالمىدى. يەھۇدىيلارمۇ بۇرۇنقى نىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ (گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ)، ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. لېكىن بۇ جاۋابلار باشقىلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىغۇچىلىرى كۆپەيگەنسېرى دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىشتى ۋە زەئىپ مۇسۇلمانلارغا بولغان زۇلۇملىرىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ھەر بىر قەبىلە ئۆز ئىچىدىن چىققان مۇسۇلمانلار بىلەن ھەپىلىشەتتى. يەنى ئۇلارنى قاماققا ئالاتتى، ئۇرۇپ ـ دۇمبالايتتى ۋە ئاچ ـ ئۇسسۇز قوياتتى. دىنلىرىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن مەككە ھاۋاسىنىڭ ئەڭ ئىسسىق ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنى كوچىغا چىقىرىپ، ئاپتاپتا تۇرۇشقا زورلايتتى.

جەمۇھ رەئىسى ئۇمەييەنىڭ بىلال ئىسىملىك قۇلى بار ئىدى. ئۇمەييە بىلالنى كۈن تەپتى تازا قىزىغان ۋاقىتتا ئوچۇقچىلىق بىر يەرگە ئېلىپ چىقتى، ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇستىگە يوغان بىر پارچە تاشنى باستى ۋە دىنىدىن قايتقۇچە ياكى شۇ يەردە ئۆلگىچە تاشلاپ قويىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى. ئاندىن ئۇنى لات ۋە ئۇززاغا چوقۇنۇشقا زورلىدى. لېكىن بىلال «بىر، بىر» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپلا تۇردى. دەل شۇ چاغدا، ياشىنىپ قالغان ۋەرەقە شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىلالنىڭ زۇلۇم تارتىۋاتقانلىقىنى ۋە «بىر، بىر» دەۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ: «ئۇ ئەلۋەتتە بىردۇر، ئەي بىلال!» دېگەندىن كېيىن، ئۇمەييەگە: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇنى مۇشۇ پېتى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ مازىرىغا گۈمبەز قاتۇرىمەن» دېدى.

ھەربىر قۇرەيشىنىڭ ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە ياشاش مەجبۇرىيىتى يوق ئىدى. ئەبۇبەكرىمۇ جۇمەھلارنىڭ ئارىسىدا ياشايتتى، شۇڭا جۇمەھلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر دائىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەبۇبەكرىنى يوقلاپ كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر: «ۋەھىينىڭ بىر قىسمى ئەبۇبەكرىنىڭ يۈزىگە يېزىقلىقكەن» دېيىشەتتى. دەرۋەقە، ئەبۇبەكرىنىڭ يۈزى كىتابقا ئوخشايتتى. بۇرۇنلاردا، قەبىلە كىشىلىرى ئۇنى مەككە كوچىلىرىدا كۆرسە، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈشەتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، قۇرەيش چوڭلىرى ئۇنى كۆرسىلا مەڭدەپ قالىدىغان بولۇپ قېلىشتى. بىلال ئۇنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغانىدى. ئەبۇبەكرى بىلالغا زۇلۇم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ

[1] لوقمان سۈرىسى، 27 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئۆمەيىيەگە: «ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقمامسەن؟» دېدى. «ئۇنىڭ شۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىغا سەن سەۋەبچى بولدۇڭ، شۇڭا ئۇنى سەن قۇتۇلدۇرىۋالغىن!» دەپ جاۋاب بەردى ئۆمەيىيە. «ئەلۋەتتە قۇتۇلدۇرىمەن! مېنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ تەمبەل ھەم كۈچلۈك بىر زەڭگى قۇلۇم بار. ئۇمۇ سېنىڭ دىنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىلال ئىككىسىنى تېگىشەيلى» دېدى. ئۆمەيىيە ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. ئەبۇبەكرى بىلالنى ئازاد قىلىۋەتتى.

ئۇندىن بۇرۇن، ئەبۇبەكرى ئالتە كىشىنى ئازاد قىلغانىدى. تۇنجى ئازاد قىلىنغان كىشى ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئەمىر ئىبنى فۇھەيرە ئىدى. فۇھەيرە چوپان بولۇپ، ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئەبۇبەكرىنىڭ قويلىرىغا چوپانلىق قىلدى. ئەبۇبەكرى ئازاد قىلغانلاردىن يەنە بىرى ئۆمەرنىڭ چۆرىسى ئىدى. بۇ چۆرە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇراتتى. بىر كۈنى، ئۆمەر ئۇنى يەنە ئۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى كۆرۈپ قالدى ۋە چۆرىنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتتى.

مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئەشەددى زۇلۇم قىلغىنى ئەبۇجەھىل ئىدى. ئەگەر يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىرىنىڭ ئائىلىسى كۈچلۈك بولۇپ قالسا، ئەبۇجەھىل ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلالمايتتى، ئەمما ھاقارەتلەيتتى، مەسخىرە قىلاتتى. ئەگەر مۇسۇلمان بولغان كىشى تىجارەتچى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا: «كارۋىنىڭنى توسۇپ، ماللىرىڭنى تارتىۋالىمەن» دەپ تەھدىت سالاتتى. ئەگەر ئۆز قەبىلىسىدىن، ئاجىز بىرى مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قولىدىن كەلگەن زۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى ھەم ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرگىمۇ ئۆز ئىچىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا ئۆزىگە ئوخشاش زۇلۇم قىلىشنى تەرغىب قىلاتتى.

قەبىلىسىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلاردىن ياسىر، سۇمەييە ۋە ئوغۇللىرى ئەممارمۇ ئەبۇجەھىل سەۋەبىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىدى ۋە سۇمەييە ئېغىر قىيىن - قىستاققا چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئېرى ۋە ئوغلى دىنىدىن قايتمىدى. لېكىن مەھزۇم ۋە باشقا قەبىلىلەردىكى ئاجىز مۇسۇلمانلار زۇلۇمغا چىدىماي دىنىدىن ياندى ۋە زالىملارنىڭ ھەممە سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۈردى. زالىملار ئۇلارغا: «لات ۋە ئۇززامۇ ئاللاھقا ئوخشاش سىلەرنىڭ خۇدايىڭلارمۇ ئەمەسمۇ؟» دېسە، ئۇلار: «ھەئە، شۇنداق!» دەيتتى. يانلىرىدىن بىر قوڭغۇز ئۆتسە: «بۇ سېنىڭ خۇدايىڭ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورايتتى، ئۇلار يەنىلا: «ھەئە، شۇنداق!» دەپ جاۋاب بېرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇلار بۇ سۆزلەرنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئەمەس، بەلكى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قوياتتى. ئەمما ئۇلار شۇندىن باشلاپ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنى ئوچۇق - ئاشكارە ئىپادە قىلالمايتتى، ھەتتا بەزىلىرى يوشۇرۇنمۇ ئىپادىلىيەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئۆز خەلقىدىن قېچىپ غارلاردا ياشىغان ياشلارنىڭ قىسسىسى ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ داۋاملىق زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە) غا كېتىڭلار! ئۇ يەردە ھېچكىمگە ھەقسىزلىق ۋە ئادالەتسىزلىك قىلمايدىغان بىر پادىشاھ بار. شۇڭا ئۇ يەردە دىندار ھايات كەچۈرەلەيسىلەر. ئاللاھ بىزگە بىر قۇتۇلۇش يولى كۆرسەتكىچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار!» دېدى.



www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن، بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ھەبەشىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى كۆچۈش (ھىجرەت) ئىدى.

www.munber.org

## ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە)

### (27)

ئەلچىلەر ھەبەشىستانغا يېتىپ بېرىپ، ئاۋۋال قوماندانلار بىلەن كۆرۈشتى. قوماندانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا يان باسىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىشتى. ئاندىن ئەلچىلەر نەجاشىنىڭ ئالدىغا سوۋغا ـ سالاملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىردى. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن (قوماندانلارغا قىلغان سۆزلىرىنى تەكرارلاپ): «مەملىكىتىمىزنىڭ كاتتىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ دادىلىرى، تاغىلىرى ۋە ئەقرىبالىرى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن يالۋۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. قوماندانلارمۇ سارايدا ئىدى ۋە ئۇلارمۇ بىردەك ئۆزلىرىگە سىغىنغانلارنىڭ بۇ ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى، چۈنكى ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ توغرا قارارنى ئۆز خەلقى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. لېكىن نەجاشى ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدى ۋە: «ياق! تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ پاناھلىقىمغا سىغىنغان، مەملىكىتىمگە جايلاشقان ۋە مېنى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنى مەن ھېچكىمگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن! ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ئۇلارنى قويۇپ بەرمەيمەن. ئەگەر بۇلار راست گەپ قىلغان بولسا، ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆز خەلقى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇلار يالغانچى بولسا، مەن ئۇلارنى مېنىڭ پاناھىمدا تۇرۇشنى خالىغان مۇددەتكىچە قوغدايمەن!» دېدى.

ئاندىن مۇھاجىرلارغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇزىنىڭ پوپلىرىنى سارايغا يىغدى. ئەمر ۋە يەنە بىر ئەلچى مۇھاجىرلار بىلەن نەجاشىنىڭ كۆرۈشۈشىگە توسالغۇ بولۇشقا تىرىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىن توغرۇلۇق سۆھبەت بولۇپ قالسىلا، بۇ ئۇزلىرى ئۈچۈن بەكمۇ پايدىسىز ئىدى. ئەلچىلەر ھەبەشىستانلىقلارنىڭ تىجارىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۆزلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقى بىلەن، دىنىي جەھەتتە (بۇتپەرەس بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆزلىرىنى پەس كۆرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ جەھەتتە ئارىلىرىدا ناھايىتى چوڭ توسالغۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ھەبەشىستانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى تەقۋا خىرىستىئانلار بولۇپ، ھەممىسى پاكلانغاندى ۋە بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار (مۇقەددەس) دىن بىلەن بۇتپەرەسلىك ئارىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىپ يەتكەندىن سىرت، ئامرغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ بۇتپەرەسلىكىنىڭ گەندىسىگە پېتىپ قالغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا مۇھاجىرلار نەجاشىنىڭ سارىيىغا يېتىپ كەلگەندە، سارايغا يىغىلغانلار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىكى مۇقەددەس دىننىڭ ھەقىقىي ۋە چەكسىز ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ بەكمۇ ھەيران قالدى (بولۇپمۇ، نەجاشى داڭقېتىپ قالدى). ئۇلارنىڭ قۇرەيشلەرگە قارىغاندا ئۆزلىرىگە بەكرەك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگەن پوپلارمۇ ھەيرانلىقىدىن ئۆز ئارا كۇسۇرلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن سەبىي نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.



www.munber.org

مۇھاجىرلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھىجرەت قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى. مەسىلەن، ئوسمانىنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىشتىن ۋاز كەچكەنىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا ۋە رۇقىيەنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى. چۈنكى ئۇلار مۇھاجىرلار ئۈچۈن مەنىۋىي كۈچ مەنبەسى بولاتتى. مۇھاجىرلارغا مەنىۋىي كۈچ بېرىدىغانلاردىن يەنە بىرى ـ جەئفەر بىلەن ئايالى ئەسما ئىدى. گەرچە ئەبۇتالىب ئوغلى ۋە كېلىنىنى قۇرەيشلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قوغداپ قالالىسىمۇ، ئەمما مۇھاجىرلارنىڭ ناتىق بىرىگە ئېھتىياجى چۈشىشىنى ھەمدە جەئفەرنىڭمۇ دەل بۇ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەبەشىستانغا يوللىدى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېنىڭ سىياقىڭ ۋە مىجەزىڭ مېنىڭكىگە ئوخشايدۇ» دېگەنىدى. چۈنكى ئۇ باشقىلارنى ئۆزىگە ناھايىتى تېزلا مايىل قىلالايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلارغا جەئفەرنى باش قىلىپ قويغانىدى. ئۇندىن قالسا، ئابدۇددار قەبىلىسىدىن مۇسئەب ئەقىل ۋە ناتىقلىقتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلاردىن باشقا، مەھزۇملۇق شەمماس ئىسىملىك بىر يىگىتمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانلاردىن بىرى ئىدى (شەمماسنىڭ ئانىسى ئۇتبەنىڭ سىڭلىسىدۇر). «پوپلارغا خالىسانە ياردەم قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا مۇنۇ سەۋەب بىلەن بېرىلگەنىدى: بىر كۈنى، پوپلارغا خالىسانە ياردەم قىلىدىغان بىر خىرىستىئان يىگىت مەككىگە كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن بويى مەككىلىكلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئۇتبە: «مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ كېلىشكەن بىر شەمماس كۆرسىتىپ قوياي!» دېدى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۇ بالىنىڭ ئىسمى «شەمماس» بولۇپ قالدى.

سەفىيىەنىڭ ئوغلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنلىرىدىن بىر نەچچىسى: مەسىلەن، ئەرۋانىڭ ئوغلى تۇلەيب، ئۇمەييەنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە (ئۇمەييە قەبىلىسىدىن ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە بىلەن بىللە ماڭغان) ئۇبەيدۇللاھ، بەركەنىڭ ئىككى ئوغلى (ئايالىرى بىلەن بىللە) ئەبۇسەلەمە ۋە ئەبۇسەبرا قاتارلىقلارمۇ مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. تۇنجى قېتىملىق ھىجرەت توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۇممۇ سەلەمەدىن نەقىل قىلىنغانىدى.

مۇھاجىرلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەجاشى ئۇلارغا: «بىزنىڭ ياكى ئەتراپىڭلاردىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ۋە سىلەرنى ئۆز يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولغان دىنىڭلار قانداق دىن؟» دەپ سورىدى. جەئفەر ئۇنىڭ سوئالىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئەي پادىشاھىم! ئاللاھ بىزگە ئۆز ئىچىمىزدىن، نەسەبى ئېسىل ۋە ئىشەنچلىك بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، بىز جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، ئاللاھ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنمىغان ماللارنى يەيدىغان، بىر ـ بىرىگە يامانلىق قىلىدىغان ۋە ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە بوزەك بولىدىغان خەلق ئىدۇق. پەيغەمبەر كەلگەندىن كېيىن، بىزنى ئاللاھقا دەۋەت قىلدى، ئەجدادلىرىمىزدىن بېرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان تاشلارنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلماسلىقنى ئۆگەتتى. بىزنى راست سۆزلەشكە، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالىرىمىزغا ياردەم قىلىشقا ۋە قولۇم ـ قوشنا ھەقلىرىگە دىققەت قىلىشقا، يامانلىق قىلماسلىققا ۋە بىھۇدە قان تۆكمەسلىككە بۇيرىدى. بىز بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەيمىز. ئاللاھ چەكلىگەن

www.munber.org

ئىشلارنى ھارام، بۇيرىغان ۋە يول قويغان ئىشلارنى ھالال دەپ بىلىمىز. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن خەلقىمىز بىزگە قارشى چىقتى ۋە بىزنى دىنىدىن قايتىپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشقا زورلىدى. شۇڭا بىز سىزنى باشقىلاردىن ئەۋزەل كۆرۈپ، پاناھلىقىڭىزغا سىغىندۇق. سىزنىڭ بىزگە باشپاناھ بولۇشۇڭىزنى ۋە ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز!»

ساراي تەرجىمانى جەئفەرنىڭ سۆزلىرىنى نەجاشىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. نەجاشى مۇھاجىرلاردىن پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) گە كەلگەن ۋەھيىدىن ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جەئفەر ئۆزلىرى مەككىدىن ئايرىلىشىنىڭ ئالدىدا نازىل بولغان «مەريەم سۈرىسى» دىن بىر نەچچە ئايەت ئوقۇدى:

﴿(ئۇلارغا) قۇرئاندا مەريەم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى. ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى. مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)». جىبرىئىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن». مەريەم ئېيتتى: «ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» جىبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر.»﴾[1]

ئايەتلەر ئوقۇلۇۋاتقاندا يىغىلغان نەجاشى ۋە پوپلار، ئايەتلەر تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن يەنە يىغلاشتى. نەجاشى مۇنداق دېدى: «بۇلار ئىسانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى.» ئاندىن قۇرەيش ئەلچىلەرگە قاراپ: «سىلەر كېتىڭلار! تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن، ئۇلارغا خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

ئامر ئوردىدىن چىقىۋېتىپ يېنىدىكىلەرگە: «ئەتە ئۇلارنىڭ: ”ئىسا ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر“ دەيدىغانلىقىنى نەجاشىغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىمەن» دېدى. دەرۋەقە، ئەتىسى ئۇ نەجاشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەي پادىشاھىم! ئۇلار ئىسا ئىبنى مەريەم ھەققىدە يالغان سۆز توقۇدى. سەن ئۇلارنى چاقىرتىپ، ئىسا ھەققىدە نېمە دەيدىغانلىقىنى سوراپ باققىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، نەجاشى مۇئمىنلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسا ھەققىدە نېمە دەيدىغانلىقىنى سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار دەسلەپ بىر ئاز ئالاقزادە بولۇشتى. چۈنكى بۇ ھەقتە كۆپ مەلۇماتلىرى يوق ئىدى. ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ، بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بىلدۈرگىنىدىن ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. جەئفەر نەجاشىنىڭ بۇ سوئالغا: «بىز بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ئۆگەتكىنىدىن باشقىسىنى بىلمەيمىز. يەنى بىز

[1] مەريەم سۈرىسى، 16 - دىن 21 - ئايەتكىچە.

ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى، رەسۇلى، روھى ۋە پاك مەريەمگە ئىلقا قىلغان كەلىمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز» دېدى. نەجاشى يەردىن بىر پارچە تاختاينى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: « مەريەم ئوغلى ئىسا سىلەر ئېيتقاندىن شۇ قەدەر پەرقلىقتۇر. سىلەر خالىغان يېرىڭلاردا تۇرساڭلار بولىدۇ. مېنىڭ مەملىكىتىمدە سىلەرگە ھېچقانداق خېيىم ـ خەتەر يەتمەيدۇ. ماڭا تاغدەك ئالتۇن بەرسىمۇ، ھېچ بىرىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلمايمەن!» دېدى. ئاندىن قۇرەيش ئەلچىلىرىگە قول ئىشارىتى قىلغاندىن كېيىن ۋەزىرىگە: «بۇلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغات بۇيۇملىرىنى قايتۇرۇپ بەرگىن! چۈنكى مېنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجىم يوق» دېدى. ئىككى ئەلچى ناھايىتى خورلانغان ھالدا مەككىگە قايتىپ كېتىشتى.

كۆپ ئۆتمەي، نەجاشىنىڭ ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى خەلق ئارىسىغا يېيىلىپ كەتتى. خەلق نەجاشىنى: «ئۆز دىنىدىن چىقىپ كەتتى» دەپ ئەيىبلەشتى. شۇنىڭ بىلەن، نەجاشى مۇسۇلمانلارغا لازىم بولۇپ قالسا، ئىشلىتىشى ئۈچۈن قولۋاقلار ياساتتى. ئاندىن جەئفەرنى چاقىرتىپ كەلدى. نەجاشى بىر پارچە ھايۋان تېرىسىگە (خەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان تېرە): «ئۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى ئىكەنلىكىگە؛ مەريەم ئوغلى ئىسانىڭمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى، مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان كەلىمىسى ۋە روھى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈردى» دەپ يېزىپ، تونىنىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە خەلقىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا: «ئەي ھەبەشلىكلەر! مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشى ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. خەلق: «ھەئە، شۇنداق!» دېيىشتى. نەجاشى يەنە: «ئۇنداقتا مېنىڭ ھاياتىم توغرۇلۇق قانداق پىكرىڭلار بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئەڭ گۈزەل ھاياتتۇر» دېيىشتى. نەجاشى: «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتىڭلار؟» دەپ سورىدى. خەلق: «سەن بىزنىڭ دىنىمىزدىن چىقىپ، ئىسانىڭ بىر بەندە ئىكەنلىكى قوبۇل قىلدىڭ» دېيىشتى. نەجاشى: «ئۇنداقتا، سىلەر ئىساغا قانداق قارايسىلەر؟» دېدى. خەلق: «بىز ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، نەجاشى قولىنى كۆكسىگە، يەنى دەل تېرە پارچىسى تىقىلغان يەرگە قويۇپ: «بۇ» نىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىغا شاھادەت كەلتۈردى. خەلق «بۇ» كەلىمىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېيتقان سۆزلەر دەپ چۈشەنگەچكە، پادىشاھتىن رازى بولۇشۇپ تارقىلىپ كېتىشتى. ئۇلار نەجاشىنىڭ رەھبەرلىكىدىن مەمنۇن ئىدى ۋە ئۇنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگە دىن ھەققىدە كاپالەت بېرىشىنىلا تەلەپ قىلغانىدى. نەجاشى جەئفەرگە قايتا خەۋەر يوللاپ، ئۇلارنىڭ ماكانلىرىغا قايتسا ۋە بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ياشاۋەرسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

www.munber.org

# ئۆمەر

## (28)

ئىككى ئەلچى مەككىگە قايتىپ، نەجاشىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز پاناھىغا ئالغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قۇرەيشلەر تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ، ئەبۇجەھىلنىڭ باشچىلىقىدا زەئىپ مۇسۇلمانلارغا بولغان زۇلۇمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا قارار قىلىشتى. ئەبۇجەھىلنىڭ جىيەنى ئۆمەر ئۇنىڭ (ئەبۇجەھىلنىڭ) سۆزىدىن چىقمايدىغان، ھەتتا بەزى جەھەتلەردە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان بىرى بولۇپ، بىر نەرسىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان، قوپال، نادان ۋە جاھىلىيەت ئېتىقادىدا چىڭ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئەسەبىي مۇئامىلىسى ۋە ئەخلاقى دادىسىدىن ئۇدۇم قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇندىن باشقا، تاغىسى ئەبۇجەھىلدىنمۇ ئىسلامغا دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈۋالغاچقا، ئىسلام ئۈچۈن چوڭ بىر توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى قۇرەيش بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى) كۆزدىن يوقىتىش بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ قۇرەيشنىڭ مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە بەكمۇ ئاچچىقلىناتتى ۋە قايغۇراتتى. ئىككى ئەلچىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن ئۆمەر قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ شۇنچە قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، دەرھال ئۆيىگە بېرىپ قىلىچىنى قولىغا ئالدى ۋە پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) تۇرۇۋاتقان يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. يولدا كېتىۋېتىپ ئۆز قەبىلىسىدىن نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نۇئەيممۇ مۇسۇلمان بولغانىدى، ئەمما ئۆمەر ۋە باشقا تۇغقانلىرىدىن يوشۇرۇپ يۈرەتتى. نۇئەيم ئۆمەرنىڭ يۈزىنىڭ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ھەي ئۆمەر! نەگە ماڭدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر: «مۇھەممەدنى ئىزلەپ ماڭدىم. شۇ قۇرەيشنىڭ بىرلىكىنى بۇزغان، ئۆز دىنىنى تەرك ئەتكەن ۋە خەلقنىڭ ئېتىقادىنى مەسخىرە قىلغان، ئىلاھلىرىغا كۈپۈرلۈق قىلغان ئادەم بارغۇ؟! مەن ئۇنى ئۆز قوللىرىم بىلەن ئۆلتۈرىمەن!» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان نۇئەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆمەرنى توسۇپ قالماقچى بولدى ۋە: «ئى ئۆمەر! سەن ئۆز نەپسىڭگە يېڭىلىپسەن. سەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىۋەتسەڭ، بەنى ئابدىمەنناف قەبىلىسى سېنى بوش قويۇپ بېرەمدۇ؟» دېدى. ئەمما ئۆمەر بۇنداق سۆزلەرگە پىسەنت قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆمەرنىڭ دىققىتىنى ۋاقتىنچە باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بېرىۋېتىش نىيىتىدە: «ئەي ئۆمەر! سەن ئاۋۋال ئۆز ئائىلەڭنى باشقۇرۇۋالساڭ بولمامدۇ؟» دېدى. ئۆمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

www.munber.org

«مېنىڭ ئائىلەمگە نېمە بوپتۇ؟» دەپ سورىدى. نۇئەيم: «نېمە بولاتتى؟ سىڭلىڭ بىلەن يېزنەڭ (سىڭلىڭ فاتىمە ۋە يولدىشى سەئىد) ئىككىسىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، مۇھەممەدكە قېتىلىپتۇ. سەن ئاۋۋال بېرىپ ئۇلارنى باشقۇرغىن!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلۋەتتە، نۇئەيم ئىسلامغا قارشى يامان نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈيىقەستتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ مۇسۇلمان ئىدى.

نۇئەيم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرەر يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن قورققانىدىم. ئەگەر راستىنلا ئۇنىڭغا يامانلىق قىلماقچى بولسا، سەئىد بىلەن فاتىمەگە قىلسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈيىقەستتىن قۇتۇلۇپ قالسۇن!»

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر تاغىسىنىڭ ئوغلى سەئىد ئىبنى زەيد بىلەن سىڭلىسى فاتىمەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىككى، ئۈچ، تۆتتىن قىلىپ مەخپىي ھالدا بىر ئۆيگە يىغىپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئاساسىي قائىدە - پرىنسىپلىرى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكۈچىلەرنى ئەۋەتەتتى. سەئىد ئىبنى زەيد ۋە ئۇنىڭ ئايالى فاتىمەنىڭ ئۆيىمۇ بۇ ئۆيلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ ئەن نەھھاممۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلەتتى ۋە ئۇلارغا ھەبباب ئىبنى ئەل ئەرەت ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى.

دەل شۇ چاغدا، ھەبباب ئىبنى ئەل ئەرەتمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا قۇرئان كەرىمنىڭ تاھا سۈرىسىدىن ئايەتلەر يېزىلغان بىر پارچە تېرە بار ئىدى. ھەبباب بۇ ئايەتلەرنى ئۆمەرنىڭ يېزنىسى ۋە سىڭلىسىغا ئۆگىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئىشىك ئالدىدا بىردىنلا ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەبباب، دەرھال ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ يوشۇرۇندى. فاتىمە ئايەت يېزىلغان تېرىنى تىزىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۆمەردىن يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما ئۇلار قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغان ئۆمەر ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۆمەر ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ: «باياتىن كۇسۇلدىشىپ نېمە ئوقۇۋاتاتتىڭلار؟ ئېيتىڭلار!» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇلار:

«خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسەن. ھېچكىم بىر نەرسە ئوقۇمىدى» دېيىشتى. ئەمما ئۆمەر:

«ياق! مەن ھەممىنى بىلدىم. سىلەر مۇھەممەدكە بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپسىلەر» دەپ چىڭ تۇردى ۋە سەئىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى سىلكىشلەشكە باشلىدى. بۇ ئارىدا، ئېرىنى ئاكىسىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان فاتىمەنىڭ يۈزىنى بىر شاپىلاق بىلەن يېرىۋەتتى. ئەھۋال بۇ يەرگە كەلگەندە، يەنە تاقەت قىلالىشقا چىدىمىغان سەئىد بىلەن فاتىمە ۋارقىرىغان ھالدا: «شۇنداق! بىز مۇسۇلمان بولدۇق، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتتۇق. ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەمدى قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!» دەپ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ يۈزىنىڭ قانغا بويالغىنىنى كۆرۈپ سەل يۇمشىدى ۋە ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا بىردىنلا پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنگەن ھالدا سىڭلىسىغا قاراپ: «باياتىن ئوقۇغان



www.munber.org

نەرسىنى ماڭا بەرگىنە!» دەپ ئۆتۈندى. ئۆمەر ساۋاتلىق ئىدى. ئەمما سىڭلىسى نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «ئۇنى يىرتىۋېتىشىڭدىن قورقىمەن» دېدى. ئۆمەر بۇتلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلغان ھالدا: «قورقما! ساڭا ساق پېتى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپ ئۇنىڭغا كېپىللىك بەردى. سىڭلىسى ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ قېلىشىدىن ئۈمىدلىنىپ مۇنداق دېدى: «ماڭا قارا ئاكا! سەن بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭ ئۈچۈن ھازىر نىجىس، مەينەت ھالەتتە سەن. ھالبۇكى، قۇرئاننى پاك، پاكىز كىشىلەرلا تۇتالايدۇ» دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر يۇيۇندى، سىڭلىسى ئۇنىڭغا ئايەتلەرنى بەردى. ئۆمەر ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ: «ۋاھ ـ ۋاھ! نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئۇلۇغ سۆزلەر بۇ؟! » دەپ ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ھەببابنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى ۋە يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا: «ئى ئۆمەر، ماڭا قارا! سېنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشىڭنى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى تۈنۈگۈن رەسۇلۇللاھنىڭ: ”ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ئەبۇل ھەكەم ئىبنى ھىشام ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئىككىسىنىڭ بىرسى) بىلەن كۈچلەندۈرگىن!“ دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئى ئۆمەر! ئۇنداق قىلما، ئاللاھقا بويسۇن ئەگكىن!» دېدى.

بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان ئۆمەر: «ئى ھەبباب! ئۇنداقتا، مۇھەممەدنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن بېرىپ مۇسۇلمان بولاي!» دېدى. بۇنىڭغا بەكمۇ سۆيۈنگەن ھەبباب: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە (ئەرقامنىڭ ئۆيى) قالغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچە ساھابىلىرىمۇ بار» دېدى. ئۆمەر قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە بېرىپ ئىشىكنى قاقتى.

نۆۋەتچىلىك ئۈچۈن تاشقىرىدا تۇرغان ساھابىلەر ئىشىك يوچۇقىدىن ئۆمەرنىڭ قولىدا قىلىچ بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىرىدى. نۇئەييم ئۇلارغا ئالدىراپ ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بولغانىدى. شۇڭا ئۆمەرنىڭ كېلىشى ئۇلار ئۈچۈن تاسادىپ ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى مۇلايىملىق ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى. شۇنداقتىمۇ ساھابىلەردىن بىرى ئىشىك تۆشۈكىدىن سىرتنى كۆزەتتى ۋە ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى يېنىغا ئاسقان ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھولۇققان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئى رەسۇلۇللاھ! ئىشىك ئالدىدا ئۆمەر تۇرىدۇ. قىلىچىنى يېنىغا ئېسىۋاپتۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەمزە:

«ئىشىكنى ئاچقىن، كىرسۇن! ئەگەر نىيىتى ياخشى بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمىز. ئەگەر نىيىتى يامان بولسا، ئۇنى ئۆز قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىمىز!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ:

«ئىشىكنى ئېچىڭلار، كىرسۇن!» دەپ بۇيرىدى. ئۆمەر ئىچىگە كىرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئۇنىڭ بەلبېغىنى سىقىملاپ تۇرۇپ بىر سىلكىدى ۋە:



www.munber.org

«ئەي ئىبنى خەتتاب! بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ قارىغاندا ئاللاھ ساڭا بىرەر مۇجىزە ئەۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇ يەرگە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتلەرگە ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشاللىقىدىن تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى. تەكبىر ئاۋازىدىن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇققان ساھابىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىشتى.

ئۆمەر ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچكىمدىن يوشۇرمىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قارارىنى ھەممەيلەنگە، بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلىدىغانلارغا بىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۆمەرنىڭ (كېيىنكى يىللاردا) مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«مەن مۇسۇلمان بولغان كۈنى، مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىنىڭ كىملىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېيتىش ئارقىلىق راسا خاپا قىلىشنى ئويلىدىم. ئەقلىمگە ئەبۇجەھىل كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم. ئۇ سىرتقا چىقتى ۋە ماڭا: ''خۇش كەلدىڭ جىيەنىم! ئەتىگەندە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟'' دەپ سورىدى. مەن: ''مەن مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ساڭا بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم'' دەپ ئۇنى خاپا قىلماقچى بولدۇم. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ: ''ئاللاھ ساڭا بالا ـ قازا بەرسۇن! ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىڭگىمۇ لەنەتلەر بولسۇن!'' دېدى ۋە ئىشىكنى يۈزۈمگە قارىتىپ جاڭگىدە يېپىۋەتتى.»

www.munber.org

## بايقۇت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى

**(29)**

مۇسۇلمانلار يوشۇرۇن ئىبادەت قىلسا، مۇشرىكلەر كەئبىدە بۇتلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارە سەجدە قىلاتتى. بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمىغان ئۆمەر كەئبىگە بېرىپ ئاشكارە ھالدا ناماز ئوقۇدى ھەم باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۇردى. بەزىدە ئۆمەر ھەمزە بىلەن بىرلىكتە بىر نەچچە مۇسۇلماننى باشلاپ مەسجىدتە جامائەت نامىزى ئوقۇيتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا، كەئبىدە مۇشرىكلەرنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قاراپ ئولتۇرۇش ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگەتتى. ئۆمەردىن قورقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مۇداخىلە قىلالمايتتى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئۆمەرگە چاندۇرۇپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئەبۇجەھىل باشچىلىقىدا بەنى ھاشىم قەبىلىسىگە قاراشلىق (مۇسۇلمان ياكى مۇشرىك بولسۇن) بارلىق ئائىلىگە (ئەبۇلەھەب بۇلارنىڭ سىرتىدا) بايقۇت قىلىشنى پىلانلىدى ۋە مۇنداق بىر ئۆقتۇرۇش تەييارلىدى: «ھېچكىم بەنى ھاشىم قەبىلىسىگە قىز ياتلىق قىلمايدۇ ھەم قىزمۇ ئالمايدۇ؛ ھېچكىم ئۇلارغا بىر نەرسە ساتمايدۇ ھەم ئالمايدۇ؛ بۇ بەلگىلىمە بەنى ھاشىم قەبىلىسى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى رەت قىلغان ۋاقىتقىچە ياكى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدىن ۋاز كەچكىچە كۈچكە ئىگە.»

قۇرەيشلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ پىلانغا قارشى چىقتى، لېكىن **40** قا يېقىن قۇرەيش كاتتىسى بۇ بەلگىلىمىگە قول قويدى. بەنى مۇتەللىب قەبىلىسى ئۆز قېرىنداشلىرى بەنى ھاشىملارغا قارشى چىقىشنى پەقەتلا خالىمايتتى. ئەمما ئۇلارمۇ ئۆقتۇرۇشقا مەجبۇرى قوشۇلدى. ئۆقتۇرۇش كەئبىگە چاپلاپ قويۇلدى.

بەنى ھاشىم قەبىلىسى ھەمكارلىشىپ ياشاش مەقسىتىدە مەككىنىڭ ئەبۇتالىب مەھەللىسىگە يىغىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەدىچەمۇ ئائىلە بويىچە بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدى. ئەبۇلەھەب قۇرەيشلەرگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ كەتتى.

كىشىلەر بەلگىلىمىگە بەك رىئايە قىلىپمۇ كېتىشمىدى. بەنى ھاشىم قەبىلىسىگە ياتلىق بولغان ئاياللار يەنىلا شۇ قەبىلە ئىچىدە ياشاۋاتقان بولغاچقا، باشقا قەبىلىلەرنىڭ بۇ قەبىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەنىدى. ئەبۇجەھىل بايقۇت ئىشلىرىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرسىمۇ، ئۆزلىرى خالىغان نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. بىر كۈنى، ئۇ خەدىچەنىڭ جىيەنى ھاكىمنىڭ دۈمبىسىگە بىر تاغار ئۇن يۈدۈۋالغان بىر قۇلنى باشلاپ بەنى ھاشىم قەبىلىسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنى دۈشمەنلەرگە يېمەكلىك توشۇدى دەپ ئەيىبلىدى ۋە ھاكىمنى قۇرەيش كاتتىلىرىغا چېقىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار تاكاللىشىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئەسەد قەبىلىسىدىن ئەبۇل بەھتەرى كەلدى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تاكاللىشىۋاتقانلىقىنى



www.munber.org

چۈشەنگەن ئەبۇل بەھتەرى ئەبۇجەھىلگە: «بۇ ئۇنىڭ ھاممىسىنىڭ ئۇنىكەن، ھاممىسى ئۆزىنىڭ ئۇنىنى سورىغان بولسا، ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟» دېدى. ھاكىم ۋە ئەبۇل بەھتەرى ئىككىلىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى، ئەمما ئەسەد قەبىلىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئۇن ئېلىپ مېڭىشى قەبىلە سىرتىدىكىلەر ئارىلىشالمايدىغان ئىش ئىدى. ئەمما ئەبۇجەھىل ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. مەھزۇملۇق بىرىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىششىغا چىداپ تۇرالمىغان ئەبۇل بەھتەرى يەردىن تۆگىنىڭ چىرىپ كەتكەن بىر پارچە سۆڭىكىنى ئېلىپ ئەبۇجەھىلنىڭ بېشىغا بىرنى قويدى. ئەبۇجەھىل يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. دەل شۇ چاغدا، ھەمزەنىڭ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھاكىم بىلەن ئەبۇل بەھتەرى ھەمزەنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن يەردە ياتقان ئەبۇجەھىلنى تېپىشكە باشلىدى.

ھاكىمنىڭ سۆزلىرى ھەقلىق ئىدى. چۈنكى مەككە ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى بايقۇت قىلىنغان بۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن بايقۇتقا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. مەسىلەن، ئەمر قەبىلىسىدىن ھىشام ئىبنى ئەمرنىڭ ئائىلىسى بەنى ھاشىم قەبىلىسى بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇشقاندى. ھىشام قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر تۆگىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىپ، بەنى ھاشىم مەھەللىسىگە باراتتى ۋە مەھەللىگە كىرگەندىن كېيىن، تۆگىنىڭ چۇلۇكىنى چىقىرىۋېتىپ، مەھەللىنىڭ ئىچىگە ھەيدىۋېتەتتى. ئەتىسى كەچتە يەنە بىر تۆگىگە كىيىم ـ كېچەك ئارتىپ باراتتى.

مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ياردىمىدىن سىرت، باشقا قەبىلىدىن مۇسۇلمان بولغانلار، بولۇپمۇ، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر يولغا قويۇلغان بايقۇتنىڭ يۇكىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشاتتى. ئىككى يىللىق بايقۇتتىن كېيىن، ئەبۇبەكرىنىڭ مال ـ بارلىقى ئاساسەن تۈگەپمۇ قالغانىدى. لېكىن باشقىلار شۇنچە ياردەم قىلسىمۇ، بەنى ھاشىم مەھەللىسىنى ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بېسىپ كەتكەنىدى.

مۇسۇلمانلار ھارام ئايلىرىدا خاتىرجەم ھالدا سىرتقا چىقالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاممۇ بۇ ئايلاردا پات ـ پات كەئبىگە باراتتى. كەئبىدە ئولتۇرغان قۇرەيشلەر بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلاتتى. بەزىدە قۇرەيشلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇسا، ئابدۇددار قەبىلىسىدىن نادىر ئورنىدىن تۇرۇپ: «تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، مەن مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) تىنمۇ بەكرەك ناتىق مەن. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرىدۇر. ئۇلارنى بىر كىتابتىن ئوقۇۋاتىدۇ. مەنمۇ ئۆز كىتابىمدىن ئوقۇيالايمەن» دەيتتى. ئاندىن يېنىدىكىلەرگە رۇستەم، ئىسپەندىيار ۋە ئىران شاھلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قىسسىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. قۇرئاندا قەلبىنىڭ كائىنات ھەققەتلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بىر كۈچ ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ ئايەتلەر نازىل قىلىنغانىدى. كاپىرلارنىڭ بەنت قىلىۋېتىلگەن قەلب كۆزلىرىمۇ ئەسلىدە ھەقىقەت نۇرىنى كۆرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئىماندۇر. ئەمما ھاياتنى يامان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈش ئىنسان دىلىنى قارايتىپ، ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىلەرنىڭ ئىلاھى مەنبەسىنى چۈشىنەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ:



www.munber.org

﴿ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇ: «(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدۇر» دەيدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن.﴾[1]

بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يۈرىكىنىڭ ھەر ۋاقىت ئويغاق ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرئان ھەقىقەتلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇخلايدۇ، ئەمما يۈرىكىم ھەر دائىم ئويغاقتۇر» دېگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بەكمۇ نادىر بايان قىلىنغان قۇرئاندا، ئەبۇلەھەب ۋە ئايالىنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى (لەھەب سۈرىسى). بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇممۇجەمىل (ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالى) قولىغا بىر توقماق ئالدى ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نى ئىزدەپ كەئبىگە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەبۇبەكرىدىن: «دوستۇڭ نەدە؟» دەپ سورىدى. بىردىنلا مەگدەپ قالغان ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نى سوراۋاتقانلىقىنى تەستە ئاڭقىرالىدى. ئۇممۇجەمىل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئاڭلىسام ئۇ مەن توغرۇلۇق ھەجۋى سۆزلەرنى قىلىپتۇ. تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى تاپقان يېرىمدە بۇ توقماق بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىۋېتىمەن. مانا مەن ھەقىقى شائىرمەن» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەققىدە شۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

بويسۇنمايمىز ئۇ گۇناھكارغا،
چۈنكى (ئۇ) بىزنى قىلىپتۇ مازاق.
ھەم ئۇنىڭ دىنىدىن نەپرەتلىنىمىز،
قاراپ تۇر! يېقىندا چىقىدۇ چاتاق.

ئۇممۇجەمىل كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئۇ مېنى كۆرمىدى، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە پەردە تارتتۇەتتى» دېدى. ئەرەبچىدە ”گۇناھكار، ئەيىبلەنگۈچى“ دېگەن مەنىدىكى ”مۇزەممەم“ دېگەن سۆز ”ماختالغۇچى، مەدھىيىلەنگۈچى“ مەنىسىدىكى ”مۇھەممەد“ دېگەن سۆزگە قارشى مەنىلىك سۆز بولۇپ، قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى مازاق قىلىش ئۈچۈن بەزىدە بۇ سۆزنى ئىشلىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ئاللاھنىڭ مېنى قۇرەيشلەرنىڭ سۆيقەستىدىن قوغداپ قېلىشى شۈكرى ئېيتىشقا لايىق ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ماڭا مۇزەممىل (ئەيىبلەنگۈچى) دېيىشمەكتە، ھالبۇكى، مەن مۇھەممەد (مەدھىيىلەنگۈچى) مەن» دەيتتى.

بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىب قەبىلىلىرىگە يۈرگۈزۈلگەن بايقۇت ئىككى يىل داۋاملاشتى، ئەمما قۇرەيشلەر كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتۈشىگە ۋە پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىدا يېڭى دىنىنىڭ كەڭ يېيىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. قۇرەيشلەرنىڭ كۆپىنچىسى، بولۇپمۇ، بايقۇت قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا تۇغقانلىرى بولغانلار

[1] مۇتەففىفىن سۈرىسى، 13 - ۋە 14 - ئايەتلەر.



www.munber.org

بايقۇتقا قارشى ئىدى. قارار ئۆزگەرتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى. بەنى ھاشىم مەھەللىسىگە پات - پات يېمەك - ئىچمەك يەتكۈزۈپ تۇرغان ھىشام تۇنجى بولۇپ بايقۇتقا نارازىلىق بىلدۈردى. ھىشام ئۆزى يالغۇز بىر ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى مەھزۇملۇق زۇھەيرنىڭ قېشىغا باردى ۋە: «ئاناڭنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ خاتىرجەم ياشاشقا ۋىجدانىڭ قانداق چىدىدى؟ ئۇلار بىر نەرسە ئالالمايۋاتىدۇ ياكى ساتالمايۋاتىدۇ. قىز - ئوغۇللىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلالمايۋاتىدۇ. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار ئەبۇل ھەكەم (ئەبۇجەھىل) نىڭ ئانىسىنىڭ تۇغقانلىرى بولغان بولسا ۋە سەن ئۇنى (ئەبۇجەھىلنى) شۇنداق يامانلىق قىلىشقا دەۋەت قىلغان بولساڭ، ئۇ چوقۇم بۇنداق قىلمىغان بولاتتى» دېدى. زۇھەير: «مېنى بەكمۇ خىجىل قىلدىڭ، ئەي ھىشام! مەن ئۆزەم يالغۇز نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ ئەگەر مېنى قوللايدىغانلار بولغان بولسا، مەن بۇ بايقۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر مۇجادىلە قىلغان بولاتتىم» دېدى. ھىشام: «مەن سېنى قوللايدىغان بىرىنى تاپتىم» دېدى. زۇھەير: «كىم ئۇ؟» دەپ سورىدى. ھىشام: «مەن» دېدى. زۇھەير: «ئۇنداقتا، يەنە بىرىنى تېپىپ ئۈچ كىشى بولايلى!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار نەۋفەل قەبىلىسىدىكى مۇتئىم ئىبنى ئەدىينىڭ قېشىغا باردى ۋە: «سەن قۇرەيشلەرنى قوللاپ ئابدۇمەنناف قەبىلىسىنىڭ ئىككى ئايمىقىنىڭ يوقىتىلىشىغا قاراپ تۇرالامسەن؟ تەڭرىگە قەسەم قىلىمىزكى، ئۇلار ئاز كۈندىن كېيىن سىلەرنىمۇ يوق قىلىدۇ» دېدى. مۇتئىم تۆتىنچى كىشى تەلەپ قىلدى. ھىشام خەدىچەنىڭ ئۇنى ئۈچۈن ئەبۇجەھىلنى ئۇرغان (ئەسەد قەبىلىسىلىك) ئەبۇل بەھتەرىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ بەشىنچى كىشى تەلەپ قىلدى. ھىشام ئەسەد قەبىلىسىدىن زەمئەھ ئىبنى ئەل ئەسۋەدنىڭ ئالدىغان باردى. زەمئەھ ئالتىنچى كىشى تەلەپ قىلمايلا ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇلار شۇ كېچىسى مەككىنىڭ سىرتىدىكى ھاجۇن دېگەن تاغنىڭ باغرىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى. كەچتە بىرلىكتە پائالىيەت پىلانلىرىنى تۈزۈشتى ۋە پىلان سۇغا چىلاشمىغىچە بۇ يولدىن قايتمايدىغانلىققا قەسەم ئىچىشتى. ئاخىرىدا زۇھەير: «بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئەتە ئالدى بىلەن مەن سۆز باشلايمەن» دېدى.

ئەتىسى، ئۇلار مەسجىدكە توپلانغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرى. زۇھەير ئۇزۇن يەكتىكىنى سۆرەپ كەئبىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ: «ئەي قۇرەيشلەر! بەنى ھاشىم قەبىلىسى ئاچ - يالىڭاچلىقتا قىينىلىۋاتسا، بىز بۇ يەردە خاتىرجەم يەپ - ئىچىپ ياشىيالامدۇق؟ تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ناھەقچىلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغىچە مەن خاتىرجەم بولالمايمەن» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ جىيەنى ئەبۇجەھىل دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «نېمە دەۋاتىسەن؟ ھەي يالغانچى! بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ» دېدى. زەمئەھ: «ئەسلى يالغانچى سەن! بۇ ئىش باشلانغان چاغدا بىز بىتەرەپ ئىدۇق» دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەبۇل بەھتەرى: «توغرا دەيسەن! بىز بۇ ئىشنى قوللىمايمىز ھەم باشتىلا بىتەرەپ ئىدۇق» دېدى. «شۇنداق! ئىككىلىڭلار راست گەپ قىلدىڭلار. ئەسلىدە ناھەقچىلىكنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا قارشى چىققانلار يالغانچىدۇر. تەڭرى گۇۋاھچىمىز بولسۇنكى، بىز بۇ ناھەقچىلىككە ھەرگىز قېتىلمىدۇق ھەم قېتىلمايمىز» دېدى مۇتئىم. ھىشاممۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى.

www.munber.org

ئەبۇجەھىل: «ئەي خالايىق! بۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى. دەل شۇ چاغدا، مۇتئىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋە بايقۇت بېتىمنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كەئبىگە كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن قولىدا بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇنىڭ يۈزىدىن زەپەر ئىپادىسى چاقناپ تۇراتتى. چۈنكى قۇرتلار قەغەزدىكى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن! (بىسمىللاھ)» دېگەندىن باشقا خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يېۋەتكەنىدى.

بۇ مۆجىزە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچالماس قىلىپ قويدى. ئۇنىڭسىزمۇ خەلقنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ناھەقچىلىككە قارشى ئىدى. ئەبۇجەھىل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىشى ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، بايقۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قۇرەيشلەردىن بىر توپ كىشى بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىب قەبىلىسىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭدى.

بايقۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەككىلىكلەر راھەت نەپەس ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىلىرى مەلۇم دەرىجىدە يۇمشىدى. بۇ ئىش ھەبەشىستانغا مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ يەتكۈزۈلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھاجىرلارنىڭ بەزىلىرى مەككىگە قايتىش ئۈچۈن تەييارلاندى. ئەمما جەئفەر قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەبەشىستاندا يەنە بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقانىدى.

قۇرەيش كاتتىلىرى تاكتىكا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن يېڭى بىر بېتىم تۈزۈشنى مەسلىھەتلەشتى. بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان ئەڭ ياخشى پوزىتسىيىسى ئىدى. ۋەلىد قاتارلىق قۇرەيش كاتتىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر ئىككى دىننى تەڭ يولغا قويۇش تەكلىپىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەل شۇ چاغدا نازىل بولغان ئايەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى دەرھال رەت قىلدى:

﴿(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن، سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق، سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن.»﴾[1]

مۇھاجىرلار تېخى مەككىگە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ، مەككىدىكى خاتىرجەمسىزلىك يەنە باشلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەئفەر ۋە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشتىن باشقا جىيەنلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىگە قايتقانىدى. ئوسمان، رۇقىيە ۋە شەمسىلىك ئەبۇھۇزەيفەمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئەبۇھۇزەيفە دادىسى ئۇتبەدىن پاناھلىق تىلىسە بولاتتى. ئەمما ئەبۇسەلەمە بىلەن ئۇممۇ سەلەمە ئۆز قەبىلىلىرىدىن زۇلۇمدىن باشقا نەرسە كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، مەككىگە

[1] سۈرە كافىرۇن.



www.munber.org

كېلىپلا ئۇدۇل ئەبۇسەلەمەنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى. ئەبۇتالىب مەھزۇملارنىڭ قارشى چىقىشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. مەھزۇملار: «سەن ئاۋۋال جىيەنىڭ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى قوغدىدىڭ. ئەمدى ئۆز قەبىلىمىزدىن تۇرۇپ بىزگە قارشى چىققانلارنىمۇ قوغدىماقچى بولۇۋاتىسەن» دېيىشتى. ئەبۇتالىب: «ئۇ مېنىڭ سىڭلىمنىڭ ئوغلىدۇر. ئەگەر مەن سىڭلىمنىڭ ئوغلىنى قوغدىيالمىسام، بۇ، ئىنىمنىڭ ئوغلىنىمۇ قوغدىيالمايمەن دېمەكتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. مەھزۇملارنىڭ بۇ قەبىلە رەئىسىنى ھۆرمەت قىلماي چارىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەبۇلەھەبمۇ ئاكىسى (ئەبۇتالىب) نى قوللىغانىدى. شۇڭا مەھزۇملار ئۆز پىكرىدىن ئاسانلا ۋاز كەچتى. ئەبۇلەھەب ئۆزىچە بايقۇت مۇددىتى ئىچىدە جىيەنىگە قىلغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئەپۇسىنى سورىماقچى ئىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان نەپرىتى قىلچە ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، ئاكىسىدىن كېيىن قەبىلە رەئىسى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىۋاتاتتى. چۈنكى ئەبۇتالىبمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا ئىدى.

www.munber.org

## جەننەت ۋە ئەبەدىيلىك

**(30)**

مەككىگە قايتقان ۋە ئۆز قەبىلىسىگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلغان مۇھاجىرلاردىن يەنە بىرى ئۆمەرنىڭ قېيىنئىنىسى ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئىدى. ئوسمان جىيەنلىرى ئۇمەييە ۋە ئۇبەيىنىڭ ئۆزىنى جازالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ قېتىم مەھزۇم قەبىلىسى باشقا بىر قەبىلىنىڭ ئادىمىنى پاناھلىقىغا ئالدى. لېكىن ئوسمان ئۆزى خاتىرجەم يۈرگەن بىلەن، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزىيەت تارتىشىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشتى ۋە ۋەلىدكە ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى پاناھلىقنى بىكار قىلىشىنى ئۆتۈندى. ۋەلىد: «ئەي جىيەنىم! مېنىڭ ئادەملىرىم ساڭا بىرەر زىيانكەشلىك قىلدىمۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئوسمان: «ياق! مەن ئاللاھنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ پاناھلىقىغا سىغىنماسلىق قارارىغا كەلدىم» دېدى. ئاندىن ۋەلىد بىلەن بىللە مەسجىد (كەئبە) كە بېرىپ، خەلققە ئۆزىنىڭ ۋەلىدنىڭ پاناھلىقىدىن چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بىر كۈنى، ئوسمان قۇرەيشلەرنىڭ چوڭ شائىرى لەبىدنىڭ شېئىرىنى تىڭشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەبۇتالىب، ھۇبەيرە ۋە ھارىسنىڭ ئوغلى ئەبۇسۇفيان ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرى ئىدى. ئۇلاردىن باشقا چوڭ شائىر دەپ قارىلىدىغان بىر قانچە كىشى بار بولۇپ، لەبىدمۇ ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ھەتتا لەبىدنى ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ چوڭ شائىرلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا قۇرەيشلەر ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. لەبىد بىر پارچە شېئىرىنىڭ بېشىنى مۇنداق دەپ باشلىدى: «شۇنداق، ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە ئۆتكۈنچىدۇر...» بۇنى ئاڭلىغان ئوسمان: «توغرا دەيسەن» دېدى. لەبىد شېئىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ۋە بارلىق لەززەت يوقىلىدۇ» دېدى. ئوسمان بۇ قېتىم: «يالغان گەپ قىلدىڭ. جەننەت لەززىتى مەڭگۈ يوقالمايدۇ» دېدى. شۇ ۋاقىتقىچە سۆزى بۆلۈنۈپ باقمىغان لەبىد ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەيران قالدى. شائىرغا قۇلاق سېلىۋاتقان قۇرەيشلەر ھەم تېڭىرقاپ قالدى ھەم خىجىل بولدى. «ئەي قۇرەيشلەر! سىلەر باشقىلارغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلمايتتىڭلار، قاچاندىن بېرى شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟» دەپ سورىدى لەبىد. قۇرەيشلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن قەبىلە نامىدا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن: «بۇ، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆز دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بىر ھاماقەت. سەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن!» دېدى ۋە ئوسماننىڭ كۆزىگە بىرنى قويدى. ئوسماننىڭ بىر كۆزى كۆكىرىپ كەتتى. سەل نېرىدا ئولتۇرغان ۋەلىد ئوسماننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆز پاناھلىقىدا بولغان بولسا، بۇنداق تاياق يەپ يۈرمەيدىغانلىقىنى خاتىرلەتتى. «ياق!» دېدى ئوسمان: «ئەكسىچە، مېنىڭ ساق قالغان كۆزۈم يەنە بىرىدەك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇرماقتا. مەن سەندىنمۇ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ پاناھلىقىدا مەن» دېدى. ۋەلىد: «ئەي جىيەنىم! خالىساڭ، قايتا مېنىڭ پاناھلىقىمغا كىرگىن!» دېدى، ئەمما ئوسمان قوبۇل قىلمىدى.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە يوق ئىدى. بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارنى كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىدى. لېكىن شائىر ئوقۇغان كېيىنكى مىسرا ئۇچۇن ئۇنى ئەيىبلىمىدى. چۈنكى شائىر: «بارلىق دۇنياۋى لەززەت يوقىلىدۇ» دېمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ نېمە دېسە دېسۇن، جەننەت ۋە ئۇنىڭ لەززىتى مەڭگۈ تۈگىمەيتتى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ كۆپ ئۆتمەي شۇ ئايەتلەر نازىل بولدى:

﴿ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ.﴾[1]

بۇندىن بۇرۇن نازىل بولغان ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

﴿ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ.﴾[2]

بۇ ئەبەدىي ئەزىمەتلىك بولغان يەردە، ئەبەدىي لەززەتلەر ۋە ئۇنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلارمۇ بولىدۇ ـ ئەلۋەتتە!

بۇ تېمىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان باشقا ئايەتلەرمۇ نازىل قىلىنغانىدى:

﴿قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت ئاللاھتىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ. بەدبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ. (دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ، ئەلۋەتتە، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرۇۋېرىدۇ، (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر.﴾[3]

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا جەننەتتىكىلەرنى جەننەتتە مەڭگۈ قالدۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پات ـ پات ساھابىلەرنىڭ بۇ ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. بىر قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: «خالىغىنىغا مەرھەمەت قىلىدىغان ئاللاھ جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلىنى دوزاخقا كىرگۈزگەندىن كېيىن، پەرىشتىلەرگە: "قەلبىدە يۇرچاق دانىسىچىلىك ئىمانى بولغانلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار!" دەپ بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر دوزاختىن بىر توپ ئىنسانىنى چىقارغاندىن كېيىن: "پەرۋەردىگارىمىز! سەن بۇيرىغان شەرتكە توشىدىغان ھېچكىم قالمىدى» دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ: "قايتىپ بېرىپ، قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بولغانلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار!" دەپ بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر يەنە بىر توپ ئىنسانىنى دوزاختىن چىقىرىدۇ ۋە: "پەرۋەردىگارىمىز! ئۇ يەردە ھېچقانداق ياخشىلىق قالمىدى" دەيدۇ. پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە ئىنسانلار شاپائەت قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ: "پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە ئىنسانلار شاپائەت قىلدى. ئەمدى مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ

[1] قەسەس سۈرىسى، 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] رەھمان سۈرىسى، 27 ـ ئايەت.
[3] ھۇد سۈرىسى، 105 ـ تىن 108 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org

مەرھەمەتلىكى ئاللاھنىڭ شاپائىتى قالدى“ دەيدۇ ۋە ھېچقانداق ياخشىلىقى بولمىغان بىر توپ ئىنسانىنى دوزاختىن چىقىرىپ، جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدىكى ”ھاياتلىق دەرياسى“ دەپ ئاتالغان دەرياغا تاشلايدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتتىكىلەر ھەققىدىمۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ جەننەتتىكىلەردىن: ”مەمنۇنمۇ سىلەر؟“ دەپ سورايدۇ. جەننەت ئەھلى: ”پەرۋەردىگارىمىز! ھېچكىمگە بەرمىگەن نېئمەتلىرىڭنى بىزگە بەرگەن تۇرساڭ، نېمە ئۈچۈن مەمنۇن بولمىغۇدەكمىز؟!“ دېيىشىدۇ. ئاللاھ: ”سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرەيمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. جەننەت ئەھلى: ”بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى قانداق؟“ دەپ سورىشىدۇ. ئاللاھ تائالا: ”سىلەرگە رىزۋانىمنى بېرىمەن“ دەيدۇ. بەزىدە ”سائادەت“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان ”رىزۋان“ ئاللاھنىڭ بىر جاننى مۇتلەق سۆيۈشىدە قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇ جاننى ئۆز يېنىغا ئېلىپ، ئەبەدىي سائادەت بېرىشىدۇر. بۇنى رىزۋان جەننىتىنىڭ (ئومۇمىي مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا) باشقا جەننەتلەرنى يەكلىگەنلىكى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرئاندا ئىمان ئېيتقان ھەر بىر جانلىق ئۈچۈن ئىككى جەننەت ۋەدە قىلىنغان (رەھمان سۈرىسى، 46 ـ ئايەتكە قاراڭ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنىڭ ئىككى رەھمەتكە، يەنى ئاللاھ تائالاغا ۋە جەننەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

www.munber.org

# قايغۇلۇق يىل

## (31)

مىلادى **619** ـ يىلى، بايقۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى خەدىچەنىڭ ۋاپاتى بىلەن قايغۇلۇق كۈنلەرگە دۇچ كەلدى. خەدىچە ئاتمىش بەش ياش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەللىك ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ يىگىرمە بەش يىللىق ھاياتى ئىناق ـ ئىجىللىق ئىچىدە ئۆتتى. خەدىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ئەلى، زەيد ۋە باشقا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئانىسى ئىدى. تۆت قىزى ئانىسىنىڭ ئۆلۈمگە بەكمۇ قايغۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزلىرىغا: «بىر كۈنى جىبرىئىل كېلىپ، خەدىچەگە ئاللاھ تائالانىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆشەك تەييارلاپ قويغانلىقىدىن خۇشخەۋەر بەردى» دەپ تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى.

خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەككىدە يەنە بىر قايغۇلۇق ئىش يۈز بەردى. ئەبۇتالىب كېسەل بولۇپ قالغاچقا، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ئۇ سەكراتتىكى ۋاقىتتا، قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىر قانچىسى (ئۇتبە، شەيبە، ئابدۇشەمس قەبىلىسىدىن ئەبۇسۇفيان، جۇمەھ قەبىلىسىدىن ئۇمەييە، مەھزۇم قەبىلىسىدىن ئەبۇجەھىل ۋە باشقىلىرى) ئەبۇتالىبنى يوقلاپ كىردى ۋە مۇنداق دېيىشتى: «ئەي ئەبۇتالىب! بىزنىڭ سەن بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىسەن. سەن كېسەل بولۇپ قېلىۋىدىڭ، بىزمۇ ئەندىشىلىنىشكە باشلىدۇق. جىيەنىڭ بىلەن ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆردۈڭ. ھازىر ئۇنى يېنىڭغا چاقىرىپ، بىزدىن بىر سوۋغات بەرگىن. ئۇ بىزنىڭ خاتىرجەملىكىمىزنى بۇزمىسۇن، بىزمۇ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى. بىز ئۆز دىنىمىزدا قېلىشنى خالايمىز» دېدى. ئەبۇتالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېنىغا چاقىرتتى ۋە: «قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ سەن بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغۇسى بار ئىكەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، سىلەر ماڭا بىر ۋەدە بېرىڭلار، يەنى پۈتۈن ئەرەب ۋە فارسلارنى ئۆزەڭلارغا بويسۇندۇرالايدىغانلىقىڭلارغا ۋەدە بېرىڭلار!» دېدى. ئەبۇجەھىل دەرھال: «داداڭنىڭ نامىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەمەس، ئون قېتىم ۋەدە بېرىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «"ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر" دېيىشىڭلار ۋە ئۆزەڭلار چوقۇنۇۋاتقان بارلىق بۇتلاردىن ۋاز كېچىشىڭلار لازىم!» دېدى. قۇرەيشلەر قوللىرىنى شىلتىشىپ تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! ئىلاھلارنى يالغۇز بىرلا ئىلاھ قىلماقچىمۇسەن؟ سېنىڭ تەكلىپىڭ ھەقىقەتەن بەك غەلىتە ئىكەن» دېيىشتى. ئاندىن ئۆز ئارىسىدا: «بۇ ئادەم بىزنىڭ ھېچبىر تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلمىغۇدەك. شۇڭا بىزمۇ ئۆز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى ۋە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا بىر ھۆكۈم چىقارغىچە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرايلى!» دېيىشتى.



www.munber.org

قۇرەيشلەر كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇتالىب پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا: «ئەي جىيەنىم! مېنىڭچە سەن ئۇلاردىن يامان بىر نەرسە تەلەپ قىلمىغانىدىڭ» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قەلبى تاغىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش ئۈمىدى بىلەن تولغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئەي تاغا! سەن ئۇ كەلىمىلەرنى تەكرارلىغىن. مەھشەر كۈنى مەن ساڭا شاپائەت قىلاي!» دېدى. ئەبۇتالىب: «ئەي جىيەنىم! ئەگەر قۇرەيشلەرنىڭ بۇ كەلىمىلەرنى ئۆلۈمدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئېيتقانلىقىمنى پەرەز قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسام، چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم ھەم بۇ ئارقىلىق سېنىمۇ مەمنۇن قىلغان بولاتتىم» دېدى. ئەبۇتالىب جان تالىشىۋاتقاندا، ئاbbas ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، قۇلاق سالدى. ئاندىن: «ئەبۇتالىب سېنىڭ سۆزلىرىڭنى تەكرارلىدى» دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «لېكىن مەن ئاڭلىمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

باشپاناھى يوقلارنىڭ مەككىدىكى ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن، قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرىنىڭ خېلى نوپۇزى بار ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆمەر ۋە ھەمزىگە ئوخشاش قىزىق قان بولمىغاچقا، ئۇنىڭ مەنئۇي كۈچىنى كۆرمىگەنلەر، ئۇنى ئاددىي بىر پۇقرا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئىسلام دىنى قۇرەيشلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، مەككىلىكلەر ئىچىدىكى بارلىق نوپۇزى يوققا چىقتى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ باردى. ئەبۇبەكرى بىر مۇنچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئاساسلىق دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. خەدىچەنىڭ ئۆگەي ئىنىسى نەۋفەلنىڭ ئوغلى ئەسۋەدمۇ ئەبۇبەكرىنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغانىدى. شۇڭا بىر كۈنى، نەۋفەل ئەبۇبەكرى بىلەن ھەمزىگە تۈيۇقسىز زەربە بەردى ۋە ئىككىسىنى يولنىڭ ئوتتۇرىغا ياردار پېتى تاشلاپ قويدى. تەيم قەبىلىسىدىن ھېچكىم ئەسەدلەرنىڭ قىلغان بۇ ئىشىغا قارشى چىقمىدى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق ئىككى ئادىمىنى (مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن) يەكلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مەككىدە بۇنىڭدىنمۇ ناچار ئەھۋاللار پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بىلالنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنى (جۇمەھلىق) ئۈمەييە بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يىرىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئەبۇبەكرى ئۆزىنىڭ ھىجرەت قىلىشتىن باشقا چارىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ئۆزىنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ، يولغا چىقتى. لېكىن قىزىل دېڭىزغا بارماي تۇرۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ مەككىدىن يىراقتا ياشايدىغان ئىتتىپاقداش قەبىلىلىرىنىڭ رەئىسى ئىبنىددۇھۇننە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ بەدەۋى رەئىس ھازىرقى ھالىتى بىلەن جاھانكەزدى دەرۋىشكە ئوخشاپ قالغان ئەبۇبەكرىنى بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى تونۇيتتى. ئىبنىددۇھەننە ئەبۇبەكرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىدى. ئەبۇبەكرى: «خەلقىم ماڭا ئەسكىلىك قىلدى ۋە مەككىدىن قوغلاپ چىقاردى. مەن ئەمدى جاھان كېزىپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلماقچىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنىددۇھەننە: «نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ سەن قەبىلەڭنىڭ ئېتىبارلىق تىجارەتچىلىرىدىن بىرى ئىدىڭ، ھەممەيلەنگە ياردەم قىلاتتىڭ، ھەقنى قوغدايتتىڭ ۋە توغرىلىقتىن ئايرىلمايتتىڭ.

سەن كەينىڭگە قايتقىن، چۈنكى مەن سېنى ئۆز پاناھىمغا ئالدىم» دېدى. ئاندىن ئۇنى مەككىگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە خەلققە: «ئەي مەككىلىكلەر! مەن ئەبۇقۇھافەنىڭ ئوغلىنى ئۆز پاناھىمغا ئالدىم. ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرمەيمەن!» دېدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ پاناھلىقىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كاپالەتلىك بەردى. لېكىن بەنى جۇمەھلىقلار ئىبنىددۇغەننەگە: «ئۇنىڭ رەببىگە تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئىبادەت قىلىشىنى، باشقىلارغا كۆرۈنمەي ناماز ئوقۇشىنى ۋە ئاۋازىنى چىقارماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىشىنى ئېيتقىن. بىز خوتۇن - بالىلىرىمىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى. ئىبنىددۇغەننە بۇ سۆزلەرنى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزدى، ئەبۇبەكرى مەلۇم مەزگىلگىچە ئۆيىدە ئىبادەت قىلدى ۋە بۇ مەزگىل ئىچىدە ئۇنىڭ بەنى جۇمەھ قەبىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نورماللاشتى. ئەبۇتالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھاشىمىلارنىڭ بېشىغا ئەبۇلەھەب ئۆتكەندى. ئۇنىڭ جىيەننى قوغداش توغرىسىدىكى ۋەدىسى ئىشقا ئاشمىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان پوزىتسىيىسى كۆنسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى، ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە تاماق قاچىسىنىڭ ئىچىگە ھايۋاننىڭ سېسىپ كەتكەن ئۈچەي - باغرىنى تاشلىۋەتتى. يەنە بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھويلىسىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىر ئادەم قان ۋە پوقىقا مىلەنگەن قېرىننى ئۈستىگە ئېتىپ قاچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىننى بىر كالتەكنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە: «ئەي ئابدۇمەنناف ئاھالىسى! بۇ قانداق پاناھلىق؟» دەپ ۋارقىرىدى. قېرىننى ئاتقان كىشى رۇقىيەنىڭ يولدىشى ئوسماننىڭ ئۆگەي دادىسى (شەمسلىك) ئۇقبە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە يېنىپ كىردى، قىزلىرىدىن بىرى بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ ئۈستى - بېشىنى تازىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن زارلىنىپ يىغلايتتى. «يىغلىما قىزىم! مېنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتا ياشاۋاتقان سەقىف قەبىلىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولدى. بۇ قاراردىن ئۇنىڭ مەككىدىكى ئەھۋالىنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆيى (كەئبە) بىلەن تەڭ دەرىجىدە كۆرىدىغان لات بۇتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ ئەمما تائىفتىمۇ مەككىدىكىگە ئوخشاش بەزى كىشىلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىدى ۋە ئەتراپى يېشىل بوستانلىق، مېۋىلىك باغ ۋە ئېتىز - ئېرىق بىلەن پۈركەنگەن تائىفقا قاراپ يولغا چىقتى. تائىفقا بېرىپ، ئالدى بىلەن تائىف رەئىسى ئەمر ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمر ئىبنى ئۇمەييە ۋەلىدنىڭ تائىفتىكى تەگدىشى ۋە ئىككى شەھەرنىڭ (يەنى مەككە بىلەن تائىفنىڭ) كاتتىرىلىرىدىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئارىدىن بىرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەگەر سېنى ئاللاھ ئەۋەتكەن بولسا، مەن كەئبىگە ئېسىقلىق بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چۇشۇرىۋېتىمەن» دېدى. يەنە بىرى: «ئاللاھ سەندىن باشقا ئادەم تاپالمىدىمۇ؟» دېسە، ئۈچىنچىسى: «مەن ساڭا ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. چۈنكى، ئەگەر سەن راستىنلا ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەر بولساڭ، ماڭا گەپ قىلىپ ئولتۇرمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇلۇغ بىرىسەن؛ ياق! ئەگەر سەن يالغان گەپ قىلغان بولساڭ، مەن ساڭا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن ھەم

www.munber.org

دېيىشىمىزمۇ مۇۋاپىق ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا تائىفلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش نىيىتىدە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. ئۇ سىرتقا چىقار ـ چىقماي، سەقىف قەبىلىسىدىكىلەر بىر تەرەپتىن ئۇنى مەسخىرە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالا ـ چاقا ۋە قۇللىرىنى كۈشكۈرتۈپ چالما ـ كېسەك قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېچىپ بىرىنىڭ بېغىغا كىرىۋالدى، تۆگىسىنى بىر تۈپ خورما دەرىخىگە باغلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئولتۇردى. كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن خەلق ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلى سەل تىنجىپ قالغاندىن كېيىن ئاللاھقا دۇئا قىلدى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىنسانلارنىڭ ئالدىدىكى ئامالسىزلىقىمنى، زەئىپ ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈۋاتىسەن. ئى ئەڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ! سەن ئاجىزلارنىڭ رەببىسەن، شۇنداقلا، مېنىڭ رەببىمسەن. مېنى كىملەرگە تاپشۇردۇڭ؟ ماڭا يامانلىق قىلىدىغان ياتلارغىمۇ؟ ياكى ماڭا قارشى قوراللانغان دۈشمەنگىمۇ؟ ئۇمۇ مەيلى، مەن سېنىڭ غەزىپىڭگە يولۇقمىسام بولدى. لېكىن سېنىڭ ياردىمىڭ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ ياخشى ئىدى. پۈتۈن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان ۋە ھەر ئىككى دۇنيانى تەرتىپكە سالغان نۇرۇڭغا سىغىنىمەن. مەن سېنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىڭگە دۇچار بولمىسام بولدى. سەن خالىغىنىڭغا ياردەم قىلغۇچىسەن. سەن ئەڭ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىكتۇرسەن.»

قۇرەيشنىڭ بايلىرى ياز كۈنلىرىنى راھەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تائىفتىن باغلىق ھويلا سېتىۋالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇنىۋالغان باغمۇ تائىفلىق سەقىفلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى مەككىلىك شەمسلەرنىڭ رەئىسى ئۇتبە بىلەن شەيبەنىڭ بېغى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېچىپ باغقا كىرگەن ۋاقىتتا، ئۇلارمۇ باغدا بولۇپ، سەقىف قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغانلىرىنى كۆرگەنىدى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قۇرەيشكە قىلغان قىلىقىغا خاپا بولۇشقانىدى. چۈنكى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) مۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئابدۇمەنناف قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خۇسۇمەت تۈگىمىگەنىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەبۇتالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆرمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەقەدەر يالغۇز ۋە چارىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مەرتلىكى تۇتتى ۋە خرىستىئان قۇللىرى ئەدداسنى چاقىردى: «شۇ يەردىن بىرنەچچە ساپاق ئۈزۈم ئېلىپ، تەخسىگە قوي ۋە شۇ ئادەمگە بەر!» دەپ ئەمر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەخسىدىن ئۈزۈمنى: «بىسمىللاھ» دەپ ئالدى. ئەدداس ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى ۋە: «بۇ سۆز تائىفلىقلارنىڭ سۆزى ئەمەس» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن قەيەرلىك ۋە قايسى دىندىن؟» دەپ سورىدى. ئەدداس: «مەن خرىستىئان، نىنەۋادىن مەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەنى سەن راستچىللىقنىڭ سىمۋولى ۋە مەتتانىڭ ئوغلى يۇنۇسنىڭ شەھىرىدىن شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەدداس: «سەن مەتتا ئوغلى يۇنۇسنى قانداق بىلىسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يۇنۇس مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئىدى، مەنمۇ پەيغەمبەرمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەدداس ئۇنىڭ باش، قول ۋە پۇتلىرىنى سۆيدى.



www.munber.org

بـۇنى كۆرگـەن ئاكـا ـ ئۇكا بـىرلا ۋاقىتتـا: «شـۇ قـۇلنىڭ قىلىقىغـا قـارا! بىردەمـدىلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېدى ۋە ئەدداسنى يانلىرىغا چاقىردى. ئەدداس كەلـدى. ئۇلار: «ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا، ئـەي ئـەدداس! نېمـە ئۈچـۈن ئۇنىڭ باش، قـول ـ پۇتلىرىنى سۆيۈپ كـەتتىڭ؟» دەپ سوراشـتى. ئـەدداس: «ئـەي خوجـايىنلىرىم! بـۇ دۇنيـادا ئۇنىڭدىنمـۇ قىممـەتلىك بـىرى يوقتـۇر. ماڭـا پـەقەت پەيغەمبەرلەرلا بىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بـەردى» دېـدى. ئۇلار: «دىققـەت قىـل! ئۇ سېنىمۇ زەھەرلىمىسۇن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىن ھېچ نەتىجە چىقىرالمايـدىغانلىقىنى چۈشـەندى ۋە تائىفتىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كۈنى كـەچ سائەتلەردە نەخلە ۋادىسـىغا يېتىپ باردى. نەخلە مەككە بىلەن تائىفنىڭ دەل ئوتتۇرىسـىدىكى يـەر ئـىدى. پـەيغەمبەرلىكىنىڭ 10- يىلى ۋە تائىف سـەپىرىدىن قايتقانـدا، نەخلـەدە تـۈن نامىزىـدا ئـۆزىگە پـەيغەمبەرلىكىنى قوبـۇل قىلغانىدى. بىر توپ جىـن پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەخلەدىكى نامىزىـدا تىلاۋەت قىلغان قۇرئان ئايـەتلىرىنى ئـاڭلاپ تـۇردى. پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئۆزىنىـڭ پـەقەت ئىنسـانلار ئۈچـۈنلا ئەۋەتىلمىگەنلىكىنى بىلـەتتى. تېخـى يېقىنـدىلا نازىـل بولغـان ئايەتلـەر بۇنىڭ دەلىلى ئـىدى: ﴿(ئـى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچـۈن پەقەت رەھمـەت قىلىپلا ئەۋەتتـۇق.﴾[1] بۇنـدىن بۇرۇن نازىـل بولغـان سۈرىلەرنىڭ بىرىـدە (رەھمـان سۈرىسـى) پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھـەم ئىنسـانلار ھـەم جىنلارنـى جەننـەت ۋە جەھەننـەم بىلـەن ئاگـاھلاندۇرۇش ئۈچـۈن ئەۋەتىلگـەنلىكى بىلدۈرۈلگەنىدى. ئۇندىن كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەردىمۇ مۇنداق دېيىلگەن:

﴿(ئـى مۇھەممـەد! قەۋمىڭگـە) ئېيتقىنكـى، «بىـر قانچـە جىننىـڭ (مەنـدىن قـۇرئان تىڭشـاپ ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغانـدىن كېيىن) ئېيتتـى: بىـز تـوغرا يولغـا باشـلايدىغان ئاجـايىپ قـۇرئاننى ھەقىقەتـەن ئاڭلىـدۇق. ئـۇنىڭغا ئىمـان ئېيتتـۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.»﴾[2]

باشقا بىـر سۈرىدە (ئەھقاف) جىنلارنىـڭ ئۆز قەۋمىگـە قـايتىپ بېرىـپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغانلىقى بايان قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆزىنى ئۆيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىغان شەھەرگە قايتىشنى خالىمايتتى. ئەگەر بىرى ئۆزىگە پاناھلىق بەرسە، ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلىغان بولاتتى. بـەنى ھاشىم ئۇنى قوغدىمايتتى، شۇڭا ئۇ ئانىسىنىڭ قەبىلىسىدىن پاناھلىق تىلىمەكچى بولدى. ئانىسىنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ، زۆھرى قەبىلىسىنىڭ رەئىسى شۇ قەبىلىدىن ئەمەس، بـەلكى تـائىفتىن كەلگـەن ئەھنـەس ئىبنى شـەرىق ئـىدى. ئۇزۇن يىللىق ئىتتىپاقدىشى بولغاچقا، زۆھـرە قەبىلىسـىدىكىلەر ئـۇنى ئۆزىنىـڭ رەئىسلىكىگـە قوبـۇل قىلغانىـدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولغانىـدى. يولدا كېتىۋېتىپ، بەكمۇ تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ئاتلىق بىرەيلەنگە ئۇچراپ قالـدى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئەھنەسكە: «ئاللاھنـىڭ

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 107 - ئايەت.
[2] جىن سۈرىسى، 1 - ۋە 2 - ئايەتلەر.



www.munber.org

ۋەھيىسنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشىم ئۈچۈن مېنى پاناھلىقىڭغا ئالالامسەن؟» دەپ خەۋەر يوللىدى. ئاتلىق كىشىنىڭ سۈرئىتى شۇنداق تېز ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بارماي تۇرۇپ، ئۇ كىشى شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كەينىگە قايتىپ بولغانىدى. ئەھنەس ئۆزىنىڭ پەقەت ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكىنى ۋە قەبىلە نامىدا پاناھلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەككىگە يېقىنلىشىپ قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلگە خەۋەر يوللىدى. ئۇنىڭ جاۋابمۇ ئوخشاش ئىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئىسلامغا قارشى ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى قەبىلىلەر ئارىسىدا بىرەر مەسىلە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. مەككە ۋادىسىدا ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچە ئىدى، چۈنكى ئۇ لۇئەينىڭ ئوغلى ئەمرنىڭ نەسەبىدىن كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھەرگە كىرىشتىن ۋاز كەچتى ۋە تۈنجى ۋەھيى چۈشكەن ھىرا غارىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردىن ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن دەپ بىلىدىغان ۋە بايقۇتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەخپىي ھەرىكەتلەنگەن بەش كىشىنىڭ بىرى ـ (نەۋفەل قەبىلىسىنىڭ رەئىسى) مۇتئىمغا خەۋەر يوللىدى. مۇتئىم ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە مەككىگە ئېلىپ كىردى. ئەتىسى سەھەردە ئوغۇللىرى ۋە جىيەنلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ كەئبىگە ئېلىپ باردى. ئەبۇجەھل ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. مۇتئىم ئائىلىسى: «بىز ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردۇق» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇجەھل: «سىلەر قوغدىغاننى بىزمۇ قوغدايتتۇق» دېگەندىن باشقا بىر نەرسە دېيەلمىدى.

www.munber.org

## "سىيئىك يۇزۇكنىڭ نۇرى"

**(32)**

ئەبۇتالىبنىڭ ئايالى فاتىمە ئىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن (باشقا بىر رىۋايەتتە ئۆلگەندىن كېيىن) مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇنىڭ قىزى (يەنى ئەلى ۋە جەئفەرنىڭ سىڭلىسى) ئۇممۇ ھانىمۇ ئىسلامغا كىرگەن بولسىمۇ، ئىرى ھۇبەيرە تېخى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى قوبۇل قىلمىغانىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلسە، خۇشخۇي قارشى ئالاتتى ۋە ناماز ۋاقتى كەلگەندە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جامائەت بولۇپ، بىرلىكتە ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن ئۇممۇ ھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەچتە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە قېلىشىنى تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئازراق ۋاقىت ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرەم مەسجىدىگە كەتتى. چۈنكى كېچىلىرى كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. تاۋاپ قىلىۋېتىپ مۈگدەك باستى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالدى.

«مەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتسام» دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل كېلىپ پۇتى بىلەن مېنى تۈرتتى. ئويغىنىپ ئەتراپىمغا قارىسام، ھېچكىم يوق. شۇنىڭ بىلەن، يەنە ئۇخلىدىم. جىبرىئىل ئىككىنچى قېتىم كەلدى؛ ئۈچىنچى قېتىم يەنە كەلدى ۋە قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆرە تۇرغۇزدى. ئىككىمىز بىللە مەسجىد ئىشىكىدىن سىرتقا چىقتۇق. سىرتتا ئېشەكتىن چوڭ، ئەمما قېچىردىن كىچىكرەك بىر ئۇلاغ تۇراتتى. ئۇلاغنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان قاناتلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى كۆز يەتكۈسىز دەرىجىدە يىراق يەرگە باراتتى.»

ئۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جىبرىئىل بىلەن بىرلىكتە بۇراق ئىسىملىك ئۇلاغقا مىنگەنلىكىنى، جىبرىئىلنىڭ ئاسمانغا قاراپ ئۆرلىگەندە ئۇلاغنىڭ تېزلىكى ۋە يۈنىلىشىنى تەڭشىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ يەسرىب ۋە خەيبەردىن ئۆتۈپ قۇددۇسقا يېتىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. قۇددۇستا بىر توپ پەيغەمبەر (ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە باشقىلىرى) بىلەن ئۇچراشتى. مەسجىدتە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بەردى. نامازدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىككى سوغا كەلتۈرۈلدى. سوغىلارنىڭ بىرىدە سۈت، يەنە بىرىدە شاراپ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتنى تاللىدى ۋە ئۇنىڭدىن ئازراق ئىچتى، شاراپقا قول ئۇزاتمىدى. جىبرىئىل ئۇنىڭغا: «سەن توغرا يولغا يۈزلەندۈرۈلدۈڭ ۋە سەنمۇ خەلقىڭنى شۇ يولغا يۈزلەندۈردۈڭ. شاراپ ساڭا چەكلەندى» دېدى.

ئۇندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش (يەنى ئىدرىس، ئىلياس، ئىسا ۋە مەريەمگە ئوخشاش) زېمىندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قۇددۇس زېمىنىنىڭ



www.munber.org

ئۆتتۈرىسىدىكى بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بۇراقنا مىندى. ئەسلى سىياقىغا كىرگەن جىبرىئىل ئۇلارنى ئېلىپ دۇنياۋى شەكىل، زامان ۋە ماكاندىن ئايرىپ، يۇقىرىغا ئېلىپ ماڭدى. مۇھەممەد ئەلەيھسسالام يەتتە قات ئاسماننىڭ ھەر بىرىدىن ئۆتكەندە، قۇددۇستا ئۆزى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغان پەيغەمبەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ قايتا كۆردى. دۇنيادا ئۇلارنى جىسمانىي شەكىلدە كۆرگەندى، مانا ئەمدى ساماۋىي شەكىلدە كۆرمەكتە ۋە ھەيران قالماقتا ئىدى. يۇسۇفنىڭ يۈزىنىڭ تولۇنئايدەك پارلاق ۋە پۈتۈن دۇنيا گۈزەللىكىنىڭ يېرىمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئەمما بۇمۇ ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە بولغان ھەيرانلىقىنى توسۇپ قالالمىغانىدى ۋە ھارۇن ئەلەيھسسالامنىڭ چىرايىنىمۇ باشقىلارغا تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاسماندا كۆرگەن باغ ـ ۋارانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتنىڭ كامانچە چوڭلۇقىدىكى بىر پارچىسى زېمىنغا چۈشسە، پۈتۈن ئاسمان زېمىن نۇرلىنىپ، خۇشپۇراقتا تولۇپ كېتىدۇ.» ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى روھىي كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بارلىق جىسمانىي مەۋجۇداتلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مەنىۋىي مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم تېخى سۇ بىلەن لاي ئارىسىدىكى بىر نەرسە ۋاقتىدا، مەن پەيغەمبەر ئىدىم.»

ئاسماننىڭ ئەڭ يۇكسەك نۇقتىسى سىدرەتۇل مۇنتەھا (ئەڭ ئاخىرقى شەمشاد دەرىخى) بولۇپ، قۇرئاندا شۇنداق بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان بۇرۇنقى تەپسىرلەردىن بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «شەمشاد دەرىخىنىڭ يىلتىزى تەختكە تۇتىشىدۇ ۋە بۇ دەرەخ، مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن ياكى جىبرىئىل بولسۇن، ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈش ۋە بىلىش نۇقتىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ نېرىسى بىر ئاللاھقا خاستۇر.» جىبرىئىل كائىناتنىڭ بۇ چېگرىسىدا ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئەسلى يارىتىلغان شەكلى بىلەن كۆرۈندى. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: ﴿(ئۇ) سىدرەتۇل مۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى). ئۇ (پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى.﴾[1]

«تەفسىرى تەبەرى» گە كۆرە، ئىلاھىي نۇر شەمشاد دەرىخىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ھەممە نەرسىنى توسۇۋالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆزى ئوڭ ياكى سولغا بۇرالمىغان ۋە چەكلەنگەن نەرسىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتمىگەنىدى. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ: «سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ نۇرىغا سىغىنىدىم» دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن تەبىر ئىدى.

شەمشاد دەرىخىنىڭ يېنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۈممىتىگە كۈندە ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەرگە ئىسلام ئېتىقادى ھەققىدىكى شۇ ئايەتلەر ئۆگىتىلدى:

﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى

---

[1] نەجم سۈرىسى، 16 - دىن 18 - ئايەتكىچە.

ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ.﴾[1]

ئاندىن ئۇلار يۇقىرىغا قانداق چىققان بولسا، تۆۋەنگىمۇ شۇنداق چۈشۈشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قايتىشىمدا ھەزرىتى مۇسانىڭ (ئۇ سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇڭلاردۇر!) قېشىدىن ئۆتتۇم. مۇسا مەندىن: ”ساڭا نەچچە ۋاخ ناماز پەرز بولدى؟“ دەپ سورىدى. مەن ئەللىك ۋاخ ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ دەرھال: ”ناماز قىيىن ئىبادەتتۇر، ئەمما سېنىڭ ئۈممىتىڭ بولسا ئاجىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىغا قايت ۋە سېنىڭ، شۇنداقلا ئۈممەتلىرىڭنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغىن!“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ باردىم ۋە يۈكۈمنى يېنىكلىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئون ۋاخ ئېلىپ تاشلاندى. مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىسام، يەنە شۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدى. مەن يەنە كەينىمگە قايتتىم ۋە يەنە ئون ۋاخ ناماز قىسقارتىلدى. لېكىن ھەر قېتىمدا مۇسا مېنى كەينىمگە قايتۇرۇپ تۇردى. ئاخىرىدا، مېنىڭ ئۈستۈمدە كۈنلۈك بەش ۋاخ ناماز قالدى. مۇسا مېنى يەنە قايتۇرماقچى بولدى، مەن: ”پەرۋەردىگارىمنىڭ ئالدىغا كۆپ باردىم. ئەمدى بارغۇدەك يۈزۈم قالمىدى، شۇڭا قايتا چىقمايمەن“ دېدىم. شۇ سەۋەبتىن، كىمكى بەش ۋاقىت نامىزىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە سىغىنغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بۇ ئەللىك ۋاخ نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە جىبرىئىل قۇددۇستىكى تاشنىڭ يېنىغا چۈشكەندىن كېيىن، كەلگەن يولى بىلەن مەككىگە قايتتى. يولدا جەنۇبتىن كېلىۋاتقان كارۋاننى كۆردى. كەئبىگە يېتىپ كەلگەندە تېخى كېچە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇدۇل جىيەنىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇممۇ ھانى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) بىزنى ئويغاتتى، بىز بىرلىكتە بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇق. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ”ئۇممۇ ھانى! تۈنۈگۈن كەچتە خۇپتەن نامىزىنى سىلەر بىلەن بىللە ئوقۇغانىدىم، ئۇندىن كېيىن، قۇددۇسقا بېرىپ يەنە ناماز ئوقۇدۇم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بامدات نامىزىنى يەنە سىلەر بىلەن بىللە ئوقۇدۇم“ دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى، مەن تونىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ شۇنداق تارتتىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تونى مەيدىسى ئېچىلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە پەسكە سىرىلدى. ”ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى!“ دېدىم: ”بۇنى باشقىلارغا ئېيتمىغىن! چۈنكى ئۇلار سېنى يالغانچىغا چىقىرىپ، مەسخىرە قىلىشىدۇ“. ئەمما ئۇ: ”ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھەممىسىگە ئېيتىمەن“ دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەرگە ئۆزىنىڭ كېچىدە قۇددۇسقا بېرىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان دۈشمەنلىرى بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) نى ساراڭ، مەجنۇن دېيىش ئۈچۈن

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 285 – ئايەت.



www.munber.org

تېپىلماس دەلىل بار ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ كارۋاننىڭ مەككىدىن سۇرىيەگە بىر ئايدا بېرىپ، يەنە بىر ئايدا ئاران يېنىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بولسا، ئۆزىنىڭ بىر كېچىدە ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتاتتى. بىر نەچچە قۇرەيشلىك ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەمدى دوستۇڭ ھەققىدە نېمە دەيدىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ باقايلى! ئۇ بىزگە تۈنۈگۈن كېچە قۇددۇسقا بارغانلىقىنى ۋە ئۇيەردە ناماز ئوقۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى» دېدى. ئەبۇبەكرى دەسلەپ ئۇلارنى ”يالغانچىلار“ دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن ئۇلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ھازىر مەسجىدتە ئىكەنلىكىنى ۋە كېچە قىلغان سەپىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى: «ئەگەر ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا، راستتۇر. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇ ماڭا ۋەھيىلەرنىڭ كېچە ياكى كۈندۈز ۋاقىتلىرىدا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەمما بۇ سىلەرنىڭ ئورۇنسىز نارازىلىق بىلدۈرۈشىڭلارغا مۇناسىۋەتسىز بىر ۋەقەدۇر» دېدى. ئاندىن مەسجىدكە باردى ۋە يەنە ئوخشاشلا ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى: «ئۇ دېگەن بولسا، راستتۇر!» شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە ”راستچىللىقنى تەستىقلىغۇچى“، ”راستچىللىقنىڭ گۇۋاھچىسى“ دېگەن مەنىگە ئىگە «ئەس سىددىق» دېگەن نامنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ۋەقەگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەن بەزى كىشىلەر نىيەتلىرىدىن ياندى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كېچە مەككىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا كۆرگەن كارۋان ھەققىدە (يەنى كارۋاننىڭ ئالاھىدىلىكى، قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقى...) مەلۇمات بەرگەنىدى. دەرۋەقە، ھەممە ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك ئىدى. پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) مەسجىدتىكىلەرگە پەقەت قۇددۇسقا قىلغان سەپىرىنىلا سۆزلەپ بەرگەنىدى. كېيىن، ئەبۇبەكرى ياكى باشقا ساھابىلىرىگە ئاسمانغا قىلغان سەپىرىنى ۋە ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى يىللاردا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققانىدى.



www.munber.org

## قايغۇلۇق يىلدىن كېيىن

### (33)

خەدىچەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى يىلى ھەج مەۋسۇمى ئالتىنچى ئايغا توغرا كەلدى. قۇربان ھېيت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ھاجىلار ئۈچ كۈنلۈك چېدىر قۇرغان مىنا ۋادىسىغا باردى. يىللاردىن بېرى، ئۇ چېدىرلارغا كېلىپ، ئۆزىگە قۇلاق سالغان كىشىلەرگە ھەق دىننى تەبلىغ قىلىش ۋە قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. مىنانىڭ مەككىگە ئەڭ يېقىن يېرى يولنىڭ تۆپىلىكلەرگە قاراپ ئېگىزلەپ كېتىدىغان يەردىكى ئەقەبە ئىدى. ئۇ يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ئەقەبەدە خەزرەجلىك ناتونۇش ئالتە كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايتتى، ئەمما ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ئۇلارغا تونۇشلۇق بەردى، ئۇلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻمنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەسرىبلىك يەھۇدىي قوشنىلىرىنىڭ: «يېقىندا بىزگە بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ. شۇ چاغدا، بىز سىلەرنى (خۇددى ئاد ۋە سەمۇد قەبىلىسىدەك) يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمىز» دېگەن تەھدىتلىك سۆزلىرىنى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻمنىڭ سۆزلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ـ ئارا: «بۇ ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار بىزگە ئېيتقان پەيغەمبەر ئىكەن. بۇنى يەھۇدىيلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيلى، بىز ئاۋۋال ھەرىكەتكە ئۆتەيلى!» دېيىشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻمدىن بىرنەچچە سوئال سورىغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئۆزلىرىگە ئۆگىتىلگەن ئىسلامىي قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىشتى. «بىز خەلقىمىزدىن ئايرىلىمىز!» دېيىشتى: «چۈنكى دۈشمەنلىك ۋە ئەسكىلىكتە ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئازغۇنلار يوق. بەلكىم سېنىڭ سايەڭدە ئاللاھ ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئارىلىرىغا تىنچلىق ـ ئىتتىپاقلىق ئورنىتىشى مۇمكىن. بىز ھازىر قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى سېنىڭ دىنىڭغا دەۋەت قىلىمىز. ئەگەر ئاللاھ سېنىڭ سايەڭدە ئۇلارنى بىرلەشتۈرسە، ئۇ چاغدا سىلەردىنمۇ كۈچلۈك بىر قەۋم تېپىلمايدۇ» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ئەبۇبەكرىنىڭ بەنى جۇمھىلىقلار ئارىسىدىكى ئۆيىگە داۋاملىق كېلىپ تۇراتتى. ئەبۇبەكرىنىڭ كىچىك قىزى ئائىشە ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

خەدىچە ۋاپات بولغان يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ يىپەك يۆگەكتە بىرنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر (ئەلەيھسساﻻم) گە: «بۇ سېنىڭ ئايالىڭ، ئۇنىڭ يۆگىكىنى ئاچ!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم يۆگەكنى ئاچتى ۋە ئائىشەنى كۆردى. ئۇ يىلى، ئائىشە ئاران ئالتە ياش، پەيغەمبەر ئەلەيھسساﻻم ئەللىك ياشتىن ئاشقانىدى.



www.munber.org

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەبۇبەكرى قىزىنى مۇئمىننىڭ ئوغلى جۇبەيرەگە بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەگەر بۇ ئاللاھتىن كەلگەن ئەمر بولسا، يەنە كېلىدۇ» دېدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، يەنە چۈشىدە بىر پەرىشتىنىڭ ئوخشاش يىپەك يۆگەكنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ قېتىم ئۆزى پەرىشتىگە: «ئۇنى ماڭا كۆرسەتكىن!» دېدى. پەرىشتە يۆگەكنى ئاچتى، يەنە ئائىشە كۆرۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئەگەر بۇ ئاللاھتىن كەلگەن بولسا، ماڭا قايتا كۆرسىتىدۇ» دېدى.

ئۇ چۈشنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئەبۇبەكرىگىمۇ ئېيتمىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي بۇ بېشارەتنى تەكتىلەيدىغان ئۈچىنچى ۋەقە مەيدانغا كەلدى. خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوسمان ئىبنى مەئزۇننىڭ ئايالى ھەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كىمگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ: «يا ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئائىشەگە ياكى زەمئەھنىڭ قىزى سەۋدەگە ئۆيلىنىسەن» دەپ جاۋاب بەردى.

سەۋدە سۇھەيلنىڭ يەڭگىسى ۋە جىيەنى بولۇپ، ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قالغان تۇل ئايال ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى ئېرى سۇھەيلنىڭ قېرىندىشى سەقران بولۇپ، ئۇ سەۋدە بىلەن ھەبەشىستان ھىجرىتىدىن قايتىپ كېلىپ، كۆپ ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەۋلەگە ھەر ئىككىسىگە ئۆيلىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. سەۋدە ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋدەگە: «توي كۈنى ئۈچۈن ئۆزەڭگە بىر ۋەكىل تۇتقىن!» دېدى. سەۋدە ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەن قېينئىنىسى خاتىبنى تاللىدى، خاتىب ئۇنىڭغا ۋەكىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلىپ قويدى.

كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇبەكرىمۇ مۇتئىم ئائىلىسىنى ئائىشەدىن ۋاز كېچىشكە ماقۇل كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشەمۇ سەۋدە ياتلىق بولۇپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولدى. نىكاھ كۈنى ئائىشە يوق بولۇپ، نىكاھ رەسمىيەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئائىشە بىر كۈنى دوستلىرى بىلەن ئۆينىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقاندا، ئانىسى چىقىپ قولىدىن تۇتقان پېتى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى ۋە بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تالاغا چىقسا بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما دوستلىرى بىلەن ھويلىدا ئوينىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنە شۇ كۈنى ئائىشە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. گەرچە ئانىسى ئۇنىڭغا ياتلىق بولغانلىقىنى ئېيتمىسىمۇ، ئۇ ئۆزى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدا كوچىنىڭ ئورنىغا ھويلىدا ئويناشتىن باشقا بىر ئۆزگىرىش ھاسىل بولمىدى.

بۇ كۈنلەردە، ئەبۇبەكرى ھويلىسىغا ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان، لېكىن ئۈستى ئوچۇق بىر مەسجىد ياسىۋالدى. ئۇ ھەركۈنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. تام بەكمۇ پاكار بولغاچقا، بىر توپ كىشى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇ يەرگە يىغىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغىنىغا قاراپ



www.munber.org

تۇراتتى، ئاندىن قۇرئان تىڭشايتتى ۋە ئۇ ئوقۇغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆز روھلىرىدىمۇ بىر خىل مەنىۋى ئۆزگىرىشنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. ئۇمەييە ئەبۇبەكرى سەۋەبچى بولۇۋاتقان بۇ داۋالغۇشنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. قۇرەيش كاتتىلىرى ئۇمەييەنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئىبنىددۇھۇننەگە خەۋەر يوللىدى ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ قوغدىنىش شەرتلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىنى، مەسجىد تاملىرىنىڭ بەكمۇ پاكار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ شىكايەت قىلدى. ئاندىن: «ئەگەر كۆرۈنمەيدىغان يەردە ئىبادەت قىلسا، بىز بىر نەرسە دېمەيمىز. ئەگەر ئوچۇق يەردە ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولسا، سەن ئۇنىڭغا بەرگەن كېپىللىقىڭنى بىكار قىلغىن!» دېيىشتى. ئەبۇبەكرى مەسجىدتىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغاچقا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزدى ۋە: «ماڭا ئاللاھنىڭ كېپىللىقى يېتىدۇ» دېدى.

دەل شۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: « ماڭا سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان يەر كۆرسىتىلدى. مەن تىك قىيالىق ئارىسىدىكى سۇيى مول، خورما دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان بىر يەرنى كۆردۇم» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

www.munber.org

## يەسرىبنىڭ جاۋابى

### (34)

ئۆز خەلقىنى ‹دۈشمەنلىك ۋە ئەسكىلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان› دەپ تونۇشتۇرغان ئالتە (يىگىت) مۇسۇلماننىڭ سۆزى ھەرگىز كۆپتۈرمە ئەمەس ئىدى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تۈتىنچى قىتىملىق "بۇئاس توقۇنۇشى" بۇ قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتەلمىدى، بەلكى پەقەت ۋاقىتلىق ئۇرۇش توختىتىشقا سەۋەب بولدى. ئۇزۇن مەزگىل داۋام قىلغان بۇ توقۇنۇش ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىق بەزى ئاقىل كىشىلەرنى: «بۇ مەسىلە پەقەت ھەممىمىزگە ئورتاق بىر رەئىس (خۇددى قۇسەي قۇرەيشلەرنى بىرلەشتۈرگەندەك ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان بىرى) ئارقىلىقلا ھەل بولىدۇ» دەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى. خەلق ۋادىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق توقۇنۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ، ئەۋس قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا خەزرەجلىك بولۇپ، ئەۋسلىكلەرنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن بولمىغان بىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى دەپ قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

خەزرەج قەبىلىسىدىن ئالتە مۇسۇلمان ئۆزلىرىگە قۇلاق سالغان ھەممە كىشىگە ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزدى. بىر يىلدىن كېيىن (مىلادى **621** ـ يىلى يازدا)، ئۇلارنىڭ بەشى يېنىغا يەتتە كىشى (ئىككىسى ئەۋس قەبىلىسىدىن) نى ئېلىپ ھەجگە باردى. بۇ ئون ئىككى كىشى ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. مانا بۇ، تۇنجى ئەقەبە بەيئىتى ئىدى. ئۇلاردىن بىرى بۇ بەيئەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «تۇنجى ئەقەبە بەيئىتى كۈنى كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدۇق، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلىقىمىزغا، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق قىلمايدىغانلىقىمىزغا، بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىمىزغا، باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىمايدىغانلىقىمىزغا ۋە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ھەقتىن ئايرىلمىغىچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمىزغا قەسەم ئىچتۇق. ئۇمۇ بىزگە مۇنداق دېدى: "ئەگەر ئېيتقانلىرىڭلارغا ئەمەل قىلساڭلار، جەننەت سىلەرنىڭ بولىدۇ. ئەگەر بۇ گۇناھلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆتكۈزسەڭلار ۋە بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتساڭلار، بۇ جازا گۇناھىڭلارغا كاففارەت بولىدۇ. ئەگەر بۇ بەيئەتنى مەھشەر كۈنىگىچە ئۆزگەرتسەڭلار، سىلەرنى جازالاندۇرۇش ياكى ئەپۇ قىلىش ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر."»

يەسرىبلىك مۇسۇلمانلار يەسرىبكە قايتىشقا تەييارلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستاندىن يېڭى قايتىپ كەلگەن، ئابدۇددار ئائىلىسىدىن مۇسئەبنى ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ، دىنىني تەلىمات بېرىش، شۇنداقلا نامازدا ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بېرىش ئۈچۈن قوشۇپ قويدى، چۈنكى، گەرچە ئۇلار ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئەسۋەد ياكى خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا



www.munber.org

باشقىلارغا باشلامچىلىق قىلالىغۇدەك بىرى تېخى يوق ئىدى. مۇسئەب ئالدىنقى يىلى مۇسۇلمان بولغان ئالتە كىشىدىن بىرى ـ ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئۆيىدە تۇرماقچى بولدى.

قەيلىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ نەسەبىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى رىقابەت ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىككى قەبىلە ئەزالىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۆيلىنىش ـــ ئوچاقلىق بولالايتتى. مەسىلەن، مۇسئەب تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىگىسى خەزرەجلەردىن ئەسئەد ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئايماقلىرىدىن بىرىنىڭ رەئىسى سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جىيەنى ئىدى. سەئد يېگى دىنغا قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى. بىركۈنى، سەئد جىيەنى ئەسئەدنىڭ بىر توپ مۇسۇلمان بىلەن ئۆز تۇپراقلىرىغا ئائىت بىر باغنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئەمما ئەسئەد ئۆزىنىڭ جىيەنى بولغاچقا بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئۇ گەرچە بۇ خىل ئىشلارغا ئارىلىششىنى خالىمىسىمۇ، مەسىلىنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىۋېتىش نىيىتىدە بولغاچقا، قەبىلىسى ئىچىدە ئۆزىدىن كېيىن قالسىلا تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك ئادىمى ئۇسەيدنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كىرىۋالغان شۇ ئىككى ئادەمنى تەۋەلىكىمىزدىن قوغلاپ چىقار ۋە قايتا كىرىشكە قەتئىي يول قويما! ئەگەر ئەسئەد مېنىڭ تۇغقىنىم بولمىغان بولسا، بۇ ئىشنى ساڭا قويۇپ قويمىغان بولاتتىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ سىڭلىمنىڭ ئوغلى، شۇڭا ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمىدىم» دېدى. ئۇسەيد قولىغا نەيزىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى ۋە ناھايىتى قوپاللىق بىلەن: «ئىككىڭلار بۇ يەرگە ئاجىزلارنى ئالداش ئۈچۈن كەلدىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۆلۈشنى خالىمىساڭلار، دەرھال كۆزدىن يوقىلىڭلار!» دېدى. لېكىن مۇسئەب ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن: «ئاۋۋال ئولتۇرۇپ مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن! ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ قوبۇل قىلارسەن. ماقۇل كۆرمىسەڭ رەت قىلارسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسىنىڭ سىلىق مۇئامىلىسى ئۇسەيدكە تەسىر قىلدى. «توغرا دېدىڭ» دېدى ۋە نەيزىسىنى يەرگە سانچىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈردى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. ئۇسەيدنىڭ يۈز ئىپادىسى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مۇسئەب قۇرئان ئوقۇپ بولغاندا: «بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ۋە ئۇلۇغ سۆزلەر؟! بۇ دىنغا كىرىشنىڭ شەرتلىرى نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ باشتىن ئاياغقىچە يۇيۇنۇشى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تازىلىشى كېرەكلىكى چۈشەندۈرۈلدى. باغنىڭ ئىچىدە بىر قۇدۇق بارئىدى، ئۇسەيد قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ يۇيۇندى ۋە كىيىملىرىنى تازىلىدى. ئاندىن: «ئالللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئالللاھنىڭ رەسۇلىدۇر» دەپ شاھادەت كەلتۈرگەندىن كېيىن، نامازنى قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، ناماز ئوقۇدى. ئاندىن: «سىلەرگە بىر كىشىنى ئەۋەتەي، ئەگەر ئۇمۇ ئىمان ئېيتسا، پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتىدۇ» دېدى.

ئۇسەيد قەبىلىسىگە قايتتى. ئۇ كەلمەي تۇرۇپلا قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىشقانىدى. «قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى سەئد. ئۇسەيد: «ھەر ئىككىلىسى بىلەن پاراڭلاشتىم. تەگرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغاندەك تۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىم. ئۇلارمۇ: ”سىلەرنىڭ سۆزۈڭلاردىن چىقمايمىز“ دەپ ۋەدە بەردى» دېدى. سەئد: «قارىغاندا سەن بىر ئىش قىلالمىغۇدەكسەن» دېدى ۋە ئۇسەيدنىڭ

www.munber.org

قولىدىن نەيزىنى ئېلىپ، باغدا تېخىچە خاتىرجەم ئولتۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ قېشىغا ماڭدى. بېرىپ جىيەنى ئەسئەدنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

مۇسئەب دەرھال ئارىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا ئۇسەيدگە دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەئد ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشقا ماقۇل بولدى ۋە ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى.

سەئد ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇسەيد ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكىلەرنى ئېلىپ، بىر يەردە يىغىلىپ ئولتۇرغان خەلقىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇلاردىن: «ئەي خالايىق! سىلەرنىڭ ماڭا بولغان باھايىڭلار نېمە؟» دەپ سورىدى. كۆپچىلىك بىردەك: «سەن بىزنىڭ رەئىسىمىز، ئەڭ ئادالەتلىك ۋە رەئىسلىككە ئەڭ ئۇيغۇن كىشىمىز سەن» دېيىشتى. «ئۇنداقتا» دېدى سەئد: «قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتمىغۇچە، مەن ھېچقايسىڭلار بىلەن پاراڭلاشمايمەن.» شۇ كۈنى كەچكىچە پۈتۈن قەبىلە خەلقى مۇسۇلمان بولدى.

مۇسئەب ئەسئەدنىڭ ئۆيىدە ئون بىر ئاي تۇردى ۋە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە ۋەسىلە بولدى. ھەج مەۋسۇمىگە ئاز قالغاندى، مۇسئەب خەزرەج ۋە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ھەر بىر ئايمىقىدا بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ماڭدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن سۈيى مول، ۋە خورمىلىق زېمىنىنىڭ يەسرىب ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ قېتىمقى ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە يەڭگىسى ئۇممۇل فازىل ۋە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ ئۆزىنى قوغداپ، سىرلىرىنى مەخپىي تۇتقان تاغىسى ئابباس قاتارلىق ناھايىتى ئاز كىشىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىسىگە ئۆزىنىڭ بۇ ھەجدە يەسرىبتىن كەلگەن ھەيئەت بىلەن يەسرىبكە بېرىپ، شۇ يەردە ياشايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاببا‌س ئۆزىنىڭ جىيەنى بىلەن بىللە يەسرىبلىك ھەيئەتنىڭ ئالدىغا چوقۇم بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

مۇسئەب مەككىگە كېتىپ كۆپ ئۆتمەي، يەسرىبتىن 75 كىشىلىك (ئىككىسى ئايال) ھەج ئۆمىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. خەزرەج قەبىلىسىنىڭ رەئىسى بەرامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، سەپەردە ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كىرىۋالدى. ئۇلار مەككىگە ـ ئاللاھنىڭ ئۆيى (كەئبە) جايلاشقان ۋە پۈتۈن ئەرەبىستاننىڭ ھەج مەركىزىگە كېتىۋاتاتتى. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە ئىدى ۋە تۇنجى ۋەھيى شۇ يەردە نازىل بولغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلبى ھەر زامان شۇ تەرەپكە تەلپۈنەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ناماز ۋاقتى كەلگەندە، مەككىگە دۈمبىلىرىنى قىلىپ، يۈزلىرىنى شىمالغا، يەنى سۇرىيە تەرەپكە بۇراش توغرىمۇ؟ بۇ بىر خىيال بولسىمۇ، بەرانىڭ بىر قانچە ئايلىق ئۆمرى قالغانىدى ۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئالدىن ھېس قىلىش ئىقتىدارى بەكمۇ كۈچلىنىپ كېتەتتى. بەرا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سەپەرداشلىرىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇرىيەگە، يەنى قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. لېكىن بەرا: «مەن كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيمەن» دېدى ۋە سەپەر بويىچە



www.munber.org

شۇنداق قىلدى. باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلمىدى ۋە نامازلىرىنى قۇددۇسقا قاراپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. مەككىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ بەرانىڭ كۆڭلى پەقەتلا تىنجىمىدى ۋە خەزرەجلىك شائىر كەئب ئىبنى مالىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەي جىيەنىم! رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بىرىپ، مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا دەپ باقايلى! چۈنكى مەن سىلەرنى ماڭا قارشى چىققاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى بىللە يولغا چىقتى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان تۇنجى مەككىلىك كىشىدىن ئۆزلىرى تېخى كۆرۈپ باقمىغان پەيغەمبەرنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. مەككىلىك: «تاغىسى ئابباسنى تونۇمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار ئابباسنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى، چۈنكى ئابباس يەسرىبكە پات ـ پات بېرىپ تۇراتتى. مەككىلىك: «سىلەر مەسجىدكە بېرىڭلار! ئابباسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) دۇر» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرانىڭ سوئالىغا: «سېنىڭ بىر يۆنىلىشىڭ بار بولغان ئىكەن، سەن ئۇ يۆنىلىشىڭنى ئۆزگەرتمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ھەرخىل مەنىگە ئىگە بولسىمۇ، بەرا نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش قۇددۇسقا قاراپ ئوقۇشقا باشلىدى.

مەككىگە يەسرىبتىن يەنە بىر كارۋان ئادەم كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەنى سەلەمەنىڭ رەئىسى ئەبۇجابىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر قاتارلىق بەزى بۇتپەرەس خەزرەجلەرمۇ بار ئىدى. ئەبۇجابىر مىنادا مۇسۇلمان بولدى. يەسرىب قەبىلىسىدىكىلەر ئالدىنقى يىلى قىلغىنىدەك، ھەجدىن ئىككى كۈن كېيىن ئەقەبەدە مەخپىي كۆرۈشىدىغان بولدى. بۇ قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقانلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كېچىسى باشقا كارۋانلار بىلەن بىللە كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكىچە ئۇخلىدۇق. ئاندىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ناھايىتى مەخپىي ھالدا ئەقەبەگە يىغىلىپ، رەسۇلۇللاھنى كۈتتۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ (تېخىچە ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان) تاغىسى ئابباسمۇ بىللە كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، جىيەنىنى ئىشەنچلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئالدى بىلەن ئابباس سۆز باشلىدى: ”ئەي خەزرەجلەر (ئەرەبلەر ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىگە مۇشۇنداق خىتاب قىلاتتى)! مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ قەبىلىمىز ئۇچۇن نەقەدەر ئېتىبارلىق ۋە شەرەپلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ ئۇنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىغانلىقىمىزنى بىلىسىلەر. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ سىلەرنى تاللىدى ۋە سىلەر بىلەن بىللە ياشىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بەرگەن قەسەمڭلارغا رىئايە قىلساڭلار ۋە ئۇنى دۈشمەنلەردىن قوغداشقا قەسەم ئىچەلىسەڭلار، ئۇنى ئېلىپ كېتىڭلار! ئەگەر ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، دۈشمەنلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى پىلانلىغان بولساڭلار، بۇ خىيالىڭلاردىن ۋاز كېچىپ ئۆز يۇرتۇڭلارغا كېتىۋېلىڭلار!“ دېدى. ”سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدۇق“ دېيىشتى ئۇلار: ”ئى رەسۇلۇللاھ! ئەڭ ياخشىسى سەن ئۆزەڭ قارار قىلغىن!“»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن ئىسلام ۋە ئاللاھ توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن: «ئەگەر مەن يەسرىبكە بارغاندىن كېيىن، مېنى خۇددى ئۆز بالا ـ چاقاڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا قەسەم ئىچسەڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىللە كېتىمەن» دېدى. بەرا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە: « سېنى

www.munber.org

ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بىز سېنى خۇددى ئۆز بالا ـ چاقىلىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز. ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بەيئىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن! چۈنكى بىز ئۇرۇشقاق ۋە ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ قورال تۇتۇپ كەلگەن قەۋممىز» دېدى. ئەۋس قەبىلىسىدىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خۇسۇمەتلىرىمىز بار (يەھۇدىيلارنى دېمەكچى). بىز ئۇلارنى يېڭىشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەگەر ئاللاھ ساڭا زەپەر ئاتا قىلىپ، سەن ئۆز خەلقىڭنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلسەڭ، بىز قانداق قىلىمىز؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «ياق! بۈندىن كېيىن ھەممىمىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك بولىمىز. سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار مېنىڭ دۈشمىنىم، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار مېنىڭمۇ دوستۇمدۇر» دېدى. ئاندىن: «ماڭا ئاراڭلاردىن سىلەرگە مەسئۇل بولالايدىغان ئون ئىككى ئادەم تاللاپ بېرىڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خەزرەجلەردىن توققۇز، ئەۋس قەبىلىسىدىكىلەردىن ئۈچ ئادەم تاللاپ بەردى. بەيئەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خەزرەجلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كۆپرەك كىشى تاللانغانىدى. خەزرەجلەردىن تاللانغانلارنىڭ ئارىسىدا ئەسئەد ۋە بەرا؛ ئەۋس قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسا، سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ۋەكىلى ئۇسەيدمۇ بار ئىدى.

كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، ئەۋس قەبىلىسىدىن بىرى: «ئەي خەزرەجلەر! بۇ ئادەمگە بەيئەت قىلىشنىڭ نېمە دېمەك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بىلىمىز» دېدى. ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك: «سىلەر قارا، قىزىل بارلىق ئىنسانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىۋاتىسىلەر. شۇڭا ئەگەر ماللىرىڭلار قولۇڭلاردىن كېتىپ، ئاراڭلاردىن بىر نەچچىسى ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەمنى تەرك ئېتىش خىيالىدا بولساڭلار، ھازىرلا تەرك ئېتىڭلار. چۈنكى بۇ ئادەمنى ئۇ ۋاقىتتا تەرك ئەتسەڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئازابقا دۇچار بولىسىلەر. ئەگەر ۋەدەڭلاردىن قەتئىي يانماسلىققا ئىشەنچىڭلار بولسا، ئۇنى ئۆزەڭلار بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىڭلار. چۈنكى، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى. كىشىلەر: «مېلىمىز ۋە جېنىمىز كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىمىز. ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بىز ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلساق، بىز قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشىمىز؟» دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇكاپاتىڭلار جەننەتتۇر» دېدى. ئۇلار: «ئۇنداق بولسا، قولۇڭنى ئۇزاتقىن!» دېدى ۋە بەيئەت قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، شەيتان ئەقەبە تۆپىلىكىدە تۇرۇپ بۇلارنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئاخىرى ئۆزىنى تۇتالماي: «مۇزەممەم (ئەيىبلەنگۈچى، گۇناھكار)» دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ شەيتاننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكى بىلدى ۋە: «ئەي ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! مەن ساڭا پۇرسەت بەرمەيمەن!» دېدى.



www.munber.org

## كۆچ ـ كۆچ

### (35)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇسۇلمانلىرىنى يەسرىبكە ھىجرەت قىلىشقا تەشۋىق قىلغىلى تۇردى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى بۇندىن بۇرۇن ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ بولغانىدى. ئەبۇتالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، جىيەنى ئەبۇسەلەمە قوغدىغۇچىسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇسەلەمە ئايالى ۋە كىچىك ئوغلى سەلەمەنى بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى تۆگىنى يېتىلەپ يەسرىبكە قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن ئۇممۇ سەلەمە مەھزۇم قەبىلىسىنىڭ باشقا بىر ئايمىقى، يەنى بەنى مۇغىرەدىن بولۇپ، ئەبۇجەھىلنىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ بېرىپ، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئەبۇسەلەمەنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. ئەبۇسەلەمە ئۇلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئايالىغا ۋاقتىنچە ئۇلار بىلەن كېتىپ تۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ كېيىنچە بىر ئامال تېپىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن مەھزۇم قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر ئايمىقى، يەنى ئەبۇسەلەمەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئىشقا بەكمۇ ئاچچىقلانىدى ۋە ئەبۇسەلەمەنىڭ باللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن قەبىلە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇممۇ سەلەمە ۋە باللىسىنى ئەبۇسەلەمەگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇممۇ سەلەمە ئوغلى سەلەمە بىلەن بىر تۆگىگە مىنىپ يولغا چىقتى. مەككىدىن تەخمىنەن ئالتە مىل يىراقلىقتا، ئابدۇددار قەبىلىسىدىن ئوسمان ئىبنى تەلھە (ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغانىدى) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئوسمان تا مەدىنىگە بارغىچە ئۇلارغا سەپەرداش بولدى. ئۇلار ئەبۇسەلەمەنىڭ يەسرىبنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى قۇبا دېگەن يېرىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. يىراقتىن ئۇلارغا خورما دەرەخلىرى كۆرۈندى. ئوسمان: «يولدىشىڭ ئەنە ئاۋۇ شەھەردە، ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ بېرىۋەر» دېدى ۋە ئۆزى مەككىگە قايتتى. ئۇممۇ سەلەمە ئوسماننىڭ بۇ ياردىمىنى ھېچ ئۇنۇتمىدى ۋە ھەردائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ تۇردى.

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئاستا ـ ئاستا يەسرىبكە قاراپ ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. تۇنجى تۇركۇمدە يولغا چىققانلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى جىيەنلىرى، جەھش ۋە ئۇمەيمەنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرى، ئابدۇللاھ، كور قېرىندىشى ئەبۇئەھمەد، زەينەپ ۋە ھامنە ئىسىملىك ئىككى سىڭلىسى بار ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئابدۇشەمس قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتتۈۋاتقان بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر مۇنچە كىشىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. ھەمزە بىلەن زەيد بالا ـ چاقىلىرىنى مەككىدە ۋاقىتلىق قويۇپ ماڭدى، لېكىن ئوسمان رۇقىيەنى، ئۆمەر ئايالى زەينەپنى، قىزلىرى ھەفسە ۋە ئوغۇللىرى ئابدۇللاھنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. ھەفسەنىڭ يولدىشى ھۇنەيس (سەھم قەبىلىسىدىن) مۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئەبۇسەلەمەنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى ئەبۇسەبرا ئايالى ئۇممۇ گۇلسۇم (سۇھەيلنىڭ

www.munber.org

سڭلىسى) نى بىللە ئېلىپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياش جىيەنلىرى تۆلەيب ۋە زۇبەيرمۇ يەسرىبكە قاراپ يولغا چىقتى.

مەككىدە ئەبۇبەكرى بىلەن ئەلىدىن باشقا مۇسۇلمان قالمىدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ھىجرەت قىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈتۈپ تۇرغىن! ئاللاھ ساڭا بىرىنى سەپەرداش قىلىشى مۇمكىن» دېدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى ۋە ئىككى تۆگىسىنى ئوبدان بوداش ئۈچۈن ئادەملىرىگە ئەمر بەردى.

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. سۇھەيلنىڭ يەنە بىر قىزى بۇندىن بۇرۇن ھەبەشىستانغا كەتكەندەك، ئېرى ئەبۇھۇزۇيفە بىلەن يەسرىبكە كەتتى. لېكىن سۇھەيل ئوغلىنى كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى قاتتىق نەزەربەنت قىلدى. بۇندىن بۇرۇن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان شەمسىنىڭ رەئىسى ئاسنىڭ ئوغلى ھىشامۇ يەسرىبكە ماڭالمىدى. ئۇنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى ئەمر قۇرەيشلەر تەرىپىدىن نەجاشىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىككى ئەلچىنىڭ بىرى ئىدى. ھىشام يەسرىبكە ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئۆمەر بىلەن بىللە كېتىش ئۈچۈن پىلان تۈزدى. ئۇلار مەككىدىن ئايرىم چىقىپ، شەھەرنىڭ شىمالىغا ئون مىل يىراقلىقتىكى ئەدات دېگەن تىكەنلىكتە كۆرۈشمەكچى بولدى. مەھزۇم قەبىلىسىدىن ئەييىياشمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭماقچى ئىدى. لېكىن ھىشام قارار قىلىنغان ۋاقىتتا يېتىپ كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، باشقىلار پۈتۈشۈۋالغىنى بويىچە، ھىشامنى كۈتمەي يەسرىبكە قاراپ يولغا چىقىۋەردى. ھىشامنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بۇ پىلاننى ئۇقۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ مەككىدىن چىقىشىغا پەقەتلا يول قويمىغانىدى. ئائىلىسى ھىشامنى شۇنچىلىك قىيىندىكى، ئەڭ ئاخىرى ئۇ دىنىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەييىياش بولسا، ئۆمەر بىلەن بىرلىكتە يەسرىبكە بىرىپ بولغانىدى. لېكىن ئۆگەي قېرىنداشلىرى ئەبۇجەھىل ۋە ھارىس ئىككىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ باردى ۋە ئانىسىنىڭ ئەييىياش كەلمىگىچە چېچىنى تارىماسلىققا ۋە ئەتتىگەندىن كەچكىچە ئاپتاپتىن قوپماي ئولتۇرۇشقا قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەييىياش بەكمۇ قايغۇردى ۋە مەككىگە قايتماقچى بولدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «بۇ ئەبۇجەھىلنىڭ ساڭا قۇرغان قىلتىقى، سەن ھەرگىز ئۇلارغا ئىشەنمە! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئاناڭنىڭ بېشى پىتلاپ كەتسە، ئۇ چېچىنى چوقۇم تارايدۇ. كۈن تەپتىگە چىدىماي بىردەمدىلا سايىغا بېرىۋالىدۇ» دېدى. لېكىن ئەييىياش ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ مەككىگە قايتىپ ئانىسىنىڭ قەسىمىنى بۇزۇش ۋە مەككىدە قالغان مال ـ مۈلكىنى يىغىپ كېلىش ئۈمىدىدە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۆمەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن ماڭمايلا ئەبۇجەھىل بىلەن ھارىس ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، باغلىغان پېتى مەككىگە قايتۇرۇپ كەتتى. مەككىگە يېتىپ بېرىپ: «ئەي مەككىلىكلەر! بىز ئارىمىزدىن چىققان نادانلىرىنى مانا مۇنداق جازالىدۇق، سىلەرمۇ ئۆز ئاراڭلاردىن چىققانلارنى شۇنداق قىلىڭلار!» دەپ جار سالدى. ئەييىياشمۇ ھىشامغا ئوخشاش قىيىن ـ قىستاققا چىدىماي ئىسلامدىن ياندى، لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. چۈنكى كۆپ ئۆتمەي، بۇنىڭ كەچۈرگىسىز گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۆمەرمۇ شۇنداق



www.munber.org

دەپ ئويلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى: «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.»﴾[1]

ئۆمەر بۇ ئايەتلەرنى بىر قەغەزگە يېزىپ، مەخپىي بىر يول بىلەن ھىشامغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ھەقتە ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «قەغەزنى قولۇمغا ئېلىپ، كۆزۈمگە يېقىن كەلتۈردۈم، ئاندىن سەل يىراقلاشتۇردۇم. لېكىن ئۇنىڭ نېمە دەپ يازغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن: "ئى ئاللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلىۋىدىم، ئاللاھ ئۇنى مېنىڭ قەلبىمگە مەھكەم ئورناتتى. شۇندىلا، بۇ ئايەتلەرنىڭ بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىز ۋە بىزگە ئېيتىلغانلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى چۈشىنەلىدىم.» ھىشام بۇ قەغەزنى ئەيياشقا كۆرسەتتى، ئىككىسى قايتىدىن ئىمان ئېيتتى ۋە مەككىدىن قېچىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

[1] زۇمەر سۈرىسى، 53 - ۋە 54 - ئايەتلەر.



www.munber.org

## سۈيقەست

**(36)**

ھىشام بىلەن ئەيياشنىڭ ئىسلامدىن يانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يەسرىبكە قاراپ ئېقىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى توسۇۋالالماي دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان قۇرەيشلەر ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ تەسەللىي بولغانىدى. مەككىدىكى چوڭ، كاتتا ئۆيلەردە ھېچكىم قالمىدى، بەزى ئۆيلەردە قېرىپ قالغان بوۋاي ـ مومايلارلا قېلىپ قالغانىدى. تېخى بىر نەچچە يىل بۇرۇنلا ناھايىتى باي ۋە ئاھالىسى زىچ كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەر، ئەمدى بىر ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن چۆلدەرەپ قالغانىدى. بۇ غەم ـ غۇسسىلاردىن باشقا، دىن ئۈچۈن ھەرقانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ شىمالدا، يەنى يەسرىبتە بىرلىشىشى مەككىلىكلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ: «ئەي قۇرەيشلەر! سىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن!» دېگەن سۆزىنى تېخى ئۇنۇتمىغانىدى ۋە ئەمەلىيەتتە قورققۇدەك ھېچ ئىش بولمىسىمۇ، ھەمىشە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە يۈرۈشەتتى. گەرچە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام) يەنە بىر ئامال قىلىپ مەككىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قوغدىغۇچىسى مۇتئىم ئۆلگەندىن كېيىن، قۇرەيشلەر تېخىمۇ قۇتراشقا باشلىدى. قۇرەيش كاتتىلىرى مەسىلىنى تۈپ نېگىزىدىن ھەل قىلىۋېتىش ئۈچۈن مەجلىس ئاچتى، ئەبۇلەھەب بۇ مەجلىسكە قاتناشمىدى. ئۇزۇن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن (بەزىلەرنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىغا قارىماي) ئەبۇجەھلىنىڭ تەكلىپى ماقۇللاندى. ئەبۇجەھلىنىڭ پىلانى بويىچە ھەر بىر قەبىلىدىن بىردىن ياش، كۈچلۈك، ئىشەنچلىك ۋە قورallanغان ئادەم تاللىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) كە ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ھەممىسى بىردەك ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندىلا، جىنايەت بىرلا قەبىلىگە ئارتىلىپ قالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، بەنى ھاشىم قەبىلىسى ھەممە قەبىلە بىلەن ھەپىلىشەلمەيتتى ھەم بەنى ھاشىملار تەلەپ قىلغان قان دەۋاسىنى ھەممە قەبىلە تەڭ تۆلەيتتى. ۋە نىھايەت، بارلىق قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغان بۇ ئادەمدىن بىراقلا قۇتۇلاتتى.

جىبرىئىل كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا سۈيقەستتىن خەۋەر بەردى ۋە قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. چۈش ۋاقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇدۇل ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەبۇبەكرى ئۇنى ئىشىك ئالدىدا كۆرۈپلا، مۇھىم بىر ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئائىشە ۋە ھەدىسى ئەسمامۇ دادىلىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئاللاھ مېنىڭ بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، ھىجرەت قىلىشىم ئۈچۈن ئىجازەت بەردى» دېدى. ئەبۇبەكرى: «مەنمۇ ماڭامدىم؟» دەپ سورىدى. «ھەئە، سەنمۇ ماڭىسەن» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام. ئائىشە ئۇ ۋاقىتتا يەتتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى. كېيىنكى يىللىرى ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەبۇبەكرىنىڭ



www.munber.org

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىغلىشىدىن بۇرۇن، بىر كىشىنىڭ خۇشاللىقتىنمۇ يىغلايدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتىم».

ئىككىسى ئولتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلارنى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆيىگە قايتتى ۋە ئەلىگە ئۆزىنىڭ يەسرىبكە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى، ئەلىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگىچە مەككىدە تۇرۇپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى. مەككىلىكلەر ھېلىمۇ ھەم رەسۇلۇللاھنى ‹ئەل ئەمىين› دەپ چاقىراتتى ۋە كاپىرلارمۇ ماللىرىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قىلىپ قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىگە سۇيىقەست قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنى جىبرىئىلدىن ئۇققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ياشلار كەچ ۋاقتى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يىغىلىشقا مەسلىھەتلەشكەندى. كەچ ۋاقتى، بالدۇر كېلىۋالغانلار قالغانلىرىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۆي ئىچىدىن سەۋدە، ئۇممۇ ئەيمەن، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە فاتىمەلەرنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىككىلىنىپ قالدى. ئارىدىن بىرى: «ئەگەر تامدىن يامىشىپ چۈشسەك، پۈتۈن ئەرەبىستان خەلقى بىزنى نامەھرەملەرنىڭ قېشىغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە سەھەردە سىرتقا چىقىشىنى كۈتمەكچى بولدى.

رەسۇلۇللاھ ۋە ئەلى ئۇلارنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەر كۈنى ئۈستىگە يېپىپ ياتىدىغان يېپىنچىسىنى ئەلىگە بەردى ۋە: «سەن مېنىڭ تۆشىكىمدە يېتىپ، بۇ يېشىل يېپىنچامنى ئۈستۈڭگە ئارتىپ ئۇخلاۋەرگىن! خاتىرجەم بول! ئۇلار ساڭا ھېچنېمە قىلالمايدۇ» دېدى. ئاندىن سۈرە ياسىننى ئوقۇشقا باشلاپ: ﴿ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.﴾[1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۆيدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇدۇل تەرەپتىن كەلگەن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى كۆردى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ياشلارغا: «ئەگەر سىلەر مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نى ساقلاپ تۇرغان بولساڭلار، بىكار ئاۋارە بولماڭلار! چۈنكى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، ئۇ تەرەپكە كەتتى» دېدى. «بۇ مۇمكىن ئەمەس!» دېيىشتى ياشلار، چۈنكى سۇيىقەستچىلەرنىڭ بىرى بەكمۇ بالدۇر كەلگەن بولغاچقا، مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىدىن كېيىن ئۆيدىن ھېچكىم چىقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار گۇمانلاندى. ئارىلىرىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تۆشىكىنى بىلەتتى. ئۇ پەنجىرىدىن مارىدى، بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېپىنچىسىغا ئورىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ باشقىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تېخىچە ئۆيدە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. سەھەر ۋاقتى، ئەلى ئورنىدىن تۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېپىنچىسىنى ئۈستىگە ئارتقان پېتى سىرتقا چىقتى. سۇيىقەستچىلەر ئۇنىڭ ئەلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،

---

[1] ياسىن سۈرىسى 9 ــ ئايەت.

www.munber.org

ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىشتى. يەنە بىر ئاز كۈتۈپ باققان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچقانداق شەپە ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بولغان ئىشلارنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ھەممىسى ئۆز قەبىلىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

www.munber.org

## ھىجرەت

### (37)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللىبۇرۇن ئەبۇبەكرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار دەرھال ئۆينىڭ ئارقا پەنجىرىسى تەرەپكە باغلاغلىق جەزىلەنگەن ئىككى تۆگىنىڭ يېنىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىگە، ئەبۇبەكرى يەنە بىرىگە مىندى، ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى ۋە پىلانلىرى بويىچە يەمەن يولى ئۈستىدىكى سەۋر تېغىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئاۋۋال تاغقا بېرىپ، ۋاقتىنچە بىر غاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇلار مەككىدە رەسۇلۇللاھنىڭ يوقلۇقى بىلىنىپ قالسىلا، قۇرەيشلەرنىڭ دەرھال يەسرىبكە بارىدىغان يوللارنى قاتتىق كونترول قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەككىدىن چىقىپ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ تۆگىسىنى توختىتىپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە: «سەن ئاللاھنىڭ پۈتۈن زېمىنىدا مەن ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك يەرسەن. خەلقىم قوغلىمىغان بولسا، مەن سەندىن ھەرگىز ئايرىلمىغان بولاتتىم» دېدى.

ئەبۇبەكرىنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن چوپىنى ئەمىر ئىبنى فۇھەيرە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پادىسىنى ھەيدەپ، ئىزنى كۆمۈپ ماڭدى. غارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى ئوغلى ئابدۇللاھنى تۆگىلەر بىلەن مەككىگە يوللىدى ۋە ئەتىسى خەلق ئارىسىغا چىقىپ، پەيغەمبەر ھەققىدە چىققان سۆز ـ چۆچەكلەرنى كەچتە ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈشنى تاپىلىدى. ئەمىر كۈندۈزلىرى بۇرۇنقىدەك باشقا چوپانلار بىلەن بىللە مال باقسا، كېچىلىرى ماللىرىنى مەككە بىلەن سەۋر ئارىسىدا ماڭغۇزۇپ ئابدۇللاھنىڭ ئىزىنى كۆمەتتى.

ئەتىسى كەچتە ئابدۇللاھ سىڭلىسى ئەسما بىلەن بىللە ئۇلارغا تاماق ئېلىپ كەلدى. ئابدۇللاھ ئۇلارغا: «مەككىدە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە يۈز تۆگە ئىنئام قىلىنىدۇ دەپ ئېلان چىقىرىلدى. ئاتلىق ئىز قوغلىغۇچىلار دادامنىمۇ بىللە تۇتۇش ئۈچۈن يەسرىبكە بارىدىغان ھەممە يولنى قاتتىق قامال قىلدى. چۈنكى داداممۇ مەككىدىن تۇيۇقسىزلا غايىب بولغاچقا، ئىككىڭلارنىڭ بىللە قاچقىنىڭلارنى پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

لېكىن ئابدۇللاھ بىلمەيدىغان باشقا ئىزچىلار ئۇلارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى غاردىن بىرىگە يوشۇرۇنىۋالغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چۆل ئەرەبلىرى بەكمۇ ياخشى ئىزچى بولۇپ، ئادەتتىكى بىر بەدەۋى قوي پادىسى كۆمۈۋەتكەن يولدىن تۆگىنىڭ ئىزىنى تېپىپ، تۆگە سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەيتتى. قاچقان كىشىلەرنىڭ شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى غارغا يوشۇرۇنىۋېلىشى ناتايىن بولسىمۇ، بېرىلىدىغان ئىنئام چوڭ بولغاچقا، ھەر خىل ئېھتىماللىققا سەل قاراشقا بولمايتتى. شۇڭا سەۋرگە ماڭغان قوي ئىزلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۆگە تۇياقلىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ بىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

www.munber.org

ئۆچىنچى كۈنى، بىر توپ تاغ كەپتىرىنىڭ قونۇۋالغان يېرىدىن تۆيۈقسىزلا قوزغىلىپ كېتىشى بىلەن تاغ ئارىسىدىكى سۈكۈنات بۇزۇلدى. كۆپ ئۆتمەي، پەس تەرەپتىن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋاتقان بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ ھەر كۈنى كۈن پاتقاندىن كېيىن كېلەتتى، لېكىن ھازىرنىڭ پېتىشىغا خېلى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇگۈن غارنىڭ ئىچى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلدى، بۇ، ئەڭ ئاز دېگەندە بەش ـ ئالتە كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەبۇبەكرىگە قارىدى ۋە: ﴿غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە﴾[①] دېدى.

ئىزچىلارنىڭ ئاياق ئاۋازى ۋە ماڭغان ـ توختىغانلىرى ئوچۇق ئاڭلىناتتى. ئۇلار غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ بولغانىدى. ھەممىسى بىردەك غاردا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى، شۇڭا كىرىشكە كېرەك قالمىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، كەلگەن يوللىرى بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

ئاياق تىۋىشلىرى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىسى غارنىڭ ئاغزىغا كەلدى ۋە تېخى ئەتتىگەن كۆرمىگەن بىر مەنزىرىگە دۇچ كەلدى. غار ئاغزىدا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئاكاتسىيە دەرىخى تۇراتتى. ئۇچۇق قالغان يەرنى ئۆمۈچۈك تور توقۇپ ئېتىۋەتكەنىدى. غارغا كىرىدىغان يەردىكى قىيا تاشنىڭ ئارىلىقىغا بىر كەپتەر ئۇۋا ياساپ، خۇددى تۇخۇم باسقاندەك ياتاتتى، ئەركەك كەپتەر بولسا، سەل نېرىغا قونۇۋالغانىدى.

ئابدۇللاھ بىلەن ئەسما ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى ئۆمۈچۈك تورىنى ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن ئېلىۋېتىپ، كەپتەرنى ئۈركۈتىۋەتمەستىن سىرتقا چىقىپ، ئۇلارنى كۈتىۋالدى. ئەمىرمۇ كەلگەنىدى، لېكىن قويلىرى يوقتى. چۈنكى ئۇ ئەبۇبەكرىنىڭ ئامانەتكە قويغان ئىككى تۆگىسىنى ۋە ئۇلارنى يەسىرىبكە ئېلىپ بارىدىغان بىر بەدەۋىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. بەدەۋى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك بىرى ئىدى. ئۇ ھەقىقىي چۆل ئادىمىدىن باشقىسى بىلمەيدىغان بىر يول بىلەن ئۇلارنى يەسرىبكە ئاپىرىپ قويىماقچى بولغانىدى. ھەممىسى بىرلىكتە پەستە ساقلاپ تۇرغان بەدەۋىنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئەبۇبەكرى ئەمرنى ئۆزلىرىگە ياردەمچى قىلىپ ئېلىۋالماقچى بولدى. ئەسما بىر خالتىدا يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ كەلگەنىدى، لېكىن يىپ ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەلبېغىنى يېشىپ، ئىككىگە بۆلدى ۋە بىر پارچىسىدا خالتىنى ئەبۇبەكرىنىڭ بېلىگە باغلىدى، يەنە بىر پارچىسىنى ئۆزىنىڭ بېلىگە باغلىۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا ‹قوش بەلباغلىق قىز› دېگەن نام بېرىلدى.

ئەبۇبەكرى تۆگىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا تەۋە بولمىغان تۆگە بىلەن ماڭالمايمەن» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ سىزنىڭ تۆگىڭىز» دېدى. «ياق» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز؟» ئەبۇبەكرى تۆگىنى سېتىۋالغان باھاسىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگىنى سەندىن ئۇ باھاغا سېتىۋالدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىدىن بۇرۇن

[①] تەۋبە سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئەبۇبەكرى بەرگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىسى ئالاھىدە ئەھۋال بولغاچقا، ئەبۇبەكرىمۇ كۆپ زورلىمىدى. بۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرىتى بولۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن بارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ماڭغانىدى. شۇڭا ھىجرەت، يەنى پىداكارلىق پەقەت ئۆزىگىلا ئائىت بولۇشى ۋە باشقىلارغا ئېغىرچىلىقنى سالماسلىقى لازىم ئىدى. ھىجرەت كۈنى سېتىۋالغان بۇ تۆگىنىڭ ئىسمى قەۋسا بولۇپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق تۆگىسى بولۇپ قالدى.

يول باشلىغۇچىسى ئۇلارنى ئاۋۋال شەرققە، ئاندىن جەنۇبقا باشلاپ ماڭدى ۋە قىزىل دېڭىزغا يېتىپ باردى. يەسرىب مەككىنىڭ شىمالىدا ئىدى، ئۇلار مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆگىلىرىنىڭ بېشىنى شىمالغا بۇرىدى ۋە دېڭىز يولىنى بويلاپ بىر نەچچە كۈن ماڭدى. بىر كۈنى سەھەر ئۇدۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىچىك بىر كارۋان كۆرۈندى. ئۇلار بىردىنلا ھولۇقۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۈرىيەدىن كېيىم ـ كېچەك ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان تەلھە (ئەبۇبەكرىنىڭ جىيەنى) ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. تەلھە مەككىگە قايتقۇچە يەسرىبكە كىرىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ ماللىرىنى سېتىپ بولۇپلا يەسرىبكە يېنىپ كەلمەكچى بولدى. تەلھە يەسرىبتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە مەككە بايلىرىغا ساتماقچى بولغان يەمەن كىيىملىرىدىن بىر نەچچىنى ئۇلارغا سوۋغا قىلغاندىن كېيىن مەككىگە يۈرۈپ كەتتى.

تەلھەدىن ئايرىلىپ كۆپ ئۆتمەي، تۆگىلەرنىڭ بېشى شىمالغا بۇرالدى. ئاندىن دېڭىز ساھىلىدىن قۇملۇق تەرەپكە كىرىپ، شەرقىي شىمالغا بۇرۇلدى ۋە ئۇدۇل يەسرىبكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. سەپەرنىڭ بەزى قىسىملىرىدا ئايەت نازىل بولدى: ﴿ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ.﴾[1]

غاردىن يولغا چىقىپ، ئون ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئالدىدا ئەقىق تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ باردى ۋە قارشى تەرەپتىكى تۆپىلىككە يامىشىشقا باشلىدى. تۆپىلىكنىڭ چوققىسىغا چىقماي تۇرۇپ قۇياش نۇرى قىزدۇرۇشقا باشلىدى. باشقا كۈنلىرى كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىلىرى يول يۈرەتتى. لېكىن بۇ ئاخىرقى تۆپىلىك بولغاچقا، توختىماي مېڭىپ، ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلىغانىدى. نىھايەت چوققىغا ئۆلىشىپ، يەسرىب ۋادىسىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە كۆرگەن ‹قىيا تاشلار ئارىسىدىكى سۇيى مول، يېشىل بوستانلىقتا پۈركەنگەن زېمىن› مانا ئەمدى كۆز ئالدىدا يېيىلىپ تۇراتتى.

يېشىل ۋادىنىڭ ئەڭ يېقىن يېرى قۇبا بولۇپ، مۇھاجىرلار ھەممىدىن بۇرۇن شۇ يەرگە يېتىپ باراتتى ۋە بەزى مۇھاجىرلار تېخىچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ يول باشلىغۇچىغا: «بىزنى شەھەرگە ئەكىرىپ بولۇپ، ئالدى بىلەن قۇبادىكى بەنى ئەمرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغىن!» دېدى.

[1] قەسەس سۈرىسى، 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

قۇبا ۋادىسىنىڭ نوپۇسى ئەڭ زىچ مەركىزى «شەھەر» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن، بۇ شەھەر ئەرەبىستان ۋە دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە «ئەل مەدىنە شەھىرى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن يوقاپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە كۆپ ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بۇ ۋادىغا بىر نەچچە كۈن بۇرۇنلا يېتىپ كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تېخىچە كەلمەسلىكى قۇبالىقلارنى ئەندىشىگە سالدى. شۇ سەۋەبتىن، بەنى ئەمر قەبىلىسىدىن بىر نەچچە كىشى ھەر كۈنى سەھەردە شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇنىڭ يولىغا قارايتتى، قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە قايتىپ كېتەتتى. ئۇ كۈنى سەھەردىمۇ شۇنداق قىلدى، لېكىن تۆپىلىكتىن تۆت كىشى پەسكە قاراپ چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ يېڭى كىيىملىرى كۆكۈش قىيا تاشلارنىڭ ئالدىدا پارقىراپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارنى تۇنجى بولۇپ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئولتۇرغان بىر يەھۇدىي كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. چۈنكى يەھۇدىيلار قوشنىلىرىنىڭ ھەر كۈنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ، بىر نەرسە كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە سەۋەبىنى سوراپ بىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ: «ھەي بەنى قەيلە! ئۇ كەلدى، ئۇ كەلدى!» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پۈتۈن بەنى ئەمر قەبىلىسى ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئۇلار ئارانلا بوستانلىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۈلگۈرەلىدى. چۈنكى يولۇچىلار ئاللىبۇرۇن خورمىلىقلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغانىدى. چۈش ۋاقتى بولۇشىغا قارىماي، پۈتۈن قەبىلە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلققە مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى: «ئەي ئىنسانلار! بىر ـ بىرىڭلارنى تىنچلىق ئىچىدە سالاملاڭلار، ئاچلارنى تويغۇزۇڭلار. تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىڭلار، باشقىلار ئۇخلاۋاتقاندا، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار ۋە شۇ ئارقىلىق جەننەت ئەھلىدىن بولۇڭلار!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈلسۈم ئىسىملىك ياشىنىپ قالغان بىر قۇبالىقنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشى قارار قىلىندى. بۇندىن بۇرۇن ھەمزە ۋە زەيدمۇ شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. گۈلسۈم ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بەنى ئەمر ئايمىقىدىن ئىدى. يەسرىبلىك ھەر ئىككى قەبىلىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەبۇبەكرىنى شەھەرگە تېخىمۇ يېقىن يەرگە جايلاشقان سۇنھ يېزىسىدىكى بىر خەزرەجلىكنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتى. بىر ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەلىمۇ يېتىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرۇۋاتقان ئۆيگە چۈشتى. ئۇ ئامانەت ماللارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالغانىدى.

پۈتۈن خەلق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگىلى كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى نىيەتتە ئەمەس، بەلكى قىزىقىشتىن كېلىۋاتقان يەھۇدىيلارمۇ بار ئىدى. ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، چىرايى ئەرەب ياكى يەھۇدىيغا ئوخشىمايدىغان بىرى كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى سەلمان بولۇپ، ئىسپاھاننىڭ يېنىدىكى جەي يېزىسىلىق ئاتەشپەرەس ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى. لېكىن ئۇ كىچىك يېشىدىلا خرىستىئان بولۇپ، سۈرىيەگە كەتكەنىدى. سۈرىيەدە بىر پوپنىڭ يېنىدا تۇردى. پوپ سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئىراقنىڭ شىمالىدىكى مۇسۇلدا ئۆزىگە ئوخشاش ياشىنىپ قالغان، دىندار بىر پوپنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېتىشىنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەلمان



www.munber.org

مۇسۇلغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە شۇندىن باشلاپ بىر نەچچە يوپىنىڭ يېنىدا تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى پوپ ئۇنىڭغا يېقىندا بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ پەيغەمبەر ئىبراھىمنىڭ دىنى بىلەن ئەرەبىستان زېمىنىغا ئەۋەتىلىدۇ ۋە ئۆز يۇرتىدىن قوغلىنىپ، ئىككى تەرىپى قۇرام تاش دۆۋىسى بىلەن قاپلانغان خورمىزارلىق بىر يۇرتقا بارىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنۇلار: ئۇ سوۋغا قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن سەدىقە ئالمايدۇ. ئىككى تاغاق سۆڭگىكىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار.»

سەلمان پەيغەمبەرنىڭ يۇرتىغا بېرىش نىيىتىگە كەلدى ۋە قەلب قەبىلىسىنىڭ تىجارەتچى كارۋىنىغا ئۆزىنى بىللە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ھەق تۆلىدى. لېكىن قىزىل دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى ئەقەبە قولتۇقى يېنىغا جايلاشقان قۇرا ۋادىسىغا كەلگەندە، سودىگەرلەر ئۇنى بىر يەھۇدىيغا قۇل ئورنىدا سېتىۋەتتى. سەلمان قۇرا ۋادىسىدىكى خورمىزارلىقنى كۆرۈپ: «مەن كەلمەكچى بولغان يەر مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا شۈبھىلىنىپ تۇردى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنى سېتىۋالغان يەھۇدىي مەدىنىدىكى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىگە مەنسۇپ جىيەنىگە سېتىۋەتتى. سەلمان مەدىنىنى كۆرۈپلا، پەيغەمبەر ھىجرەت قىلىدىغان يەرنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

سەلماننى سېتىۋېلىپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەن يەھۇدىينىڭ قۇبادا جىيەنى بار ئىدى. ئۇ جىيەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇباغا يېتىپ كەلگەن خەۋىرىنى مەدىنىگە يەتكۈزدى. يەھۇدىي جىيەنى بىلەن بىر تۈپ خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. دەل شۇ خورمىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان سەلمان ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قۇلاق سالدى: «ئاللاھ بەنى قەيلە قەبىلىسىنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن! مانا ئەمدى قۇبادا مەككىدىن كەلگەن بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.» بۇ سۆزلەر سەلماننىڭ ئۈمىدلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. سەلمان شۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتتىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ دەرەختىن يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، ئاستا پەسكە چۈشۈۋالدى ۋە يەھۇدىيدىن پەيغەمبەر ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى. لېكىن خوجايىنى ئۇنىڭغا خاپا بولدى ۋە دەرھال دەرەخكە چىقىپ ئىشلەشكە بۇيرىدى. ئۇ كېچە، سەلمان يېنىغا ئازراق يېمەكلىك ئېلىپ قاچتى ۋە ئۇدۇل قۇباغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كونا ـ يېڭى ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. سەلمان ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى، شۇنداقتىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ قولىدىكى يېمەكلىكنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. پەيغەمبەر ساھابىلىرىنى يېيىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى يېمىدى. سەلمان بىر كۈنى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرۈشنى خالايتتى، لېكىن ھازىرچە ئۇنى كۆرۈش ۋە سۆزلىرىنى ئاڭلاش سەلمان ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. سەلمان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا مەدىنىگە قايتتى.

www.munber.org

## مەدىنىگە كىرىش

**(38)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋادىغا مىلادى **622** ـ يىل **27** ـ سىنتەبىر، دۈشەنبە كۈنى يېتىپ كەلگەندى. مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇباغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كەتكەندى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا ئۈچ كۈن تۇردى ۋە جۈمە كۈنى ئەتىگىنى مەدىنىگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى مەسجىدىنىڭ ئۇل تېشىنى قويۇپ بەردى. رەنۇنە تۈزلەڭلىكىگە كەلگەندە، ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان خەزرەجلىك بەنى سالىم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇدى. بۇ، بۇندىن كېيىن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلىدىغان زېمىندا ئوقۇلغان تۇنجى جۈمە نامىزى ئىدى. بەنى نەججار قەبىلىسىدىكى تۇغقانلىرىدىن بەزى كىشلەرنۇنى ئالغىلى كەلگەندى، قۇبالىق بىر گۇرۇھ كىشىمۇ بىللە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇلارنىمۇ قوشقاندا، جۈمە نامىزى ئوقۇغانلارنىڭ سانى يۈز ئەتراپىدا ئىدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋسەگە، باشقا قۇرەيشلەرمۇ ئۆز تۆگىلىرىگە مىنىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئوڭ ۋە سول يانلىرىدا ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن قوغدىغۇچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ھالدا قوغداپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق جۇشقۇنلۇق بىر كۈن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. «پەيغەمبەر كەلدى، پەيغەمبەر كەلدى!» دېگەن جاراڭلىق ئاۋازلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي تەكرارلىناتتى. قەۋسە مەدىنىنىڭ جەنۇبىدىكى خورمىلىق ۋە مېۋىلىك باغلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى. بۇ يەرلەردىكى ئۆيلەر بەكمۇ شالاڭ ھەم بىر ـ بىرىدىن يىراق سېلىنغانىدى. ئاستا ـ ئاستا ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان يەرلەرگە يېتىپ كەلدى. ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىگىلىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشكىن، بىزنىڭ سېنى ۋە باشقىلارنى قوغدىيالىغۇدەك كۈچىمىز بار» دەپ تەكلىپ قىلاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىسىگە سالام بېرىپ: «تۆگىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار! خالىغان يەردە توختىسۇن! چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىۋاتىدۇ» دەيتتى.

بىر يەرگە كەلگەندە، تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەزرەجلىك نەججار قەبىلىسىدىكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولغان ئەدىي ئايمىقىنىڭ مەھەللىسىگە بۇرالدى. لېكىن تۆگە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىقىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغان بۇ مەھەللىدىن ئۆتۈپ، نەججار قەبىلىسىنىڭ بەنى مالىك ئايمىقىنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ئالتە كىشىدىن ئەسئەد ۋە ئەۋف مۇشۇ قەبىلىگە تەۋە ئىدى. تۆگە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، خورما دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان كونا بىر ھويلا تەرەپكە بۇرالدى. ھويلىنىڭ بىر بۆلۈكىدا كونا قەبرىلەر دۈمچىيىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرىپىدە خورما قۇرىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان بىر يەر بار ئىدى. تۆگە ئەسئەدنىڭ مەسجىد ئۈچۈن قاشالاپ قويغان يەرگە يېقىنلاپ كېلىپ چۆكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ



www.munber.org

چۈلۋۈرىنى قويۇۋەتتى، ئەمما ئۆزى تۆگىدىن چۈشمىدى. بىر مىنۇت ئۆتمەيلا تۆگە يەنە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا ـ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، كەينىگە قايتىپ يەنە شۇ يەرگە چۆكتى ۋە پۇتلىرىنى ئالدى تەرەپكە تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىدىن چۈشۈپ: «ئىنشاللاھ! بۇ يەر مېنىڭ ئۆيۈم بولغۇسى!» دېدى.

ئاندىن بۇ ھويلىنىڭ ئىگىسىنى سورىدى. ئەۋفنىڭ قېرىندىشى مۇئاز ئۇ يەرنىڭ سەھل ۋە سۇھەيل ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئەسئەدنىڭ پاناھلىقىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چاقىرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەسلىدە ئۇلارمۇ شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بۇ ھويلىنى ئۆزىگە ساتىدىغان ياكى ساتمايدىغانلىقىنى، ئەگەر سېتىشنى خالىسا، قانچە پۇلغا ساتىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بۇ ھويلىنى ساڭا بېرەيلى!» دېيىشتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمىدى، ئەسئەدنىڭ ياردىمى بىلەن بىر باھا قويۇپ سېتىۋالدى. ئۇ چاغقىچە، ئەبۇئەييۇب ئىسىملىك بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىدىكى يۈك ـ تاقنى يېشىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بولغانىدى. باشقا كىشىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشى ئۆچۈن يالۋۇردى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە ئېغىرچىلىقىنى سالماسلىقى كېرەك!» دېدى. ئەبۇئەييۇب ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە تونجى بولۇپ بەيئەت قىلغان كىشى ئىدى.

ئەبۇئەييۇب ئايالىنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە كۆچتى ۋە بىرىنچى قەۋەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوشىتىپ بەردى. قەۋسەنى ئەسئەد ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ئەبۇئەييۇبنىڭ ئۆيىگە بەكمۇ يېقىن ئىدى.

www.munber.org

## ھەمكارلىشىش ۋە پىقىشالماسلىق

**(39)**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يېڭى سېتىۋالغان ھويلىغا مەسجىد سېلىنىشىنى ئۇيلاشقانىدى. شۇڭا ۋۇبادىكىگە ئوخشاش دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلدى. مەسجىدنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى لاي كېسەك بىلەن سېلىندى، شىمالى تام، يەنى قۇددۇسقا قارايدىغان تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھرابىنىڭ ئىككى تەرىپى تاش بىلەن قوپۇرۇلدى. باغدىكى خورما دەرەخلىرى كېسىلىپ، تاختاي تىلىندى ۋە خورما شاخلىرى بىلەن توقۇلغان ئۆگزىگە يېپىلدى. باغنىڭ ھەممە يېرى يېپىلمىدى، بەلكى كۆپ قىسمى ئوچۇق قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەدىنەلىك مۇسۇلمانلارغا ‹ياردەم قىلغۇچى› دېگەن مەنىدىكى ‹ئەنسار› ئىسمىنى؛ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ مەدىنىگە كۆچكەن قۇرەيشلەر ۋە باشقا قەبىلىلەرگە ‹كۆچمەن› مەنىسىدىكى ‹مۇھاجىر› ئىسمىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن تارتىپ ھەممەيلەن مەسجىد قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەمگەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتى:

(ئى رەببىم!) مەھشەردە كۆرسەتكىن جەننەت يولىنى،
ياردەم قىل، تۇت ئەنسار، مۇھاجىر قولىنى!

ياكى

(ئى رەببىم!) ئاخىرەتتىن باشقا ھەقىقىي ھايات يوق،
سەن بولغاچ ئەنسار، مۇھاجىرنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى توق.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈمىدىدە يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار ھەرقانداق ئىمتىيازدىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى. بىر يەھۇدىيغا ياكى مۇسۇلمانغا زىيان يەتسە، بۇ زىياننى مۇسۇلمان ۋە يەھۇدىيلار بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلاتتى. بۆتپەرەسلەرگە قارشى بىرلىكتە مۇجادىلە قىلاتتى، مۇسۇلمان ياكى يەھۇدىيلار ئۆز ئالدىغا باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلمەيتتى. ئەگەر پىكىر ئايرىمچىلىقى، تالاش ـ تارتىش، چىقىشالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر چىقسا، بۇ مەسىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئارقىلىق ئاللاھقا يەتكۈزىلەتتى. ئۇندىن باشقا، مۇھەممەد ئەلەيھسسالام گەرچە كېلىشىمنامىدە ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكى يېزىلمىغانىدى.

يەھۇدىيلار بۇ كېلىشىمنامىنى سىياسىي مەقسەتتە قوبۇل قىلغانىدى. چۈنكى مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) مەدىنىدە ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ھەتتا تېخىمۇ كۈچلىنىپ



www.munber.org

كېتىدىغانىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. شۇڭا بۇنى قوبۇل قىلماي باشقا چارە يوق ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئاللاھنىڭ يەھۇدىي بولمىغان مىللەتتىنمۇ پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە شۇنداق سەممىيدەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ تاللانغان ۋە ئەڭ ئېسىل نەسەبلىك مىللەت ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنەتتى ۋە ھەر دائىم ئۇز ئارىلىرىدا بۇ مەسىلىنى تالاش ـ تارتىش قىلاتتى. يېڭى دىنغا بولغان گۇمانخورلۇقنى يوشۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئويلايدىغان ئەرەبلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن قىلچە چېكىنمەيتتى.

ئىسلام دىنى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا تېز تەرەققى قىلىۋاتاتتى. بەزى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى مەدىنەنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ۋەھيى ئۇلارنى خىيانەت ۋە ئىچكى توقۇنۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ كۈنلەردە، قۇرئاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن سۈرىسى ـ بەقەرە سۈرىسى نازىل بولۇۋاتاتتى. سۈرە توغرا يولدا ماڭغان كىشىلەرنى تەسۋىرلەش بىلەن باشلانغانىدى.

﴿ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە ) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾[1]

ئاندىن ھەققە قارشى كور ۋە گاس بولغان مۇشرىكلەرنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، ئۈچىنچى خىل كىشىلەرنىڭ تەسۋىرىگە ئۆتەتتى.

﴿كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار. ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)... ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ.﴾[2]

بۇلار ئەۋس ۋە خەزرەجلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى گۇمانخورلار، تۇراقسىزلار ۋە مۇناپىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى بولسا، ئۇلاردىكى گۇمانخورلۇق ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئىنكارچىلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە مەككىدە دۇچ كەلمىگەن بىر مەسىلە ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلۇۋاتاتتى. مەككىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىيىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى، چۈنكى مەككە مۇسۇلمانلىرى پەقەت پەيغەمبەرگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىسلامغا كىرگەنىدى. مەككىدىكى كىشىلەر ئىمان ئېيتسا، ھېچقانداق ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيلا قالماي، قولىدا بار بولغان ماددىي ئىمكانلاردىنمۇ قۇرۇق قالاتتى. لېكىن مەدىنەدىكى ئەھۋال ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، يېڭى دىنغا كىرگەنلەر بىر قاتار ماددىي ئىمكانلارغا ئىگە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ماددىي

[1] بەقەرە سۈرىسى، 2 – دىن 5 – ئايەتكىچە.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 8 – ۋە 14 – ئايەتلەر.



www.munber.org

ئىمكانلار كۈنىدىن كۈنگە ياخشىلىنىپ بېرىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇ سەممىيلىك تۈيغۇسى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن شەيتانلارنىڭ بەزىلىرى يەھۇدىيلار ئىدى. بەقەرە سۈرىسىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾[1]

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مەدىنىگە كېلىشىنى روھىي ئوزۇق ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، يەسرىبتە بۇندىن بۇرۇن ئىگە بولغان ئىمتىيازلىرىغا قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى، چۈنكى ئۇ ئىسھاقنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىسمائىلنىڭ نەسەبىدىن ئىدى. بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ پەيغەمبەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە زورىيىشى، ئۇنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن ياردەم ئېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئېنىق ئىپادىسى ئىدى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇشقا ۋە ئۇ ئەۋەتىلگەن قەۋمگە قىزغانچۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىدىن گۇمانلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەسەللىي تېپىشقا ئۇرۇناتتى ۋە باشقىلارغىمۇ بۇ گۇمانلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تۆگىسى يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى پۇرسەت بىلگەن بىر يەھۇدىي: «مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) ئۆزىگە ۋەھيى ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ ئۆز تۆگىسىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ» دەپ پىتنە ـ پاسات تارقاتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن پەقەت ئاللاھ ماڭا بىلدۈرگەننىلا بىلىمەن. ئاللاھ ماڭا تۆگىنىڭ نەدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۆگەم پالانچى يەردىكى دەرەخكە باغلاقلىق تۇرىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارلاردىن بىر قانچە كىشى بېرىپ، تۆگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كۆرسەتكەن يەردىن تېپىپ كەلدى.

ئەرەبلەر ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش گەرچە يەھۇدىيلارغا مەنپەئەت يەتكۈزسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ بىرلىشىشى دەسلەپتە يەھۇدىيلارنى سۆيۈندۈرگەنىدى. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا توقۇنۇش چىقسا، ئەرەبلەر ئىتتىپاقداش يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پايدا يەنىلا يەھۇدىيلارغا بولاتتى. ئەۋس ۋە خەزرەجتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قەبىلىنىڭ بىرلىشىشى يەسرىب ئەرەبلىرىنى كۈچلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىيلارغا ھاجىتى چۈشمەسلىكىگىمۇ سەۋەب بولدى. مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغان يەھۇدىيلارمۇ بۇ كۈچتىن ئورتاق بەھرىمەن بولاتتى، لېكىن مەدىنە سىرتىدىكى ئەرەبلەرگە قارشى

---

[1] رەھمان سۈرىسى، 27 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارغا ئۆلارمۇ مەجبۇرىي قاتنىشاتتى. بۇ ھالەتكە كۆنەلمىگەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتماقچى بولۇپ، ئىككى ئەرەب قەبىلىسى ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى بۇزۇشقا باشلىدى. بەنى قەينۇقا قەبىلىسىدىن قېرى بىر يەھۇدىي بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئىدى، بىر كۈنى ئۇ ئاۋازى يېقىملىق ياش يەھۇدىيدىن بىرنى تېپىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەرەبلەر ئارىسىدا چىققان ئەڭ ئاخىرقى توقۇنۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ يازغان شېئىرلىرىدىن بەزىلىرىنى ئەۋسلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇرغان يەرگە بېرىپ، ئۈنلۈك ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى قەبىلىنى بىر ـ بىرىگە قارشى ئەيىبلەش، سۆكۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ياش يەھۇدىي ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسگە ئۆتمۇشنى ئەسلىتىپ، ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. دەسلەپ، ئەۋس ۋە خەزرەجلىكلەر ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك شېئىرلارنى ئالقىشلىدى ۋە ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا: «قورالىنىڭلار، قورالىنىڭلار!» دېگەن ئاۋازلار يۇكسەلدى. ئىش بىردەمدىلا زورىيىپ، قايتا ئۇرۇشۇش ئۇچۇن قىيالىق تەرەپكە مېڭىشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دەرھال مۇھاجىرلارنى يىغىپ، ئەنسارلار كەتكەن يەرگە يېتىپ باردى. «ئەي مۇسۇلمانلار!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «يەنە جاھىلىيەت دەۋرىگلارغا قايتتىڭلارمۇ نېمە؟ ئاللاھ مېنى ئاراڭلارغا ئەۋەتىش ئارقىلىق سىلەرنى شان ـ شۆھرەتكە ئىگە قىلىۋاتسا ۋە سىلەرنى بۇتپەرەسلىك، كۇپرىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋاتسا، ھەممىڭلارنى بىرلەشتۇرۇۋاتسا، سىلەر يەنە مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۇردۇڭلارمۇ؟» ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە يولسىزلىق قىلغانلىقنى قوبۇل قىلدى ۋە يىغلىشىپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىدى. ئاندىن ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىن قىلىش ئۇچۇن، ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. مەسىلەن، ئەنسارلاردىن بىرى مۇھاجىرلاردىن بىرىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشى قىلىۋالسا، مۇھاجىرلاردىن بىرىمۇ ئەنسارلاردىن بىرىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشى دەپ بىلەتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ سىرتىدا تۇتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ئەنسارنى تاشلاپ، يەنە بىر ئەنسار بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتالمايتتى. شۇڭا ئۇ ئەلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر» دېدى. ھەمزە بىلەن زەيد ئارىسىدىمۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

ئەۋسلىك ئەبۇئەمىر پات ـ پات ئېتىكاپتا ئولتۇرغاچقا، باشقىلار ئۇنى ‹راھىب› دەپ چاقىرىپ قوياتتى. ئەبۇئەمىرمۇ ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۇرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەبۇئەمىر ئالدىغا بېرىپ، يېڭى دىن توغرۇلۇق بىر قانچە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا بۇ دىنىنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىم دىنىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان ئايەتلەر بىلەن جاۋاب بەردى. ئەبۇئەمىر: «لېكىن مەن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىمەن» دېدى ۋە ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىنى بۇزغانلىقىنى



www.munber.org

ۋە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق! مەن ئۇنى ئۆزگەرتمىدىم، بەلكى پاك ۋە ساغلام شەكلىدە ئېلىپ كەلدىم» دېدى. ئەبۇئەمر: «ئاللاھ يالغانچىنى مۇساپىرلىقتا ھالاك قىلسۇن!» دەپ جۆيلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنىڭغا: «شۇنداق! ئاللاھ يالغانچىنى سەن دېگەن ئاقىۋەتكە دۇچار قىلسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇئەمر ئۆز ئابرۇيىنىڭ بارغانسېرى قالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۆز ئوغلىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئۇنى تېخىمۇ كۈچسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، ئەتراپىدا قېلىپ قالغان بىر قانچە كىشى (ئون ئەتراپىدا) بىلەن مەككىگە كەتتى. مانا بۇ، ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى سۈرگۈن قىلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

ئەبۇئەمرنىڭ جىيەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەييمۇ (خەزرەج قەبىلىسىدىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كېلىشىگە سۆيۈنگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭمۇ سىياسىي كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن قىزى جەمىلەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. لېكىن ئۇ ئەبۇئەمرنىڭ ئەكسىچە، ئۇ يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاجىزلىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى.

خەزرەج مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى سەئد ئىبنى مۇئاز ئاغرىپ قالغانىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ماڭدى. مەدىنىلىك بايلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىنى قەلئە شەكلىدە ياسايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا كېتىۋېتىپ باشقا خەزرەجلىكلەر بىلەن ئولتۇرغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيىنى كۆردى. ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، قۇرئان ئوقۇپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش مەقسىتىدە ئۇلىغىدىن چۈشتى. لېكىن ئۇ سۆزىنى باشلاپ تۇرىشىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيي سۆزىنى بۆلۈپ: «سېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭ ھەقىقەت بولسا، ھېچقانداق نەرسە سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن ئۈستۈن بولالمايدۇ. شۇڭا سەن ئۆز ئۆيىڭدە ئولتۇرۇپ، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە تەبلىغ قىلغىن، ئەمما كۆرگەنلا كىشىگە تەبلىغ قىلمىغىن دەپ باشقىلارنىڭ راھىتىنى بۇزمىغىن!» دېدى. «ياق!» دېدى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە: «بىزگە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگىن! بىزنىڭ ئارىمىزغا، مەھەللىمىزگە ۋە ئۆيلىرىمىزگە كىرگىن! چۈنكى بىز بۇ يولنى تاللىدۇق، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلىپ، ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى.» بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيي بەكمۇ ئەپسۇسلاندى ۋە دوستلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان مەزمۇندا بېيىت ئوقۇدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرگە قارشى چىقىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە شۇنچە تەسەللىي بەرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى مەيۈسلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى مەيۈسلۈك سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا مەيۈسلەنگەنلىكىنى سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆبەيىنىڭ سۆزلىرىگە خاپا بولغانلىقىنى ئېيتىپ

www.munber.org

بەردى. سەئد ئىبنى مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز مەيۇسلەنمىگىن! چۈنكى سەن مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن بىز ئۇنى بەكمۇ ئۇلۇغلايتتۇق ۋە ئۇنىڭغا پادىشاھلىق تاجى كىيگۈزمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق. ئاللاھ تائالاھ سېنى بىزگە ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ سېنى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق مەرتىۋىسىنى تارتىۋالدى دەپ ئويلىغاچقا، ساڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرىنى يادىدىن قەتئىي چىقارمىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولمىسا، ئىمتىيازىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇۋېلىشى ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر پەۋقۇلئاددە بىرەر سەۋەب بولمىسىلا، ئۆزلىرى تۇرۇۋشكەن ئەھدىنامىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىردى. گەرچە ئۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ، بەش ۋاقىت نامازنى تەرك ئەتمەيي ئوقۇسىمۇ، مۇئمىنلەر ئۇنىڭ ئىماندىن ھەر دائىم شۈبھىلىنەتتى. ئىمانى شۈبھىلىك باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ئۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇئمىنلەرنىڭ ئابدۇللاھقا بولغان گۇمانى تېخىمۇ ئاشتى.

مەسجىد قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتقان دەسلەپكى ئايلارنىڭ بىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان مەدىنىلىك ئەسئەد ۋاپات بولدى. مۇسئەب ئىككى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. ئەسئەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «يەھۇدىيلار ۋە ئىككى يۈزلىمچى ئەرەبلەر: ”ئەگەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) راستىنلا پەيغەمبەر بولغان بولسا، دوستى ئەسئەد ۋاپات بولمىغان بولاتتى“ دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، مەن نە ئۆزەم ئۈچۈن، نە ئەسئەد ئۈچۈن (ئاللاھ خالىغاندىن باشقا) ھېچنېمە تىلىيەلمەيمەن.»

سەلمان فارىسى ئەسئەدنىڭ جىنازا نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. كېيىنكى يىللىرى، سەلمان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنى ئىككىنچى قېتىم باقى ئەل غەرقاد[1]تا كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە بىر دوستىنىڭ جىنازىسىنىڭ بېشىدا ئىدى.» سەلمان فارىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئىشىنى تاشلاپ دەل ۋاقتىدا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن بىر توپ كىشىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. «رەسۇلۇللاھقا سالام بەردىم» دەيدۇ سەلمان: «ئاندىن پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئايلىنىپ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتۈم. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ نىيىتىمنى بىلىپ قالدى ۋە يەكتىكىنى سىيرىپ، مۆھۈرنى كۆرسىتىپ قويدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ئۇستازىم ماڭا سۆزلەپ بەرگەن مۆھۈر تۇراتتى. مەن ئېڭىشىپ تۇرۇپ

[1] باقى ئەل غەرقاد ــ مەدىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ نامى.



www.munber.org

مۆھۈرگە سۈيدۈم ۋە يىغلاپ كەتتىم. رەسۇلۇللاھ مېنى يېنىغا چاقىردى، مەن ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى باشقىلارغىمۇ ئېيتىپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. مەن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدۇم.» سەلمان باشقىلار تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن قۇل بولغاچقا، بەنى خۇزەيرەلىكلەر بىلەن بىللە ياشايتتى ۋە بەكمۇ ئېغىر ئەمگەككە سېلىناتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى تۆت يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ناھايىتى ئاز ئېرىشەلىدى.

ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغانلاردىن يەنە بىرى بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ دىنىي رەھبىرى ھۇسەيىن ئىبنى سالام بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ مەخپىي ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بەيئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ‹ئابدۇللاھ› دېگەن ئىسىمنى قويۇپ قويدى. ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى بىلىنىپ قېلىشتىن بۇرۇن خەلقىدىن ئۆزى ھەققىدە بىر نەچچە سوئال سورىشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە بەنى قەينۇقا كاتتىلىرىنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئىبنى سالامنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدىكى ئورنى - مەرتىۋىسىنى سورىدى. بەنى قەينۇقالىقلار: «ئۇ بىزنىڭ رەھبىرىمىز ۋە رەھبىرىمىزنىڭ ئوغلى؛ شۇنداقلا ئۇ بىزنىڭ دىنىي رەھبىرىمىز ۋە ئەڭ بىلىملىك كىشىمىزدۇر» دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى سالام دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئەي يەھۇدىيلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىڭلار! چۈنكى سىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر» دېدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالدى.

ئىسلام دىنى مەدىنە ۋادىسىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەردە زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى، ھالال - ھارام ئېنىق ئايرىلدى. مۇسۇلمانلار بەش ۋاقىت نامىزنى جامائەت بولۇپ ئوقۇيتتى. ھەر بىر نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، كىشىلەر مەسجىدنىڭ ئالدىغا يىغىلاتتى ۋە قۇياش نۇرىغا ئاساسەن ناماز ۋاقتىنى بەلگىلەيتتى. لېكىن بەزىدە ھەممەيلەننىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى قاراشلىرى بىردەك بولمايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ۋاقتى كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە يىغىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەڭ دەسلەپ، ئۇنىڭ خىيالىغا يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بۇرغا چالدۇرغان بىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش كەلدى، لېكىن بۇ ئويىدىن دەرھال ۋاز كەچتى. ئاندىن شۇ ۋاقىتتىكى خرىستىئانلارنىڭ ‹ناقۇس› دەپ ئاتىۋالغان ياغاچ قوڭغىرىقىنى ئىشلىتىشنى ئويلىدى، لېكىن ئۇنىمۇ ئىشلەتمىدى. چۈنكى ئىككىنچى ئەقەبەدە بەيئەت قىلغان خەزرەجلىك ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى: «ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك رەختتىن كىيىم كىيىۋالغان بىر كىشى يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. قارىسام، قولىدا بىر ناقۇس بار ئىكەن. مەن: ”ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! قولۇڭدىكى ناقۇسنى ماڭا سېتىپ بېرەمسەن؟“ دېدىم. ئۇ ئادەم: ”بۇنى سېتىۋېلىپ نېمە قىلماقچىسەن؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن“ دېدىم. ئۇ ئادەم: ”مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر



www.munber.org

نەرسە ئۆگىتىپ قويايمۇ؟“ دېدى ۋە ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› نى تۆت قېتىم، ‹ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ› نى ئىككى قېتىم، ‹ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ› نى ئىككى قېتىم، ‹ھەييەئەلەسسالاھ›نى ئىككى، ‹ھەييەئەلەل فەلاھ› نى ئىككى قېتىم، ئاندىن ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› نى ئىككى قېتىم ۋە ئاخىرىدا ‹لائىلاھە ئىللاللاھ› نى بىر قېتىم دېيىشنى ئۆگەتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چۈشنىڭ ھەقتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئاۋازى زىل بولغان بىلال ھەبەشكە ئۆگىتىشىنى تاپىلىدى. نەججار قەبىلىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئۆيى مەسجىد ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئېگىزى ئىدى. بىلال ھەر ئەتىگىنى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، تاڭنىڭ سۈزۈلۈشىنى كۈتەتتى. شەرق تەرەپتىن تاڭنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈشى بىلەن قولىنى كۆتۈرۈپ: «پەرۋەردىگارىم! ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمەن ۋە قۇرەيشلەرنىڭ سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزان توۋلايتتى.

www.munber.org

## يېڭى توي

**(40)**

مەسجىدنىڭ پۈتىشىگە ئاز قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ شەرقىي تېمىغا ياندىشتۇرۇپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ياسىلىشىنى بۇيرىدى. بىر ئېغىزى ئايالى سەۋدە ئۈچۈن، يەنە بىرى بولغۇسى ئايالى ئائىشە ئۈچۈن ئىدى. مەسجىدنىڭ ئىنشائاتى يەتتە ئايدا تۈگىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇئەييۇبنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. سەۋدەنىڭ ئۆيى پۈتۈشكە ئاز قالغاندا، ئايالى سەۋدە بىلەن قىزلىرى ئۇممۇ گۈلسۇم ۋە فاتىمەلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن زەيدنى مەككىگە ئەۋەتتى. ئەبۇبەكرىمۇ ئۇممۇ رۇمان، ئەسما ۋە ئائىشەنى ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئوغلى ئابدۇللاھقا خەۋەر يوللىدى. زەيدمۇ ئۆزىنىڭ ئايالى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن كىچىك ئوغلى ئۇسامەنى بىللە ئېلىپ كەلدى. تەلھە قولىدىكى ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇمۇ زەيد بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇلار مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇبەكرى قىزى ئەسمانى نەچچە ئايدىن بېرى ئانىسى بىلەن مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان زۇبەيرگە ياتلىق قىلدى. ئەبۇبەكرىنىڭ سىڭلىسى قۇرەيبە ياشىنىپ قالغان دادىسى ئەبۇقۇھافەگە قاراش ئۈچۈن مەككىدە قېلىپ قالغانىدى. قۇرەيبە مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، دادىسى ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ ئۆز ئايالى ئۇممۇ ئەيمەندىن باشقا، ئۆزى بىلەن تەڭداش بىرىگە ئۆيلىنىشىنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە جەھشىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھتىن سىڭلىسى زەينەپنى سورىدى. دەسلەپتە، زەينەپ بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زەينەپ قۇرەيش ئىدى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەب بولالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى ئۇمەيمەمۇ ساپ قۇرەيش تۇرۇپ، ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر كىشىگە ياتلىق بولغانىدى. زەيدنىڭ قۇرەيشلەرگە يېتەلمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلى ئائىلىسى تەۋە بولغان بەنى قەلب ۋە بەنى تاي قەبىلىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئەسەد قەبىلىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ تۆۋەن ئىدى. كېيىنچە، زەينەپ ئۆزىنىڭ زەيدكە ياتلىق بولۇشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال ماقۇل بولدى ۋە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ كۈنلەردە زەينەپنىڭ سىڭلىسى ھەمنەمۇ مۇسئەبكە ياتلىق بولدى. كۆپ ئۆتمەي، ئانىسى ئۇمەيمە مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى سەۋدە ۋە قىزلىرى بىلەن يېڭى ياسالغان ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ئۇ يىلى، ئائىشە توققۇز ياشقا كىرگەن بولۇپ، بويىغا يېتىپ، ناھايىتى چىرايلىق ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئاتا ـ ئانىسىغا تارتقانىدى. ئەبۇبەكرىنىڭ چىراي شەكلى بەكمۇ قاملاشقان بولغاچقا، قۇرەيشلەر ئۇنى ‹ئەتىيق› دەپ ئاتىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ

www.munber.org

ئانىسى ئۇممۇ رۇمان ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «كىم جەننەتتىكى شەھلا كۆزلۈك ھۆر ـ پەرىلەرنى كۆرمەكچى بولسا، ئۇممۇ رۇمانغا قارىسۇن!»

ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھىدە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كىچىك چېغىدىلا ھېس قىلغانىدى. ئۇلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئائىشەگە چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ (رەسۇلۇللاھ) ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، جىبرىئىل بىلەن ھەردائىم كۆرۈشۈپ تۇراتتى ۋە ئۇ، بىر كېچىدە ئاسمانغا چىقىپ، يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن باشقا كىشىلەردىن ئاللاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتى بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇ كېچىنىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. مەسىلەن، ھەممە ئادەم ئىسسىقتىن ئۆلەي دېسە، ئۇنىڭ قوللىرىدىن ھەمىشە ھەم سالقىن ھەم خۇشبۇي ھاۋا كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىدىن باشقا، ئۇ ئۆز يېشىدىن تېخىمۇ ياش كۆرۈنەتتى ۋە كۆزلىرى ھەردائىم نۇر چېچىپ تۇراتتى. قارا چاچ ۋە ساقاللىرى ئۇنى تېخىمۇ ياش كۆرسەتسە، بەدىنى فىل يىلىدىن كېيىن ئۆتكەن ئەللىك ئۈچ يىلنىڭ يېرىمىنى ياشىغاندەك قامەتلىك كۆرۈنەتتى.

توي تەييارلىقى باشلاندى. ئەمما تەييارلىق ئائىشەنىڭ يادىدىن چىقمىغۇدەك دەرىجىدە داغدۇغىلىق ئەمەس ئىدى. ئائىشە ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن باغدا دوستلىرى بىلەن ئويۇن ئويناۋاتاتتى. بۇ ھەقتە ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «بىر تەختىراۋاننىڭ ئۈستىدە ئويناۋاتاتتۇق، (ئۇزۇن) چاچلىرىم چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. بىر ۋاقىتتا، چوڭلار مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى ۋە تويغا جابدۇشقا باشلىدى.»

ئەبۇبەكرى بەھرەيندىن ئىنچىكە سىزىقلىق قىزىل رەخت سېتىۋالغانىدى. ئائىشەگە شۇ رەختتە تويلۇق كىيىم تىكىلدى. ئانىسى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېڭى ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. ئۆينىڭ ئالدىدا ئەنسارلىق بەزى ئاياللار تۇراتتى. ئۇلار ئائىشەگە: « مۇبارەك بولسۇن! ھەممە ئىشىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولسۇن!» دەپ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن بېزىشىگە قاراپ تۇردى. باشقا تويلارنىڭ دەل ئەكسىچە، بۇ توي ئۈچۈن تائام تەييارلانمىدى ۋە مۇراسىم ناھايىتى ئاددى ـ ساددا ئۆتكۈزۈلدى. بىر قاچىدا سۈت كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتتىن ئازراق ئىچىپ قاچىنى ئائىشەگە ئۇزاتتى. ئائىشە خىجىل بولغىنىدىن قاچىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زورى بىلەن ئالدى ۋە ئازراق ئىچىپ ھەدىسى ئەسماغا تۇتتى. مۇراسىمغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى سۈتنى نۆۋەت بىلەن ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇل بىلەن كېلىننى يالغۇز قويۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشتى.

تويدىن بۇرۇن، ئائىشەنىڭ دوستلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىللە ئوينايتتى. تويدىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئائىشەنىڭ يېڭى ئۆيىگە كىرىپ ئويناشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئائىلىسى بىلەن بىللە مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا مەدىنىدە تونۇشقان دوستلىرى ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن



www.munber.org

دوستلىرىم بىلەن قونچاقلىرىمنى ئويناياتتىم. بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىلىپ قالاتتى. ئۇنى كۆرگەن دوستلىرىم دەرھال قىچىشقا باشلايتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يىغىپ كېلەتتى. بەزىدە دوستلىرىم قېچىپ بولغىچە ئۇلارغا: ”جايىڭلاردا ئويناۋېرىڭلار!“ دەپ قوياتتى. كىچىك باللارغا ئامراقلىقى ۋە دائىم ئۆز قىزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرغانلىقىدىن، بەزىدە مېنىڭ دوستلىرىمغا قېتىلىپ ئويۇن ئويناپ كېتەتتى. بىر كۈنى مەن قونچاقلىرىمنى ئويناپ ئولتۇرسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى ۋە: ”ئەي ئائىشە! بۇ قايسى ئويۇنچاق؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”بۇلار سۇلايماننىڭ ئاتلىرى“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. بەزىدە دوستلىرىمنىڭ ئويۇن كەيپىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، يەكتەكگە ئورانغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى.»

ئائىشەنىڭ ئۆسمۈرلۈك ھاياتى مەدىنىدە باشلانغان قىزىتما ۋاباسى بىلەن ئاخىرلاشتى. مەدىنە ۋادىسى پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىدا بەلگىلىك بىر مەۋسۇمدە قوزغىلىدىغان قىزىتما ۋاباسى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ ۋابا، كۆپىنچە ھاللاردا مەدىنە ھاۋاسىغا يات كىشىلەرگە يۇقاتتى. ۋابا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقمىغان بولسىمۇ، ئەڭ يېقىن ھەمراھلىرىدىن ئەبۇبەكرى، ئەمر ۋە بىلاللارغا يۇققان ئىدى. بىر كۈنى، ئائىشە دادىسىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۆيدە ھالسىز ياتقان بۇ ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ بەكمۇ قورقۇپ كەتتى ۋە ئەبۇبەكرىدىن: « دادا! نىمە بولدۇڭ؟» دەپ سورىدى. دادىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇجمەل قىلىپ، ئىككى مىسرالىق شېئىر بىلەن جاۋاب بەردى:

ھەر كىشى ئۆز يېقىنىغا تىلەر ئېسەنلىك،
لېكىن بەكمۇ يېقىندۇر كىشىگە كېسەللىك.

ئائىشە دادىسىنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى ۋە ئەمرگە قارىدى. ئىمجان ھالەتتە ياتقان ئەمرمۇ ئۇنىڭغا شېئىر بىلەن جاۋاب بەردى. ئاڭغىچە بىلالنىڭ قىزىتمىسى يانغانىدى. لېكىن ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى بولمىغاچقا، ئۇمۇ ھويلىدا ياتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئائىشەگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ئاھ! ئۆزەمنى قايتا كۆرەرمەنمۇ؟
مەككە سىرتىدىكى سۇمبۇل، يۇلغۇن ئارىسىدا.
مەجەننە① سۇلىرىدىن ئىچەرمەنمۇ؟
بېرىپ ـ كېلىپ شامە، تافىل② ئارىسىدا.

ئائىشە ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئۆيگە قايتتى: «ھەممىسىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، بىر نەرسىلەرنى جۆيلۈپ ياتىدۇ» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرىنى ئۆز ئەينى تەكرارلاپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى ۋە ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «پەرۋەردىگارىم! مەككىنى بىزگە سۆيۈملۈك دىيار قىلىپ بەرگەنىدىڭ. ئەمدى مەدىنىنىمۇ شۇنداق سۆيۈملۈك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك

① مەجەننە ـ مەككىگە يېقىن بىر يەرنىڭ ئىسمى.
② مەككىدىكى ئىككى تۆپىلىك.

www.munber.org

قىلىپ بەرگىن! بۇ يەرنىڭ سۈيىنى مول، يەرلىرىنى مۇنبەتلەشتۈرگىن ۋە ۋابا كېسەللىنى بۇ ۋادىدىن تاكى مەھيا[1] غىچە يىراقلاشتۇرغىن!» ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

[1] مەھيا ـ مەدىنىنىڭ جەنۇبىدا، يەتتە كۈنلۈك (تۆگە بىلەن) يىراقلىقتىكى بىر يەر.



www.munber.org

## ئۇرۇش باشلاندى

### (41)

﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.﴾①

بۇ ۋەھيى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ كۆپ ئۆتمەي نازىل بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتتىكى "رۇخسەت" نىڭ ئۆزىگە قىلىنغان "ئەمر ـ پەرمان" ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. يەھۇدىيلار بىلەن تۈزۈلگەن ئىتتىپاق شەرتنامىسىمۇ ئۇرۇش ھەققىدىكى ماددىلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ھازىرچە قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەت كارۋانلىرىغىلا ھۇجۇم قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇرەيشنىڭ تىجارەت كارۋانلىرى ئاساسەن قوغدىغۇچىسىز بولۇپ، ئەتىياز ۋە ياز ئايلىرىدا سۇرىيە سەپىرىگە چىققان كارۋانلارنى قولغا كىرگۈزۈش بەكمۇ ئاسان ئىدى. كۈز ۋە قىش ئايلىرىدا، كارۋانلار ئاساسەن يەمەن ۋە ھەبەشىستان تەرەپلەرگە (يەنى جەنۇبقا) سەپەر قىلاتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋانلار ھەققىدە يىغقان مەلۇماتلىرى ئىشەنچسىز بولغاچقا، پات ـ پات پىلان ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. مەككە كارۋانلىرى مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇملىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى، لېكىن، مۇسۇلمانلار قىزىل دېڭىز بويىدا ياشايدىغان بەدەۋى ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە سىرتىغا چىقىشتىن بۇرۇن، خەزرەج كاتتىلىرىدىن سەئد ئىبنى ئۇبادەنى ئۆز ئورنىغا نائىب قىلىپ قويدى. بۇ ۋەقە ھىجرەتتىن ئون بىر ئاي كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن كېيىن ئۆزى شەھەر سىرتىغا چىقماي، ئورنىغا باشقا بىرىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ قويىدىغان بولدى (باشلىقنىڭ قولىدا ئۈچىغا ئاق لاتا باغلانغان ئۇزۇن خادا بولاتتى). تۇنجى يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت مۇھاجىرلارنىلا ئەۋەتتى. لېكىن **623** ــ يىل **9** ــ ئايدا، جۇمەھ كاتتىسى ئۇمەييە باشچىلىقىدا ناھايىتى چوڭ بىر كارۋاننىڭ شىمالدىن كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋېلىندى. كارۋاننى يۈزگە يېقىن لەشكەر قوغداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمەييەنىڭ ئىسلامغا بولغان ئەشەددىي دۈشمەنلىكى ۋە كارۋاندىكى ماللارنىڭ ھەم كۆپ (**2500** تۆگە مال) ھەم ئىبىسلىلىقى مۇسۇلمانلارنى كارۋانغا ھۇجۇم

① ھەج سۈرىسى، 39 ـ ۋە 40 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

قىلىشقا ئۈندىگەن ئەڭ مۇھىم ئىككى ئامىل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلارنىڭ بۇ كارۋانغا قارشى تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ مۇھاجىرلاردىن يۈز، ئەنسارلاردىن يۈز بولۇپ، جەمئىي ئىككى يۈز ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن بۇ قېتىمقى مەلۇماتلارمۇ يېتەرلىك بولمىغاچقا، ھېچقانداق توقۇنۇش يۈز بەرمىدى. بۇ ئىشتىن ئۈچ ئاي كېيىن، قوغدىغۇچىلىرى ئاز، لېكىن مېلى كۆپ بىر كارۋاننى يەنە قاچۇرۇپ قويدى. بۇ كارۋان ئەبۇشەمس قەبىلىسىدىن ئەبۇسۇفياننىڭ ماللىرىنى سۈرىيەگە ئېلىپ ماڭغان بولۇپ، كارۋاننىڭ خەۋىرى مەدىنىگە ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىپ كېتىدىغان يەنبۇ ئويمانلىقىنىڭ ئۇشەيرە دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندە، كارۋان ئاللىقاچان ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بەلكىم، ئەبۇسۇفيان سۈرىيەدىن تېخىمۇ كۆپ مال بىلەن مەككىگە قايتىشى مۇمكىن بولۇپ، ئەنە شۇ چاغدا، مۇسۇلمانلار (ئاللاھ خالىسا!) كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇۋالالايتتى.

تېخىــى ھېچقانــداق توقۇنــۇش مەيــدانغا كەلمىگــەن بولســىمۇ، قۇرەيشــلەر مەدىنىــدىكى دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەر ۋاقىت ھوشيار ھالەتتە ئىدى. لېكىن ئۇلار: «بۇ ھالەت جەنۇب بىلەن بولغان تىجارىتىمىزگە تەسىر قىلمايدۇ» دەپ ئويلىشاتتى. ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكســىچە بولــدى. چۈنكــى يەمەنــدىن كېلىۋاتقــان كارۋاننــىڭ خــەۋىرىنى ئالغــان پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، جىيەنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى سەككىز مۇھاجىر بىلەن بىللە، مەككە بىلەن تائىف ئارىسىدىكى نەھلە ئويمانلىقىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ كۈنلەر رەجەب ئېيى، يەنى ھارام قىلىنغان تۆت ئاينىڭ بىرى بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھقا كارۋانغا ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمەي، پەقەت كارۋان توغرۇلۇق مەلۇمات ئېلىپ كېلىشنىلا ئەمر قىلدى. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنكى كۈنلەردە جەنۇبتىن كېلىدىغان كارۋانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە كۆپرەك مەلۇمات ئېلىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانىدى.

مۇھاجىرلار نەھلەگە يېتىپ باردى ۋە يولغا يېقىن بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتتى. كۆپ ئۆتمەي، قۇرەيشلەرنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر كارۋىنى يېتىپ كېلىپ، مۇھاجىرلاردىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۇلارغا يېقىنلا بىر يەردە ھايالدىدى. تۆگىلەرگە تېرە، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە باشقا ماللار ئارتىلغانىدى. ئابدۇللاھ ۋە ھەمراھلىرى بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كارۋان توغرۇلۇق مەلۇمات ئېلىپ قايتىش ئۈچۈنلا ئەۋەتكەن بولۇپ، ھارام ئېيدا ئۇرۇشۇش ياكى ئۇرۇشماسلىق توغرۇلۇق ھېچنەرسە دېمىگەنىدى. ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىگە: «جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان بۇ قائىدە ھازىرمۇ ئىناۋەتلىكمىدۇ؟» دەپ سوراشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى..... ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى...﴾ دېگەن ئايىتى كەلدى.

ئۇلار قۇرەيشلەر بىلەن دۈشمەن ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كارۋاندا قۇرەيش قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىسلامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان مەھزۇم قەبىلىسىدىن ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئۇ كۈنى، رەجەب ئېيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ، شۇ بىر كۈن ئۆتۈپ



www.munber.org

كەتسىلا، ھارام ئىيى ھېسابلانمايدىغان شەئبان ئىيى كىرەتتى. لېكىن كارۋاندىكىلەر كەچ كىرگىچە (ئۇرۇشۇش ھارام قىلىنغان يەر) ھەرام مەسجىدىگە يېتىپ بېرىۋالاتتى. مەلۇم مۇددەتلىك تېگىرقاشتىن كېيىن، كارۋانغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە تۇنجى ئاتقان ئوق بىلەن ئابدۇشەمس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان قىندە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مەھزۇملۇق ئوسمان بىلەن ئازاد قىلىنغان ھەكەمنى ئەسىرگە ئالدى. لېكىن ئوسماننىڭ قېرىندىشى نەۋفەل ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ، مەككىگە قېچىپ كەتتى.

ئابدۇللاھ ۋە ھەمراھلىرى تۆگە، مال ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى. ئابدۇللاھ ئولجا ئېلىنغان مالنىڭ بەشتىن بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامغا بېرىپ، قالغىنىنى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بۆلۈشتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۇ بەرگەن ماللارنى قوبۇل قىلماستىن ۋە: «سىلەرنىڭ ھارام ئىيىدا ئۇرۇش قىلىشىڭلار ئۈچۈن رۇخسەت بەرگەنمىدىم؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇھاجىرلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. باشقا مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنى ئەيىبلىدى. يەھۇدىيلار بۇ ۋەقەنىڭ پەيغەمبەرنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. قۇرەيشلەر بولسا ھەر يەردە: «مۇھەممەد (ئەلەيهسسالام) ھارام ئىيىدا بىزگە ھۇجۇم قىلدى» دەپ جار سېلىشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي، مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى: «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر.»﴾[1]

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش گۇناھ بولسىمۇ، بۇ ۋەقە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەچكە، ئابدۇللاھ بەرگەن مالنى خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش مەقسىتىدە قوبۇل قىلدى. مەھزۇم قەبىلىسى ئەسىرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن فىدىيە ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئازاد گەردىسى ھەكەم مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىدە قالغاچقا، ئوسمان ئۆزى يالغۇز مەككىگە قايتتى.

شۇ يىلى شەئبان ئىيىدا، ناھايىتى مۇھىم بىر تېما ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ـ قىبلە مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆزلەر بىلەن باشلىناتتى. قىبلە مەسجىدىتە مېھرابقا، يەنى قۇددۇس تەرەپكە قارايدىغان تامنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاشلارغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. لېكىن شەھەر سىرتىدىكى كىشىلەر قىبلىنى قۇياش ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ بەلگىلەيتتى. ﴿بىز سېنىڭ (كەئبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە

[1] بەقەرە سۈرىسى، 217 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۇئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار.﴾[1]

شۇنىڭ بىلەن، مەسجىدنىڭ مەككىگە قارايدىغان جەنۇبىي تېمىغا بىر مېھراب ياسالدى. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن، مۇسۇلمانلار بەش ۋاقىت نامازلىرىدا ۋە باشقا نامازلاردا يۈزىنى كەئبە تەرەپكە قىلىپ كەلمەكتە.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 144 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# بەدرىگە يۈرۈش

## (42)

ئەبۇسۇفياننىڭ باشقا تىجارەتچىلەر بىلەن بىرگە ماللىرىنى ئېلىپ سۇرىيەدىن مەككىگە قايتىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلھە بىلەن ئۆمەرنىڭ جىيەنى سەئىدنى (ھەنفىلەردىن زەيدىنىڭ ئوغلى) كارۋان ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مەدىنەنىڭ غەربىدىكى ساھىلغا جايلاشقان ھەۋرا دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلغاندا، غەربىي جەنۇبقا قاراپ تېز ئىلگىرىلەپ، كارۋاننى دېڭىز ساھىلىغا قىستاش ئاسانغا توختايتتى. ئەۋەتىلگەن ئىككى خەۋەرچى جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە كارۋان ئۇ يەردىن ئۆتكىچە ساقلاپ ياتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تارتقان جاپالىرى بىكارغا چىقىشى مۇمكىن ئىدى، چۈنكى مەدىنىلىك يەھۇدىي ياكى مۇناپىقلاردىن بىرى پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) نىڭ پىلانىنى ئەبۇسۇفيانغا ئېيتىپ قويغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇسۇفيان غىفارى قەبىلىسىدىن دەمدەم ئىسىملىك بىرىنى مەككىگە ئەۋەتىپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزلىرىگە دەرھال قوغدىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزى بولسا، كارۋاننى باشلاپ، دېڭىز ساھىلى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ماڭدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئەبۇسۇفيانغا ئوخشاش جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بولۇپ، مەدىنىدە كۆپرەك تۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى قىزى رۇقىيە قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدى. لېكىن شەخسىي مەسىلىلەر ئومۇمنىڭ مەسىلىلىرىگە توسقۇنلۇق قىلسا بولمايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەرچىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا يولغا چىقىش قارارىغا كەلدى. مەدىنىدە **305** كىشىلىك قوشۇن تەييارلاندى. ئۇ ۋاقىتلاردا، مەدىنىدە قولغا قورال ئالالايدىغان مۇھاجىرلارنىڭ سانى **77** بولۇپ، ئۈچ كىشىدىن باشقا ھەممىسى قوشۇنغا قېتىلغانىدى. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ئوسمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئايالى رۇقىيەگە قارىشى ئۈچۈن مەدىنىدە قېلىشنى تاپىلىغانىدى. قالغان ئىككىسى تەلھە بىلەن سەئىد ئىدى، ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، قوشۇن ئاللىبۇرۇن يولغا چىقىپ بولغانىدى.

قوشۇن تۇنجى ھايالدىما يېرىگە يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇھرى قەبىلىسىدىن جىيەنى سەئىد ئون بەش ياشلىق ئىنىسى ئۆمەيرنىڭ يىغلامسىراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. «قورقۇۋاتىمەن» دېدى ئۆمەير: «رەسۇلۇللاھ مېنىڭ يېشىمنى كىچىك كۆرۈپ، مەدىنىگە قايتۇرۇۋېتەرمۇ دەپ قورقۇۋاتىمەن. مېنىڭ قايتىپ كەتكۈم يوق. بەلكىم ئاللاھ ماڭا شاھادەتنىڭ تەمىنى تېتىتىشى مۇمكىن» دېدى. دەرۋەقە، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى رەتكە سېلىۋېتىپ ئۇنى كۆردى ۋە يېشىنىڭ بەكمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى. ئۆمەير شۇ يەردىلا يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. «ئۇ شۇنچىلىك كىچىك ئىدىكى» دەيدۇ سەئىد: «قىلىچىنىڭ دەستىسىنى كىچىكلىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم».



www.munber.org

قوشۇننىڭ يەتمىش تۇياق تۆگە بىلەن ئۈچ تۇياق ئېتى بار بولۇپ (ئاتنىڭ بىرى زۇبەيرنىڭ ئىدى)، ھەر بىر تۆگىگە ئۈچ ـ تۆت ئادەم مىنگىشىۋالغانىدى. ئاق تۇغ مۇسئەبكە تاپشۇرۇلدى، چۈنكى ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ ئۇرۇش بايراقدارى بولغان ئابدۇددار قەبىلىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرشاۋۇللارنىڭ كەينىدىن يەر ئالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا، بىرى مۇھاجىر، يەنە بىرى ئەنسارلارغا سەمۇۇللۇق قىلىدىغان ئىككى تۇغ كېلىۋاتاتتى. تۇغنىڭ بىرى ئەلىنىڭ، يەنە بىرى ئەۋسلىك سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ قولىدا ئىدى. مەدىنىدە قالغان جامائەتكە ئىماملىق قىلىپ بېرىشكە ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم (ئەما) تەيىنلەنىدى. ئاللاھ تائالا ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغانىدى: ﴿پېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۇردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى.﴾[1]

دەمدەم مەككىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى ئاتىكە قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنىدى ۋە چۈشىگە قۇرەيشكە كېلىدىغان بىر پالاكەتنىڭ بېشارىتى دەپ تەبىر بەرگەنىدى. چۈشى قاتتىق تەسىر قىلغان ئاتىكە قېرىندىشى ئاباسنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى: «تۆگىگە مىنىۋالغان بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئادەم مەككە ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ تۆگىسىدىن چۈشتى ۋە پۈتۈن ئاۋازى بىلەن: ”ئەي بىۋاپا ئىنسانلار! ئۈچ كۈن ئىچىدە سىلەرنى ھالاك قىلىدىغان پالاكەتكە تەييارلىنىڭلار!“ دەپ ۋارقىرىدى. ئىنسانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇ ئادەم ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىلەن بىرلىكتە ھەرام مەسجىدىگە كىردى. تۆگىسى ئۇنى مىندۈرۈپ كەئبىنىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئادەم يەنە شۇنداق ۋارقىرىدى. ئاندىن قولىغا بىر پارچە تاش ئېلىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاتتى. تاش يەرگە تېگىپ ئىككى پارچە بولدى ۋە مەككە ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.»

ئاباس بۇ چۈشنى دوستى ۋەلىدكە (ئۇتبەنىڭ ئوغلى) سۆزلەپ بەردى. ۋەلىد دادىسىغا سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ چۈش مەككىگە پۇر كەتتى. ئەتىسى ئەبۇجەھىل ئاباسنى مازاق قىلىپ: «ئەي ئابدۇمەنناف ئوغۇللىرى! قاچاندىن بېرى ئاراڭلاردىكى ئايال پەيغەمبەرلەر سىلەرگە غەيبتىن خەۋەر بېرىدىغان بولۇپ قالدى؟ ئاراڭلاردىن چىققان ئەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىك خىيالى يەتمىگەندەك، ئەمدى نۆۋەت ئاياللارغا كەلدىمۇ؟» دېدى. ئاباس ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈدەك سۆز تاپالمىدى. ئەبۇجەھىل بۇ سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى ئەتىسى دەمدەمنىڭ ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىدىن پۈتۈن مەككىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاۋازىدىن ئالدى. مەككە خەلقى ئۆيلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، دەمدەمنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئەبۇسۇفياندىن كۆپلەپ ھەق ئالغان دەمدەم ئۆز رولىنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يىرتىپ، تۆگىگە تەتۈر مىنىۋالغانىدى، ھەتتا پالاكەتكە يولۇققانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تۆگىسىنىڭ بۇرنىنى يېرىۋەتكەچكە، قان تامچىپ تۇراتتى. «ئەي قۇرەيشلەر!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى دەمدەم: «كارۋان تۆگىلىرى، كارۋان تۆگىلىرى، ئەبۇسۇفيانغا تاپشۇرغان ماللىرىڭلار... مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ھەمراھلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ياردەم قىلىڭلار! تېزدىن ياردەم قىلىڭلار!...»

---

[1] ئەبەسە سۈرىسى، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

شەھەردە بىردىنلا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ كارۋان بۇ يىلنىڭ ئەڭ چوڭ كارۋىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا بەكمۇ كۆپ مال ـ بايلىق بولغاچقا، ھېچكىم بۇ كارۋاننى مۇسۇلمانلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. دەرھال مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلاندى. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا نەھلەنى ئۆلتۈرگەن ئەمرنى كۆزدە تۇتقان مۇشرىكلەر: «مۇھەممەد بۇ كارۋاننىمۇ ئىبنۇل ھەدرامىنىڭ كارۋىنى دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيىشتى. قوشۇنغا ئەدىي قەبىلىسىدىن باشقا ھەممىسى قوشۇلدى. مەھزۇم قەبىلىسىدىن بىرەيلەننى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئورنىغا ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەبۇلەھەبتىن باشقا بارلىق قۇرەيش كاتتىلىرى قوللىرىغا قورال ئېلىپ قوشۇن بىللە يۈرۈش قىلدى. بۇ كارۋاندا بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىب قەبىلىلىرىنىڭمۇ ماللىرى بار بولۇپ، ماللىرىنى قوغداش ئۈلار ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش ئىدى، شۇڭا تالىب ھەر ئىككى قەبىلىدىن قوشۇنغا ئادەم چىقاردى. ئاباس ۋە خەدىچەنىڭ ئەسەد قەبىلىسىدىن جىيەنى ھاكىم ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە يولغا چىقتى. جۇمھىنىڭ رەئىسى ئۇمەييە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ مەككىدە قالماقچى بولدى. لېكىن مەسجىدى ھەرامدا ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئۇتبە كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا خۇشپۇراق چىقىپ تۇردىغان ئىسرىقدانىنى قويدى ۋە: «ئەي ئۇمەييە! ئۆزەڭگە بۇ خۇشپۇراق بىلەن ئىسرىق سېلىۋالغىن! چۈنكى سېنىڭ خوتۇن كىشىدىن پەرقىڭ يوق» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇمەييە: «ئاللاھ جازايىڭنى بەرسۇن!» دېدى ۋە قوشۇنغا قېتىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن جەنۇبقا كېتىدىغان يولدىن چىقىپ، غەربكە، سۇرىيەدىن مەككىگە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بەدرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەبۇسۇفيانغا بەدرىدە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان جۇھەينە قەبىلىسىدىن (بەدرىنى ياخشى بىلىدىغان) ئىككى كىشىنى خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئالدىن يوللىدى. ئىككى خەۋەرچى بەدرى قۇدۇقىنىڭ يېنىدىكى تۆپىلىككە كېلىپ چۈشتى ۋە سۇ ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىغا باردى. قۇدۇق بېشىدا بەدرىلىك ئىككى قىز پاراڭلىشىپ تۇراتتى. خەۋەرچىلەر قىزلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى. قىزلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: «كارۋان ئەتە ياكى ئۆگۈن يېتىپ كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئالغان پۇلۇم بىلەن ساڭا بولغان قەرزىمنى تۆلىۋېتىمەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان خەۋەرچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپلا يولغا چىقىشتى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىپ، سەل ساقلاپ تۇرغان بولسا، ئاتلىق بىرىنىڭ سۇرىيە تەرەپتىن بەدرى قۇدۇقى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى. بۇ ئاتلىق ئادەم ئەبۇسۇفيان بولۇپ، بەدر ئەتراپىنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن كارۋاننىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئەبۇسۇفيان قۇدۇق بېشىغا يېقىن بىر يەردە كېتىۋاتقان يەرلىك بىر كىشىدىن بۇ ئەتراپقا يات ئادەملەرنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ كىشى ئەبۇسۇفيانغا ئىككى ئادەمنىڭ قۇدۇق يېنىدىكى تۆپىلىككە چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەبۇسۇفيان خەۋەرچىلەر چۈشكەن يەرگە يېتىپ باردى ۋە تۆگە ماياقلىرىنى يېرىپ قارىدى. ماياقلارنىڭ ئىچىدە خورما ئۇرۇقلىرى تۇراتتى. «ۋاي ئاللاھ! بۇ يەسرىبلىكلەرنىڭ يېمى» دېدى ئەبۇسۇفيان ۋە دەرھال ئارقىغا قايتىپ، كارۋاننىڭ بېشىنى سولغا بۇرىدى. بەدرىنىڭ سول تەرىپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

www.munber.org

خەۋەرچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كارۋاننىڭ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. ھەرقانداق كارۋان سۈرىيە بىلەن مەككە ئارىسىدا ئەڭ كونا تۇرالغۇ جاي بەدردىن چوقۇم ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇدۇق بېشى كارۋان ئۈستىگە توپۇقسىز باستۇرۇپ بېرىپ، تالاپەتكە ئۇچرىتىش ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئەپلىك يەر ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي، قۇرەيشنىڭ قوشۇن تەشكىللەپ مەككىدىن يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئېھتىماللىقنى ئاللىبۇرۇن ئويلىشىپ قويغانىدى. لېكىن بۇ ئېھتىماللىقنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەش ياكى كەينىگە قايتىش توغرۇلۇق بىر قارار چىقىرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر مۇھاجىرلار نامىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەش كېرەكلىكى ھەققىدە پىكىر بايان قىلدى. مەدىنىگە تېخى يېڭىلا يېتىپ كەلگەن مىقداد ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ پىكرىنى قوللىغان ئاساستا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ساڭا قانداق ئەمر قىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىلغىن! بىز بەنى ئىسرائىل قەۋمى ھەزرىتى مۇساغا دېگەندەك: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى.﴾[1] دېمەيمىز، بەلكى بىز: ”سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىزمۇ ئالدى - كەينىڭلاردا ۋە ئوڭ - سولۇڭلاردا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز“ دەيمىز» دېدى. (كېيىنكى يىللىرى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قانچىلىك مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرگە ھەيران قالمىدى، چۈنكى ئۇ مۇھاجىرلارنىڭ ھەمىشە ئۆزىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن بۇ سۆزلەرگە ئەنسارلارنىڭمۇ ھەممىسى قېتىلامدۇ؟ چۈنكى ئەنسارلار مەدىنىدىن قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەدىنىلىكلەر ئەقەبە بەيئىتىدە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەقەت مەدىنىنىڭ ئىچىدىلا ئۆز بالا - چاقىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەنىدى. ئەجىبا، ئۇلار پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) نى مەدىنە سىرتىدىكى دۈشمەندىنمۇ قوغدارمۇ؟

«ئەي ئىنسانلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بۇ خىتاب ئومۇمغا قىلىنغان بولسىمۇ، تېخىچە ئېغىز ئاچماي ئولتۇرغان ئەنسارلارغا قارىتىلغانىدى. سەئد ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭچە سەن بىزگە قارىتىپ خىتاب قىلىۋاتقاندەك قىلىسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تەستىقلىدى. ئىبنى مۇئاز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىز ساڭا ۋە سۆزلىرىڭگە ئىشىنىمىز. سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمىز. بىز ساڭا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەندۇق، ئۇنداق بولغانىكەن، سەن قانداق ئويلىغان بولساڭ، شۇنداق قىلغىن، بىز ھەر ۋاقىت سېنىڭ بىلەن بىللىمىز. سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن رەببىمگە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن

---

[1] مائىدە سۈرىسى، 24 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

بىزگە شۇ دېگىنىنى كۆرسىتىپ، قارشى تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن باشلاپ ماڭساڭ، بىز ھەممىمىز سەن بىلەن دېگىنىڭغا شۇڭغۇيمىز. شۇنداقلا، ئەتە - ئۆگۈن ئالدىمىزغا كېلىدىغان ئۇ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشۇشتىنمۇ ھەرگىز چېكىنمەيمىز. چۈنكى بىز ئۇرۇشخۇمار خەلق بىز. بەلكىم شۇ سەۋەب بىلەن ئاللاھ ساڭا بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويسا، سېنىڭ كۆزلىرىڭ نۇرلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغانىكەن، سەن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بىزگە رەھبەرلىك قىلغىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرگە بەكمۇ سۆيۈندى. ئەمدى كارۋان ياكى قوشۇننىڭ بىرىنى تاللاش ئىشى قالغاندى. «ئالغا!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرىكەتلىنىڭلار! چۈنكى ئاللاھ ئىككىسىدىن بىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. دۈشمەن كۆزۈمگە ھازىرلا يېڭىلگەن ھالەتتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.»

مۇسۇلمانلار گەرچە ئەڭ يامان ئېھتىماللىققا قارشى تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، دۈشمەن قوشۇنى كېلىشتىن بۇرۇن كارۋاننى قولغا كىرگۈزۈپ، مال ۋە ئەسىرلەر بىلەن مەدىنىگە قايتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەدرىگە بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر يەردە ھايالدىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىغا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ئېلىپ ئەتراپنى چارلاپ كېلىشكە چىقتى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان بىر مويسىپىتتىن مەلۇمات ئالدى. مويسىپىت كىشى مەككە قوشۇنىنىڭ يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئىككىيلەن قوشۇننىڭ يېنىغا قايتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ جىيەنى (ئەلى، زۇبەير ۋە سەئد) گە بىر نەچچە ھەمراھ قوشۇپ، مەككە قوشۇنى ياكى كارۋاننىڭ بەدرى قۇدۇقى ئەتراپىغا كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەن كىشىلەر قۇدۇق بېشىدا مەككە قوشۇنى ئۈچۈن سۇ تارتىۋاتقان قۇرەيش قەبىلىسىلىك ئىككى ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرمايلا، ئىككىسىنى سوراققا تارتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغا بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇننىڭ سۇچىسى ئەمەس، بەلكى كارۋاننىڭ سۇچىسى بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئىككى سۇچىنى قاتتىق ئۇرۇپ، «بىز ئەبۇسۇفياننىڭ سۇچىلىرىمىز» دېگەندىلا ئاندىن بولدى قىلدى. ئۇنىڭغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئوقۇپ بولدى. سوراققا تارتقۇچىلارغا قاراپ: «سىلەرگە راست گەپ قىلسا ئۇردۇڭلار، يالغان گەپ قىلسا قويۇۋەتتىڭلار. ئۇلار راستىنلا قۇرەيش قوشۇنىنىڭ سۇچىلىرى» دېدى. ئاندىن سۇچىلارغا قاراپ: «سىلەر ماڭا قۇرەيش قوشۇنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار!» دېدى. سۇچىلار ئەقانقەلنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «قوشۇن شۇ تۆپىلىكنىڭ نېرىسىدىكى ۋادىدا» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشۇندا قانچە كىشى بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بەكمۇ جىق» دېدى، لېكىن ئېنىق بىر سان ئېيتىپ بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندە قانچە تۆياق مال سويۇلىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار: «بەزى كۈنلىرى توققۇز، بەزى كۈنلىرى ئون تۆياق مال سويۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ئادەم سانى 900 بىلەن **1000** ئارىسىدا ئىكەن. قوشۇندا قۇرەيش كاتتىلىرىدىن كىملەر بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار ئابدۇشەمسىلىك ئاكا - ئۇكا شەيبە ۋە ئۇتبە، نەۋفەل قەبىلىسىدىن ھارىس ۋە تۇئەيمە،

www.munber.org

ئابدۇددارادىن (ئۆزى توقۇۋالغان پارس خەلق چۆچەكلىرى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرىگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان) نادىر، ئەسئەد قەبىلىسىدىن خەدىچەنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى نەۋفەل، مەھزۇمدىن ئەبۇجەھىل، جۇمھتىن ئۇمەييە، ئەمردىن سۇھەيل قاتارلىق ئون بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ ئىسىملارنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى رەتكە سېلىۋېتىپ: «مەككىنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى ئالدىڭلارغا كەپتۇ» دېدى.

مەككىدە مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ تەشكىللىنىپ، بەدرگە يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەبۇسۇفيانغا چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەبۇسۇفيان ئاللىبۇرۇن كارۋاننى باشلاپ بىخەتەر يەرگە بېرىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ قوشۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «مال، تۆگە ۋە ئادەملىرىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم. ئاللاھ ئۇلارنى قوغدىدى، شۇڭا مەككىگە قايتىپ كەتسەڭلار بولىدۇ» دەپ خەۋەر يوللىدى. بۇ خەۋەر يېتىپ بارغاندا، قۇرەيش قوشۇنى بەدرنىڭ جەنۇبىدىكى جۇھفەدە ھايالداۋاتاتتى. لېكىن بەنى مۇتەللىب قەبىلىسىلىك جۇھەيننىڭ كۆرگەن چۈشى قوشۇننىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە سەۋەب بولدى. جۇھەيىن چۈشنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مۇگدەپ يېتىپ بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئاتقا مىنىۋالغان بىر ئادەم كەلدى، ئاتنىڭ كەينىدە بىر تۆگىسى بار ئىدى. ئۇ ئادەم ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇتبە، شەيبە، ئەبۇل ھەكەم ۋە ئۇمەييە... قاتارلىقلارنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن، تۆگىسىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، قۇرەيشلەرنىڭ چېدىرى تەرەپكە ھەيدىۋەتتى. تۆگە قۇرەيش چېدىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قانغا بويىۋەتتى...»

جۇھەيننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەبۇجەھىل گىدەيگەن ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ: «مانا كۆردۈڭلارمۇ؟ بەنى مۇتەللىب قەبىلىسىدىنمۇ بىر پەيغەمبەر چىقتى» دېدى. ئۇ، بۇ سۆزى ئارقىلىق بەنى ھاشىم قەبىلىسى بىلەن بەنى مۇتەللىب قەبىلىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەبۇجەھىل قوشۇننى جاسارەتلەندۈرۈش ئۈچۈن خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «تەڭرىگە قەسەم بولسۇنكى، بىز بەدرگە بارماي تۇرۇپ، ئارقىمىزغا يانمايمىز. بەدردە سورۇن قۇرۇپ ئۈچ كۈن تۇرىمىز ۋە تۆگىلەرنى سويۇپ، شارابلارنى سۇدەك ئىچىمىز. ناخشا ئېيتقۇزۇپ، رەققاسلارغا ئۇسسۇل ئوينىتىمىز. تەنتەنە ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنى پۈتۈن ئەرەب زېمىنىغا بىلدۈرىمىز. بۇنىدىن كېيىن ھەممىسى بىزدىن قورقىدىغان ۋە بىزگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان بولىدۇ. قېنى ئەمسە، بەدرگە قاراپ ئالغا!»

ئابباس ئىبنى شەرىق ئىتتىپاقدىشى بولغان زۆھرى قەبىلىسى بىلەن بىللە كەلگەنىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلارنى ئەبۇجەھىلدىن ئايرىپ، مەككىگە قايتىپ كېتىشكە قايىل قىلدى ۋە ھەممىسى قايتىپ كەتتى. تالىبمۇ ئۆز ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ قايتتى. چۈنكى قۇرەيشلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا: «ئەي ھاشىم ئەۋلادلىرى! سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرغان بىلەن، كۆڭلۈڭلارنىڭ ھەمىشە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز» دېگەنىدى. لېكىن ئابباس يېنىغا ئۈچ جىيەنى (ھارىسنىڭ ئوغۇللىرى ئەبۇسۇفيان بىلەن نەۋفەل، ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ئاقىل) نى ئېلىپ بەدرگىچە بارماقچى بولدى.

www.munber.org

تۆپىلىكنىڭ نېرىسىدا بولسا، مۇسۇلمانلار چېدىرلىرىنى بۇزۇۋاتاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قوشۇنىدىن بۇرۇن بەدرى قۇدۇقىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقىش ئەمرىنى بەرگەنىدى. ئۇلار يولغا چىقىپ، كۆپ ئۆتمەيلا يېغىشقا باشلىغان يامغۇر مۇسۇلمانلارنى سۆيۈندۈرىۋەتتى. چۈنكى بۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان مەرھەمەت يامغۇرى بولۇپ، زەپەرنىڭ بېشارىتى ئىدى. يامغۇرنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ غەيرەتلەنگەن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى، يامغۇر قۇم - توپىنى بېسىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، يامغۇر ئەقانقەل تۆپىلىكىگە ئەمدىلا يامىشىشقا باشلىغان قۇرەيش قوشۇنىنى قىيناشقا باشلىدى. قۇدۇقلار جايلاشقان ئەگىم ئۇلارغا خېلى يىراقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار قوشۇنى يېتىپ كەلگەن تۇنجى قۇدۇق بېشىدا ھايالداش ئەمرىنى بەردى. لېكىن خەززەجلىك ھەبباب ئىبنى ئەل مۇنزىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەردە ھايالداش ئاللاھنىڭ ئەمرىمۇ ياكى ئۆز پىكرىڭمۇ ۋەياكى بۇ بىر ئۇرۇش تاكتىكىسىمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئۆز پىكرىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەبباب سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭچە بىز بۇ يەردە ھايالدىماي، دۈشمەنگە يېقىنراق يەردىكى ئەڭ چوڭ قۇدۇققا بېرىپ توختايلى ۋە ئۆزىمىزگە سۇ كۆلچىكى ياسىۋالغاندىن كېيىن، باشقا قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋېتەيلى. شۇنداق قىلغاندا، دۈشمەن سۇدىن قىسىلىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەببابنىڭ سۆزلىرىنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە قوشۇنغا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىش ئەمرىنى بەردى. قوشۇن سۇدانلىرىنى لىق تولدۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئېلىپ قويغان بىر قۇدۇقتىن باشقا ھەممىسىنى ئېتىۋەتتى.

سەئد ئىبنى مۇئاز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت قىلساڭ، ساڭا بىر سايىۋەن ياساپ، تۆگىلىرىڭنى يېنىغا باغلاپ قويايلى. ئەگەر ئاللاھ بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىۋالساق، ھەممىمىز خاتىرجەم بولىمىز. ئەگەر بىز يېڭىلىپ قالغۇدەك بولساق، سەن تۆگىلىرىڭگە مىنىپ مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكىن. چۈنكى ئۇلارمۇ سېنى (بىزگە ئوخشاش) ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سېنىڭ دۈشمەن قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا، چوقۇم سەن بىلەن بىللە كەلگەن بولاتتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەر ئۈچۈن سەئدنى ماختىدى ۋە دۇئا قىلدى. مۇسۇلمانلار خورما شاخلىرىدىن بىر سايىۋەن ياسىدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۈيقۇ بېغىشلىدى.﴾[1]

تارىخ - مىلادى **623** - يىل **17** - مارت (ھىجرى رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى) جۈمە كۈنى ئىدى. تاڭغا يېقىن ئەقانقەل تۆپىلىكىگە قاراپ يامىشىشقا باشلىغان قۇرەيش قوشۇنى قۇياش تىك ئۆرلىگەن ۋاقىتتا تۆپىلىكنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولالىدى. ئۇلارنىڭ بېزەلگەن ئات - تۆگىلەرگە مىنىپ بەدرى تەرەپكە قاراپ پەسلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ

---

[1] ئەنفال سۈرىسى، 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دۇئا قىلدى: «ئى پەرۋەردىگارىم! قۇرەيشلەر مەغرۇر ۋە مۇتەكەببۇرلۇق ئىچىدە يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. ساڭا قارشى چىقىۋاتىدۇ ۋە سېنىڭ رەسۇلۇڭنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئى رەببىم! بىزدىن بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى ئايىمىغىن، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلغىن!»

قۇرەيش قوشۇنى تۆپىلىكنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ توختىدى. مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندىن ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ئارقا تەرەپتە ياردەمچى قوشۇننىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن جۇمەھ قەبىلىسىدىن ئۇمەيرنى ئەۋەتتى. ئۇمەير ۋادىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغىچە بېرىپ كەلدى ۋە ئۆزلىرى كۆرگەن قوشۇندىن باشقا قوشۇننىڭ يوق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. لېكىن ئۇ: «ئەي قۇرەيشلەر! ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى بىزدىن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئادەم ئۆلتۈرسە، بىزدە قانچىلىك ئادەم قالىدۇ؟» دېدى. ئۇمەير مەككىنىڭ مەشھۇر كاھىنى بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەسكەرلەر ئارىسىدا خېلىلا چوڭ تەسىر قوزغىدى. خەدىچەنىڭ بەنى ئەسەد قەبىلىسىلىك جىيەنى ھاكىممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تامامەن قوشۇلاتتى. ھاكىم پۈتۈن قوشۇننى ئارىلاپ چىقىپ، ئابدۇشەمس قەبىلىسى چۈشكەن يەرگە كېلىپ توختىدى ۋە ئۇتبەگە قاراپ: «ئەي ئەبۇۋەلىد! سەن قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى سەن. ھېچكىم سېنىڭ سۆزۈڭگە قارشى چىقمايدۇ. سەن قۇرەيشلەرنىڭ تىلىدا مەڭگۈ داستان بولۇشنى خالامسەن؟» دېدى. ئۇتبە: «قانداق قىلغاندا شۇنداق بولالايمەن؟» دەپ سورىدى. «ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەتكىن!» دېدى ھاكىم: «ئاندىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىتتىپاقدىشىڭ ئەمرىنىڭ تۆلەم ھەققىنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئالغىن!» ھاكىم بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى بولغان قان دەۋاسى ۋە ئۇنىڭ تۆلەم ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش نىيىتىدە ئىدى. چۈنكى نەخلەدە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قېرىندىشى ئەمر بۇ يەرگە قان دەۋاسى ئۈچۈن كەلگەنىدى.

ئۇتبە ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئاۋۋال بۇ ئۇرۇشقا ھەممىدىن بەك كۈچەۋاتقان ئەبۇجەھىل بىلەن كېڭىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن قوشۇن تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «ئەي قۇرەيشلەر! مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش سىلەرگە ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ تاغا، قېرىنداش ياكى يېقىن تۇغقانلىرىڭلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئۆز ئاراڭلاردا خۇسۇمەت پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار! مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى باشقا ئەرەبلەر ئۆلتۈرسۇن. ئەگەر ئۇلار مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىۋەتسە، سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلار ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر مۇھەممەد ئۆلمىسە، ئۇ سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ» دېدى.

شۈبھىسىزكى، ئۇتبە قېرىندىشىنىڭ خۇنىنى تۆلەش ئۈچۈن ئەمر ئەل خەدرەمىگە يېقىنلاشماقچى بولغانىدى. لېكىن ئەبۇجەھىل ئۇتبەگە: «قورققاق! سەن ئۆزەڭ ۋە قارشى سەپتىكى ئوغلۇڭ ئەبۇھۇزەيفەنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتامسەن؟» دەپ ئەيىبلىدى. ئاندىن ئەمرنى چاقىرىپ، ئۇنى قېرىندىشىنىڭ ئۆچىنى ئالىدىغان بۇ پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويماسلىققا ئۈندىدى ۋە: «ماڭ! باشقىلارغا قېرىندىشىڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويغىن!» دېدى.



www.munber.org

ئەمر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كىيملىرىنى يىرتىپ تاشلىدى ۋە: «ئەمرگە ئۇۋال بولدى، ئەمرگە ئۇۋال بولدى!» دەپ قالايمىقان ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قوشۇننى جانلاندۇرۇۋەتتى، لەشكەرلەرنىڭ قېنى قىززىپ كەتكەندى. مانا ئەمدى، ئۇلارنى ئۇتبە ياكى باشقا بىرىنىڭ توسۇپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قۇرەيش قوشۇندىكى بۇ جانلىق كەيپىيات قوشۇن ئىچىدە پۇرسەت كۈتۈۋاتقان بىرەيلەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. سۇھەيل ئۆزىنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىشىدىن قورققان ئوغلى ئابدۇللاھنى؛ جەمۇھنىڭ رەئىسى ئۇمەييەمۇ ئىسلامدىن يانغانلىقىنى مەجبۇر ئىقرار قىلغان ئوغلى ئەلىنى بەدرگە ئېلىپ كەلگەندى. مەيدانى تۇراقسىز بولغان ئەلىنىڭ ئەكسىچە، ئابدۇللاھنىڭ ئىمانى يەنىلا مۇستەھكەم ئىدى. ھايالدىما يېرىنىڭ يېنىدىكى قۇرام تاشلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئابدۇللاھ قۇرەيش قوشۇندىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئالدى تەرەپتىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالدى ۋە ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەندى. ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى يېزنىسى: ئەبۇھۇزەيفە بىلەن ئەبۇسەبراغا سالام بەردى.



www.munber.org

## بەدرى غازىتى

### (43)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدا بىر ئوقنى تۇتقان ھالدا پۈتۈن سەپنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەم ئەسكەرلەرنى جاسارەتلەندۈردى ھەم ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئەنسارلاردىن بىرى سەپنىڭ كەينىدە قالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ئوقنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تاياپ تۇرۇپ: «ئەي سەۋاد! سەپكە كىرگىن!» دېدى. سەۋاد: « ئى رەسۇلۇللاھ! جېنىمنى قاقشاتتىڭ، ھەققىنى تۆلىگىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ئوقنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە ئۇزىنىڭ كۆكسىنى ئېچىپ تۇرۇپ: «ئۆچىڭنى ئېلىۋالغىن!» دېدى. سەۋاد ئېڭىشىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسىگە بىرنى سۆيۈۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بىز دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز كەلدۇق. بۇ، سەن بىلەن بىللە بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سېنىڭ مۇبارەك تېنىڭگە بىرنى سۆيۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى.

قۇرەيش قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سانى دولقۇنلىنىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەسلىدىكىدىن ئاز كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلى سانىنى ۋە ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى پەرقنى ئېسىدىن چىقارمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە سايىۋەنىنىڭ ئاستىغا كەلدى ۋە ئاللاھتىن ۋەدە قىلىنغان ياردەمنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۈگدەك باسقانىدى. كۆپ ئۆتمەيلا كۆزلىرىنى ئاچقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوزغال، ئەي ئەبۇبەكرى! ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلدى، ئەنە جىبرىئىل، جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى.

ئەرەب تارىخىدىكى كۆپلىگەن ئۇرۇشلار ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ، ئۇرۇش باشلانماي تۇرۇپلا ئاخىرلاشقانىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم ئۇرۇشنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئالدىدا تۇرغان قوشۇن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان ئىككى گۇرۇھ (يەنى كارۋان ياكى قوشۇن) تىن بىرى ئىدى. قۇزغۇنلارمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ ھېدىنى ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولغاچقا، ئەتراپتىكى قىيالىقلارغا قونۇپ بولۇشقانىدى. ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولغان قۇرەيش قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ياسىغان كۆلچەككىچە يېقىنلاپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن كۆلچەكنى قولغا كىرگۈزمەكچى بولغانلىقىنى پەملىدى.

مەھزۇم قەبىلىسىدىن ئەسۋەد قوشۇننىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە سۇ ئىچىش ئۈچۈن كۆلچەككە يېقىنلاشتى. ھەمزە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە قىلىچىنى بىر شىلتىپلا پۇتىنى ئۈزىۋەتتى، ئاندىن يەنە بىر شىلتىپ كاللىسىنى ئېلىۋەتتى. ئەسۋەدنىڭ كەينىدىن، ئەبۇجەھىلنىڭ مەسخىرىسىگە



www.munber.org

ئۇچرىغان ئۇتبە مەيدانغا چىقتى ۋە ھەمزە بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشماقچى بولدى. قېرىندىشى شەيبە بىلەن ئوغلى ۋەلىد ئائىلە شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. مۇسۇلمانلاردىن خەزرەجنىڭ نەججار ئايمىقىدىن ئەۋف (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئالتە كىشىدىن بىرى) بىرىنچى بولۇپ كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مۇئەۋۋىز (ئەۋفنىڭ قېرىندىشى) بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە چىقتى.

«سىلەر كىم؟» دەپ سورىدى قۇرەيشلەر. ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ئۇتبە: «سىلەر ئېسىل نەسەبلىك ھەم بىزگە تەڭداش كىشىلەر ئىكەنسىلەر. لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق مەسىلە يوق. بىز پەقەت ئۆز قەبىلىمىزدىن بولغان كىشىلەر بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشتۇق» دېدى. قۇرەيشنىڭ جاكارچىسى مۇسۇلمانلارغا قاراپ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆز قەبىلىمىزدىن مۇۋاپىق كىشىلەرنى تاللاپ چىقارغىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشقا نىيىتى يوق ئىدى، لېكىن ئەنسارلارنىڭ ئالدىراقسانلىقى ئىشنى بۇزۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئائىلىسىدىن ئۈچ كىشىنى چاقىردى. مەيدانغا چۈشكەن قۇرەيشلەرنىڭ ئىككىسى ئوتتۇرا ياشلىق، يەنە بىرى تېخى ياش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەبۇئۇبەيدە، ئەلى، ھەمزە ئالدىغا چىقىڭلار!» دېدى. ئەبۇئۇبەيدەمۇ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، قوشۇندىكى يېشى ئەڭ چوڭ، لېكىن ئەڭ تەجرىبىلىك ئەسكەر ئىدى. ئەبۇئۇبەيدە ئۇتبە بىلەن، ھەمزە شەيبە بىلەن، ئەلى بولسا ۋەلىد بىلەن تۇتۇشتى. ئېلىشىش ئۇزۇن سۇرمىدى، شەيبە بىلەن ۋەلىد بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يەرگە يىقىلدى. ئەبۇئۇبەيدە ئۇتبەنى يەرگە يىقتاي دەپ تۇرغان ۋاقىتتا پۇتىغا قىلىچ تېگىپ كېتىپ يارىلاندى. بۇ، ئۈچكە ئۈچ ئېلىپ بېرىلغان ئېلىشىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەمزە بىلەن ئەلى قىلىچلىرىنى دەرھال ئۇتبەگە تەڭلىدى. ھەمزە قىلىچىنى بىر شىلتىپ ئۇتبەنىڭ جان يېرىگە ئۇردى. ئىككىسى ئەبۇئۇبەيدەنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن چېكىندى. ئەبۇئۇبەيدەنىڭ پۇتىدىن ئېتىلىپ چىققان قان توختىماي ئاقاتتى. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى باشقا بىر نەرسىدە بولۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن شېھىد ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىشەنلىشىپ: «سەن ئەلۋەتتە شېھىدسەن» دېدى.

ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى جىمجىتلىق قۇرەيشلەر ئاتقان ئوق بىلەن بۇزۇلدى. ئوق ئۆمەرنىڭ ئازاد قىلدۇرغان قۇلى مىھجەئنىڭ بىرىگە تەگدى. ئوق تەگكەن ئادەم ئېغىر يارىلانغان ھالدا يەرگە يىقىلدى. ئىككىنچى ئوق كۆلچەكتىن سۇ ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغان خەزرەجلىك ياش ھارىسەنىڭ بوينىغا تەگدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنى روھلاندۇرۇپ: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قۇدرەت قولىدا بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن كىم ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىنى تىلەپ ئۇرۇش قىلسا، دۈشمەن ئۆلتۈرسە ۋە كەينىگە قايتماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزدى. خەزرەج قەبىلىسىنىڭ سەلىمە ئايمىقىدىن بولغان ئۇمەير خورما يەپ تۇراتتى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئاللاھ! ئاللاھ! شۇ دۈشمەنلەر مېنى ئۆلتۈرىۋەتسە، مەن جەننەتكە كىرەمدىم؟» دەپ ۋارقىرىدى ۋە قولىدىكى خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، پەرمان كۈتۈپ تۇرغان ھالەتتە، قىلىچىنى قولىغا ئالدى.



www.munber.org

ئەۋف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. يەكمۇيەك ئېلىشىشنى تۈنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەيداندىن چىقىرىۋېتىلىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى نېمە ئۈچۈن بۇ مەسخىرىگە قويدۇڭ؟» دەپ سورىدى ئەۋف. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن دۈشمەننىڭ ئارىسىغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيمىگەن ھالەتتە شۇڭغۇيسەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەۋف دەرھال ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەردىن بىر ئۇچۇم قۇم ـ شېغىل ئېلىپ: «ئۇ يۈزلەر خارلانسۇن!» دەپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ دۈشمەنلەرگە پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاندىن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم بۇيرۇقى بەردى. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان: «ئەي ئاللاھنىڭ مۇزەپپەر بەندىلىرى! ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن چاقىرىقى پۈتۈن قوشۇنغا تارالدى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى چىقىرىۋەتكەن ئەۋف ۋە ئۆمەير دۈشمەن سېپىگە تۈنجى بولۇپ ئېتىلىپ باردى ۋە تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر قاتتىق ئېلىشتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، مۇسۇلمانلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى بەشكە چىقتى (قالغان ئۈچى: ئەبۇئۇبەيدە ۋە دۈشمەن ئوقلىرىدا ئۆلگەن ئىككى كىشى). ئۇ كۈنكى جەڭدە، ئۇلاردىن باشقا يەنە توققۇز كىشى جان بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېشى بەكمۇ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغان ئۆمەير (سەئدنىڭ ئىنىسى) مۇ بۇ توققۇز كىشىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

﴿(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلەرنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى.﴾[①]

بۇ سۆزلەر ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. دۈشمەنگە قارىتىپ ئېتىلغان شېغىل تاشلار مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئىلاھىي ياردەملەردىن بىرى ئىدى. قۇرەيش مۇداپىئەسى تازا چىڭغا چىققان ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ قىلىچى سۇنۇپ كەتتى. جەھش قەبىلىسىگە ئەقرىبا بولغان ئۇككاشە ئىسىملىك بۇ ئادەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىلىچ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياغاچ كالتەكتىن بىرنى بەردى. ئۇككاشە كالتەكنى كۆتۈرگەن پېتى دۈشمەن سېپىگە ئېتىلىپ كىرگەن چاغدا، كالتەك ھەم ئۇزۇن ھەم شەمشەردەك ئىتتىك بىر قىلىچقا ئايلاندى. ئۇككاشە بەدرى ۋە باشقا جەڭلەردە بۇ قىلىچ بىلەن جەڭ قىلدى ۋە قىلىچقا ئىلاھىي ياردەم مەنىسىدە ‹ئەل ئەۋن› ئىسمىنى قويۇۋالدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.﴾[②]

---

[①] ئەنفال سۈرىسى، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] ئەنفال سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار!﴾[1]

پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالغانلىقىنى ئۇرۇش مەيداندىكى ھەممە كىشى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆرەلىگەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. قوشنا ئەرەب قەبىلىسىدىن ئىككى كىشى ئۇرۇشتىن كېيىن تەييار غەنىمەتكە ئېرىشىش ئۈمىدىدە، جەڭنىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتۈپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر تۆپىلىكتە ياتاتتى. بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىر پارچە بۇلۇت ئۆتۈپ كەتتى، بۇلۇتتىن ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى كېلەتتى. ئىككى كىشىنىڭ بىرى شۇ جايىدىلا ئۆلۈپ قالدى. يەنە بىرى كېيىنچە: «قاتتىق قورققانلىقىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتتى» دېدى.

نىھايەت، قۇرەيشلەر قېچىشقا باشلىدى. ئەبۇجەھىل قاچماقچى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئەۋفنىڭ قېرىندىشى مۇئاز ئۇنى يەرگە يىقىتتى. ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىقلىمە مۇئازغا ھۇجۇم قىلىپ، مۈرىسىنى چېپىۋەتتى. مۇئاز قىلىچنى يەنە بىر قولىغا ئېلىپ، داۋاملىق ئېلىشتى. ساڭگىلاپ قالغان ياردار قولى يېنىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئاغرىقىغا چىدىمىغان مۇئاز يەرگە ئېڭىشىپ، ياردار قولىنى پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ ئۆزىنى يۇقىرى تارتتى ۋە قولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئاندىن دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاشنى داۋاملاشتۇردى. ئەبۇجەھىل تېخى ئۆلمىگەنىدى. ئەۋفنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى مۇئەۋۋىز ئۇنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ئاندىن ئەۋف بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە تاكى ئۆلگەنگە قەدەر توختىماي ئېلىشتى.

قۇرەيشلەردىن ئەللىكتىن كۆپ ئادەم ئۆلۈپ، قالغانلىرى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ساھابىلىرىغا: «بەنى ھاشىم قەبىلىسىنىڭ بىز بىلەن ئۇرۇشقىسى بولمىسىمۇ، بۇ يەرگە مەجبۇرىي كەلگەنلىكىنى بىلىمەن» دېدى ۋە بىر نەچچە كىشىنىڭ ھەرگىز ئۆلتۈرۈلمەسلىكى ھەققىدە تەلىمات بەردى. ئۇنىڭسىزمۇ، ئىسلام قوشۇنى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى ئەبۇبەكرى بىلەن سايىۋەنگە قايتىشقا ئۈندىدى. ئەنساردىن بەزى كىشىلەر سايىۋەن ئالدىدا قاراۋۇللۇققا قويۇلدى. قىلىچىنى يالىڭاچلاپ سايىۋەن ئالدىدا تىك تۇرغان سەئد ئىبنى مۇئاز سەبداشلىرىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نارازى بولدى. ئۇنىڭ نارازىلىقىنى سەزگەن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام: «ئەي سەئد! ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن نارازى بولدۇڭ؟» دېدى. سەئد: «بۇ، ئاللاھنىڭ بۇتپەرەسلەرگە بەرگەن تۇنجى مەغلۇبىيىتى. مەن ئۇلارنىڭ تىرىكنى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈكىنى كۆرۈشنى

[1] ئەنفال سۈرىسى، 12 ـ ئايەت.



www.munber.org

خالايتتىم» دېدى. ئۆمەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىدى. لېكىن، ئەبۇبەكرى ئۇلارنىڭ قاچانلا بولمىسۇن، مۇسۇلمان بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىپ، قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپتى. ئۇ كۈنى كەچتە، ئۆمەر سايىۋەنگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئەبۇبەكرىنىڭ يىغلامسىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قويۇپ بېرىلگەن ئەسىرلەر توغرۇلۇق ۋەھيى كەلگەنىدى: ﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

ئۇنىدىن كېيىنكى ۋەھيىدە ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش پىكرىنى قوللايدىغان ئايەتلەر نازىل بولغانىدى. بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەسىرلەر توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەنىدى: ﴿ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.﴾[2]

پۈتۈن قوشۇن ئەبۇجەھلىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە بەكمۇ سۆيۈندى، چۈنكى ھېچكىم ئۇنىڭ تىرىك قېلىشىنى خالىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ جەسىدىنى تېپىشقا ئەمر قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئىسلامغا ھەممىدىن بەك دۈشمەنلىك قىلغان بۇ ئادەم (ئەبۇجەھل) نىڭ جەسىدىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا باردى. ئەبۇجەھل ئۆلمىگەن بولۇپ، ئالدىغا كەلگەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك دەرىجىدە جېنى بار ئىدى. بىر زامانلار، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد كەئبە ئالدىدا ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىدا، ئەبۇجەھل كېلىپ، (ھىمايىچىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى تىلىۋەتكەنىدى. ئابدۇللاھ پۇتى بىلەن ئەبۇجەھلىنىڭ بويىنىغا دەسسىدى. ئەبۇجەھل: «ئەي مالچى شۇمتەك! دېمەك شۇنچىۋالا يوغىناپ كەتتىڭ ـ ھە!» دېدى. ئاندىن قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى سورىدى. ئابدۇللاھ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى غەلىبە قىلدى» دېدى ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

ئەبۇجەھل، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن بىردىنبىر قۇرەيش كاتتىسى ئەمەس ئىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف غەنىمەت ئالغان دۇبۇلغىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ئېتىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن قاچالمىغان ئۇمەييە بىلەن ئوغلى ئەلىگە دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇمەييە بىر زامانلاردا ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى بولغان ئابدۇرراھمانغا: «مېنى ئۆلتۈرمەي، ئەسىر ئالغىن! مەن ساڭا فىدىيە ئۈچۈن بىر نەچچە دۇبۇلغا بېرىمەن» دېدى. ئابدۇرراھمان قولىدىكى دۇبۇلغىنى

[1] ئەنفال سۈرىسى، 67 ـ ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 70 ـ ئايەت.



www.munber.org

تاشلاپ، ئىككىسىنى ئەسىرلەر يىغىلغان يەرگە ھەيدەپ ماڭدى. لېكىن، ئۇمەييەدىن كۆپ ئەزىيەت تارتقان بۇرۇنقى قۇلى بىلال ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە: «ئەي كۇپرىلىقنىڭ باشچىسى ئۇمەييە! مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سېنى تىرىك قويمايمەن» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئابدۇرراھمان ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئەسىرلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىلال ۋارقىراشتىن توختىمىدى. ئۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئابدۇرراھمان: «مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەي قارا خوتۇننىڭ بالىسى!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىلال ئۆزىنى مۇئەززىنلىك ۋەزىپىسىگە نائىل قىلغان جاراڭلىق ئاۋازىنى ئىشقا سېلىپ، بار كۈچى بىلەن توۋلاشقا باشلىدى: «ئەي ئاللاھنىڭ مۇزەپپەر بەندىلىرى! كۇپرىنىڭ يولباشچىسى ئۇمەييە بۇ يەردە، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇنى ھەرگىز تىرىك قويمايمەن». مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشكەن پېتى يېتىپ كېلىپ، ئابدۇرراھمان بىلەن ئىككى ئەسىرنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. بىرى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئەلگە شىلتىدى، ئەلى ئېغىر يارىلىنىپ يەرگە يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇرراھمان ئۇمەييەنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ: «ئۆزەڭ قاچالىساڭ قاچ! مەن ئەمدى ساڭا ياردەم قىلالمايمەن» دېدى. ئەتراپىنى ئورىۋالغان مۇسۇلمانلار ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈردى. ئابدۇرراھمان كېيىنكى يىللىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلالغا مەرھەمەت قىلسۇن! مەن دۇبۇلغامدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، بىلالنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىككى ئەسىردىنمۇ قۇرۇق قالدىم».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشتا ئۆلگەن مۇشرىكلەرنىڭ جەسەدىنى بىر قۇدۇققا كۆمۈشكە بۇيرىدى. ئۇتبەنىڭ جەسىدى قۇدۇققا تاشلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۇزەيفەنىڭ ئازابلانغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئەبۇھۇزەيفە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دادامنىڭ قۇدۇققا ئېتىلىشىغا قارشى ئەمەسمەن. لېكىن مەن ئۇنى ئاقىل، ھېكمەت ئىگىسى، ئويلىشىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم دەپ بىلەتتىم ۋە بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە ۋەسىلە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەمما ئۇنىڭ كۇپرىلىقتا چىڭ تۇرۇپ، شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىندىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۇزەيفە ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلدى.

ساھابىلەر ئارىسىدا چىققان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بارگاھتىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. سەپنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغان ئەسكەرلەر غەنىمەتتىن ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىسىنى تەلەپ قىلدى. دۈشمەننى قوغلاپ يۈرۈپ ئەسىر ئالغانلار ۋە غەنىمەت توپلىغانلار قوللىرىدىكىنى ئۇلارغا بېرىشكە ئۇنىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتلەرنى يىغىپ، ھەممىگە تەڭ بۆلۈپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ۋەھيى كەلدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار!»﴾[1]

[1] ئەنفال سۈرىسى، 1 ـ ئايەت.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنىڭ ھېچبىر شەخسكە تەۋە ئەمەسلىكىنى ئېيتتى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئەمر قىلدى. ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقمىدى، قوشۇن قايتا تەرتىپكە كىردى.

سەۋدەنىڭ جىيەنى ۋە تۇنجى يولدىشىنىڭ قېرىندىشى سۇھەيل (ئەمر قەبىلىسىنىڭ رەئىسى) ئەسىرئېلىنغانلار ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخسلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن تاغىسى ئابباس، كۈيئوغلى يەنى قىزى زەينەپنىڭ يولدىشى ئەبۇل ئاس، جىيەنلىرى نەۋفەل بىلەن ئاقىل قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرۇلۇق تەلىمات بەردى. شۇنداقتىمۇ، ئەسىرلەرنىڭ باغلىنىشى كېرەك بولغاچقا، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. لېكىن تاغىسىنىڭ باغلاقلىق ھالىتىنى خىيالىدىن چىقىرالمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەسىرلەرنى يېشىۋېتىشكە ئەمر قىلدى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى باشقا ئەسىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مېھرىبانلىققا ئېرىشتى. مۇسئەب بىر ئەنسار تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان قېرىندىشى ئەبۇئەزىزگە يولۇقۇپ قالدى ۋە ئۇنى ئەسىر ئالغان ئەنسارغا: «ئۇنى چىڭ تۇت! چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى بەكمۇ باي، ساڭا كۆپ مىقداردا فىدىيە تۆلىيەلەيدۇ» دېدى. ئەبۇئەزىز: «ئەي قېرىندىشىم! مېنى مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قويامسەن؟» دەپ سورىدى. مۇسئەب: «ھازىر مېنىڭ قېرىندىشىم سەن ئەمەس، بەلكى ئۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇئەزىز كېيىنكى يىللىرى بۇ ئىش بىلەن بىرلىكتە، ئۆزىنى مەدىنىگە ئېلىپ بارغان ۋە ئانىسىدىن تۆت مىڭ دەرھەم فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەن ئەنساردىن كۆرگەن ياخشى مۇئامىلىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەندى.

سەككىز يۈز كىشى قالغان قۇرەيش قوشۇنىنىڭ (گەرچە سان جەھەتتىن مۇسۇلمانلاردىن يەنە ئۈستۈن بولسىمۇ) قايتا ھۇجۇم قىلىشىنى پەقەتلا ئويلاشمىغان ھالدا مەككىگە قاراپ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى يۇقارقى مەدىنىگە، زەيدنى تۆۋەنكى مەدىنىگە زەپەر خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يوللىدى. ئۆزى قوشۇن بىلەن بىللە بەدرىدە قالدى. ئۇ كېچىسى مۇشرىكلەرنىڭ جەسەدلىرى تاشلانغان قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ: «ئەي قۇدۇقتىكىلەر! ئەي پەيغەمبەر تۇغقانلىرى! سىلەر ئۇنىڭغا (پەيغەمبەرگە) بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلدىڭلار. باشقىلار مېنى قوللىسا، سىلەر يالغانچىغا چىقاردىڭلار. باشقىلار زەپەر قۇچۇشۇمغا ياردەم قىلسا، سىلەر ماڭا قارشى ئۇرۇش قىلدىڭلار. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەندىشە قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلىيالايدۇ. لېكىن سىلەر جاۋاب بېرەلەيسىلەر، ئۇلار بېرەلمەيدۇ» دېدى.

ئەتىسى سەھەردە، قوشۇن ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا، ئابدۇددار قەبىلىسىدىن نادىر بىلەن ئابدۇشەمس قەبىلىسىدىن ئۇقبە ئىككىسى ئەڭ



www.munber.org

قىممەتلىك ئەسىرلەر بولۇپ، ئائىلىسى ئۇلار ئۈچۈن تۆت مىڭ دەرھەم فىدىيە تۆلىيەلەيتتى. لېكىن بۇ ئىككىسى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئازغۇن دۈشمەنلىرى بولغاچقا، ئەگەر فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىلسە، ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى بۇ ئەقىلسىزلەر بەدرى جېڭىدىن ساۋاق ئالمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول بويىي بۇ ئىككىسىگە قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، ئۇلاردا قىلچە ئۆزگىرىش پەيدا بولمىغانلىقىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ھايات قېلىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن چۈشكۈن قىلغان بىر يەردە نادىرنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى. يەنە بىر يەرگە چۈشكۈن قىلغاندا، ئۇقبەنىڭ كاللىسىنى ئەۋسلىك بىرى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر يەردە قوشۇنغا غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنى بۆلۈپ بەردى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەممە ئەسكەر ئۆز لايىقىدا نېسىۋىگە ئېرىشتى.

ئۇ ۋاقىتقىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بىلەن زەيد مەدىنىگە يېتىپ بارغان بولۇپ، يەھۇدىي ۋە مۇناپىقلاردىن باشقىلىرى بايرام شادلىقىغا چۆمگەنىدى. زەيد خەلققە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى بىر قايغۇلۇق خەۋەر ئالدى. رۇقىيە ۋاپات بولغانىدى، ئوسمان بىلەن ئۇسامە ئۇنى دەپنە قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. زەيدنىڭ ئەفراغا ئىككى ئوغلى (ئەۋف بىلەن مۇئەۋۋىز) نىڭ شېھىد بولغانلىقىنى ئېيتىشى، ئۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ قايغۇسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. سەۋدە ئىككى ئائىلىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن توختىماي ئۇياق - بۇياققا قاترايتتى. ئەرفا بىر تەرەپتىن قايغۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۆيۈنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ ئۆلگەنىدى. زەيد رۇبەييىگە، قۇدۇق بېشىدا سۇ ئىچىۋاتقاندا دۈشمەن ئوقى تېگىپ ئۆلگەن ئوغلى ھارىسە ئىبنى سۇراقەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنىمۇ يەتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. رۇبەييى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوغلىنى سورىدى. چۈنكى ئوغلى ئۇرۇش باشلىماي تۇرۇپ، ئىسلام ئۈچۈن بىر تال ئوق ئېتىشقىمۇ مۇۋەپپەق بولالمايلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. «ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى رۇبەييى: «ماڭا ھارىسەنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىنى ئېيتامسەن؟ ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا، مەن سەۋر قىلىمەن. ياق! ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولمىسا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغا - زارە قىلىپ، ماتەم تۇتىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللارغا ئادەتتە: «ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بىر مۇئمىن ئاللاھ يولىدا خەيرلىك بىر ئىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ شۇ نىيىتىگە مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ» دەپ ئومۇمىي جاۋاب بېرەتتى. لېكىن رۇبەييىگە باشقىچە جاۋاب بەردى: «ئەي ھارىسەنىڭ ئانىسى! جەننەتتە بىر قانچىلىغان بېھىش بار، سېنىڭ ئوغلۇڭ شۇ بېھىشلارنىڭ ئەڭ ئالىيسىدا، يەنى فىردەۋستە تۇرىدۇ».



www.munber.org

# پەيغەمبەرنىڭ قايتىپ كېتىشى

## (44)

قۇرەيش قوشۇنى مەككىگە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ قايتتى. تۇنجى بولۇپ قايتقان گۇرۇپپىدا ئىنىسى نەۋفەل مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەن ئەبۇسۇفيان بار ئىدى. ئەبۇسۇفيان يېڭى دىنغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئۆزىنىڭ جىيەنى، شۇنداقلا، ئېملىدىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە يېڭى دىنغا قارشى يازغان ھەجۋى شېئىرلىرى بىلەن ئىپادىلەيتتى. لېكىن بەدرى جېڭى ئۇنى قاتتىق روھى بېسىمغا ئۇچراتتى. مەككىگە قايتقان كۈنى، ئالدى بىلەن كەئبىنى زىيارەت قىلدى. كەئبىگە بارغىنىدا، تاغىسى ئەبۇلەھەب ‹زەمزەم چېدىرى› دەپ ئاتالغان چېدىرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئەبۇلەھەب جىيەنىنى يېنىغا چاقىرىپ، جەڭدە نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. «سۆزلەپ بەرگۈدەك ھېچقانداق ئىش يوق» دېدى ئەبۇسۇفيان: «دۈشمەن بىلەن ئېلىشتۇق، ئاندىن كەينىمىزگە قاراپ قاچتۇق. ئۇلار بىزنى قوغلىدى ۋە بىرمۇنچە ئادىمىمىزنى ئەسىر ئالدى. لېكىن مەن ھېچكىمدىن نارازى ئەمەسمەن. چۈنكى بىز پەقەت ئۇلار بىلەنلا ئېلىشمىدۇق. جەڭ مەيدانىدا پۈتلىرى يەرگە تەگمەيدىغان تۇلپارلارغا مىنىۋالغان ئاق كىيىملىك ئادەملەرمۇ بار ئىدى.»

چېدىرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، ئۇممۇل فازىل بىلەن ئەبۇرافى (ئوسماننىڭ قۇللىرىدىن بىرى) ئولتۇرۇپ ئوق ياساۋاتاتتى. ھەر ئىككىسى مۇسۇلمان بولۇپ، بىر نەچچە كىشىدىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەمما ئەبۇرافى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەپەر قۇچقانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھاياجانلاندى. بولۇپمۇ: «پۈتلىرى يەرگە تەگمەيدىغان.... ئاق كىيىملىك ئادەملەر..» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاياجىنىنى پەقەتلا باسالمىدى ۋە: «ئۇلار پەرىشتىلەردۇر» دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇلەھەب دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى سالدى. ئەبۇرافى يەرگە يۇمىلاپ كەتتى، ئەبۇلەھەب ئۇنى كەينى - كەينىدىن ئۇرىۋەردى. ئەبۇرافى ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولسىمۇ، كۈچى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇممۇل فازىل يەردىن چېدىر يىپىنى باغلايدىغان ياغاچ قوزۇقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەبۇلەھەبنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئەبۇلەھەبنىڭ بېشى يېرىلىپ، تېرىسى ساڭگىلاپ قالدى. ئۇممۇل فازىل: «خوجايىنى بۇ يەردە يوق، ئىگە - چاقىسىز دەپ شۇنداق قىلىۋاتامسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. ئەبۇلەھەبنىڭ يارىسى مىكروبلىنىپ، بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن بەدىنىگە يامرىدى ۋە كۆپ ئۆتمەي بۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى.

بەدرى جېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قايغۇلۇق خەۋەرلەر مەككىگە كەينى - كەينىدىن كېلىپ تۇردى. ئۆلگەنلەرنىڭ يېقىنلىرى توختىماي نالە - پەرياد قىلاتتى. قۇرەيش كاتتىلىرى مەجلىس ئەزالىرىنى يىغدى. ئۇلار ھازىدار ئائىلىلەرنىڭ نالە - پەريادىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن: «سىلەرنىڭ ئاھ - زارىڭلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىۋېتىدۇ»



www.munber.org

دېيىشتى. ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بولسا، فىدىيە تۆلەش ئۈچۈن ھازىرچە مەدىنىگە بارماي تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلدى. قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىر نەچچىسى ئۇرۇشتا ئۆلگەچكە، كۆپچىلىك ئەبۇسۇفياننى قۇرەيش رەئىسلىكىگە سايلاش قارارىغا كەلدى. ئەبۇسۇفيان باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، (بىرى ئۆلتۈرۈلگەن، يەنە بىرى ئەسىرگە چۈشكەن) ئىككى ئوغلى - ھەنزەلە بىلەن ئەمر ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مەن بايلىق ياكى ئۆز پۇشتۇمدىن تارتقان زىيىنىم ئۈچۈن ھەرگىز قايغۇرمايمەن. مەن ھەنزەلەنى ئۆلتۈرگەنلەرگە (ئەمر ئۈچۈن) فىدىيە تۆلەمدىم؟ ياق، ئەمر ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرسۇن. قاچان قويۇپ بېرىشنى خالىسا، شۇ ۋاقىتقىچە تۇتۇپ تۇرسۇن!»

ئەبۇسۇفياننىڭ ئايالى ھىند (ھەنزەلە بىلەن ئەمرنىڭ ئۆگەي ئانىسى) نىڭ ئىچى غەزەپ بىلەن تولۇپ توشقانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئۇتبە، تاغىسى شەيبە ۋە قېرىندىشى ۋەلىد جەڭدىن بۇرۇنقى يەكمۇيەك ئېلىششتا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ھىند بەدرى جېڭىنىڭ ئۆچى ئېلىنىشى كېرەك دەپ ئويلايتتى .ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇ، دادىسى ۋە تاغىسىنى ئۆلتۈرگەن ھەمزەنىڭ جىگىرىنى يېيىشكە قەسەم ئىچتى.

قۇرەيشلەر، ئەبۇسۇفيان مەككىگە سالامەت ئېلىپ كەلگەن كارۋان ماللىرىنىڭ كىرىمى بىلەن مۇسۇلمانلار قارشى چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك قوشۇن قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. بۇ قېتىم، يەنى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشقا ئەرلەرنى رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭمۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

قۇرەيشلەر مەجلىسىنىڭ ماتەم تۇتماسلىق توغرىسىدىكى قارارىغا رىئايە قىلغان بولسىمۇ، فىدىيە ھەققىدىكى قارارىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ھەممە قەبىلە ئۆز يېقىنلىرىنى ياكى ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىغا تەۋە ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، مەدىنىگە ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئەبۇسۇفيان ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلدى. لېكىن شۇ يىلقى ھەج مەۋسۇمىدە مەدىنىدىن كەلگەن ئەۋسلىك قېرى بىر كىشىنى گۆرۈگە ئېلىۋالدى ۋە مەدىنىگە ئادەم ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوغلى ئەمرنى قويۇپ بەرمىسە، ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھاجىنىڭ ئائىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ شەرتكە قوشۇلۇشىنى ئۆتۈندى ۋە ئاخىرى قايىل قىلدى.



www.munber.org

## ئەسىرلەر

### (45)

قوشۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كۈن كېيىن، ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. سەۋدە ئەرفانى يوقلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ جىيەنى ۋە بۇرۇنقى يولدىشىنىڭ قېرىندىشى، شۇنداقلا، ئۆز قەبىلىسىنىڭ رەئىسى سۇھەيلىنىڭ قوللىرى ئارقىدىن باغلانغان ھالدا ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭدا ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كونا ھېسسىياتلارنى پەيدا قىلدى. «ئەبۇيەزىد!» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ: «بۇنداق تېز تەسلىم بولغىچە، شەرەپ بىلەن ئۆلسەڭ بولماسمىدى؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەۋدە!» دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگەن سەۋدە، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بەكمۇ خىجىل بولدى ۋە دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى. سۇھەيلىنىڭ ئىسلامغا كىرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا قۇرۇلغان رەھبەرلىك تۈزۈمى ئۇنىڭ ۋە باشقا ئەسىرلەرنىڭ قەلبىدە ئىز قالدۇرۇشقا باشلىغانىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا قەلبلىرىنى جاھىلىيەتنىڭ بۇتپەرەس ئەقىدىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسلامىي ئەقىدىلەر بىلەن تولدۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىجىللىقتا تۇرغان سەۋدەگە: «ئۇنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى كۈشكۈرتۋاتامسەن؟» دېدى.

قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئەبۇسۇفيانغا ئوخشاش سۇھەيلىنىڭ ئېتىبارىنىڭمۇ يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولغاچقا، ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان كۆپلىگەن مۇشرىك ئۇنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن سۇھەيل مەدىنىدە كۆپ تۇرمىدى. چۈنكى بەنى ئەمر ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ فىدىيەسىنى تۆلىمەكچى بولغانىدى. سۇھەيل دەرھال مەككىگە كەتتى، ئەلچى بولسا، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇنىڭ فىدىيەسىنى كېلىشىش ئۈچۈن مەدىنىدە قېلىپ قالدى.

ھەر بىر ئەسىرنىڭ فىدىيەسى ئۈچ ـ تۆت مۇسۇلمان بۆلۈشەتتى. ئاbbاسنى ئەسىر ئېلىۋالغان ئەنسارلىق بىرقانچە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ، قىز قېرىندىشىمىزنىڭ فىدىيەسىنى بىز تۆلەپ، ئۇنى قويۇپ بەرسەك!» دېدى. ئۇلارنىڭ ‹قىز قېرىندىشىمىز› دېگىنى ئاbbاسنىڭ چوڭ ئانىسى سەلما ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر بىر دەرھەممۇ تۆلىمەيسىلەر» دېدى. ئاندىن ئاbbاس تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «ئەي ئاbbاس! سەن ئۆزەڭنىڭ، ئىككى جىيەنىڭ ئاقىل بىلەن نەۋفەلنىڭ ۋە ئىتتىپاقدىشىڭ ئۇتبەنىڭ فىدىيەسىنى تۆلىگىن. چۈنكى سەن باي كىشىسەن» دېدى. ئاbbاس ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە: «مەن بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغانىدىم، لېكىن ئۇلار مېنى مەجبۇرى ئېلىپ كەلدى» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «سېنىڭ ئىمان ئېيتقان ياكى ئېيتمىغانلىقىڭنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئەگەر ئېيتقىنىڭ راست بولسا، ئاللاھ



www.munber.org

ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. لېكىن سەن بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز بىلەن بىللە ئىدىڭ. شۇڭا سەن فىدىيە تۆلەيسەن.» ئابباس بۇ قېتىم پۇلى يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «شۇنداقمۇ؟ ئۇممۇ فازىلغا قويۇپ قويغان پۇللىرىڭ نەگە كەتتى؟ سەن ئۇنىڭغا: ”ئەگەر ئۆلسەم، پۇلنىڭ شۇنچىلىكىنى ئابدۇللاھقا، شۇنچىلىكىنى فازىلغا، قاسىمغا ۋە ئۇبەيدۇللاھقا بەرگىن!“ دېمىگەنمىدىڭ؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاbباسنىڭ قەلبى ھەقىقىي ئىمان نۇرى بىلەن تولدى. «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىشنى مەن ۋە ئۇممۇ فازىلدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. مانا ئەمدى سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى ۋە ئۆزىنىڭكىگە قوشۇپ، ئىككى جىيەنى بىلەن ئىتتىپاقدىشىنىڭ فىدىيەسىنى تۆلەشنى قوبۇل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۈيئوغلى ئەبۇل ئاسمۇ مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەن ئىدى. زەينەپ ئەبۇل ئاسنىڭ قېرىندىشى ئەمرنى فىدىيە تۆلەپ، ئەبۇل ئاسنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن پۇلنىڭ ئارىسىدا ئانىسى خەدىچە توي كۈنى ئۆزىگە سوۋغا قىلغان ھېقىق بىلەيزۈكمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خەدىچەنىڭ بىلەيزۈكىنى بىر كۆرۈپلا تونۇدى ۋە چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بەكمۇ ھاياجانلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەسىردە نېسىۋىلىرى بار كىشىلەرگە: «ئەگەر خالىساڭلار، بۇ ئەسىردىن ھېچنېمە ئالماي قويۇپ بېرىڭلار! بۇ سىلەرنىڭ مەيلىڭلارغا باغلىق ئەلۋەتتە!» دېدى. ھەممىسى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، ئەبۇل ئاس بىلەيزۈك ۋە پۇللارنى ئېلىپ مەككىگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ مەدىنىدىكى ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، لېكىن ئۇ بولمىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا مەككىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن زەينەپنى مەدىنىگە ئەۋەتىۋېتىشىنى تاپىلىدى. ۋەھيىدە، مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇشرىك ئەر بىلەن ئۆيلىنىشى ـ ئۇچاقلىق بولسا بولمايدىغانلىقى ئوچۇق بىلدۈرۈلگەنىدى. ئەبۇل ئاس ئىككىلەنگەن ھالدا قوشۇلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ۋەلىدنىڭ كىچىك ئوغلى ۋەلىدنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىدى. ئابدۇللاھ تۆت مىڭ دەرھەمدىن ئاز فىدىيەگە رازى بولمىدى. ۋەلىدنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى خالىد بولسا، بۇنچىلىك كۆپ دەرھەمنى قوبۇل قىلمىدى. لېكىن ۋەلىدنىڭ ئۆز قېرىندىشى ھىشام ئۇنىڭغا: «ئەلۋەتتە تۆلەشنى خالىمايسەن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئاناڭنىڭ بالىسى ئەمەس» دېگەندىن كېيىن تۆلەشكە رازى بولدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ئېلىم ـ بېرىمغا رازى بولمىدى ۋە ئابدۇللاھقا ئۇلارنىڭ دادىلىرىدىن قالغان مەشھۇر قورالى ۋە ساۋۇتىنى تەلەپ قىلىشنى ئېيتتى. خالىد يەنە نارازى بولدى، لېكىن ھىشام ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتتى. قورال ـ ياراق ۋە پۇللار مەدىنىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋەلىدنى ئېلىپ مەككىگە قايتتى. ئەمما تۈنجى چۈشكۈن قىلغان يېرىدە ۋەلىد ئۇلاردىن قېچىپ، مەدىنىگە بېرىۋالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولۇپ، بەيئەت قىلدى. قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن خالىد: «نېمە ئۈچۈن فىدىيە ۋە دادامنىڭ مىراسلىرىنى تۆلەشتىن بۇرۇن شۇنداق قىلمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) كە بۇرۇنلا بەيئەت قىلمىدىڭ؟» دېدى. ۋەلىد



www.munber.org

قۇرەيشلەرنىڭ: «فىدىيەنى تۆلەشتىن قېچىپ مۇسۇلمان بولۇۋاپتۇ» دېمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىللە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىرەر زىيانكەشلىك قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن مەككىگە يېتىپ بېرىپلا، ئەيياش ۋە سەلەمەنىڭ يېنىغا، يەنى زىندانغا تاشلاندى. ئەبۇجەھىلنىڭ ئۆگەي قېرىنداشلىرى بولغان بۇ ئىككيلەننى، ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە (دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ) زىنداندىن چىقارمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈچى ۋە مەككىدە مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ھىشام ۋە سەھم قاتارلىقلارنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىشى ئۈچۈن پات ـ پات دۇئا قىلاتتى.

مۇتئىمنىڭ ئوغلى جۇبەير جىيەنى ۋە ئىككى ئىتتىپاقدىشىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئەگەر مۇتئىم ھاياتتا بولۇپ، ئەسىرلەرنى ئېلىشقا كەلگەن بولسا، ئۇلارنى فىدىيە ئالماي قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جۇبەير مەدىنىدە كۆرگەن مۇئامىلىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى. بىر كۈنى، نامازشام ۋاقتىدا جۇبەير مەسجىدنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا قاراپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا جەھەننەم ۋە ھېساب كۈنلىرى توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ‹تۇر› سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتى. سۈرە شۇ ئايەتلەر بىلەن ئاخىرلاشقانىدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى تەخىر قىلىش) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن، (ئۇيقۇدىن) تۇرغان ۋاقتىڭدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن. كېچىدىمۇ، يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن!﴾[①]

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان جۇبەيرنىڭ قەلبىدە ئىمان ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلاشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئاڭلاۋېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن قورقتى. چۈنكى ئۇنىڭ يادىدىن ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان تاغىسىنىڭ بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى پەقەتلا چىقمايتتى. ھەمزە مۇتئىمنىڭ قېرىندىشى تۇئەيمەنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، جۇبەيرنىڭ يۈرىكى ئۆچ ئېلىش ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن جۇبەير، فىدىيە ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن دەرھال مەككىگە قايتتى.

فىدىيە تۆلەش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ بولمىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىھۆرمەتلىك قىلمايتتى. لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇمەييە بىلەن ئۇتبەنىڭ جۇمھە قەبىلىسىلىك قېرىنداشلىرى ئۇبەي ئۇنداق قىلمىدى. ئۇبەي ئوغلى ئۈچۈن فىدىيە تۆلەپ، مەككىگە قايتىش ئالدىدا: «ئى مۇھەممەد! ئەۋد ئىسىملىك بىر ئاتنى ھەر كۈنى ھەرخىل يەم بىلەن بېقىۋاتىمەن. مەن سېنى ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ياق! ئىنشائاللاھ، مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ ۋاقىتتا، ئۇبەينىڭ ئىككى جىيەنى سەفۋان بىلەن ئۇمەير بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەن رەئىسلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. سەفۋان ئۇمەييەنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن

① تۇر سۈرىسى، 48 - ۋە 49 - ئايەتلەر.



www.munber.org

جۇمە قەبىلىسىگە رەئىس بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. جىيەنى ئۆمەير بولسا، بەدرىدە مۇسۇلمانلار قوشۇنى ھەققىدە مەلۇمات ئىگەللەش ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان بولۇپ، بىر ئوغلى مەدىنىگە ئەسىر چۈشكەنىدى. سەفۋان: «تەگرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، دۇنيادا ھېچبىر ياخشىلىق قالمىدى» دېدى. ئۆمەيرمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى، لېكىن ئۇ سەفۋانغا قارىغاندا سەممىي ئىدى. ئۆمەيرنىڭ ئوغلى ئۈچۈن فىدىيە تۆلىگۇدەك ئىقتىسادى يوق ئىدى، ئۇنىڭسىزمۇ، دۇنيا ھاياتىدىن بېزىپ كەتكەچكە، ھاياتنى بىرەر ياخشىلىق ئۈچۈن پىدا قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى: «ئەگەر تۆلىيەلمىگەن قەرزلىرىم ۋە ماڭا قاراشلىق بالا ـ چاقىلىرىم بولمىغان بولسا، بېرىپ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم» دېدى ئۇ. بۇنى ئاڭلىغان سەفۋان: «قەرزلىرىڭنى مەن تۆلۈۋېتىمەن. سېنىڭ ئائىلەڭ، مېنىڭ ئائىلەم دېگەن گەپ. ئۇلارغا ئۆمۈرۋايەت مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن ۋە مېنىڭ قول ـ ئىلكىمدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئاتتۇۋېتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەير نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى، ئىككىيلەن بۇ ئىش تۇگىگىچە ھېچكىمگە تىنماسلىققا ۋەدە بېرىشتى. ئۆمەير قىلىچىنى بىلىدى ۋە بىسىغا زەھەر سۈركەپ، ئوغلىنى قۇتقۇلدۇرماقچى بولغان قىياپەتتە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۆمەير تۆۋەنكى مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئولتۇراتتى. ئۆمەيرنىڭ قىلىچىنى يېنىغا ئاسقان ھالەتتە كۆرگەن ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەتراپىدا تۇرغان ئەنسارلىق بىرنەچچەيلەنگە: «سىلەر ئۇنىڭ بىللە كىرىڭلار ۋە كۆزۈڭلارنى ئۇنىڭدىن ئايرىماڭلار. چۈنكى بۇ ئادەم بەك ئىشەنچلىك بىرى ئەمەس» دەپ تاپىلىدى. ئۆمەير كىرىپ: «خەيرلىك كۈنلەر!» دېدى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سالاملىشىش ئادىتى شۇنداق ئىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۆمەير! ئاللاھ بىزگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر سۆزنى ئۆگەتتى. ئۇ بولسىمۇ، سالامدۇر. جەننەت ئەھلىنىڭ بىر ـبىرىگە قىلىدىغان سالىمىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۆمەير ئوغلىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، بۇ قىلىچىڭنىڭ نېمە ئىشى بار؟» دەپ سورىدى. ئۆمەير دەرھال: «ئاللاھ بۇ قىلىچلارغا لەنەت ياغدۇرسۇن! بۇلارنىڭ بىزگە پايدىسى تەگدىمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «بۇ يەرگە كېلىشىڭنىڭ ئەسلى مەقسىتىڭ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۆمەير يەنە ئوغلىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سەفۋان بىلەن مەككىدە قىلىشقان گەپلىرىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى ۋە: «سەفۋان ئائىلەڭنى ۋە قەرزلىرىڭنى ئۈز بويىنىغا ئالغاندىن كېيىن، سەن كېلىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ. لېكىن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا ئاللاھ كىردى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەير: «بۇنى ساڭا كىم ئېيتتى؟» دەپ ۋارقىردى: «ئۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدىغۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى ماڭا جىبرىئىل ئېيتىپ بەردى» دېدى. ئۆمەير: «سەن ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى بىزگە يەتكۈزگىنىڭدە، بىز سېنى ‹يالغانچى› دېدۇق. مېنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگەن ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىمەن. مەن: ‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقى ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى› گە شاھادەت كەلتۈردۈم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

www.munber.org

ئەتراپىدىكى ساھابىلىرىگە: «قېرىندىشىڭلارغا دىنىنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىڭلار، ئاندىن ئوغلىنى قويۇپ بېرىڭلار!» دەپ بۇيرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمەيرنىڭ باشقىلارنى، بولۇپمۇ سەفۋاننى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قايتىش تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. كۆپلىگەن كىشى ئۇمەيرنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن ئىمان ئېيتتى. لېكىن سەفۋان ئۇنى خائىن دەپ قارايتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنىدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇمەير مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

ئەبۇل ئاس مەككىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئايالى زەينەپكە ئۆزىنىڭ ئۇنى مەدىنىگە ئەۋەتىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. زەينەپ قىزى ئۇمامەنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. ئوغۇللىرى ئەلى بوۋاق چېغىدىلا چاچراپ كەتكەن بولۇپ، زەينەپ ئۈچىنچى بالىغا ھامىلدار ئىدى. تەييارلىق پۈتتى، ئەبۇل ئاس قېرىندىشى كىنانەنى زەينەپكە قوغدىغۇچى قىلىپ قوشۇپ قويدى. ئۇلار پىلاننى مەخپىي تۈزگەن بولسىمۇ، كۈندۈزدىلا يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن، مەككىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. تېخى كۆپ يول ماڭماي تۇرۇپلا، بىر توپ قۇرەيش زەينەپنى ئېرىنىڭ ئابدۇشەمس قەبىلىسىگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئىز قوغلاپ كەلدى. فىھر قەبىلىسىدىن ھەببار ئىسىملىك بىر ئادەم نەيزىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇمامە بىلەن بىللە تەخترىۋاندا ئولتۇرغان زەينەپنىڭ ئالدىنى توستى. باشقىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، تۆگىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى. كىنانە ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئوقياسىنى قولىغا ئالدى ۋە: «كىم يېقىنلاشسا، شۇنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ يانىڭ كىرىچىنى تارتتى، قۇرەيشلەر ئارقىغا چېكىندى. بىردەمدىن كېيىن، قۇرەيش رەئىسى ئەبۇسۇفيان ۋە بىرنەچچە كىشى ئۆلاغلىرىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كىنانەنىڭ ئوقيانى قويۇپ، مەسىلىنى مەسلىھەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. كىنانە تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭغا: «بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلارنى ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ بىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئايالنى كۆپكۆندۈزدە مەدىنىگە ئېلىپ ماڭغىنىڭ توغرا بولمىدى. بۇ، بىزنىڭ خورلانغانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى، چۈنكى خەلق بىزنى نانقېپى قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. ھاياتىم ئۈستىگە قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، بىزنىڭ ئۇنى دادىسىدىن ئايرىۋەتكۈمىز يوق، ئۇنداق قىلىشنىڭ بىز ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسىمۇ يوق. ئايال ھازىرچە ئۆيىگە قايتسۇن ۋە بىزنىڭ كەينىمىزدىن گەپ تاپقان خەلقنىڭ ئاغزى بېسىقسۇن، ئۇنى مەككىگە بىزنىڭ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىمىز ھەققىدە گەپ ـ سۆز تارالغىچە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئاندىن ئۇنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي دادىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىن!» دېدى. كىنانە بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەممىسى بىرلىكتە مەككىگە قايتتى. مەككىگە قايتىپ كۆپ ئۆتمەي، زەينەپنىڭ قورسىقىدىكى بالا چۈشۈپ كەتتى. ھابىلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەلگىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ، زەينەپ خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، كىنانە ئۇلارنى، يەنى زەينەپ بىلەن ئۇمامەنى ئېلىپ، يېرىم كېچىدە مەككىدىن يولغا چىقتى ۋە مەككىدىن سەككىز مىل يىراقلىقتىكى يەجەج ئويمانلىقىغىچە ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. زەيد ئۇلارنى يەجەج ئويمانلىقىدا كۈتۈپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ مەدىنىگە تىنچ ـ ئامان يەتكۈزدى.

www.munber.org

www.munber.org

## بەنى قەينۇقا

**(46)**

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە رىئايە قىلمىغانلىقى ۋە كۆپىنچىسىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بۈتپەرەس مۇشرىكلەرنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ۋەھىي، مۇسۇلمانلارنى بەزى يەھۇدىيلارغا ئىشەنسىمۇ، زور كۆپچىلىكىگە ئىشەنمەسلىككە ئۈندەيتتى.

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق.﴾[1]

يەھۇدىيلار يېڭى دىننى ئاغدۇرۇپ، يەسرىبنى كونا ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈمىدىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەبىلىسىگە باغلىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى مەككىگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەگەر قۇرەيشلەر يەھۇدىيلارنىڭ مەھەللىلىرىدىن يىراق يەردىكى جەنۇبى مەدىنىگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىدىن يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتا) ھۇجۇم قىلسا، يەھۇدىيلار قۇرەيش قوشۇنلىرىغا ئارقا تەرەپتىن ياردەم قىلالايتتى.

﴿ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ.﴾[2]

بەدرى غەلىبىسى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. چۈنكى بەنى قەينۇقا، قۇرەيزە ۋە نەزىر قەبىلىلىرى غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرغانىدى. كەئب ئىبنى ئەشرەف ھەممىدىن بەك پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ، دادىسى تاي قەبىلىسىلىك ئەرەب بولسىمۇ، ئانىسى يەھۇدىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى نەزىر قەبىلىسىگە تەۋە دەپ قارايتتى ۋە مال ـ بايلىقى، ئىززەت ـ ئابرۇيى، شائىرلىقى بىلەن نەزىر قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. زەيد بىلەن ئابدۇللاھ جەڭ مەيدانىدىن قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەندە، كەئب ئۆزىنى بېسىۋالالماي، مۇنداق دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى: «تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، مەن ئۈچۈن يەرنىڭ ئاستى ئۈستىدىنمۇ ئەۋزەلرەكتۇر.» كۆپ ئۆتمەي، خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قايتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە مەككىدە ئەبۇجەھل، ئۇتبە، شەيبە ۋە باشقا قۇرەيش كاتتىلىرى

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 118 ـ ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 120 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

ئۈچۈن مەرسىيە يازدى. ئۇنىدىن باشقا، مەككىلىكلەرنى زور قوشۇن تەييارلاپ، يەسرىبكە ھۇجۇم قىلىشقا ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا كۈشكۈرتتى.

كەئبىنىڭ خەۋىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. لېكىن كەئب بەكمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى مۇۋاپىق تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ھازىرچە بەنى نەزىر قەبىلىسىگە چېقىلماي تۇرۇشنى ئويلاشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بۇرۇندىن تارتىپ بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاكتىكىلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىدىن باشقا، بەنى قەينۇقا مۇناپىقلارنىڭ باشچىسى خەزرەجلىك ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەھەللىلىرى شەھەرگە يېقىن بولغاچقا، شەھەرگە بولغان تەسىر دائىرىسىمۇ چوڭ ئىدى. ھالبۇكى، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى نەزىر ۋە بەنى قۇرەيزەنىڭ مەھەللىلىرى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى يېقىندىلا مۇنۇ ئەمرنى تاپشۇرۇۋالغانىدى:

﴿ئەگەر سەن (مۇئاھەدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھەدىسىنى ئۇلارغا ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھەدىسىنى تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھەدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ.﴾[1]

ئەمما ۋەھيىدە يەنە مۇنداقمۇ دېيىلگەنىدى:

﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈچۈن زورلۇق ئىشلىتىشنى خالىمايتتى. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، بەدرى جېڭىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ مەدىنىنىڭ جەنۇبىدىكى بازىرىغا باردى. بەدرىدىكى مۆجىزە ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىمانغا يېقىنلاشتۇرۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇلارنى قۇرەيشلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە تارتماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. لېكىن ئۇلار: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! بۇ قېتىمقى غەلىبەڭدىن بەك كۆرەڭلەپ كەتمىگىن! سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ ئۇرۇش ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىدى، شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىنى ئۆلتۈرەلىدىڭ. لېكىن، تەگرىگە قەسەم قىلىمىزكى، ئەگەر سەن بىز بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولساڭ، بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالاتتىڭ» دەپ

---

[1] ئەنفال سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 61 ـ ئايەت.

www.munber.org

جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىگە قايتتى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرنى يەڭگەنلىكىنى خىيال قىلىشتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، يەنە شۇ بازار بېرىدە ئارىدىكى يىرىكچىلىكنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. بىر يەھۇدىي زەرگەر بازارغا ئېلىم ـ بېرىم ئۈچۈن كەلگەن بىر مۇسۇلمان ئايالنى قاتتىق ھاقارەتلىدى. بازارغا كەلگەن ئەنسارلىق بىرى دەرھال ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئايالنى قوغدىدى. بۇ غەۋغادا ئايالنى ھاقارەتلىگەن يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلدى، بۇنى كۆرگەن يەھۇدىيلار بىر بولۇپ، ئەنسارى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەنسارىنىڭ ئائىلىسى يەھۇدىيلاردىن ئۆچىنى ئالماقچى بولدى ۋە ئەنسارىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپىغا يىغدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن قان تۆكۈلدى. ئەگەر يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەھدىنامىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ مەسىلە ئاسانلا ھەل بولغان بولاتتى. لېكىن يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ ئويلاشتى ۋە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە، بۇرۇندىن تارتىپ ئىتتىپاقداشلىرى بولۇپ كەلگەن خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئۇبادە ئىبنى سامىتقا خەۋەر يوللىدى. ئەگەر ھەممىسى يىغىلسا، يەتتە يۈز كىشىلىك قوشۇن تەييارلىيالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇبادەنىڭ ئادەملىرىمۇ ئىشەنچلىك ئىدى. مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقان يەھۇدىيلار، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرگە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ قۇرۇق لاپ ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ تەھدىتى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولدى. بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ قوشۇندىنمۇ چوڭ قوشۇننىڭ ئۆزلىرىنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەن يەھۇدىيلار چۆچۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ئىبنى ئۇبەي مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۇبادەنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمما ئۇبادە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىدىن بۇرۇنقى (يەھۇدىيلار بىلەن بولغان) ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بەنى قەينۇقانىڭ ھېچبىر ئىشىغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىبنى ئۇبەيگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەھۋالى بۇرۇندىن تارتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كۈچلۈك ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولۇشقا يار بەرمەيتتى. لېكىن ئۇمۇ ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىتائىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئەھدىنامىسىنى بۇزۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتائىتىگە كىرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. ئەگەر ئىككى يىل بۇرۇنقى ئەھۋالدا بولغان بولسا، ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، قورشاۋنى بىردەمدىلا يارغان بولاتتى. لېكىن ئۇ ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ ئىككىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان يەھۇدىيلار ئۈمىد ئىچىدە بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى، ئەمما كۈن ئۆتكەنسېرى ئۈمىدلىرى سۇغا چىلاشقىلى تۇردى. قورشاۋ ئىككى ھەپتە داۋاملاشتى، قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك كۈچى قالمىغان يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا شەرتسىز تەسلىم بولدى.



www.munber.org

ئىبنى ئۇبەي قورشاۋ يېرىگە كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىپ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! مېنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلدى. ئىبنى ئۇبەي سۆزىنى تەكرارلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى. ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋۇتىنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى. دەرغەزەپ بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى قارىداپ كەتتى ۋە: «مېنى قويۇۋەت!» دېدى. ئىبنى ئۇبەي: «تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭ توغرۇلۇق ۋەدە بەرمىگىچە قويۇپ بەرمەيمەن. بۇلار (يەھۇدىيلار) مېنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىدىن قوغدىدى. سەن ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتەمسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ يۈزۈڭدىن ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن ۋاز كەچتىم» دېدى. لېكىن يېڭى كەلگەن ۋەھيىدە ئەھدىنى بۇزغانلار ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

﴿ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن).﴾[1]

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قەينۇقالىقلارنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىنى مونوپول قىلىپ، ئۆزلىرىنى سۈرگۈن قىلىشنى قارار تاپتى ۋە ئۇلارنى ۋادىدىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۇبادە ئىبنى سامىتقا تاپشۇردى. بەنى قەينۇقالىقلار ئاۋۋال غەربىي شىمالغا مېڭىپ، قۇرا ۋادىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ پاناھلىقىغا سىغىندى. كېيىن ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن سۈرىيە چېگرىسىدا يېڭى يۇرت قۇردى.

يەھۇدىيلار مەدىنىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قالغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئۆزىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئايرىغاندىن كېيىن، قالغان قىسمىنى ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ قورال - ياراقلىرى ئۈچۈن ئىشلەتتى.

---

[1] ئەنفال سۈرىسى، 57 - ئايەت.

www.munber.org

# ھازا ۋە تويلار

## (47)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كېلىپلا، قىزى فاتىمە بىلەن بىرلىكتە رۇقىيەنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلدى. رۇقىيەنىڭ ئۆلۈمى ئۇلار ئۈچۈن خەدىچەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىككىنچى مۇسىبەت ئىدى. رۇقىيەنىڭ ۋاپاتى فاتىمەگە قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، مازارنىڭ بېشىدا، دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەگە تەسەللى بەردى ۋە سەللىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى يېقىندىلا مېيىتنىڭ كەينىدىن يىغا ـ زارە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە تەبلىغ قىلغان بولۇپ، بەزى كىشىلەر بۇ تەبلىغنى خاتا چۈشىنىۋالغانىدى. ئۇلار مازارلىقتىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئۆمەرنىڭ رۇقىيە ۋە بەدرىدە شېھىد بولغانلار ئۈچۈن ياش تۆككەن ئاياللارغا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۆمەر! قويۇپ بەرگىن، يىغلاۋەرسۇن. يۈرەك ۋە كۆزدىن كەلگىنى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى؛ قول ۋە ئېغىزدىن كەلگىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ھېسابلىنىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرى قول بىلەن مەيدىنى مۇشتلاپ، يۈزنى مورلاشقا، ئېغىز بىلەن جار سېلىپ، ھۆكۈرەپ يىغلاشقا قارىتىلغانىدى.

فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى بولۇپ، يىگىرمە ياشقا كىرىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ فاتىمە ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە تېخى بىر نەرسە دېيىشمىگەنىدى. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن فاتىمەنى سورىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھتىن بىر جاۋاب كۈتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانىدى. بەدرىدىن قايتىپ، كۆپ ئۆتمەي، ئەلىنى قىزى فاتىمەنى سوراشقا رىغبەتلەندۈردى. ئەلى دەسلىپىدە ئۆزىنىڭ يوقسۇل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. دادىسىدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىراس قالمىغانىدى. ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەۋلادنىڭ مۇشرىك ئاتىدىن مىراس ئېلىشىنى چەكلىگەنىدى. لېكىن، مەسجىدنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا خاس بىر ھۇجرا بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇن كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلگەچكە، فاتىمەنى سوراش قارارىغا كەلدى. رەسمىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي زىياپىتى ئۈستىدە چىڭ تۇردى. بىر قوچقار سويۇلدى، ئەنسارلاردىن بەزىلىرى بۇغداي ۋە ئۇن ياردەم قىلدى. ھەم كېلىن ھەم كۈيئوغۇلنىڭ جىيەنى بولغان ئەبۇسەلەمە بۇ تويغا ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغانلاردىن بىرى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەبۇجەھىل ۋە باشقا مۇشرىكلەردىن ئۆزىنى قوغدىغان ئەلىنىڭ دادىسىدىن بەكمۇ مىننەتدار ئىدى. ئەبۇسەلەمە ئائىشە بىلەن بىللە بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئۆيىنى تۈزەش ئۈچۈن دەريا بويىدىن قۇم ئېلىپ كەلدى. قۇم يەرگە تەكشى يېيىتىلدى. بىر پارچە قوي تېرىسى كېلىننىڭ تۆشكى (كۆرپىسى)، يەمەننىڭ سۇس سىزىقلىق بىر پارچە رەختى يوتقىنى قىلىندى. يەنە بىر پارچە تېرىنىڭ ئىچىگە خورما تاللىرى تولدۇرۇلۇپ، ياستۇق تەييارلاندى. تاماقتىن كېيىن، مېھمانلارغا ئەنجۈر بىلەن خورما ۋە سۇ



www.munber.org

كەلتۈرۈلدى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بۇ زىياپەتنىڭ ئۆز زامانىدا، مەدىنىدە بېرىلگەن ئەڭ ئالىي زىياپەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقانىدى.

زىياپەتتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھمانلارنىڭ بىر جۈپ ياشنى يالغۇز قويۇش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەلگە ئۆزى قايتىپ كەلگىچە ئايالىغا يېقىنلاشماي تۇرۇشنى تاپىلىدى. مېھمانلار تارقىدى، ئۆممۇ ئەيمەن مېھمانلاردىن قالغان قالايمىقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۆممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭغا خاس بەزى مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەردار بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى، ئۆممۇ ئەيمەن ئىشىك ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىم قېنى؟» دەپ سورىدى. ئۆممۇ ئەيمەن: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ قېرىندىشىڭ كىم؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ئەلى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆممۇ ئەيمەن: «ئۇنىڭغا قىزىڭنى ياتلىق قىلغان تۇرساڭ، ئۇ قانداقسىگە سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولسۇن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر» دېدى. ئاندىن ئۆممۇ ئەيمەندىن بىر قاچا سۇ سورىدى، سۇ كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يۇتۇم سۇنى ئاغزىغا ئېلىپ، بىر دەمدىن كېيىن سۇنى تەكرار قاچىغا يانىدۇردى. ئاندىن ئەلىنى چاقىردى، ئۇنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالقىنىغا ئازراق سۇ ئالدى ۋە ئەلىنىڭ مۈرە، مەيدە، قوللىرىغا سەپتى. ئاندىن فاتىمەنى چاقىردى. فاتىمە دادىسىغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن بەدىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىگەن ھالدا كېلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ ئەلگە قىلغىنىدەك سۇ سەپتى. ئاندىن ئىككىسىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا دۇئا قىلدى.

بەدرنىڭ يانىدۇرقى يىلى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئىككى كىشى ۋاپات بولدى. ئۇلاردىن بىرى، قىزى ھەفسەنىڭ يولدىشى ھۇنەيس بولۇپ، ھۇنەيس ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى ۋە ھەبەشىستاندىن قايتىپ كېلىپ، ھەفسەگە ئۆيلەنگەنىدى. ھۇنەيس ۋاپات بولغان ۋاقتتا، ھەفسە تېخى ئون سەككىز يېشىدا بولۇپ، ھەم چىرايلىق ھەم ئەدەپلىك چوڭ بولغانىدى ۋە دادىسىدەك ساۋاتلىق ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رۇقىيەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوسماننىڭ يالغۇزسىراپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ، ھەفسەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ قويماقچى بولدى. ئوسمان ئويلىشىپ باقماقچى بولدى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھازىرچە يالغۇز ياشىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ جاۋابى ئۆمەرگە بەكمۇ ھار كەلدى. لېكىن، قىزىغا كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئەر تېپىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن ئۆمەر، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە تەكلىپ بەردى. ئەمما ئەبۇبەكرىمۇ مۇجمەل جاۋاب بىلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ رەنجىدى. ھالبۇكى، ئەبۇبەكرىنىڭ رەت قىلىشى ھەقلىق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايالى بار ئىدى. لېكىن ئوسمان يالغۇز بولغاچقا، ئۆمەر ئۇنىڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىر كۈنى، ئۆمەر بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىز ئاچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غەم قىلمىغىن! چۈنكى ئاللاھ ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۈيئوغۇل، ھەم ئوسمانغا سەندىنمۇ ياخشى قېينئاتا بېرىشى مۇمكىن» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر بىر



www.munber.org

ئاز ئۆيلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ھەر ئىككى كىشىنىڭ (يەنى ئەڭ ياخشى كۈيئوغۇل ۋە قېيىنئاتىنىڭ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «شۇنداق بولغاي!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسەگە ئۆيلىنىپ ياخشى كۈيئوغۇل، رۇقىيەنىڭ سىڭلىسى ئۇممۇ گۈلسۈمنى ئوسمانغا ياتلىق قىلىپ ياخشى قېيىنئاتا بولماقچى ئىدى. ئەبۇبەكرى كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئۆمەرنىڭ تەكلىپىگە نېمە ئۈچۈن مۇجمەل جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئەبۇبەكرىگە بىلدۇرۇپ، بۇ پىلاننى ھېچكىمگە ئېيتماي تۇرۇشنى تاپىلىغانىدى.

ئاۋۋال ھەزرىتى ئوسمان بىلەن ئۇممۇ گۈلسۈمنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ھەفسەنىڭ ئىددىتى توشۇپ، سەۋدە بىلەن ئائىشەنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ يېنىغا يېڭى بىر ھۇجرا ياسالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەفسەنىڭ توي رەسمىيەتلىرى ئورۇندالدى. ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە ناھايىتى ئاسانلا كۆنۈپ قالدى. ئائىشە ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتا بىر دوستقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. بۇ، ئىككى ياش قىزنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك دوستلۇقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. سەۋدە بولسا، ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ يېشىدا بولۇپ، ئائىشەگە بولغان ئانىلىق مېھرىنى ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك بۇ يېڭى كېلىندىنمۇ ئايىمىدى.

توي مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈنلەردە، ئۆمەرنىڭ قېيىن بۇرادىرى، يەنى ھەفسەنىڭ تاغىسى ئوسمان ئىبنى مەئزۇن ۋاپات بولدى. ئوسمان ۋە ئايالى ھەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ، ئوسمان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۇ ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ زاھىدلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاختا قىلىنىپ، قالغان ئۆمرىنى تىلەمچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا ئۈلگە بولالمامدىم؟ مەن ئاياللىرىمغا يېقىنچىلىق قىلىمەن، گۆش يەيمەن، روزا تۇتىمەن ۋە ئېپتار قىلىمەن. ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئاختا قىلغانلار بىزدىن ئەمەستۇر» دېدى. ئوسماننىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىرىپ بولالمىغانلىقىنى ئويلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر كۈنى تەكرار چۈشەنچە بېرىپ: «مەن سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ئوسمان سەممىيەتلىك بىلەن: «شۇنداق» دېدى ۋە بۇنى نېمە ئۈچۈن سورىغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھەركۈنى روزا تۇتىسەن ۋە ھەر كېچىسى ناماز ئوقۇيسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ۋە روزىنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا ۋەزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئوسمان: «ھەئە، شۇنداق قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلمىغىن! چۈنكى كۆزلىرىڭنىڭ، بەدىنىڭنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار. شۇڭا روزا تۇتۇش، ئېپتار قىلىش، ناماز ئوقۇش بىلەن بىرگە، دەم ئېلىشقىمۇ ۋاقىت ئايرىغىن!» دېدى.

ھەر تېمىدا ئاللاھقا ھەمدى ۋە شۈكرى ئېيتىشقا ئۈندەش ساماۋىي دىنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى.

www.munber.org

﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.﴾[1]

﴿ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.﴾[2]

﴿«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، ئاللاھتىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟» دېگىن. «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئاللاھ كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟»دېگىن. سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىندۇر.﴾[3]

ئۆز تەبىئىتىگە (يارىتىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە مۇددىئاسىغا) بويسۇنىدىغان ئىنسان قەلبىدە ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ نورمال پائالىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز تەبىئىتى ھەققىدە توختالغاندا، ھېسسىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئامىللار بىلەن نامازدىن ئالغان ئارام بەخش تۇيغۇسىنى ئوخشاش بىر رامكا ئىچىگە ئالغان ھالدا: «ماڭا خۇشپۇراق ۋە ئاياللار سۆيۈملۈك قىلىندى. ناماز بولسا، مېنىڭ كۆز نۇرۇمدۇر» دېگەنىدى.

ئوسمان ئىبنى مەئزۇننىڭ جىنازە ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ئېلىپ ھەۋلەنى يوقلىدى. كېيىنكى يىللىرى، ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننى سۆيۈپ قويدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنىڭ ئوسماننىڭ يۈزىگە چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم.»

ئوسماننىڭ مېيىتى كۆمۈلۈۋاتقاندا، بىر ئايالنىڭ: «خاتىرجەم بولغىن، ئەي ئەبۇسەئىب! چۈنكى جەننەت سېنىڭدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورىدى. ئايال: «ئى رەسۇلۇللاھ! چۈنكى ئۇ ئەبۇسەئىبتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقا بىر نەرسە بىلمەيمىز» دېدى. كېيىنچە، ئۆزىنىڭ ئوسمانغا ئەمەس، بەلكى ھەققى يوق تۇرۇپ، شۇنداق سۆز قىلغان ئايالغا قارشى چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ: « ”ئۇ ئاللاھنى ۋە رەسۇلىنى سۆيەتتى“ دېسەڭلار، شۇ كۇپايە ئىدى» دېدى.

[1] نەھل سۈرىسى، 78 - ئايەت.
[2] رۇم سۈرىسى، 21 - ئايەت.
[3] قەسەس سۈرىسى، 71 - دىن 73 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئۇسماننىڭ شېھىت بولماي، تۆشەكتە جان ئۈزۈشى ئۆمەرنىڭ نەزىرىدىن بىردىنلا چۈشۈپ كېتىشكە سەۋەب بولدى. كېيىنچە، ئۆمەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسمان ئىبنى مەئزۇن شېھىت بولماي، تۆشەكتە جان ئۈزۈشى بىلەنلا مېنىڭ نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتتى. باشقىلارغا: ”بۇ دۇنيادىن كېتىشكە ھەممىمىزدىن بەكرەك ئۆزىنى ئۇرغان، لېكىن تۆشەكتە جان ئۈزگەن شۇ ئادەمنى سىرتقا تاشلىۋېتىڭلار!“ دېدىم.» ئۆمەر تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغانىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭمۇ تۆشەكتە جان بەرگىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ‹ئاگىسىزلىق› بىلەن ئەيىبلىدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! ئەڭ قەدىرلىك كىشىلىرىمىز مۇشۇ شەكىلدە ۋاپات بولۇۋاتامدۇ؟!» دېدى. شۇندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇسمان ئىبنى مەئزۇننى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان بولدى.

www.munber.org

## ئەسھابى سۇففە

(ئەھلى سۇففە)

**(48)**

مەسجىدنىڭ ئۈستى يېپىق قىسمىنىڭ بىر تەرىپى تۈرىدىغان يېرى ۋە تۇرمۇش راسخوتى بولمىغانلار (يېڭى كەلگەنلەر) ئۈچۈن ئايرىلغانىدى. ئۇ يەردە، ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تاش ئورۇندۇق ياساپ قويۇلغاچقا، ئۇلارغا ‹ئەھلى سۇففە› دېيىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇجرىلىرى مەسجىد تېمىغا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغاچقا، ئۇ ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا ياتقان ۋە كۈنسېرى بىر ـ ئىككىدىن كۆپىيىۋاتقان بۇ يېقىنلارغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلاتتى. بەدرى غەلىبىسىدىن كېيىن، پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىدا پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ئىسلام دەۋىتى ھەركۈنى يۈزلەرچە كىشىنى مەدىنىگە تارتىۋاتاتتى. شۇڭا، مەسجىد ھويلىسىدىكى ھۇجرىلاردا ياشاۋاتقانلار ئۈزلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىغا ناھايىتى ئاز ئېغىز تېگەلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «بىر كىشىنىڭ تائامى ئىككى كىشىگە، ئىككى كىشىنىڭ تائامى تۆت كىشىگە، تۆت كىشىنىڭ تائامى سەككىز كىشىگە يېتىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇش ۋە يەڭگىل پۇراقلارنى ياخشى كۆرەتتى ۋە بەدبۇي، بولۇپمۇ ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ نەپسىنىڭ سېسىق پۇراپ قېلىشىنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. ھەزرىتى ئائىشە: «ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئالدى بىلەن يېشىل خورما دەرىخىدىن ياسالغان مىسۋاكىنى قولىغا ئالاتتى» دەيتتى. سەپەرلەردە بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد يېنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئارتۇقچە مىسۋاك ئېلىۋالاتتى. ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە تائامدىن كېيىن ئېغىز چايقاش ئادەتلىرىگە كۆنۈك ئىدى.

ئاچلىقمۇ ئۇنىڭ بۇ ئادەتلىرىنى بۇزالمايتتى. لېكىن باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشقا زورلىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامدا چەكلەنمىگەن، لېكىن ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بەزى تائاملارنى ساھابىلىرىنى يېيىشكە ئۈندەيتتى. مەسىلەن، مەككىدە تېپىلمايدىغان، لېكىن يەسرىب ۋە باشقا يەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېلەرنى يېگىلى ئۈنىمايتتى. بەزى تائاملارنى يېيىشنى رەت قىلاتتى، لېكىن باشقىلارنىڭ يېيىشىنى چەكلىمەيتتى. بىر قېتىم، ئەنسارلاردىن بىرى تائام پىشۇرۇپ كەلدى. تائامدىن تېتىپ باقماقچى بولۇپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرنىغا سامساقنىڭ ھىدى كەلدى ۋە قولىنى تارتىۋالدى. يېنىدا ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ قولىنى تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ قولۇڭنى تارتىۋالغىنىڭنى كۆرۈپ، بىزمۇ تارتىۋالدۇق» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ‹بىسمىللاھ› دەپ يەۋېرىڭلار! مېنىڭ سىلەر كۆرۈشمەيدىغان بىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار» دېدى. ئۇلار بۇ كىشىنىڭ جىبرىئىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. دەستىخانغا تارتىلىپ



www.munber.org

بولغان تائامنى ئىسراپ قىلىشقا بولمايتتى. ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى پىياز ۋە سامساق يېمەسلىك، بولۇپمۇ، مەسجىدكە كىرىشتىن بۇرۇن بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى.

فاتىمە ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن كۆپىنچە ۋاقتىنى ئەھلى سۇففەنىڭ خىزمىتىگە ئاتايتتى. پىداكارلىق ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر پارچىسى بولسىمۇ، فاتىمە ھېچقاچان ھېس قىلمىغان بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغانلارنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. سىڭلىسى ئۇممۇ گۈلسۇمدىن باشقا ئۇممۇ ئەيمەنمۇ ھەردائىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇن ياشلىق ئوغلى ئەنەسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە بەرگەنىدى. ئەنەس يېشى كىچىك بولسىمۇ، زېرەك ۋە چېچەن بالا ئىدى. ئۇممۇ سۇلەيم ۋە ئىككىنچى يولدىشى ئەبۇتەلھەمۇ ھەردائىم ياردەمگە تەييار ئىدى. ئىبنى مەسئۇد بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇددى ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىدەك يېقىن ئىدى. ئاباس مەككىگە قايتقاندىن كېيىن، قۇلى رافىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مەدىنىگە ئەۋەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، رافى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى خالىسانە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن باشقا، ئوسمان ئىبنى مەئزۇننىڭ تۇل ئايالى ھەۋلە ئۆزۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى. لېكىن، ھازىر فاتىمەنىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى. ھەددىدىن زىيادە يېقىنلىق ئۇلارنى جاپالىق ئەمگەككە مەجبۇرلايتتى. ئەلى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، توشۇيتتى. فاتىمە بولسا، بۇغداي يانجىيتتى. فاتىمە بىر كۈنى ئەلىگە: «بۇغداي يانجىپ، قوللىرىم قاپىرىپ كەتتى» دېدى. ئەلىمۇ: «مەنمۇ سۇ توشۇپ، مۈرەم ئىششىپ كەتتى. ئاللاھ ئاتاڭغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېمەكچى) بىرمۇنچە خىزمەتچى بەردى. بېرىپ ئۇلاردىن بىرىنى بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئۈچۈن سورىغىن!» دېدى. فاتىمە دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىزىم! بىر ئىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. فاتىمە خىجىللىقتىن مەقسىتىنى ئېيتالمىدى ۋە: «ياقەي، ساڭا سالام بەرگىلى كەلگەنىدىم» دېدى. فاتىمەنىڭ قۇرۇق قول قايتقانلىقىنى كۆرگەن ئەلى: «قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. فاتىمە: «سوراشتىن خىجىل بولدۇم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى بىللە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەقسەتلىرىنى بىلدۈردى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ خىزمەتچىگە ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە: «خىزمەتچىلەرنى سىلەرگە بېرىۋېتىپ، ئەھلى سۇففەنىڭ ئاچلىق ئازابى چېكىشىنى خالىمايمەن. ئۇلارنى باققۇدەك كىرىمىم يوق. پەقەت قولۇمدا بار ـ يوقىنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى تەييارلاپ بېرىۋاتىمەن» دېدى.

ئەلى بىلەن فاتىمە كۆڭلى يېرىم ھالدا ئۆيىگە قايتتى. لېكىن، شۇ كېچىسى ئۇلار يېتىپ تۇرۇشىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى ۋە ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار!» دېدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن:

«سىلەرگە مەندىن تەلەپ قىلغان نەرسىدىنمۇ قىممەتلىكرەك بىر نەرسە بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. جىبرىئىل ماڭا ھەر ۋاق نامازدىن كېيىن ‹سۇبھانەللاھ› نى ئون قېتىم، ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› نى ئون قېتىم، ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› نى ئون قېتىم؛ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھەر بىرىنى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم دېيىشنى ئۆگەتتى. سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار!» دېدى. كېيىنكى يىللىرى، ئەلى: «رەسۇلۇللاھ بىزگە بۇلارنى ئۆگەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن، بىر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇشنى تاشلىمىدىم» دېگەندى.

ئەلى بىلەن فاتىمەنىڭ ئۆيى مەسجىدتىن يىراق ئەمەس ئىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىر نەچچە ئاي شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەزرەجلىك شىرەم تۇغقىنى ھارىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! فاتىمەنىڭ ئۆزەڭگە يېقىن تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. مېنىڭ ئۆيۈم بەنى نەججار قەبىلىسى ئىچىدە ساڭا ئەڭ يېقىن ئۆي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆينى ساڭا بەرمەكچىمەن. مەن ۋە ماللىرىم ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭدۇر. ئەگەر مەندىن بىر نەرسىلەرنى ئالساڭ، ئالمىغىنىڭدىن بەكرەك خۇش بولىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. قىزى ۋە كۈيئوغلىنى ئۆزىگە قوشنا قىلىۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىسەنىڭ ئۆزى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلغان مەردلىكىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى. ئەمما، ئۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋسلىك ئەبۇلۇبابەنى ھەر دائىم ماختاپ تۇراتتى ۋە بەدرى ئۇرۇشى ۋاقتىدا، ئۇنى مەدىنىدە ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قويغانىدى. ئۇ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەبۇلۇبابەنىڭ پاناھلىقىدىكى بىر يېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، باشپاناھىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىر خورما دەرىخىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن دەرھال يېتىپ كەلگەن ئەبۇلۇبابە خورما دەرىخىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. ھەقىقي ئەھۋالنى ئىگەللىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورما دەرىخىنى ئەبۇلۇبابەگە بۇيرۇپ بەردى. لېكىن، ئۆزۈندىن بېرى خورما دەرىخىنى ئۆزىنىڭ دەپ قاراپ كەلگەن يېتىمنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇلۇبابەنىڭ ئۇ دەرەخنى ئۆزىگە سوۋغا قىلىۋېتىشىنى ئېيتتى. لېكىن، ئەبۇلۇبابە ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئەبۇلۇبابە! ئۇنداقتا، بۇ يېتىم بالىغا سوۋغا قىلغىن! ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى جەننەتتە ئالىسەن» دېدى. يېتىمنىڭ قىلغان ئىشىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەبۇلۇبابە يەنە ئۇنىمىدى. ئۇ ئارىدا، ئەنسارلاردىن سابىت ئىبنى ئەددەھدەھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇ خورما دەرىخىنى سېتىۋېلىپ، بۇ يېتىمغا بەرسەم، جەننەتتە بۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالالامدىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلۋەتتە ئالالايسەن!» دەپ جاۋاب بەردى. سابىت ئىبنى ئەددەھدەھە ئۆزىنىڭ خورملىق بېغىنى ئەبۇلۇبابەنىڭ بىر تۈپ خورما دەرىخىگە تېگىشىپ، يېتىمغا سوۋغا قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتنىڭ ئىشىغا بەكمۇ سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئەبۇلۇبابەنىڭ قىلىقى كۆڭلىنى غەش قىلغانىدى.



www.munber.org

## مۇشرىكلەرنىڭ ھۇجۇملىرى

**( 49 )**

جۇھەينە ۋە قىزىل دېڭىز بويىدىكى باشقا قوشنا قەبىلىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى بەدرى جېڭى ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى سەپەرلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇپ. بۇ، مەككە كارۋانلىرىنىڭ سۈرىيەگە بارىدىغان ساھىل يولىنىڭ كېسىلىشى دېگەنلىك ئىدى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا: «كارۋان يوللىرىنى شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلەردىن كونترول ئاستىغا ئېلىپ، قۇرەيشلەرنى تېخمۇ ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالنى پەيدا قىلاتتى. قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى تېخى بايقىمىغان بولسىمۇ، شەرقىي شىمالدىكى، باسرا قولتۇقىنىڭ ئىراققا بارىدىغان يولى ئۈستىدىكى سۇلەيم ۋە غەتفان قەبىلىلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقنى كۈچەيتكەنىدى. بۇ قەبىلىلەر مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىسىدىكى نەجد تۈزلەڭلىكىدە ياشايتتى ۋە سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ مۇنبەت تۇپراقلىرى مەككىدىن يولغا چىققان كارۋانلارنىڭ يەتتىنچى قونالغۇسى ئىدى. قۇرەيشلەر بۇ قەبىلىلەرنى ھەر دائىم يەسرىبنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايلاردا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋادىنىڭ شەرقى تەرىپىدىن كېلىدىغان ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇم ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ھۇجۇملارنىڭ ئىككىسىنى سۇلەيم، بىرىنى غەتفان قەبىلىسى ئېلىپ بارماقچى ئىدى. لېكىن، بەدەۋىلەر ھۇجۇمغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا باستۇرۇپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قەبىلە چوڭلىرى ئالدىراپ تىكىۋەتكەنىدى. غەتفان قەبىلىسىگە قىلىنغان يۈرۈش ھەممىدىن مۇۋەپپىقىيەتلىك ئاياغلاشتى. غەتفانىنىڭ سەئلەبە ۋە مۇھارىب تارماقلىرى تاغقا قېچىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئلەبەدىن مۇسۇلمان بولغان بىر بەدەۋىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ قاچقۇن بەدەۋىلەرنى قوغلاپ باستۇرماقچى بولدى ۋە شىمالغا بۇرۇلۇپ، مۇھارىب ئايمىقى جايلاشقان يەرگە كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۆزىنى دالىدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى ۋە ھەممىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەبداشلىرىدىن ئايرىلىپ، بىر توپ دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كىيىملىرىنى سېلىپ، قۇرۇتۇش ئۈچۈن دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۈگدەك باستى. سەل نېرىدا، بىر توپ بەدەۋىي مۇسۇلمانلارنى مەخپىي كۆزىتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزىنى ئاچقان ۋاقتىتا، ئالدىدا قولىغا قىلىچ تۇتقان بىرى تۇراتتى. بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان مۇھارىب قەبىلىسىنىڭ رەئىسى دۇئسۇر ئىدى. «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)!» دېدى دۇئسۇر: «سېنى مېنىڭ قولۇمدىن كىم قۇتۇلدۇرالايدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ قۇتۇلدۇرىدۇ» دېدى. جىبرىئىل دەرھال ئاق كىيىم كىيگەن بىرى شەكلىدە كۆرۈندى ۋە دۇئسۇرنىڭ مەيدىسىدىن كەينىگە ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن، كۆزدىن غايىب بولدى. دۇئسۇر جىبرىئىلنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئسۇرنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن قىلىچنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەڭلىدى ۋە:

www.munber.org

«ئەمدى سېنى مېنىڭ قولۇمدىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟» دەپ سورىدى. دۇئسۇر: «ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئىككىيلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرالغۇسىغا قايتىپ باردى. دۇئسۇر مۇسۇلمانلاردىن دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىگە قايتتى ۋە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى.

قوشۇن نەجدتىن قايتقىچە، كەئب ئىبنى ئەشرەف مەككىدىن قايتىپ، مەدىنىگە ئانچە يىراق يەردە بولمىغان بەنى نەزىر قەبىلىسى مەھەللىسىدىكى ئۆيىگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ قۇرەيشلەرنى ئۆچ ئېلىشقا كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرىدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنى مەسخىرە قىلىپ يازغان شېئىرلىرىمۇ بار ئىدى. ئەرەبىستان زېمىنىدا، داڭلىق بىر شائىر ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. چۈنكى بۇنداق شائىرلارنىڭ مىسرالىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. ئەگەر شائىر ياخشى كىشى بولسا، ئەتراپىغا ياخشىلىق تارقىتاتتى. ئەگەر ناچار بولسا، ئۇ شائىر ئەتراپىدىكى يامانلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالاتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم! مېنى كەئب ئىبنى ئەشرەفتىن قۇتۇلدۇرغىن! سەن خالىغان ئادىمىڭدىن قۇتۇلدۇرىسەن. ئۇ ھەم باشقىلارنى كۈشكۈرتىۋاتىدۇ ھەم بىزگە قارشى شېئىر يېزىۋاتىدۇ» دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ: «ماڭا بۇنچىۋالا ئەسكىلىك قىلغان ئادەمگە كىم قارشى چىقىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئەۋسلىك سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ قەبىلىسىدىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا تۆت كىشى ئېلىپ، سەئد بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشىنى ئېيتتى. بۇ بەش كىشى يالغان ئېيتماي ۋە ھىيلە ئىشلەتمەي تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ كەئبكە يېقىنلىشالمايدىغانلىقىنى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق قىلمىشلارنى چەكلىگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزلىرىگە بۇ ھەقتە يول كۆرسىتىشىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلساڭلار بولىدۇ. چۈنكى ئۇرۇشتا بۇ ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ. كەئب ئۆزى بىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلمىدىمۇ؟» دېدى.

ئۇلار كەئبنى ھىيلە بىلەن ئۆيىدىن چىقىرىپ ئۆلتۈردى. ئالاقىزادە بولغان بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كاتتىلىرىدىن بىرىنىڭ سەۋەبسىز ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەئبكە ئوخشاش ئىسلام دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلارنى كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلارنى كەچۈرىدىغانلىقىنى، لېكىن دۈشمەنلەرچە ھەرىكەت قىلغانلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى ۋە: «ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاش جىم ئولتۇرغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈلمەيتتى. لېكىن ئۇ بىزگە قارشى شېئىر يېزىپ، ئاچچىقىمىزنى كەلتۈردى. ئەگەر سىلەردىن كىمكى شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق ئۆلتۈرۈلىدۇ!» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يېڭى بىر ئەھدىنامە تۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. يەھۇدىيلار تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

www.munber.org

## ئۇرۇش تەييارلىقلىرى

**(50)**

قۇرەيشلەر قىزىل دېڭىز بويىدىكى كارۋان يولىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ئۇقۇپ بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇلارنىڭ نەجدتىن ئۆتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى يولى قۇدۇقلارغا بەكمۇ يىراق ئىدى. ياز ئايلىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاچقا، كارۋانغا مەخسۇس سۇ ئارتىلغان بىر نەچچە تۆگىنى قوشۇپ قويۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدى. قۇرەيشلەرنىڭ سەفۋان باشچىلىقىدا ئىراققا يۈز مىڭ دەرھەملىك كۈمۈش سودىسى ئۈچۈن كارۋان ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ قالغان مەدىنىلىك بىر نەچچە يەھۇدىي بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بىر ئەنسارى ئاڭلاپ قالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ قوماندانلىق قابىلىيىتىنى سەزگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنى يۈز ئەسكەر بىلەن كارۋان ئۆتىدىغان يولنىڭ سۇ مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان قارەدە دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. ئەسكەر سانىنىڭ ئاز بولۇشى زەيدنىڭ پىلانى ئۈچۈن بەكمۇ ئۇيغۇن ئىدى. ئۇلار كارۋانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن سەفۋان ۋە ئادەملىرى مەككىگە قاراپ قاچتى. زەيد ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە تۆگە ۋە ماللارنى ئېلىپ، غەلىبە بىلەن مەدىنىگە قايتتى. غەنىمەتنىڭ ئارىسىدا بىر نەچچە قۇلمۇ بار ئىدى.

قارەدە پالاكىتى قۇرەيشلەرنىڭ بەدرى جېڭىدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇش تەييارلىقىنى تېزلىتىشىگە سەۋەب بولدى. ھارام ئايلاردىن بىر بولغان رەجەب ئېيى بىلەن بىرلىكتە قىش مەۋسۇمى ۋە مىلادى **625** ـ يىلى ئاخىرلاشتى. ئۇندىن كېيىنكى ئايدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسەگە ئۆيلەندى. فاتىمەنىڭ شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئوغۇل يەڭگىشى مۇسۇلمانلارنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭغا ‹ئەل ھەسەن› ئىسمىنى قويدى. رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى تاغىسى ئاببىاس ئەۋەتكەن بىر پارچە مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى. مەكتۇپتا ئۈچ مىڭ كىشىلىك قۇرەيش قوشۇنىنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانلىقى يېزىلغانىدى. ئەسكەرلەرنىڭ يەتتە يۈزى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىق، ئىككى يۈزى ئاتلىق بولۇپ، يۈك ۋە ئاياللارنىڭ تەخترىۋانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ھەر بىر ئەسكەرگە بىردىن تۆگە توغرا كېلەتتى.

مەكتۇب مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن كۈنى، قۇرەيش قوشۇنى مەككىدىن يولغا چىققانىدى. ئەبۇسۇفيان قوشۇن قوماندانى بولۇپ، ھەر ئىككى ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغانىدى. سەفۋانمۇ ئىككى ئايالىنى ئېلىپ ماڭدى، ئۇ ئىككىسىدىن باشقا قۇرەيش كاتتىلىرى بىردىن ئايالىنى ئېلىۋالغانىدى. مۇتئىمنىڭ ئوغلى جۇبەير ئۆزى مەككىدە قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھەبەشىستانلىق قۇلى، ماھىر نەيزىچى ‹ۋەھشى› نى ئەۋەتتى. ‹ۋەھشى› باشقا ھەبەشلەرگە ئوخشاش نەيزە ئېتىشتا بەكمۇ ماھىر بولۇپ، ئاتقان نەيزىسى نىشانغا تەگمەي قالمايتتى. جۇبەير ئۇنىڭغا: «ئەگەر مېنىڭ تاغامنىڭ جېنىغا زامىن بولغان (مۇھەممەدنىڭ تاغىسى) ھەمزىنى ئۆلتۈرسەڭ، سېنى ئازاد

www.munber.org

قىلىۋېتىمەن» دېگەنىدى. ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئايالى ھىند ئۇنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ‹ۋەھشى› گە: «ئەي قاراڭغۇلۇقنىڭ ئەلچىسى! بېرىپ ئۇنىڭ جىرىقىنى ئۆچۈر، ئاندىن زوق بىلەن تاماشا قىل!» دېدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭمۇ مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

قۇرەيش قوشۇنىنىڭ مەدىنە ئەتراپىغا يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن بىر ھەپتە ۋاقىت بار ئىدى. بۇ ۋاقىتقىچە، مۇسۇلمانلار شەھەر سىپىلىنىڭ سىرتىدىكى ۋادىنىڭ ھەر يېرىدە ياشاۋاتقان خەلقنى مال ـ چارۋىلىرى بىلەن شەھەر ئىچىگە يۆتكەپ كىرىش لازىم ئىدى. بۇ ۋەزىپە تولۇق ئورۇندالدى، سىرتتا ھېچبىر ئادەم ياكى مال ـ چارۋا قالمىدى. ئۇندىن كېيىنكى ئىش، قۇرەيشلەرنىڭ پىلانىنى ئۇقۇش ئىدى، بۇ ئارىدا، ساھىل تەرەپتىن كېلىۋاتقان قۇرەيشلەرنىڭ چۆل تەرەپكە بۇرالغانلىقى ۋە مەدىنىدىن بەش مىل يىراقلىقتىكى بىر يەرگە چۈشكۈن قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىندى. كېيىنچە، قۇرەيش قوشۇنى غەربىي شىمالغا قاراپ بىر نەچچە مىل يول ماڭدى ۋە مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى ئۇھۇد تېغىنىڭ ئېتىكىدە بارگاھ قۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن خەۋەرچىلەر ئەتىسى سەھەردە دۈشمەن سانىنىڭ مەكتۇبتا يېزىلغىنىدەك كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلدى. قوشۇندا قۇرەيشلەردىن باشقا، سەقىف، كىنانە ۋە باشقا ئىتتىپاقداش قەبىلىلەردىنمۇ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق تۆگە ۋە ئىككى يۈز ئات پۈتۈن يايلاقنى ۋە ئەتراپىدىكى تېخى يىغىۋېلىنمىغان زىرائەتلەرنى يېيىشكە باشلىغانىدى. ئەگەر يەنە بىر نەچچە كۈن مۇشۇنداق يەيدىغان بولسا، ئەتراپتا يېشىللىقتىن ئەسەر قالمايتتى. قۇرەيش قوشۇنى پات ئارىدا ھۇجۇم باشلايدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، مۇسۇلمانلار شەھەر ئەتراپىغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن ئىككى سەئد، يەنى سەئد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئد ئىبنى ئۇبادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇسەيدنى بىرنەچچە ئەسكەر بىلەن ئىشىك ئالدىغا قاراۋۇللۇققا تۇرغۇزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا تېخى تەييارلىق كۆرمىگەنىدى. شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ ساۋۇت كىيىپ، بىر قوچقارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغانىدى. قولىدا بىر قىلىچ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچقا قارىدى ۋە ئىچىدە بىر چىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى، چىشىنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىگە تەۋە بىر توپ مالنىڭ قۇربانلىق قىلىنغانلىقىنى كۆردى.

ئەتىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىنى ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «ساۋۇت مەدىنەدۇر، قىلىچنىڭ ئىچىدىكى چىش ماڭا قارىتىلغان ھۇجۇمنى كۆرسىتىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغانماللار ساھابىلىرىمنىڭ ئارىسىدىن شېھىت بولىدىغانلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مېنىڭ ئاستىمدىكى قوچقار بولسا، (ئىنشائاللاھ!) دۈشمەنلەرنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدىغان كاتتىبېشىنى كۆرسىتىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال شەھەر سىرتىغا چىقماي، ئىچ تەرەپتىن قوغدىنىپ تۇرۇشنى ئويلاشتى ۋە بۇ پىكرىنى ساھابىلىرىغا ئېيتتى. ساھابىلەردىن تۇنجى بولۇپ ئىبنى ئۇبەي سۆز باشلىدى: «بىزنىڭ شەھىرىمىز دۈشمەنلەرگە ھېچقاچان ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتى بەرمىگەن



www.munber.org

‹پېچەت› شەھەردۇر. بىز ھېچقاچان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىدۇق ھەم زىيانمۇ تارتمىدۇق، بەلكى بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغانلار ھەمىشە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ كەلدى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن. نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلسۇن. ئۇلار شۇ يەردە تۇرسىلا ئۇستىگە پالاكەت ياغىدۇ ۋە مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن ھالدا كەينىگە قايتىدۇ» دېدى.

ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ياشانغانلىرىدىن بىر توپ كىشى ئىبنى ئۇبەيىنىڭ سۆزىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەدىنەدىن سىرتقا چىقماڭلار، بالا - چاقاڭلار قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ كۆپىنچە ياشلارنىڭ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇشماقچى بولغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ياشلاردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارغىن! بولمىسا، ئۇلار بىزنى ئۆزلىرىدىن قورقتى دەپ ئويلاپ قالىدۇ» دېدى. مەسجىدنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى قوللايدىغان گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. يەنە بىرى، ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇ قېتىم مالىرىنىڭ قۇرەيشنىڭ قولىدا خاراب بولۇشىغا كۆز يۇمسا، قۇرەيشلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇنداق قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمزە ۋە سەئد ئىبنى مۇئاز قاتارلىق تەجرىبىلىك ساھابىلەرمۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قوللاشقا باشلىدى. ئارىدىن يەنە بىرى: «بەدرىدە ئۈچ يۈز ئادەمىڭ بار ئىدى، ئاللاھ ساڭا غەلىبە ئاتا قىلدى. مانا ھازىر تېخىمۇ كۆپ ئادىمىڭ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەن ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا كەلدى. بىز يەنىلا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، بىزگە زەپەر ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەۋسلىك مويسىپىت ھەيسەمە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاۋۋال مەدىنىدە تۇرۇپ قوغدىنىشنىڭ بەزى پايدىسىز تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىر شەخسىي مەسىلىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى سەئد بەدرىدە شېھىت بولغان بىر قانچە مۇسۇلماندىن بىرى ئىدى. «ئالدىنقى كۈنى بىر چۈش كۆردۈم» دېدى ھەيسەمە: «چۈشۈمدە ئوغلۇمنى كۆردۈم، چىرايى نۇرلىنىپ تۇراتتى. جەننەتتە ئۇنىڭغا خالىغان ھەممە نەرسە بېرىلگەنمىش. ئوغلۇم ماڭا: "كېلىپ، جەننەتتە بىزگە ھەمراھ بولغىن. مەن جەننەتتە ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم" دەۋاتقۇدەك. مەن ياشىنىپ قالدىم، رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا دۇئا قىلغىن، ئاللاھ ماڭا شېھىتلىك بەرسۇن ۋە ئوغلۇم بىلەن جەننەتتە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئاخىرىدا، ئەنسارلاردىن يەنە بىرى، خەزرەجلىك مالىك ئىبنى سىنان ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىمىزدا ئىككى يول بار. يا ئاللاھ بىزگە زەپەر ئاتا قىلىدۇكى، بىز بۇ زەپەرنى ھەر زامان تىلەيمىز. ياكى ئاللاھ بىزگە شېھىتلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلىدۇ. قايسىسى بولسا بولسۇن، بىز ئۈچۈن پەرقى يوق. چۈنكى ھەر ئىككىسى بىز ئۈچۈن خەيرلىكتۇر» دېدى.

ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە پىكىر بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ كۈنى چۈش ۋاقتى، جامائەت جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلدى. پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام خۇتبىدە جىھاد ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە ۋەز ئېيتتى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئەمرىنى بەردى.

جامائەت نامازدىن كېيىن تارقالدى، لېكىن ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلاردىن بىرى، ئۆزىنى ئىبراھىم دىنىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايدىغان ئەبۇئەمرنىڭ ئوغلى ھەنزەلە بولۇپ، دادىسىنىڭ ئۇھۇدتىكى دۈشمەن سېپىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ كۈنى، ھەنزەلەنىڭ بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن بېكىتىپ قويۇلغان توي كۈنى بولۇپ، ئۇ ئىبنى ئۇبەينىڭ قىزى جەمىلە (ھەنزەلەنىڭ جىيەنى) گە ئۆيلەنمەكچى ئىدى. ھەنزەلە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن بولسىمۇ، توينىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنى خالىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشنى ۋە بۇ كېچە مەدىنىدە قېلىشنى ئېيتتى. چۈنكى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئۇرۇش باشلانمىغاچقا، ھەنزەلە قوشۇنغا يېتىشەلەيتتى. ھەم قوشۇننىڭ قايسى يول بىلەن ماڭغانلىقىنى سورۇشتۇرۇپ، تېپىشىمۇ ئاسان ئىدى.

يەنە بىر ئادەم، ئۈچ يىل بۇرۇن بۇتپەرەس ھالەتتە ھەج سەپىرىگە چىقىپ، مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىككىنچى ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان، خەزرەج قەبىلىسىگە تەۋە بەنى سەلىمە ئايمىقىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىدى. ئابدۇللاھ بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ھەيسەمەنىڭكىگە ئوخشاش چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىگە ئەنسارلاردىن مۇبەششىر كىرگەن بولۇپ، ئابدۇللاھقا: «بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىسەن» دېدى. ئابدۇللاھ: «سەن نەدە؟» دەپ سورىدى. مۇبەششىر: «بىز جەننەتتە، بۇ يەردە ئۆزىمىز خالىغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشتۇق» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ يەنە: «سەن بەدرىدە ئۆلتۈرۈلمىگەنمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. مۇبەششىر: «شۇنداق! ئۆلتۈرۈلدۈم. لېكىن ماڭا قايتا ھاياتلىق بېرىلدى» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇجابىر! بۇ شېھىدلىكنىڭ بېشارىتىدۇر» دېدى. ئابدۇللاھمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان بولسىمۇ، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. سۆز ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە بالىلىرى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە ماڭدى. ئابدۇللاھنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئوغلى جابىر بىلەن يەتتە قىزى يېتىم قالغانىدى. ئابدۇللاھ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا، جابىر ئاللىبۇرۇن مەسجىدتىن قايتىپ كېلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. جابىر بەدرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىم چوقۇم جەڭگە قاتنىشىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. لېكىن دادىسىنىڭ پىكرى باشقىچە ئىدى. «ئوغلۇم!» دېدى دادىسى (قىزلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): «ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويساق بولمايدۇ. ئۇلار تېخى كىچىك ۋە ھېچ ئىش بىلمىگەچكە، ئۇلاردىن ئەنسىرەيمەن. مەن شېھىت بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەڭگە ماڭدىم ۋە ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم.»

مۇسۇلمانلار دىگەر نامىزى ئۈچۈن مەسجىدكە يىغىلدى. ئاڭغىچە، تۆۋەنكى مەدىنىلىكلەر تولۇق تەييارلىنىپ كېلىپ بولغانىدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى



www.munber.org

ئەبۇبەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى ئېلىپ ئۆيگە باردى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىغا ياردەملەشتى. مۇسۇلمانلار سەپكە تىزىلىپ بولغاندى. سەئد ئىبنى مۇئاز ۋە بىر قانچە ھەمراھى ئۇلارغا ئاچچىقلاپ: «سىلەر رەسۇلۇللاھنى ئۇ خالىمىغان ۋە ئاسماندىن ئۇنىڭغا خەۋەر كەلمىگەن بىر ئىشقا مەجبۇرلىدىڭلار. بۇ نىيىتىڭلاردىن دەرھال ۋاز كېچىڭلار! ئاخىرقى قارارنى رەسۇلۇللاھ بەرسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەللىسىنى تۈمۈر قالپاقنىڭ ئۈستىدىن يۆگەپ، ساۋۇتىنى كىيگەن ۋە قىلىچىنى يېنىغا ئاسقان ھالدا سىرتقا چىقتى. ئىبنى مۇئازنىڭ ھەمراھلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى كۆرۈپ بىر ئاز ئاۋۋال قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا قارشى چىقىش نىيىتىدە ئۇنداق دېمىگەنىدۇق. سەن قانداق خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن!» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا: «بىر پەيغەمبەر قورال ـ يارىقىنى قولىغا ئالغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن دۈشمىنى ھەققىدە بىر ھۆكۈم چىقارمىغىچە، ئۇ قورال ـ يارىقىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ. شۇڭا، مەن نېمە دېسەم، سىلەر شۇنى قىلىڭلار ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەڭلار! ئەگەر ساباتلىق بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە زەپەر ئاتا قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئىككى كالتەك كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۈچ پارچە تۇغ باغلىدى ۋە ئەۋسنىڭ تۇغىنى ئۇسەيدكە، خەزرەجنىڭ تۇغىنى بەدرىدە قۇدۇقلار توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەن ھەبباقا، مۇھاجىرلارنىڭكىنى بولسا، مۇسئەبكە تۇتقۇزدى. مەسجىدكە يەنە ئەما ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەكتۇمنى ئىمام قىلىپ تەيىنلەپ قويدى. ئاندىن سەقب[1] ئىسىملىك ئېتىغا مىنىپ، ئوقياسىنى بويىنىغا ئاستى ۋە قولىغا بىر نەيزە ئالدى. باشقىلار تېخى ئۇلاغلىرىغا مىنمىگەنىدى. ئىككى سەئد (يەنى سەئد ئىبنى ئۇبادە بىلەن سەئد ئىبنى مۇئاز) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ھەر ئىككى تەرەپتە جەمئى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى.

---

[1] بۇ ئاتنىڭ يۈرۈشى بەكمۇ سىلىق بولغاچقا، ”ئاقار سۇ“ مەنىسىدە شۇ ئىسىم بېرىلگەنىدى.



www.munber.org

# ئۇھۇد يۇرۇشى

## (51)

قوشۇن مەدىنە بىلەن ئۇھۇد ئارىسىدىكى شەيخەين دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا كۈن پېتىشقا باشلىغانىدى. بىلال ئەزان ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى تەرتىپكە سالدى ۋە ياشلىرى بەك كىچىك بولسىمۇ، جەڭگە قاتناشماقچى بولغان سەككىز بالىنى ئۆيگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامە بىلەن ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىككىسى تېخى ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قايتىپ كېتىشنى خالىمىدى. ئەنسارىلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋسىنىڭ ھارىسە ئايمىقىدىن كەلگەن ئون بەش ياشلىق ئەبۇرافىنىڭ ئۇستا مەرگەن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قوشۇندا قېلىشىغا رازىلىق بىلدۈردى. بۇنى كۆرگەن سەمۇرە (نەجد قەبىلىسىلىك يېتىم بولۇپ، ئانىسى ئەبۇرافىنىڭ قەبىلىسىدىن بىرىگە ياتلىق بولغانىدى.) ئۆزىنىڭ ئەبۇرافىدىن ياخشى چېلىشالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چېلىشىپ بېقىشىنى بۇيرىدى. ئىككى بالا دەرھال بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشتى ۋە سەمۇرە ئەبۇرافىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ئېلىپ قېلىپ، قالغان ئۈچىنى مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتتى.

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى تارمار قىلىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلگەچكە، ئۆز قوشۇنىنىڭ سانىغا يارىشا پىلان تۈزۈش ئارقىلىق، دۈشمەنىنىڭ ئۈمىدىنى يوققا چىقارماقچى بولدى. لېكىن بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى يولباشچى تېپىشى كېرەك ئىدى. ساھابىلىرىدىن سورۇشتۇرۇش ئارقىلىق بەنى ھارىسە قەبىلىسىدىن ئۇ ئەتراپنى پىششىق بىلىدىغان بىرىنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ تاللىدى.

ئۇ كېچىسى، مەدىنىدە ھەنزەلە بىلەن جەمىلەنىڭ تويى بولۇپ ئۆتتى. توي كېچىسى جەمىلە ئېرى جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھالەتتە چۈش كۆردى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئېرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. جەمىلە ئويغانغاندىن كېيىن: «بۇ شاھادەتتۇر» دېدى. ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇسلى تاھارەت ئالدى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، ھەنزەلە جەمىلە بىلەن ۋىدالاشتى. لېكىن جەمىلە ھەنزەلەگە ئېسىلىۋېلىپ ماڭغىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى قايتا تۆشەككە كىردى. ھەنزەلە جەمىلەدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىقتى ۋە غۇسۇل تاھارەتمۇ ئالماي، ساۋۇتىنى كىيىپ، نەيزىسىنى ئالغان پېتى يۈرۈپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننىڭ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن شەيخەيندىن يۈرۈپ كېتىشىنى بۇيرىدى. لېكىن، ئىبنى ئۇبەي كېچىچە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ چىقتى ۋە قوشۇن

www.munber.org

ھەربىكەتلىنىشتىن بۇرۇن ئۈچ يۈز كىشىلىك (مۇناپىقلار سېپى) نى باشلاپ، مەدىنىگە قايتتى. قوشۇندا قالغان ئوغلى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن بەكمۇ خىجىل بولدى. ئىبنى ئۇبەي مەدىنىگە قايتىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەنمۇ كۆرۈشمىدى. ئۇنىڭدىن نەگە ماڭغانلىقىنى سورىغان بەزى ئەنسارلارغا: «ئۇ ماڭا قارشى چىقتى ۋە ئېتىبارسىز ئادەملەرنى يېنىغا ئالدى. بۇ خەتەرلىك پەيتتە ھاياتىمىزنى پىدا قىلغۇدەك بىرەر سەۋەب تاپالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. جابىرنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن: «(ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن) پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بۇ خەتەرلىك پەيتتە يالغۇز تاشلاپ قويماڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار پەقەت: «ئەگەر ئۇرۇشىدىغىنىڭلارنى بىلسەك، سىلەرنى تەرك ئەتمىگەن بولاتتۇق. لېكىن ئاراڭلاردا ئۇرۇش چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. «ئەي ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى!» دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇللاھ: «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە سىلەرسىزمۇ غەلىبە ئاتا قىلىدۇ.»

جەمئىي سانى يەتتە يۈزگە چۈشۈپ قالغان قوشۇن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئاندىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ماگما دۆۋىلىرىدىن ھاسىل بولغان تۆپىلىكلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇھۇد ئېتىكىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردىن تەكرار غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، سۇبھى بىلەن تەڭ، قۇرەيشلەرنىڭ بارگاھىنىڭ سەل يۇقىرىسىغا ئۆتتى ۋە ئۇھۇد تېغىنىڭ يان باغرىغا ئورۇنلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننىڭ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، بارگاھ قۇرۇشىنى بۇيرىدى. بىلال بامداتقا ئەزان ئوقۇدى، ھەممەيلەن ئۇھۇد تېغىغا دۈمبىسىنى قىلغان شەكىلدە سەپ تۈزۈپ، ناماز ئوقۇدى. جەڭمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى، چۈنكى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ تۆۋەن يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۈگۈن سىلەر ھەققەتەن ئەجىر ۋە مۇكاپاتى چوڭ بىر كۈندە سىلەر. ئۆزىنىڭ نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالىغانلار ۋە نەپسىنى سەۋر، سابات، غەيرەت ۋە ھېرىس بىلەن بۇ ئىشقا ئاتىغانلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مۇكاپات باردۇر» دەپ خىتاب قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىتابىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا، مەدىنىدىن يېڭىلا كەلگەن ھەنزەلە سالام بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئۇستا ئوقياچىلارنى تاللاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن زەيد، زۇھرى قەبىلىسىدىن جىيەنى سەئد ۋە ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئوغلى سەئىب قاتارلىقلار بار ئىدى. ئوقياچىلاردىن ئەللىك كىشى تاللىنىپ، ئاساسى كۈچنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆپىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ئەۋسلىك ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەزى تەلىماتلارنى بېرىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئوقلىرىڭلار بىلەن بىزنى ئۇلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنىدىن قوغداڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا تەرەپتىن ئايلىنىپ كېلىپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويماڭلار! جەڭدە مەيلى قايسى تەرەپ ئۈستۈنلۈك قازانسۇن، سىلەر ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار! ئەگەر دۈشمەننى يېڭىۋالغۇدەك بولساق، بۇنىڭدا بىزنىڭمۇ ھەسسىمىز بولسۇن دەپ ئويلىماڭلار، ئەگەر دۈشمەن بىزنى يېڭىۋالغۇدەك بولسا، بىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئورنۇڭلارنى تەرك ئەتمەڭلار!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتتىن يەنە بىرنى كىيدى ۋە قولىغا بىر قىلىچنى ئېلىپ، پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: «كىم بۇ قىلىچنى ھەققى بىلەن ئالىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر دەرھال



www.munber.org

ئالماقچى بولدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئۇنىڭدىن ئۆرىۋالدى ۋە قايتا: «كىم بۇ قىلچىنى ھەققى بىلەن ئالىدۇ؟» دەپ سورىدى. زەبەير ئالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆرىۋالدى ۋە سوئالنى ئۈچىنچى قېتىم سورىدى. خەزرەجلىك ئەبۇدۇجانە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۈشمەن بىلەن بىسى قايرىلىپ كەتكىچە جەڭ قىلىش ـ بۇ قىلچىنىڭ ھەققىدۇر» دېدى. ئەبۇدۇجانە: «ئۇنى ھەققى بىلەن مەن ئالاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلچنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەبۇدۇجانەنىڭ قىزىل سەللىسى خەزرەجلىكلەر ئارىسىدا ‹ئەجەل سەللىسى› دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، قالپاقنىڭ ئۈستىگە قىزىل سەللىسىنى يۆگىشى ‹دۈشمەننىڭ ئەجىلى توشتى› دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ كىرىپ، قاتتىق ئېلىشىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ بۇ ھالىتى (ھازىرقى ئەھۋالدىن باشقا ۋاقىتتا)ـ ئاللاھ چەكلىگەن ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان ھالەتتۇر» دېگەنىدى.

www.munber.org

## ئۇھۇد غازىتى

**(52)**

قۇرەيشلەر قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن قوشۇن سەپلىرىنى تۈزەشكە باشلىدى. قوشۇننىڭ ئىككى تەرىپىدە يۈزدىن ئىككى يۈز ئاتلىق بار بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكىسىگە ۋەلىدنىڭ ئوغلى خالىد، سول تەرەپتىكىسىگە بولسا، ئەبۇجەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە قوماندانلىق قىلىشۋاتاتتى. ئەبۇسۇفيان قوشۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرىدى. ئابدۇددار قەبىلىسىدىن تەلھە ئەبۇسۇفياننىڭ ئالدىدا قۇرەيش تۇغىنى تۇتۇپ ماڭغانىدى. تەلھەنىڭ ئىككى قېرىندىشى بىلەن تۆت ئوغلى ۋاقتى كەلگەندە تۇغنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغانىدى. تەلھە ۋە يېقىنلىرى بۈگۈن چوقۇم غەلىبە قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، بەدرى جېڭىدا ئۆلاردىن ئىككى كىشى نۇمۇسسىزلارچە ئەسىر چۈشكەن بولۇپ، ئۇھۇدقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئەبۇسۇفيان بۇ ئىشنى تەلھە ۋە قېرىنداشلىرىغا ئەسلىتىپ قويغانىدى.

ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغۇدەك يېقىنلاشقاندا، ئەبۇسۇفيان قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئەي ئەۋسلىك ۋە خەزرەجلىكلەر! مەيداننى بوشىتىپ، جىيەنىمنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، بىزمۇ سىلەرگە چېقىلمايمىز. چۈنكى، بىز سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلمىدۇق» دېدى. لېكىن ئەنسارلار ئەبۇسۇفيانغا ھاقارەتلىك جاۋاب بەردى. بىر ئازدىن كېيىن، مەككە سەپلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئالدىغا چىقتى. ھەنزەلە ئالدىغا چىققان ئادەمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئادەم: «ئەي ئەۋسلىكلەر! مەن ئەبۇئەمر بولمەن» دېدى. بىر ۋاقىتلاردىكى كۈچلۈك نوپۇزىنىڭ بىردەمدىلا يوققا چىققانلىقىغا تېخىچە ئىشىنەلمەيۋاتقان ئەبۇئەمر، يولدا قۇرەيشلەرگە: «مەن ئۆزەمنى مۇسۇلمانلارغا شۇنداق بىر تونۇتسام، ئۆز قەبىلەمدىكىلەر دەرھال مېنىڭ ئەتراپىمغا ئۇلىشىدۇ» دەپ لاپ ئاتقانىدى. ئەكسىچە، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ھەم ھاقارەت ھەم تاش ياغدۇردى. ئەبۇئەمر قوشۇن ئىچىگە ئارانلا قېچىپ كىرىۋالدى.

مەككە قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن سەپنى قايتا تۈزىدى. ھىند باشچىلىقىدىكى ئاياللارمۇ داپ، قوڭغۇراقلارنى چېلىپ، ناخشا ئېيتقاچ ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

ئابدۇددار قەبىلىسى قېنى ئالغا!
ئارقا سەپ پالۋانلىرى قېنى ئالغا!
قىلىچىڭلار قىلسۇن دۈشمەننى قىيما ـ چىيما!...

ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، داقا ـ دۇمباقلىرىنى ئۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەرلەر ئاياللانىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئاندىن، بەدرى جېڭىدا باشقا بىر ھىند تەرىپىدىن ئېيتىلغان تۆۋەندىكى پارچىنى ئېيتىشقا باشلىدى:



www.munber.org

قېنى ئالغا! سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز،
سىلەر ئۈچۈن مەستخۇش بولۇپ، تەخىرلىنىمىز.
گەر كىمكى يۈزىن ئۆرۈپ، دۈشمەندىن قاچسا،
بىزمۇ ئۇنى تەرك ئېتىمىز، قەھىرلىنىمىز.

ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. مۇسۇلمان ئوقچىلار مۇشرىكلەرنىڭ خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئوق بىلەن چېكىندۈردى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى ئاياللارنىڭ داپ ۋە ناخشا ئاۋازلىرىنى بېسىپ چۈشتى. مۇشرىكلەرنىڭ سېپىدىن تەلھە مۇبارىزىگە چىقىشنى (يەكمۇيەك ئېلىشىشنى) تەلەپ قىلدى. ئەلى ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن، بىر زەربە ئۇرۇپ بېشىنى دۇبۇلغىسى بىلەن قوشۇپ چېپىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئايان بولغان ‹ئۆلتۈرۈلىدىغان كاتتىباش› نىڭ تەلھە ئىكەنلىكىنى ئويلىدى ۋە: « ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن قوشۇنغا ياڭرىدى. لېكىن، ئۆلتۈرۈلىدىغان كاتتىباش يالغۇز تەلھەلا ئەمەس ئىدى. چۈنكى تەلھەنىڭ قېرىندىشى ئوسمان ئەلەمنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ھەمزە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەلەمنى ئوسماندىن كېيىن ئەبۇسەئىد ئالدى، ئۇمۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس تەرىپىدىن ئوق بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلاردىن كېيىن، ئەلەمنى تەلھەنىڭ تۆت ئوغلى ئارقىمۇ ئارقا ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئەلى، زۇبەير ۋە ئەۋس قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئاسىم ئىبنى سابىت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. قالغان ئىككىسى ئېغىر يارىلانغان ھالدا قوشۇننىڭ ئارقىدا تۇرغان ئانىسى سۇلافەنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئانىسى بۇلارنى ئاسىمنىڭ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئىچىشكە قەسەم قىلدى.

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ قوشۇن بىلەن بىللە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغانىدى. لېكىن خەزرەجلىك نۇسەيبە ئۆزىنىڭ قوشۇننىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئېرى غەزىييە ۋە ئىككى ئوغلى قوشۇندا ئىدى، لېكىن ئۇ ئالىلىرى ئۈچۈن ماڭمىغانىدى. باشقا ئاياللارنىڭمۇ ئېرى ۋە ئوغۇللىرى ئۇرۇشتا بولسىمۇ، ئۇلار ئۆيدە ئولتۇرۇشقا رازى بولۇشقانىدى. نۇسەيبە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىكى ئىككى ئايالنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق خەتەرلىك پەيتلەردە ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس ئىدى. شۇڭا، تاڭ سەھەردە تۇلۇمغا سۇ تولدۇرۇپ، ئۇسسىغانلارغا سۇ يەتكۈزۈش ۋە يارىدارلارنى تېڭىشقا يارەملىشىش نىيىتىدە يولغا چىقتى. يېنىغا قىلىچ، ياي ۋە بىر خالتا ئوق ئېلىشنى ئۇنۇتمىغانىدى. قوشۇننىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ئۇدۇل يېتىپ باردى. ئۇھۇد تېغىغا يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ۋە ئەبۇبەكرى قاتارلىق ساھابىلىرى بىلەن دۆڭلۈك بىر يەردە تۇراتتى. ئەنەسنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيمۇ نۇسەيبە بىلەن ئوخشاش مەقسەتتە، سۇ ۋە ئوقيالىرىنى ئېلىپ، نۇسەيبەنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلدى. ئارقا سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا يېڭىدىن كەلگەن ئىككىيلەنمۇ قېتىلدى. ۋادىنىڭ غەربىدىكى بەدەۋى قەبىلىلەردىن مۇزەينەلىك ئىككى ئادەم تېخى يېقىندىلا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، بۇ ئىككىسى قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا مەدىنىگە بارغانىدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، باشقىلاردىن سەۋەبىنى

سۇرۇشــتۇردى ۋە دەرھــال ئۇھــۇدقا قــاراپ ئاتلانــدى. ئۇھــۇدقا يېــتىپ بېــرىپ، پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگەندىن كېيىن، قىلىچلىرنى يالىڭاچلاپ، سەپكە قېتىلدى.

ئەبۇدۇجانە قىزىل سەللىسى بىلەن بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا زۇبەير مۇنداق دېگەنىدى: «رەسۇلۇللاھ قىلىچنى ماڭا بەرمەي، دۇجانەگە بەرگەندە ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”مەن ئۇنىڭ ھاممىسى سەفىييەنىڭ ئوغلىمەن. لېكىن ئۇ قىلىچنى ماڭا بەرمەي، دۇجانەگە بەردى. ئەبۇدۇجانەنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى قېنى كۆرىمىز!“ دېدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئالدىغا كەلگەن ھەر بىر دۈشمەننىڭ كاللىسىنى خۇددى ئورما ئورىغاندەك چېپىپ تاشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن: ”ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئەڭ توغرىسىنى بىلگۇچىدۇر!“ دېدىم.»

زىلۋا بويى ۋە گۈزەل چىرايى بىلەن نام چىقارغان ھىند توختىماي ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ، ئەرلەرگە مەدەت بېرەتتى. ئۇنى ئەر دەپ ئويلاپ قالغان ئەبۇدۇجانەنىڭ قىلىچىدىن ئاران قۇتۇلغان ھىند ئارقا سەپتىكى ئاياللارنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئەبۇدۇجانە قىلىچنى ھىندنىڭ بوينىغا ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ھىند چىرقىراپ تاشلىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا، ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەبۇدۇجانە قىلىچنى دەرھال يان تەرەپتىكى ئەرگە توغرىلىدى ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتتى. ھىند ئارقا سەپكە قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ھەبەشلىك ۋەھشى جەڭگاھقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. جەڭ شۇنچە قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋەھشى ناھايىتى سالماق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى باتۇرلارچە جەڭ قىلىۋاتقان، دۈمبىسىگە تۆگە قۇشىنىڭ پەيلىرىنى تاقىۋالغان ھەمزەگە چۈشتى. ھەمزە ئابدۇددارنىڭ ئاخىرقى ئەلەمدارى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇتۇشۇۋاتاتتى، ئۇ بىر قىلىچ زەربىسى بىلەن دۈشمەننىڭ ساۋۇتىدىن تۆشۈك ئېچىۋەتتى. ۋەھشى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولۇپ، نەيزىسىنى ھەمزەگە توغرىلىدى. ھەمزە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، بىر نەچچە قەدەم ماڭمايلا، يەرگە يۇملىنىپ كەتتى. ۋەھشى ئۇنى تىنىقى پۈتۈنلەي توختىغىچە ساقلاپ تۇردى، ئاندىن: «ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، ئۇنى پەقەت ئازادلىقىم ئۈچۈنلا ئۆلتۈردۈم» دېگىنىچە بارگاھقا قاراپ قاچتى.

ھەمزەنىڭ شېھىت بولۇشى جەڭنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر قىلمىدى. ئۆلتۈرۈلگەن يەتتە نەپەر ئەلەمداردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەبەشلىك بىر قۇلى ئەلەمنى قولىغا ئالدى، لېكىن، ئۇمۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆلتۈرۈلدى. گەرچە ھەمزەنىڭ تۆگە قۇشى پەيلىرى جەڭ مەيدانىدا كۆرۈنمىسىمۇ، ئەبۇدۇجانە، زۇبەير ۋە باشقا مۇسۇلمانلار خۇددى ئۇ كۈنىنىڭ پارولى ‹ئۆلتۈر، ئۆلتۈر!› شۇئارىنىڭ جانلىق سىمۋوللىرىدەك دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە پەقەتلا ئارام بەرمىدى. ئەلىنىڭ ئاق پۆپۈكى، ئەبۇدۇجانەنىڭ قىزىل سەللىسى، زۇبەيرنىڭ پارقىراق سېرىق سەللىسى ۋە ھۇبەبنىڭ يېشىل سەللىسى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە مەدەت بېغىشلايتتى. ئەبۇسۇفيان باتۇرلارچە ئېلىشىۋاتقان ھەنزەلەنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ھەنزەلە ئۇنى يەرگە يىقىتىپ، قىلىچ ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا لەيس قەبىلىسىدىن بىر ئادەم نەيزىسى بىلەن ئۇنى يەرگە يىقىتتى، ئارقىدىن يەنە بىر زەربە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.



www.munber.org

قۇرەيش قوشۇنى ئارقىغا قاراپ قاچقانسېرى، جەڭ مەيدانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەردىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قوشۇنىنىڭ دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئېنىق تەپسىلاتىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. بىردىنلا كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ، بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىدىكىلەرگە: «ھەمراھىڭلارنى (ھەنزەلەنى دېمەكچى) پەرىشتىلەر يۇيۇۋاتىدۇ» دېدى.

مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەنى جەمىلەگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىر توپ پەرىشتىنىڭ بۇلۇتلاردىن كۈمۈش قاچىلارغا سۇ ئېلىپ، ئۇنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.» جەمىلەمۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ۋە ھەنزەلەنىڭ جەڭگە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن غۇسۇل قىلمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

مۇسۇلمانلار دۈشمەن سەپلىرىنى پۇتۇنلەي يىمىرىپ تاشلاپ، بارگاھقىچە ئىلگىرىلەپ باردى. بەزى مۇسۇلمانلار غەنىمەت يىغىش ئۈچۈن بارگاھقا قاراپ يۈگۈردى. ئوقچىلار قوشۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە بولۇپ، جەڭ مەيدانىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەن بارگاھىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوقچىلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىنى ئېيتىپ شۇنچە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى ۋە ئابدۇللاھ قاتارلىق ئون نەچچە ئوقچىدىن باشقا ھەممىسى تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كەتتى.

مەككە قوشۇنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي تۇراتتى. جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتكەنىدىكى، ئارىغا بىر ئات كىرىپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن خېيىم - خەتەر ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىدا تۇرغان ئوقچىلاردىن ئۆتمەي تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بۆسۈپ كىرگىلى بولمايتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى خالىد قارشى تەرەپتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئوقچىلار تۇرغان تۆپىلىككە باشلاپ ماڭدى. ئابدۇللاھ ۋە باشقا ئوقچىلار ئۇلارغا ئاۋۋال ئوق بىلەن، ئاندىن قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، شېھىت بولغىچە جان تىكىپ ئېلىشتى. تۆپىلىكنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ كەلگەن خالىد، ئادەملىرىنى باشلاپ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئەڭ كۆپ جۇغلاشقان يەرگە باستۇرۇپ باردى. ئىكرىمەمۇ شۇنداق قىلدى. مۇسۇلمانلار بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئەلى ۋە باشقىلار كەينى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بەزىلىرى كەينىگە قايتىپ، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. جەڭ مەيدانىدا بىردىنلا مەككە قوشۇنلىرىنىڭ ‹ئەي ھۇبە! ئەي ئۇززا!› دېگەن ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مەڭ تەستە قۇتۇلۇپ چىققان بەزى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن، پاناھلىق جاي ئىزدەپ تاغقا قاراپ قاچتى. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى كىرمەيتتى، كاللىسىدىمۇ قېچىپ قۇتۇلۇشتىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى جەڭ مەيدانىدا بولسىمۇ، سانلىرى دۈشمەن سانىغا نىسبەتەن



www.munber.org

بەكمۇ ئازلاپ كەتكەچكە، بايىقى جاسارتى قالمىغانىدى. شۇڭا، ئاستا ـ ئاستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەتراپىدا تۇرغان بىر توپ كىشى (ئىككى ئايالمۇ بار) دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە توختىماي ئوق ئاتاتتى. جەڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ئارقىغا چېكىنگەن بىر توپ مۇسۇلمانمۇ ئۇلارغا قېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇزەيىنەلىك ۋەھب ۋە ھارىسمۇ بار ئىدى. بىر نەچچە كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنى سول تەرەپتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. «بۇلارغا كىم قارشى تۇرىدۇ؟» دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ۋەھب دەرھال: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قارشى تۇرىمەن» دېدى ۋە ئۇلارغا شۇنداق شىددەتلىك ئوق ئاتتىكى، دۈشمەنلەر بىر توپ ئەسكەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئارقىغا چېكىندى. باشقا بىر توپ ئاتلىق ئەسكەر ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: « بۇلارغا كىم قارشى تۇرىدۇ؟» دەپ سورىدى. ۋەھب يەنە: «مەن قارشى تۇرىمەن» دېدى ۋە ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، بىر توپ ئەسكەردەك ئېلىشىپ، دۈشمەنلەرنى ئارقىغا چېكىندۈردى. دۈشمەن قوشۇنىدىن يەنە بىر توپ ئەسكەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « بۇلارغا كىم قارشى تۇرىدۇ؟» دەپ توۋلىدى. ۋەھب يەنە: «مەن قارشى تۇرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنداق بولسا، ئورنۇڭدىن تۇر! چەبدەس بولغىن، چۈنكى جەننەت سېنىڭدۇر» دېدى. ۋەھب ئورنىدىن تۇردى ۋە: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، دۈشمەنگە ئامانلىق بەرمەيمەن، ھەم ھېچكىمدىن ئامانلىق تىلىمەيمەن» دەپ دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سەبداشلىرى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قاراپ ھەيران بولدى ۋە ئوق ئېتىشنى بىر پەس توختاتتى. ۋەھب دۈشمەن سېپىغا قايتا بۆسۈپ كىرگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ۋەھب دۈشمەن بىلەن شېھىت بولغىچە ئېلىشتى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يىگىرمە نەچچە يېرىگە نەيزە سانجىلغانلىقىنى كۆردى. قىلىچ زەربىسى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر بىر نەيزە يارىسىمۇ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەنلەر ئۆمرى بويىچە ئۇنتۇتالمىغانىدى. كېيىنكى يىللىرى ھەزرىتى ئۆمەر: « مەنمۇ مۇزەيىنەلىك سەبدىشىمدەك ئۆلۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم» دېگەنىدى. زۆھرى قەبىلىسىدىن سەئدمۇ: « بۇ ۋەقە بولۇپ ئۆتكىلى ئون يىل بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا جەننەت ھەققىدە بەرگەن خۇشخەۋىرى تېخىچە قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

مۇسۇلمانلار ئارقىغا چېكىنگەنسېرى، جەڭ مەيدانى تۆپىلىك تەرەپكە قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شۇئارلىرىدىن باشقا، يەكمۇ يەك ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرىمۇ مەيدانىنى بىر ئالغانىدى. ئوق ئېتىۋاتقان، قىلىچ چېپىۋاتقان ۋە يەكمۇ يەك ئېلىشىۋاتقانلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ: «مانا ئال، مەن پالانچى پالانچىمەن!» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەبۇدۇجانە ئۆزىنى بوۋىسى ھەراشەنىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇراتتى. بەزى ئادەملەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ: «مانا ئال، مەن

www.munber.org

ئەنسارلارنىڭ يىگىتىمەن!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامۇ بىر نەچچە قېتىم: «مەن ئىبنى ئەل ئەۋاتىك مەن[1]! (ئاتىكەلەرنىڭ ئوغلىمەن دېمەكچى)» دېگەنىدى. بىر ۋاقىتتا، دۈشمەن سېپىدىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە: «مەن ئاتىكەنىڭ ئوغلىمەن، كىم ماڭا قارشى چىقالايدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاكىسى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان بىردىنبىر ئوغلى ئابدۇلقابە ئىدى. ئەبۇبەكرى قىلىچ ۋە نەيزىسىنى ئالغان پېتى ئالدىغا قاراپ مېڭىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە: «جايىڭغا قايت! سەن بىزگە لازىم بولىسەن» دېدى.

بىر توپ ئاتلىق ئەسكەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يېقىنلاپ كېلىپ، ئارقىغا چېكىنىۋاتقان ئابدۇلقابەنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «كىم بىز ئۈچۈن ئالدىغا چىقىدۇ؟» دېدى. ئەنسارلاردىن بەش كىشى قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى ئالدىغا چىقتى ۋە دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇلاردىن تۆتى شېھىت بولدى، بىرى ئېغىر يارىلاندى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلار ئۆتتى. ئەلى، زۇبەير، تەلھە ۋە ئەبۇدۇجانە قاتارلىقلار قوشۇن بىلەن بىرلىكتە كەينىگە چېكىنگەنىدى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن، دۈشمەنلەر ئاتقان تاش پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۈزىگە تەگدى ۋە كالپۇكىنى يېرىپ، بىر تال چىشىنى سۇندۇرۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۈزى بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاغرىق ئازابىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. تەلھەدىن قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە ھوشىدىن كەتتى، قالغان مۇسۇلمانلار دۈشمەن ئۈستىگە قايتا يوپۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە: «جىيەنىڭگە قارىغىن!» دېدى. لېكىن تەلھە كۆپ ئۆتمەي ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا زۇھرى قەبىلىسىدىن سەئد بىلەن خەزرەج قەبىلىسىدىن ھارىس ئىبنى سىممە ئالدىغا چىقتى. ياردەمچى قوشۇننىڭ ياردىمىدە قايتا جاسارەتلەنگەن ئەلى ۋە سەبداشلىرى شۇنداق قاتتىق ئېلىشتىكى، دۈشمەن سېپى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي، شېھىت بولغان ئەنسارلارنىڭ جەسەتلىرى ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ جەسىدىنى كۆرۈپ دۇئا قىلدى. ئاردا بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تەرەپكە كېلىش ئۈچۈن يەردە ئۆمىلەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىككى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇ ئادەم جان ئۈزگىچە تىزىنى بېشىغا يۆلەپ تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسىدادۇر.» كېيىنكى يىللىرىمۇ ئۇ كۈننىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە خەيرلىك كۈن ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ: «كاشكى، سەبداشلىرىم بىلەن شۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە تۇرىۋەرگەن بولسام» دېگەنىدى.

مۇشرىكلەر باشتا تارتقۇزۇپ قويغان يەرلىرىنى ئاستا ـ ئاستا قايتۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقلىرى ئاز قالغانىدى. شۇنداق كېتىۋەرسە، قىلىچ ـ نەيزىلىك جەڭ باشلىنىپ كېتەتتى. ئەمما بىر مۇسۇلمانغا تۆت مۇشرىك توغرا كېلەتتى. دەل شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز يان

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ نام بىلەن ئاتالغان چوڭ ئانىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ــ ت.

تەرەپتىن يېقىنلىشىپ كەلگەن ئاتلىق بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرگە قاراپ ئېتىنى دېۋەتتى ۋە: «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) قېنى؟ ئەگەر ئۇ ھايات قالسا، مەن ياشىيالمايمەن» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئادەم مەككە سىرتىدا ياشايدىغان قۇرەيشلەردىن ئىبنى قەمئە بولۇپ، جەڭدە كۆپلىگەن مۇسۇلمانىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. ئىبنى قەمئە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى ۋە ئېتىنى دېۋەتىپ كېلىپ، قىلىچى بىلەن ناھايىتى شىددەتلىك زەربە ئۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىلا تۇرغان تەلھە ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئاتتى. قىلىچ ئۇنىڭ تۇتماس بولۇپ قالغان قولىنىڭ بارماقلىرىنى چېپىۋەتكەندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇبۇلغىسىغا تەگدى. ئىككى پارچە تۆمۈر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە سانجىلدى. مۇرىسىنى سىرىپ ئۆتۈپ كەتكەن قىلىچ ئىككى قات ساۋۇتنى پارچىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تەگكەن بۇ زەربە بىلەن يەرگە يىقىلغانلىقنى كۆرگەن ئىبنى قەمئە، قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېز كەتتى. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇۋالدى. مەھزۇم قەبىلىسىدىن شەمماس تاكى شېھىت بولغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدى تەرىپىنى توسۇپ جەڭ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى قالقانغا ئوخشاتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شەمماس يەرگە يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى ئۆتتى. نۇسەيبە قىلىچىنى يالىڭاچلىغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقا تەرىپىنى قوغدايتتى.

بىرى (ئىبنى قەمئە بولۇشى مۇمكىن): «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆلتۈرۈلدى!» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن دۈشمەن سېپىگە يېيىلدى، مۇشرىكلەر ھۇبەل ۋە ئۇززانى مەدھىيىلەشكە باشلىدى. مەدھىيە ئاۋازلىرى ئۇھۇد تېغىنى لەرزىگە كەلتۈردى. قېچىپ تاغقا چىقىۋالغان مۇسۇلمانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى. قورقۇپ كەتكەن يەنە بىر توپ مۇسۇلمان تاغ تەرەپكە قېچىۋاتاتتى. لېكىن قاچمىغانلارمۇ بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئەنەسنىڭ تاغىسى نەزىرنىڭ ئوغلى ئەنەس شۇلاردىن بىرى ئىدى. ئەنەس ئىككى دوستىنىڭ ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «نېمانداق ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپتۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئەنەس ئۇلارغا: «ئۇ ئۆلگەن بولسا، سىلەرگە ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، سىلەرمۇ ئۇنىڭدەك جەڭ قىلىپ ئۆلۈڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار جەڭ ئەڭ قايىنىغان يەرگە قاراپ يۈگۈردى. سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇنىڭ ئۆزىگە: «جەننەت! ئۇھۇدنىڭ ئۇ تەرىپىدىن جەننەتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ» دېگەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭدەك جەڭ قىلالمىدىم» دېگەنىدى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئەنەسنىڭ سەكسەن نەچچە يەردىن يارىلانغان جەسىدىنى تاپتى. سىڭلىسى ئۇنى بارماقلىرىغا قاراپ ئاران تونۇيالىدى.

ئارقا تەرەپتىكى تۆپىلىككە پاناھلىنىشنى ئويلىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىش يولى ئېچىلغانىدى. چۈنكى مۇشرىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش ئاياغلاشتى دەپ ئويلاپ ئاستا ـ ئاستا پەسكويىغا چۈشۈشكە باشلىغانىدى. مۇشرىكلەر ئۆلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ،



www.munber.org

بەدرى غازىتىدا ئۆزلىرىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى بىلەن تەڭ ئادەم ئۆلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئادەمنى ئۆلتۈردۇق ۋە يېڭى دىنىنى باستۇرۇپ، بۇرۇنقى ھاياتىمىزغا قايتىدىغان بولدۇق دەپمۇ ئويلاشقانىدى. شۇڭا توختىماي: «يا لەل ئۇززا! يا لەل ھۇبەل!» دەپ توۋلىشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداۋاتقان يىگىرمە نەچچە مۇسۇلماننى قورشىۋالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىدى. چۈنكى مەككىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر داۋاملىق ئېلىشسا، ئۆزلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە ئادەمنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئەسلى مەقسەتلىرىگە يەتكەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ، غەلىبىلىرىنى تەبرىكلەش كېرەك ئىدى.

ئۇ ۋاقىتقىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېلى ئۇگشىلىپ قالغانىدى. دۈشمەنلەر كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھابىلىرىغا ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بۇيرۇپ، ھەم دۈشمەننى كۆزىتەلەيدىغان ھەم ئۆزلىرى پاناھلىنالايدىغان بىر يەرگە قاراپ ماڭدى. لېكىن، يۈزىگە سانجىلىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى بەكمۇ قىيناۋاتاتتى. شۇڭا مېڭىشتىن بىر دەم توختىدى. ئەبۇئۇبەيدە تۆمۈر پارچىلىرىنى چىشى بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى، ئەمما يارا يەنە قاناشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرگەن خەزرەج قەبىلىسىدىن مالىك يارىنىڭ ئۈستىگە ئاغزىنى بېسىپ، قاننى شوراپ يۇتۇۋەتتى. ئۇ مەدىنىدىكى ۋاقتىدا: «ئالدىمىزدا ئىككى ياخشى ئىشتىن بىرى بار» دېگەن ۋە جەڭدە ئەڭ ئېغىر يارىلانغانلاردىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىم مېنىڭ قېنىمنى ئۆز قېنىغا قوشقان بىرىنى كۆرۈشنى خالىسا، مالىك ئىبنى سىنانغا قارىسۇن.» ئەبۇئۇبەيدەمۇ بۇ سۆزنىڭ ئىچىگە كىرەتتى. چۈنكى تۆمۈر پارچىلىرىنى سۇغۇرۇپ ئالغۇچە ئۇنىڭ ئىككى چىشى سۇنۇپ كەتكەنىدى، قېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېنىغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ قېنىم تەگكەن كىشىگە ئازاب يېقىنلاشمايدۇ» دەيتتى.

ئۇلار جىلغا ئىچىدىكى دەريانى بويلاپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇلاردىن بۇرۇن بۇ يەرگە پاناھلانغىلى كەلگەنلەر ئۇلارنى قارشى ئالغىلى ئالدىغا كەلدى. كەئب ئىبنى مالىك يىراقتىن بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە مېڭىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغان، ئەمما ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتقان بىرىنى كۆردى. تېخىمۇ يېقىنلاشقاندىن كېيىن، كەئب باشقا ھېچكىمدە بولمىغان ئۇ نۇرلۇق سىمانى تونۇدى ۋە ئارقىدىكىلەرگە قاراپ: «ئەي مۇسۇلمانلار! خۇشخەۋەر! رەسۇلۇللاھ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ۋارقىرىماسلىققا بۇيرىدى. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالدى. ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئالدىرىدى. ھەممىسى شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىكى، مەغلۇبىيەت بىردەمدىلا غەلىبىگە ئايلانغاندەك بولۇپ كەتتى.

لېكىن كەئبنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى قۇرەيشنىڭ ئاتلىق ئەسكىرىدىن بىرى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۇمەييەنىڭ قېرىندىشى ئۇبەي بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەۋج ئىسىملىك ئېتىگە مىنىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچكەنىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، جەسىدىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش نىيىتىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، كەئبىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە جىلغىغا قاراپ پەسلەشكە باشلىدى. ئۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئارقىغا يۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى. يەنە بىر گۇرۇھ مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى ئورىدى. «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)!» دېدى ئۇبەي: «سەن قاچساڭ، مەن سېنى قوغلاپ يېتەلمەمدىم؟» دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرگە ئۇنى قويۇپ بېرىشنى بۇيرىدى. كېيىنچە، مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىزنى خۇددى تۆگە قۇيرۇقى بىلەن چىۋىن قوغلىغاندەك ئىتتىرىپ، ئارىمىزدىن چىقتى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىس ئىبنى سەممەنىڭ قولىدىن نەيزىنى ئالدى. ئۇبەي قىلىچىنى پۇلاڭلاتقىنىچە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ قىلىچ ئۇرۇپ بولغىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەيزىنى ئۇنىڭ بوينىغا قارىتىپ شىلتىدى. ئۇبەي خۇددى بۇقىدەك ھۆركىرەپ كەتتى. ئات ئۈستىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويغان ئۇبەي، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالدى ۋە ئارقىغا يۈرۈلۈپ قاچتى. قۇرەيش بارگاھىدا ئۇنىڭ جىيەنى سەفۋان ۋە بىر نەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇبەي مىڭ تەسلىكتە ئۇلارغا: «مېنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) يارىلاندۇردى» دېيەلىدى. بارگاھتىكىلەر ئۇنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈپ، ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى ئېيتىشتى. ئەمما ئۇبەي ئۆز ئەھۋالىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە قاتتىق ئىزتىراپ ئىچىدە تولغىناتتى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە: «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ماڭا: سېنى ئۆلتۈرىمەن، - دېگەنىدى. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر شاپىلاق ئۇرسىمۇ، قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۆلگەن بولاتتىم» دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇشرىكلەرنىڭ ئارىسىدا: «مۇھەممەد ئۆلمەپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى ۋە بىردىنلا ھەممىسى تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۇلار: «ئۇبەينىڭ بېشىدا دۇبۇلغا بولغاچقا، باشقا بىرىنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كە ئوخشىتىپ قالغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يارىلانغان تۇرسا، نېمە دېگىنىنى بىلەمدۇ؟» دېيىشىپ ئۆز كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىشتى.

مۇسۇلمانلار دەريا ئېقىنىغا يېتىپ كەلدى، ئەلى دەرھال دۇبۇلغىسىنى چىقىرىپ، خادا تاشلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان سۇدىن ئېلىپ كەلدى. سۇ تۇرغۇن سۇ بولغاچقا، پۇراپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇدىن ئىچمەي، يۈز - كۆزىنى يۇيدى. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ پەس يەردە ئىكەنلىكىنى ۋە ئېگىزرەك يەرگە چىقىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۆزى يول باشلاپ، خادا تاشلارغا يامىشىشقا باشلىدى، لېكىن، بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە، ھەر قانچە قىلىپمۇ چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، تەلھە ئۆزىنىڭ ئېغىر يارىلانغىنىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاپاش قىلدى ۋە چىقماقچى بولغان يەرگىچە چىقىرىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا: «يەر يۈزىدە تىرىك شېھىت كۆرمەكچى بولغانلار تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا قارىسۇن!» دېگەنىدى.

مۇسۇلمانلار مەلۇم ۋاقىت پاناھلىنىپ تۇرغىدەك جايغا يېتىپ بارغۇچە كۈن چۈش بولاي دېگەنىدى. شۇڭا ھەممەيلەن پېشىن نامىزىغا تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئىمام بولدى



www.munber.org

ۋە نامـازنى ئولتـۇرۇپ ئوقـۇدى. جامائەتمـۇ ئـۇنىڭغا ئەگىشـىپ نامـازلىرىنى ئولتـۇرغان ھالـدا ئـادا قىلىشتى. نامـازدىن كېيىن، ئارىلىرىـدىن بىرىنـى قاراۋۇللـۇققا قويـۇپ، قالغـانلىرى دەم ئېلىـشۋېلىش ئۈچۈن ياتتى ۋە ھەممىسى غەرق ئۇيقۇغا كەتتى.

www.munber.org

## ئىنتىقام

**(53)**

قۇرەيش قوشۇنى ئۆلۈك ۋە ياردارلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلاردىن كۆپ چىقىم بولمىغان بولۇپ، ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئاران يىگىرمە ئىككى ئادەم ئۆلگەنىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلاردىن ئۆلگەنلەرگە قارىدى. مۇسۇلمانلاردىن ئاتمىش بەش ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى تونۇغۇسىز ھالدا ئىدى. شېھىتلارنىڭ ئۈچى مۇھاجىر (ھاشىملاردىن ھەمزە، ئابدۇددار قەبىلىسىدىن مۇسئەب بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش قاتارلىقلار) ئىدى. مۇشرىكلەر جەڭگاھنىڭ سەل سىرتىدا نىمجان ھالەتتە ياتقان بىر نەچچە مۇسۇلماننى كۆرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىنىقى تېخى توختىمىغان، ئەمما مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغان شەمماسمۇ بار ئىدى. مۇشرىكلەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ جەسىدىنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغاندا، ۋەھشى جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، ھەمزەنىڭ جىگىرىنى ئالدى ۋە ھىندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ: «داداڭنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا نېمە مۇكاپات بېرىسەن؟» دەپ سورىدى. ھىند: «ئۇرۇش غەنىمەتلىرىدىن مېنىڭ نېسىۋەمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىۋېتىمەن» دېدى. ۋەھشى قولىدىكى جىگەرنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ: «مانا بۇ ھەمزەنىڭ جىگىرى» دېدى. ھىند جىگەرنى قولىغا ئېلىپ، بىر پارچىنى چايناپ يۇتۇۋەتتى ۋە قەسەممنى ئورۇنلىدىم دەپ ئويلاپ قالغىنىنى يەرگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ۋەھشىگە: «ماڭا جەسىدىنى كۆرسەتكىن!» دېدى. ۋەھشى ئۇنى ھەمزەنىڭ جەسىدىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ھىند ھەمزەنىڭ قۇلاق، بۇرۇن ۋە يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىۋالدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ خىل ـ خىلە (پۇت بىلەيزۈكى)، بىلەيزۈك ۋە زەنجىرلىرىنى چىقىرىپ، ۋەھشىگە بەردى. ئاندىن باشقا ئاياللارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۆلۈكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىشكە كۈشكۈرتتى. ئاياللار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ، ئۆزلىرىگە زىبۇزىننەت ئورنىدا ئېسىۋېلىشتى. ھىند بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ زەپەر ناخشىسى ئېيتىشقا باشلىغانىدى. بىر ـ ئىككى قۇرەيش ئەسكىرى جەسەتلەرنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىنى كېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆچىنى چىقىرىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن بەدەۋى ئىتتىپاقداشلىرى بەكمۇ تەئەججۈپلەندى. ئەبۇسۇفيان قولىدىكى نەيزىنى ھەمزەنىڭ ئاغزىغا تىقىپ تۇرۇپ: «ھەي خائىن! بۇنىڭ تەمىنى تېتىپ باققىن!» دېدى. كىنانە قەبىلىلىرىدىن بىر ئايماقنىڭ رەئىسى بولغان ھۇلەيس ئەبۇسۇفياننىڭ بۇ ئىشنى كۆرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «ئەي بەنى كىنانە! ئۆز جىيەنىنىڭ جەسىدىگە مۇشۇنداق ئىش قىلغان ئادەم قۇرەيشكە رەئىس بولالامدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. ئەبۇسۇفيان: «مېنى خىجىل قىلىپ قويىدۇڭ. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن توغرا ئىش قىلمىدىم» دېدى.

ئۇ چاغقىچە، ئوغلىنىڭ جەسىدىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەبۇئەمر (ھەنزەلەنىڭ دادىسى) مەيۈسلەنگەن ھالدا: «مەن سېنى بۇ ئادەمدىن نېرى تۇر دەپ ئاگاھلاندۇرمىدىممۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى ـ ت)؟ سەن داداڭنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئېسىل نەسەبلىك، ئىچىڭ

www.munber.org

كۆچلۈك يىگىت ئىدىڭ. مانا ئۆلگەن ۋاقتىڭدىمۇ، دوستلىرىڭ بىلەن بىللە ئۆلدۈڭ. ئەگەر ئاللاھ شۇ ياتقان ئادەمگە (ھەمزەنى دېمەكچى) ياكى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ تەرەپدارلىرىغا مۇكاپات بەرسە، سېنىمۇ شۇلار قاتارىدا مۇكاپاتلىسۇن!» دېدى. ئاندىن ھىند ۋە باشقا ئاياللارغا قاراپ: «ئەي قۇرەيشلەر! ھەنزەلە گەرچە مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ پارچىلىنىشىنى خالىمايمەن» دېدى. ئاياللار ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

ئۇبەينىڭ راست ئېيتقانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن تاغ ئۇستىگە چىقىپ پاناھلانغانلىقى ئېنىقلاندى. لېكىن ئۇرۇش ئاخىرلاشقان بولغاچقا، تاغقا چىقىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قۇللارغا چېدىرلارنى چۇۋۇپ، يولغا چىقىش ئەمرى بېرىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇز قوشۇنىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەدلىرىنى كۆمۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەدلىرىدىن خالىغىنىچە ئالغاندىن كېيىن، غەنىمەتلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ يولغا چىقتى. قوشۇن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئەبۇسۇفيان ئېتىغا مىنىپ تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ۋە مۇسۇلمانلارغا يېقىنلىشىپ بېرىپ: «ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىم بىز ئالدىنقى قېتىمقىنىڭ ئۆچىنى ئالدۇق. ياشا، ئەي ھۇبەل! ئۆزەڭنى كۆرسەت ۋە دىنىڭنى ئۇلۇغلا!» دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئەبۇسۇفيانغا: «ئاللاھ ئۇلۇغدۇر ۋە ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەر بىزنىڭ تەڭدىشىمىز بولالمايسىلەر. چۈنكى بىزنىڭ ئۆلۈكلىرىمىزنىڭ ماكانى جەننەت، سىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر» دەپ جاۋاب بېرىشنى تاپىلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇسۇفيان تۇرغان قىيا تاشلارنىڭ ئاستىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىپ قويغان سۆزلەرنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان ئەبۇسۇفيان: «ئەي ئۆمەر! راستىنى ئېيتقىن! مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆلمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆلمىدى. بەلكى ئۇ ھازىر سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇسۇفيان: «سېنىڭ سۆزلىرىڭنىڭ ئىبنى قەمئەنىڭ سۆزلىرىدىن راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن» دېدى ۋە قايتماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى. لېكىن يەنە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ: «ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ بەزىلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈلدى. مەن بۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتىم. شۇڭا ئۇلارغا ئەمرمۇ بەرمىدىم، قىلغانلارنىمۇ توسمىدىم. كېلەر يىلى بەدرىدە كۆرۈشەرمىز» دەپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىغا يەنە بىر ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئادەم يېتىپ كېلىپ، ئەبۇسۇفياننىڭ ئارقىسىدىن: «ئۇز سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالمىغىن!» دەپ ۋارقىرىدى.

ئەبۇسۇفيان قوشۇننىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. قوشۇن جەنۇبقا قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۆمەر ئۇلارنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يىراق يەردە ئىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇھرى قەبىلىسىدىن سەئدنى پەسكە چۈشۈپ، دۈشمەننى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى. «ئەگەر دۈشمەنلەر تۆگىلىرىگە مىنىپ، ئاتلىرىنى يېتىلىۋالغان بولسا، مەككىگە ماڭغان؛ ئەگەر ئاتلىرىغا مىنىپ تۆگىلىرىنى يېتىلىۋالغان بولسا، مەدىنىگە ماڭغان بولىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆلگىچە ئېلىشىمەن» دېدى.



www.munber.org

سەئد پەسكە چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇھۇدقا كەلگەندىن بىرى شۇ يەردە باغلاغلىق تۇرغان ئېتى سەقبكە مىنىپ، قۇرەيشلەرنى ئىنىق كۆزىتەلىگۈدەك بىر يەرگىچە يېتىپ باردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن تېزلا قايتىپ كەلدى. چۈنكى قۇرەيشلەر تۆگىلىرىگە مىنىپ، ئاتلىرىنى يېتىلىۋالغانىدى. ئاتلىق قوشۇندا خالىد بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان ئەمر كېيىنكى يىللىرى مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئۈچ يۈز كىشىنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى ۋە مەدىنىدە ئۇلاردىن باشقا بىرنەچچىلا ئەۋس ۋە خەزرەجلىكنىڭ قالغانلىقىنى ياخشى بىلەتتۇق. كەتكەنلەرنىڭ كەينىگە قايتىپ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى. بىزنىڭمۇ كۆپىنچىمىز يارىلانغان بولۇپ، ئاتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئوق تەگكەنىدى. شۇڭا، بىز ئۇدۇل مەككىگە قاراپ قايتتۇق.»



www.munber.org

## شېھىتلارنىڭ دەپنە قىلىنىشى

**(54)**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇسۇلمانلارغا پەسكە چۈشۈش ئەمرى بەردى. ھارىس ئىبنى سەممە ھەمزەنىڭ جەسەدىنى تېپىش ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا ئەۋەتىلگەنىدى. لېكىن، جەڭگاھتىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەن ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا نىمە دېيىشنى بىلەلمىگەچكە، دەماللىققا كەينىگە قايتالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھارىسنىڭ كەينىدىن ئەلىنى ئەۋەتكەنىدى. ئەلى يېتىپ كېلىپ، ھارىسنىڭ پارچىلانغان جەسەدلەرنىڭ بېشىدا داڭقېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا قايتتى. كاپىرلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن ھازىرغا قەدەر بۇنچىلىك غەزەپلەنمىگەنىدىم. قەسەم قىلىمەنكى، كېلەركى قېتىم ئاللاھ ماڭا زەپەر ئاتا قىلسا، ئۇلاردىن ئوتتۇز جەسەدنى شۇنداق قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىمەن» دېدى. ئەمما، كۆپ ئۆتمەي، شۇ ئايەتلەر نازىل بولدى:

﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر.﴾[1]

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ قەسەمدىن يانغاندىن سىرت، جەسەتلەرگە زىيان ـ زەخمەت بېرىشنىمۇ چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقىلاردىن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئورگىنى بولغان يۈزىگە دىققەت قىلىشنى جېكىلەپ: «بىرىنى ئۇرماقچى بولساڭلار، يۈزىگە ئۇرماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى ئۆز سۈرىتىدە ياراتقاندۇر» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ پاجىئەلىك جەسەدىمۇ ھەمزەنىڭ سەل نېرىسىدا ياتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى ۋە باشقا جەسەتلەرگە ئوخشىمايدىغان بىرىنى كۆردى. ئۇ ھەنزەلەنىڭ جەسىدى بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمىغانىدى. ھەنزەلەنىڭ چىرايى خۇددى پەرىشتىلەر ئۇنى ئۇخلىتىپ قويغاندەك خاتىرجەم ۋە نۇرلۇق كۆرۈنەتتى، چاچلىرى يەرگە يىغىلىپ قالغان سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلەر ئاللاھقا ھەمدى ئېيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى نۇرلۇق ئىپادە شېھىتلارنىڭ جەننەتتىكى ھوزۇرىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

سەل نېرىدا، ھەيسەمە ۋە ئىبنى ئەد دەھدەھەنىڭ جەسەتلىرى ياتاتتى. ھەيسەمە چۈشىدە شېھىت ئوغلىنى كۆرگەن؛ سابىت ئىبنى ئەد دەھدەھە بولسا، يېتىم بالىغا خورما دەرىخىنى سوۋغا قىلغان ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سابىتنىڭ جەسەدىنى كۆرۈپ: «شاخلىرى سانجاق ـ

[1] نەھل سۈرىسى، 126 ـ ئايەت.



www.munber.org

سانجاق مىۋىگە توشۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرى! ئىبنى ئەد دەھدەھەنىڭ جەننەتتىكى خورما دەرەخلىرى نېئمىدېگەن كۆپ؟!» دېدى.

ئەۋسلىكلەردىن بىر توپ كىشى ئۈز قەبىلىسگە ئائىت مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئىزدەۋېتىپ، تېخى بىر كۈن بۇرۇنلا (مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۆزلىرى تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنغان ئۇسەيرىم ئىسىملىك بىرىنىڭ جەسىدىگە ئۇچراپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىسلام ھەققىدە سۆز ئاچسىلا، ئۇ: «ئەگەر سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلسەم، پەقەتلا ئىككىلەنمىگەن بولاتتىم» دەيتتى. مانا ئەمدى، جەڭگاھتا ئېغىر يارىلانغان ھالدا ياتاتتى ۋە تېخى جېنى چىقمىغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ خەلقىڭنى قوغداش ئۈچۈنمۇ ياكى ئىسلامنى قوغداش ئۈچۈنمۇ؟» دەپ سوراشتى. ئۇسەيرىم: «بۇ يەرگە ئىسلام ئۈچۈن كەلدىم. بىردىنلا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتتىم ۋە بۈگۈن سەھەردە قورال ـ ياراقلىرىمنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. تازا ئېلىشىۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر زەربە بىلەن يىقىلدىم» دېدى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلالمىدى. ئەۋسلىكلەر ئۇ جان ئۈزگىچە يېنىدىن ئايرىلمىدى. بۇ ئىش، كېيىنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيرىمنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇسەيرىم ئىسلام تارىخىدا بەش ۋاقىت نامىزىدىن بىرىنىمۇ ئادا قىلماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرگەن تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى.

شېھىتلارنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلارغا ناتونۇش بىر جەسەت ياتاتتى. باشتا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى، كېيىنچە، ئارىدىن بىرى ئۇنىڭ سەئلەبە قەبىلىسىنىڭ يەھۇدىي ئالىملىرىدىن مۇھەيرىق ئىكەنلىكىنى تونۇدى. بىلىنىشىچە، ئۇ كۈنى سەھەردە مۇھەيرىق ئۆز قەۋمىدىكىلەرنى يىغىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ۋە بۈگۈنكىدەك كۈندە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بۇتپەرەسلەرگە قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، خەلق ئۇ كۈننىڭ شەنبە كۈنى[1] ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغانىدى. مۇھەيرىق ئۇلارغا: «سىلەر بەرىبىر شەنبە كۈننىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايسىلەر» دېگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ: «ئەگەر مەن ئۆلسەم، ماللىرىمنىڭ ھەممىسىگە (ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان) مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋارىسلىق قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن قورال ـ يارىقنى ئېلىپ، ئۇھۇدقا ماڭدى ۋە شېھىت بولغىچە ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىدىن كېيىنكى يىللىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە خەلقىگە تارقاتقان سەدىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەيرىقتىن قالغان خورما دەرەخلىرىدىن كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەيرىق ھەققىدە: «ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» دېدى.

قۇرەيش قوشۇنىنىڭ مەككىگە قايتقانلىقىنى ئاڭلىغان مەدىنە خەلقىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئاياللار چۈشتىن كېيىندىن ئېتىبارەن قۇلاقلىرىغا كېلىۋاتقان خەۋەرلەرنىڭ توغرا ـ

[1] شەنبە كۈنى ـ ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى سىناش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىشلىشىنى ھارام قىلغان كۈندۇر.



www.munber.org

خاتالىقنى بىلىپ بېقىش ۋە شېھىتلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈش مەقسىتىدە، ئاستا ـ ئاستا شەھەر سىرتىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇھۇدقا تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئائىشە، ئۇممۇ ئەيمەن ۋە سەفىييە قاتارلىقلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىييەنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىندى ۋە زەبەيرگە: «دەرھال ھەمزە ئۈچۈن يەرلىك كولىغۇزغىن ۋە ئاناڭنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكىن، ئۇ قېرىندىشىنىڭ جەسىدىنى كۆرۈپ قالمىسۇن» دېدى. زۇبەير ئانىسىغا: «ئانا! رەسۇلۇللاھ سېنى قايتىپ كەتسۇن دەيدۇ» دېدى. ئەمما، يۈز بەرگەن ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپقان سەفىييە: «نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكۈدەكمەن؟ مېنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار. قېرىندىشىم ئاللاھ يولىدا شېھىت بولدى، مەن بۇنىڭغا رازى ئىكەنلىكىمگە ۋە سەۋر قىلىدىغانلىقىمغا قەسەم ئىچىپ بېرەي» دېدى. زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ، سەفىييەنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىغا رازىلىق بىلدۈردى. سەفىييە قېرىندىشىنىڭ جەسىدىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.﴾ بۇنى ئاڭلىغان باشقا مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدىن كېيىن نازىل بولغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى يادىغا ئېلىپ، يېنىك بىر نەپەس ئالدى:

﴿ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر. بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت) بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.﴾[1]

سەفىييە سىڭلىسى ئۇمەيمەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ مېيىتىغا دۇئا قىلدى. فاتىمەمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئىككىسى بىرلىكتە يىغلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا قېتىلىپ، بىر ئاز يەڭگىللىشۋالدى. فاتىمە كېلىپ دادىسىنىڭ يارىلىرىنى تاڭدى. ئۇلار ھەمنەنىڭ يولدىشى مۇسئەبنىڭ، قېرىندىشى ئابدۇللاھنىڭ ۋە تاغىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئېچىندى. جەڭ تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەبنىڭ ئەلەمنى تېخىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرغانىدى. لېكىن، ئۇ: «مەن مۇسئەب ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسئەب سۈرىتىدىكى پەرىشتە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يىگىتنىڭ جىنازىسى بېشىدا تۇرۇپ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

[1] بەقەرە سۈرىسى، 153 - تىن 157 - ئايەتكىچە.



www.munber.org

﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئەرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق جەسەتنىڭ ھەمزەنىڭ جەسىدىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىنى ۋە يەرلىك كولىنىشىنى بۇيرىدى. ھەمزەنىڭ ئۈستىگە يوپۇق يېپىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزەنىڭ جىنازا نامىزىدىن باشلاپ، جەمئى يەتمىش ئىككى كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئىككى ـ ئۈچ جەسەت بىر يەرلىككە قاتار قىلىپ قويۇلدى. ھەمزە بىلەن جىيەنى ئابدۇللاھ بىر يەرلىككە قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپنە ئىشىنى باشتىن ـ ئاياغ كۆزدىن كەچۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرگە: «ئەمىر ئىبنى جەمۇھ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، بىر مازارغا قويۇڭلار! چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئايرىلماس دوستلاردىن ئىدى» دېدى. ئەمرنىڭ ئايالى ۋە ئابدۇللاھنىڭ قېرىندىشى بولغان ھىند، ئۇ ئىككىسىنىڭ جەسىدىنى ئوغلى خەللادنىڭ جەسىتى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ئېلىپ ماڭغانىدى. جەلغىدىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، مۇسۇلمانلار كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ، مېيىتلارنى ئۇھۇدنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھىند جەسەتلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۈچى بىر مازارغا كۆمۈلدى. دەپنە ئىشلىرى تۈگىگەچە مازار بېشىدا ساقلاپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىندقا: «ئەي ھىند! ئېرىڭ ئەمىر، ئوغلۇڭ خەللاد ۋە قېرىندىشىڭ ئابدۇللاھ جەننەتتىدۇر» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھىند: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇشۇم ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغىن!» دېدى.

مۇزەينەلىك مۇسۇلماندىن باشقا شېھىتلارنىڭ يېقىنلىرى بار ئىدى. مۇزەينەلىكنىڭ جىيەنىمۇ قاتتىق ئېلىشىپ، شېھىت بولغانىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مېيىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە: «مەن سەندىن رازى بولغانىدەك، ئاللاھمۇ سەندىن رازى بولسۇن!» دېدى. مۇزەينەلىكنىڭ مېيىتى ئۆزىنىڭ يېشىل سىزىقلىق كىيىمى بىلەن كېپەنلەندى. يەرلىككە قويىدىغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېپەننى تارتىپ يۈزىنى يېپىپ قويۇۋىدى، پۇتى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە ئەتراپتىن ئازراق چۆپ تېپىپ كېلىپ، پۇتلىرىغا يېپىپ قويۇشنى بۇيرىدى. باشقا مېيىتلارنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاشتىن بۇرۇنمۇ، يۈز ۋە پۇتلىرىغا بىر نەرسىلەر يېپىپ قويۇلدى.

دەپنە ئىشلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىنى كەلتۈردى ۋە سەھەر كەلگەن يولى بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە كىرىدىغان يەردىكى قىيالىقلارغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ سەپكە تىزىلىشىنى بۇيرىدى. ئەرلەر ئىككى سەپكە تىزىلدى، ئاياللارمۇ (جەمئى ئون تۆت ئايال) ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇردى. ھەممەيلەن تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىرلىكتە ئاللاھقا شۈكرى ۋە ھەمدى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەندىن

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئامــانلىق، مەرھەمــەت، بەرىكــەت ۋە مەغپــىرەت تىلەيمــەن. پەرۋەردىگــارىم! ســەندىن مەڭگــۈ تۈگــىمەيدىغان ۋە ئەبەدىلئەبــەد يوقالمايــدىغان ســائادەت تىلەيمــەن. پەرۋەردىگــارىم! ســەندىن قورقۇنچلۇق كۈندە (قىيامەت كۈنىدە دىمەكچى) خاتىرجەملىك، قىسچىلىق كۈنلىرىدە مولچىلىق تىلەيمەن!»

www.munber.org

# ئۇھۇدتىن كېيىن

## (55)

قوشۇن شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ھەممەيلەن ئۇدۇل مەسجىدكە بېرىپ ناماز شامنى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن، دەم ئېلىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇخلاپ قالدى. ئۇ شۇ قەدەر ئېغىر ئۇخلاپ كەتكەندىكى، بىلالنىڭ خۇپتەن نامىزىغا ئېيتقان ئەزان ئاۋازىدىمۇ ئويغانمىغانىدى. ئويغانغاندىن كېيىن نامازنى ئۆيدە يالغۇز ئوقۇدى. ئەنسارلاردىن ئىككى سەئد (سەئد ئىبنى ئۇبادە بىلەن سەئد ئىبنى مۇئاز) مەسجىد ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلدى. يېرىم كېچىدە باشقىلار كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتى. چۈنكى، قۇرەيش قوشۇنىنىڭ كەينىگە قايتىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەتىسى سەھەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدىن كېيىن، ساھابىلەرگە دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا چاقىرىق قىلدى ۋە: «پەقەت تۈنۈگۈن بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلغانلاردىن باشقىلار كەلمىسۇن!» دېدى.

ئەۋەتىلگەن خەۋەرچىلەر ھەر قايسى قەبىلىلەرگە يېتىپ بارغاندا، ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يارىلىرىنى تېڭىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. چۈنكى، ئۇھۇدقا قاتناشقان ساھابىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى ئېغىر يارىلانغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ساھابىلەر دەرھال يولغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىقلارغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇھۇدقا قاتناشقانلاردىن مالىك ۋە شەمماس بۇ يۈرۈشكە چىقالمىدى. چۈنكى، مالىكنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغانىدى. شەمماسنىڭ مەدىنىدە ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىغاچقا، ئۇنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا ياتقۇزۇپ قويىدى. لېكىن ئۇمۇ سەلەمە ئۇنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تىنىقى توختاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنى مەدىنىگە كۆممەي، ئۇھۇدتىكى سەبداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆمۈش توغرۇلۇق تەلىمات بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇرىسىگە زەربە يېگەچكە، ئوڭ مۈرىسىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ سەپەر تەييارلىقىنى ھەممىدىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ بولدى. سەپەر ۋاقتىنى سوراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغان تەلھە، ئۇنى مەسجىدنىڭ ئالدىدا ئېتىغا مىنگەن ھالدا كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا قارىماي، تەييارلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

بەنى سەلەمە قەبىلىسىدىن سەپەرگە ئاتلانغانلار ئىچىدە كۆپىنچىسى ئېغىر يارىلانغان قىرىق ئەتراپىدا كىشى بار ئىدى. ئۇلار بېكىتىلگەن يەرگە كېلىپ، سەپكە تىزىلدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ بەدەنلىرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە: «پەرۋەردىگارىم! بەنى سەلىمە قەبىلىسىگە مەرھەمەت قىلغىن!» دەپ دۇئا

www.munber.org

قىلدى. سەپنىڭ ئارىسىدا، ئۇھۇدقا قاتنىشالمىغان، لېكىن بۇ قېتىملىق سەپەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرغان بىرى بار ئىدى. ئۇ جابىر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، سەھەردىلا يېتىپ كەلگەنىدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇھۇدقا چىقىشنى تەلەپ قىلغان بولساممۇ، دادام ماڭا سىڭىللىرىمنى تاپشۇرۇپ قويغاچقا چىقالمىدىم. ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بولمىغاندا، بۇ قېتىم سەن بىلەن بىللە چىقاي. ماڭا رۇخسەت قىلغىن!» دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى.

قوشۇن مەدىنىدىن چىقىپ، سەككىز مىل يىراقلىقتىكى ھەمرائۇلئەسەد دېگەن يەردە توختىدى. ئۇ چاغقىچە، قۇرەيش قوشۇنلىرىمۇ ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان رەۋھا دېگەن يەرگە چۈشكەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ مۇمكىن قەدەر كەڭ يەرگە يېيىلىشىنى ۋە ھەر بىرەيلەننىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئوتۇن يىغىشىنى بۇيرىدى. كۈن پاتقىچە بەش يۈز پاتمان ئوتۇن يىغىلدى. كەچ كىرىشى بىلەن ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا گۈلخان ياقتى. سان - ساناقسىز گۈلخان يىراقتىن قارىغانلارغا ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ قوشۇن باردەك كۆرۈنەتتى. ئۆزى تېخى بۇتپەرەس بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئەبۇسۇفياننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇھۇدقا قاتناشقان - قاتناشمىغان، ئەتراپتىكى ئىتتىپاقداشلار بولۇپ، پۈتۈن مەدىنە خەلقىنىڭ جەڭگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە: «تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر دەرھال قاچمىساڭلار بولمايدۇ» دېدى. قۇرەيشلەرنىڭ بەزىلىرى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، شەھەرنى تالان - تاراج قىلماقچى ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك تېزدىن مەككىگە قايتىش قارارىغا كەلدى. ئەبۇسۇفيان ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە ماڭغان بىر كارۋانغا: «مۇھەممەدكە ئېيتقىنكى، بىز مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلىغىچە ئۇرۇش قىلىمىز. سەن مەدىنىدىن قايتقان ۋاقتىڭدا، ئۇكاز يەرمەنكىسىگە يولۇقۇپ ئۆتكىن، تۆگىلىرىڭگە قۇرۇق ئۈزۈم ئارتىپ بېرەيلى!» دېدى. كارۋاندىكىلەر ئەبۇسۇفياننىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تېخى يېقىندىلا نازىل بولغان شۇ ئايەت بىلەن جاۋاب بەردى: ﴿بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامى!﴾[1]

مۇسۇلمانلار دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرىنى ئۇ يەردە گۈلخان يېقىپ ئۆتكۈزدى. بۇ ئۈچ كۈن بويىچە، ھەممىسى ئوبدان ئارام ئېلىۋالدى ۋە بىر - بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ، تەنتەنە قىلىشتى. ئالدىنقى يىلى مول - ھوسۇللۇق يىل بولغانىدى. سەئد ئىبنى ئۇبادە ئوتتۇز تۆگىگە خورما ئارتىپ كەلگەن بولۇپ، باشقىلارمۇ قۇربانلىق ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشكەنىدى. پەيشەنبە كۈنى قوشۇن ھەممە نەرسىسىنى يىغىشتۇرۇپ، مەدىنىگە قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن ئايرىلىپ كۆپ ئۆتمەي شەمماس ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇھۇدقا دەپنە قىلىنغانىدى. ئۇ ئارىدا مالىكمۇ ۋاپات بولغانىدى، لېكىن ئائىلىسى ئۇنى مەدىنىگە

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 173 - ئايەت.



www.munber.org

دەپنە قىلدى. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مالكىنىڭ جەسەدىنى ئېلىپ، ئۇھۇدقا دەپنە قىلغۇزدى.

قوشۇن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن كۈنى كېچىسى، ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ جەڭدە يارىلانغان يېرىنى داغلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇراتتى. دادىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇرۇشقا قېتىلىشنىڭ ئەخمەقلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ: «تەگرىگە قەسەم قىلىمەنكى، نەتىجە دەل مەن مۆلچەرلىگەندەك بولۇپ چىقتى» دېدى. ئوغلى ئابدۇللاھ: «رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەممىدىن ئەلادۇر» دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن ئىبنى ئۇبەي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە: «ئەگەر جەڭدە ئۆلگەنلەر بىز بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۆلمىگەن بولاتتى» دېدى. يەھۇدىيلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىشتى ۋە: «مۇھەممەد پادىشاھ بولۇش ئارزۇسىدا يۈرىدۇ. ھېچقانداق پەيغەمبەر مۇنداق ۋەقەگە دۇچ كەلمىگەنىدى. مۇھەممەد ھەم ئۆزىنى ھەم تەرەپدارلىرىنى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى» دېيىشتى.

يەھۇدىي ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرى ھەمرائۇلئەسەدتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقاتقانلارنى جازالىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى ۋە: «ئاللاھ دىنىنى مۇستەھكەملەپ، پەيغەمبىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەي ئىبنى خەتتاب! بۇندىن كېيىن قۇرەيشلەر بىزگە ھەرگىز بۇنداق قىلالمايدۇ. بىز يېقىندا مەككىگە بېرىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشكە نائىل بولىمىز» دېدى.

گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە رۇخسەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئىبنى ئۇبەي باشقا مۇسۇلمانلاردىن ئېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. ئىبنى ئۇبەي مەسجىدتە جۈمە نامازلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە ئايرىم بىر مەۋقە (ئورۇن) ياسىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەدىنىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھەممە ئادەم بىلگەچكە، ھېچكىم بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇش ۋە ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدا، ئىبنى ئۇبەي ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەي ئىنسانلار! بۇ، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ سايىسىدە بىزگە مەرھەمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭلار، ھۆرمەتلەڭلار، سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەندىن كېيىن، ئورنىدا ئولتۇراتتى. لېكىن، ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىنكى تۇنجى جۈمە نامىزىدىمۇ ئادىتى بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قىلماقچى بولغان ئىبنى ئۇبەينىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار: «ئەي ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! ئورنۇڭدا ئولتۇر! شۇنچە نۇمۇسسىزلىقتىن كېيىن، يەنە نېمە ھەددىڭ بىلەن سۆز قىلماقچىسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. ئىبنى ئۇبەي جامائەتنىڭ ئارىسىدىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ سىرتقا چىقتى. مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا، مەسجىدكە كىرىپ كېتىۋاتقان ئەنسارلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: «ئارقاڭغا قايتقىن! رەسۇلۇللاھ سەن ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسۇن!» دېدى. لېكىن، ئۇ: «تەگرىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىشىنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

www.munber.org

ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىنكى كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇش توغرۇلۇق كۆپلىگەن ئايەتلەر نازىل قىلىندى. بۇ ئايەتلەردە، ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى قەبىلە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغانلىقى، لېكىن ئاللاھنىڭ ئۇلارغا كۈچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلغانلىقى ئىپادىلەنگەندى. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ بىرى، دۈشمەننى قوغلاش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغاندا ئەڭ تېز سۈرئەتتە تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈندۈرگەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بەنى سەلەمە ئايمىقى ئىدى. بەنى سەلەمە ۋە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بەنى ھارىسە ئايمىقى بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى روھى ھالىتىگە ئېچىنمىدى، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارغا غەيرەت ۋە جاسارەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇندىن باشقا يەنە، ئۇرۇش ۋاقتىدا بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ، تاغقا قاچقانلار ۋە شېھىت بولۇش ئارزۇسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇش قىلىش پىكرىنى بەرگەن كىشىلەر توغرۇلۇق ئايەتلەرمۇ نازىل بولغانىدى:

﴿(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەر ئۆلۈم (يەنى دۈشمەن) بىلەن ئۇچرىششتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟)﴾[1]

قۇرئاندا يەنە، جەڭگاھتا پەيغەمبەرنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلمىغان كىشىلەرنىڭ جازالىرىنى شۇ جايدىلا تارتقانلىقى ۋە گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەندى. ئۇرۇش ئارىلىقىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۆكۈنگەنلىكى ئۇلار تارتقان جازا ياكى تۆلىگەن كەففارەت ھېسابلىناتتى. ئۇندىن كېيىن، ئايەتلەردە تارىختا ياشاپ ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇلار بەرپا قىلغان مەدەنىيەتنىڭ خارابىلىققا ئايلانغانلىقى، شۇڭا، ئەرەبىستان زېمىنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنىڭمۇ بىر كۈنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام قانۇنىنىڭ ئورنىتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى:

﴿سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى؛ يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، (ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراڭلار. بۇ (قۇرئان) (ئومۇمىي) ئىنسانلارغا باياندۇر (يەنى ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ)، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. (جىھاتتىن) بوشاشماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.﴾[2]

ئۇندىن باشقا، كېلەچەك ھەققىدىمۇ ئايەتلەر نازىل بولغانىدى:

﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 142 - ۋە 143 - ئايەتلەر.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 137 - دىن 139 - ئايەتكىچە.



www.munber.org

ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.﴾[1]

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 144 - ئايەت.



www.munber.org

## ئىنتىقام قۇربانلىرى

**(56)**

ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن، تۆت ئايغىچە تىنچلىقنى بۇزىدىغان ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى. تۆتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا، بەنى ئەسەد ئىبنى خۇزەيمەنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. مۇسۇلمان بولغان جەھش ئائىلىسى ۋە ئىلگىرى مەككىدە ياشىغان ئەسەدلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاھالىسى كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان نەجد قەبىلىسى تا ھازىرغىچە قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرى ھېسابلىناتتى. قۇرەيشلەر ئۇلارنى ئۇھۇدتا يېڭىلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپ ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەنىدى. ئۇلارغا ۋە پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن زەئىپلەشمىگەنلىكىنى، بەلكى دەل ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىيەنى ئەبۇسەلەمە باشچىلىقىدىكى يۈز ئەللىك كىشىلىك قوشۇننى دۈشمەن بارگاھىغا ئەۋەتتى. قوشۇن دۈشمەن بارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن لەشكىرىدىن ئاز بىر قىسمى ئۆلۈپ، قالغانلىرى مەككىگە قاراپ قاچتى. ئارىدىن ئون بىر كۈن ئۆتتى. مۇسۇلمانلار نۇرغۇن غەنىمەت ۋە ئۈچ چوپاننى ئەسىر ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ھۇجۇم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان بولدى، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلەشمەي، ئەكسىچە كۈچلىنىپ كەتكەنلىكى پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىغا يېيىلدى.

ئاڭغىچە، مەدىنىگە جەنۇب تەرەپتىن يەنە بىر ھۇجۇم باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۆجىزە كۆرسىتىپ، بۇ دۈشمەننىڭ ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ لىھيانى ئايمىقى رەئىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەگەر بۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ تەرەپتىن كېلىدىغان ھۇجۇم يوققا چىقاتتى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى خەزرەجلىك ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيسكە تاپشۇردى. «ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس: «مەن ئۇنى قانداق تونۇيمەن؟ سەن ماڭا ئۇنى تەرىپلەپ بەرسەڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا خۇددى شەيتاننى كۆرگەندەك بولىسەن. ئۇنى بىر كۆرسەڭلا، تېنىڭ شۈركىنىپ كېتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئابدۇللاھ، دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىگە قارشى پىلانلانغان ھۇجۇملار ۋاقتىنچە تىنجىدى. لېكىن، ھۇزەيل قەبىلىسىلىك بىر توپ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن باشلىقلىرىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوشنا يېزىلارغا تەبلىغ قىلغىلى بارغان ئالتە نەپەر مۇسۇلمانغا مەككىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رەجى دېگەن ساسلىقتا ھۇجۇم قىلدى. مۇسۇلمانلاردىن ئۈچى قارشىلىق كۆرسىتىپ شېھىت بولدى. قالغان ئۈچى



www.munber.org

ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىرگە ئېلىنغان ئۈچەيلەن بىرى قاچماقچى بولۇۋىدى، دۈشمەنلەر ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىۋەتتى. كاپىرلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلگەنلەردىن بىرى، ئۇھۇد غازىتىدا مۇشرىكلەرنىڭ ئەلەمدارلىرىدىن ئىككىسىنى ئۆلتۈرگەن، ئەۋس قەبىلىسىلىك ئاسىم بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئەلەمدارلارنىڭ ئانىسى ئاسىمنىڭ باش سۆڭىكىدە ھاراق ئىچىشكە قەسەم قىلغانىدى. ھۇزەيل كاپىرلىرى ئاسىمنىڭ باش سۆڭىكىنى ئۇ ئايالغا ساتماقچى بولدى. لېكىن، بىر توپ ھەرە ئاسىمنىڭ جەسىدىنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىپ، كۈن كەچ بولغىچە ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمىدى. شۇ كېچىسى، قاتتىق بوران چىقىپ، ئاسىمنىڭ جەسىدىنى ئالىلقاياقلارغىدۇر ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئەسىر ئېلىنغان ئەۋس قەبىلىسىدىن خۇبەيب بىلەن خەزرەج قەبىلىسىلىك زەيد، بەدرى جېڭىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن پۇرسەت تاپالماي يۈرگەن بەزى قۇرەيشلەرگە سېتىۋېتىلدى. خۇبەيب بەنى نەۋفەل قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىرىگە سېتىلغان بولۇپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن دادىلىرىنىڭ ئۆچىنى ئېلىشى ئۈچۈن قەبىلە ئەزالىرىدىن بىرىگە تاپشۇرۇلدى. سەفۋانمۇ ئەينى مەقسەتتە زەيدنى سېتىۋالدى. ئىككىسى ھارام ئايلىرى ئۆتۈپ كەتكىچە زىنداندا ياتتى.

سەپەر ئېيىنىڭ ھىلالى كۆرۈندى، مۇشرىكلەر ئىككى مەھبۇسنى ھارام رايوندىن چىقىرىپ، تەنئىم دېگەن يەرگە ئېلىپ باردى. زىندانغا تاشلانغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ئىككى مەھبۇس بىر ـ بىرىگە سەۋر ـ تاقەت تەۋسىيە قىلىشتى. بەنى نەۋفەل ۋە ھەمراھلىرى خۇبەيبنى بىر ئاز ئالدىغا چىقاردى. ئۆزىنىڭ مومىغا باغلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن خۇبەيب مۇشرىكلەردىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋېلىشنى ئۆتۈندى. مۇشرىكلەر ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇڭا ئىسلام تارىخىدا، ئۆلۈمدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇغان تۇنجى كىشى خۇبەيب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇبەيب نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلەر ئۇنى مومىغا باغلاپ: «ئەگەر ئىسلامدىن يانساڭ، سېنى قويۇپ بېرىمىز» دېيىشتى. ئەمما خۇبەيب: «يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى ماڭا بەرسەڭلارمۇ، مەن ئىسلامدىن يانمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مۇشرىكلەر: «ئۆزەڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، مۇھەممەدنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى خالامسەن؟» دەپ سوراشتى. خۇبەيب: «مېنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن، مۇھەممەدنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىشىنىمۇ خالىمايمەن» دېدى. «دىنىڭدىن قايت، ئەي خۇبەيب!» دېيىشتى مۇشرىكلەر: «ئەگەر دىنىڭدىن قايتمىساڭ، بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز». خۇبەيب: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆلسەم ئارمىنىم يوق. سىلەرنىڭ مېنىڭ يۈزۈمنى مۇقەددەس ماكاندىن بۇرىۋېتىشىڭلارغا كەلسەك ( ئۇنىڭ يۈزىنى مەككىدىن باشقا تەرەپكە قارىتىپ قويغانىدى )، بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر﴾. ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭگە مېنىڭ سالىمىنى يەتكۈزىدىغان ھېچكىم يوق، شۇڭا سالىمىنى ئۇنىڭغا سەن يەتكۈزگىن!» دېدى. دەل شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە زەيد ۋە باشقا بىر نەچچە ساھابە بىلەن ئولتۇراتتى. بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى ۋەھيى كەلگەن ۋاقىتتىكى تۇسكە كىردى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ: «ۋەئەلەيھىسسالام ۋە رەھمەتۇللاھ ( ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالىمى ۋە رەھمىتى بولسۇن! )» دېگىنىنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن: «جىبرىئىل ماڭا خۇبەيبنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى» دېدى.

www.munber.org

قۇرەيشلەرنىڭ يېنىدا دادىلىرى بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەن قىرىققا يېقىن ياش بالا بار ئىدى. مۇشرىكلەر ياشلارنىڭ قولىغا بىردىن نەيزە تۇتقۇزۇپ: «سىلەرنىڭ داداڭلارنى ئۆلتۈرگەن ئادەم مۇشۇ شۇ» دېدى. ياشلار قوللىرىدىكى نەيزىنى خۇبەيبكە سانجىدى، لېكىن ئۆلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، چوڭلار ياشلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، كۆچەپ تۇرۇپ نەيزە ئۇرغان بولسىمۇ، خۇبەيب بىر سائەتكىچە جان تالاشتى ۋە بىر سائەت بويىچە: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن ئىككى جۈملە سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى.

زەيدمۇ ئەينى شەكىلدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە سورالغان سوئاللارغا خۇبەيبكە ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئۆلۈم مەيدانىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان زۆھرى قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىبنى شەرىق ئىختىيارسىز ھالدا: «ھېچبىر ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتىنى مۇسۇلمانلار مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلمەيدۇ» دېدى.

ئەمر (بەدەۋى) قەبىلىسىدىن خۇزەيمەنىڭ قىزى زەينەب جاھىلىيەت دەۋرىدە مىسكىنلەرگە قىلغان شەپقىتى ۋە خەير ـ ساخاۋىتى تۈپەيلىدىن ‹مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى› دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىدى. زەينەب ئۇبەيدەنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئۇبەيدە بەدرى غازىتىدا ئۆتبە بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىپ يارىلانغاچقا، ۋاپات بولغانىدى. ئۇبەيدەنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، زەينەب تېخىچە تۇل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بەردى، زەينەب بۇ تەكلىپكە مەمنۇنىيەت بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى. مەسجىد تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان ھۇجرىلارنىڭ يېنىغا يەنە بىرى سېلىندى. بەلكىم، بۇ نىكاھ تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، زەينەبنىڭ قەبىلىسىنىڭ ياشىنىپ قالغان رەئىسى ئەبۇبەرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ مۇسۇلمان بولمىدى، لېكىن بىراقلا رەت قىلىۋەتمەي: «ساھابىلەردىن بىر نەچچە كىشى مېنىڭ قەبىلەمگە بېرىپ، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغان بولسا، بەلكىم ئۇلار قوبۇل قىلىشى مۇمكىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا قەبىلىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇئەمر قەبىلىسى ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان سۇلەيم ۋە باشقا غەتفان قەبىلىلىرىگە يېقىن يەردە ياشايتتى. لېكىن، ئەبۇبەرا مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ باشپاناھ بولىدىغانلىقىنى ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم ئىلىم ھەم تەقۋالىقتا ئەڭ ئۈستۈن ساھابىدىن قىرىقنى تاللاپ، ئۇلارغا خەزرەجلىك مۇنزىر ئىبنى ئەمرنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. تاللانغان قىرىق ساھابىنىڭ ئىچىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان ئەمر ئىبنى فۇھەيرە (ئەبۇبەكرىنىڭ ئازات گەردىسى) مۇ بار ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەبۇبەرانىڭ رەئىسلىكىنىڭ لىڭشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىقماقچى بولغان جىيەنى ئەمر ئىبنى تۇفەيل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ باشقا مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن يېتىپ بارغان ھەرام ئىبنى مىلھاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن سىرت، قەبىلىسىدىكى باشقا كىشىلەرنى ئۆزلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىلى كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى

www.munber.org

ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى. لېكىن، قەبىلە ئەزالىرى مۇسۇلمانلارغا ئەبۇبەرانىڭ پاناھلىقىدا ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ھېچكىمگە چېقىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان ئەمر ئىبنى تۇفەيل، تېخى يېقىندىلا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغان سۇلەيم قەبىلىسىگە خەۋەر يوللىدى. سۇلەيم قەبىلىسى دەرھال بىر بۆلۈك ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى ۋە مەئۇنە قۇدۇقىنىڭ بېشىدا خاتىرجەم دەم ئېلىپ تۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلدى. مۇسۇلمانلاردىن تۆگىلەرنى ئوتلاتقىلى كەتكەن ھارىس ئىبنى سەممە بىلەن كىنانە قەبىلىسىنىڭ دەمرە ئايمىقىدىن بولغان ئەمر ئىككىسىدىن باشقا ھەممىسى شېھىت بولدى. ئىككىسى يىراقتىن مۇسۇلمانلارنى قورشىۋالغان ئاتلىق ئادەملەرنى كۆرۈپ، دەرھال شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. يېتىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلار دەم ئېلىشقا چۈشكەن يەرنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. سۇلەيملىك مۇشرىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەدىنىڭ يېنىدا بىر نەرسە ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزمىدى. ئەمر مەدىنىگە قايتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا خەۋەر يەتكۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن ھارىس: «مۇنزىر ئۆلتۈرۈلگەن يەردە، مەن مەدىنىگە قايتىپ كېتەلمەيمەن» دېدى ۋە ئۆزىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا ئاتتى. ئەمرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى، ئىككىسى دۈشمەندىن ئىككىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشتى. ئەمما، كاپىرلار ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدى ۋە ھارىستىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. ھارىس ئۆزىگە قورال بېرىلىشىنى ۋە يەكمۇ يەك ئېلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كاپىرلار ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى. ھارىس كاپىرلاردىن يەنە ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، شېھىت بولدى. كاپىرلار ئەمرنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرىگە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمر ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەر بىر جەسەتنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمما، ئەمر ئىبنى فۇھەيرەنىڭ جەسىدى ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئۆزلىرى ئىزدىگەن جەسەتنى تاپالمىغان كاپىرلار ئەمردىن: «ئۇ قانداقراق بىرى ئىدى؟» دەپ سورىدى. ئەمر: «ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەڭ دەسلەپ بەيئەت قىلغان، ئەڭ تەقۋادار بىرى ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمردىن سوئال سورىغان كاپىر: «ساڭا نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى ۋە ئەمر ئىبنى فۇھەيرەنى ئۆلتۈرگەن سۇلەيملىك جاببارنى يېنىغا چاقىردى. جاببار ئۆزىنىڭ ئەمرنىڭ دۈمبىسىدىن نەيزىنى قانداق تىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. نەيزىنىڭ ئۇچى ئەمرنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ، كۆكرىكىدىن تېشىپ چىققانىدى. جاببار ئەمرنىڭ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەقسىتىمگە يەتتىم» دېگەن سۆزىگە ھەيران قالغانىدى. چۈنكى، ئەسلىدە بۇ سۆزنى جاببار ئېيتسا، تېخىمۇ توغرا بولغان بولاتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان جاببار نەيزىسىنى ئەمرنىڭ دۈمبىسىدىن تارتىپ چىقاردى. لېكىن، شۇ ئەسنادا يۈز بەرگەن يەنە بىر ۋەقە جاببارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئەمرنىڭ جەسىدى ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئەمر ‹مەقسەت› نىڭ ‹جەننەت› ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. جاببار دەرھال ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «پەرىشتىلەر ئەمرنى جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىيسى ‹ئىللىيۇن› غا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ» دېدى.

www.munber.org

سۈلەيملىكلەر ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. بۇ ۋەقە سۈلەيملىكلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە تۈرتكە بولدى. سۈلەيملىكلەر ئەمرنى قويۇپ بېرىپ، بۇ قەتلىئامغا بەنى ئەمرنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمر مەدىنىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇچرىغان بەنى ئەمرنىڭ قەبىلىسىدىن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۆلتۈرۈلگەن ئۇ ئىككى ئادەم ئىبنى بەراغا ئىتائەت قىلغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارشى چىققان، گۇناھسىز كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئائىلىسىگە خۇن ھەققى تۆلىنىشى كېرەك» دەپ ئەمر بەردى.

www.munber.org

## بەنى نەزىر

### (57)

يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن بەنى نەزىر قەبىلىسى بەنى ئەمر قەبىلىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىتتىپاقدىشى بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇن ھەققى مەسىلىسىدە ئۇلاردىن ياردەم ئالماقچى بولۇپ، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە باشقا ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان يەرگە باردى ۋە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى ۋە ئالدىغا تائام كەلتۈرگىچە كۈتۈپ تۇرۇشىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. قەبىلە رەئىسى ئىبنى ھۇيەي ۋە باشقا يەھۇدىيلار تائام كەلتۈرۈش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن قەلئە ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز جىبرىئىل كېلىپ (جىبرىئىلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىسى كۆرمىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقىنى، شۇڭا دەرھال مەدىنىگە قايتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، لام ـ جىم دېمەيلا مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. باشقىلار ئۇنى كۆپ ئۆتمەي قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئولتۇرۇشتى، لېكىن، خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى باشقىلارنى باشلاپ مەدىنىگە قايتىپ، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىبنى مەسلەمە قۇيۇن تېزلىكىدە قەبىلىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالغان بەزى يۇرت چوڭلىرى ئۇنى قارشى ئالغىلى ئالدىغا چىقتى. ئىبنى مەسلەمە ئۇلارغا: «رەسۇلۇللاھ مېنى سىلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە سىلەرگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى: ”مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئارىمىزدىكى تىنچلىق ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار... “» ئىبنى مەسلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇ بىر يەتكۈزدى ۋە ئاخىرىدا: «سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىڭلار ئۈچۈن ئون كۈن مۆھلەت بېرىلدى. ئون كۈنگىچە چىقىپ كەتمىگەنلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ جاكارلىدى. بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار: «ئەي ئىبنى مەسلەمە! ئەۋسلىك بىرىنىڭ بىزگە مۇنداق خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانتۇق» دېيىشتى. ئىبنى مەسلەمە ئۇلارغا: «ئەھۋال ئۆزگەردى» دەپ جاۋاب بەردى.

يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى يولۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشقا باشلىغانىدى. ئىبنى ئۇبەي ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كەتمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھۇيەيمۇ قوشنىلىرى بەنى قۇرەيزە ۋە بەدەۋى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەھۇدىيلارنى كۆچۈپ كەتمەسلىككە قايىل قىلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش قەبىلىلىرىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن ئۆز قېرىندىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىپ: «بىز ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنى تەرك ئەتمەيمىز، سەن قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلغىن!»



www.munber.org

دەپ خەۋەر يوللىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ بۈيۈكتۇر)! يەھۇدىيلار بىزگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپتۇ» دېدى ۋە دەرھال قوشۇن تەشكىللەپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يەرلەشكەن بەنى نەزىر قەبىلىسىگە يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلچى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلدى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەلئە ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. مۇسۇلمانلار نامازدىگەرنى يەھۇدىيلاردىن قالغان چوڭ بىر باغدا ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى قەلئە تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

قەلئەگە ئوقچى ۋە سالغىچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن سىرت، ئوق تۇگەپ، قەلئە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان چاغدا ئىشلىتىش ئۈچۈن تاش دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئىككى قوشۇن كۈن كەچ كىرگىچە بىر ـ بىرىگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئوق ئېتىش تېزلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. لېكىن ئۇلار: «ئەتە قانداقلا بولمىسۇن، بەنى قۇرەيزە ۋە ئىبنى ئۇبەينىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كېلىدۇ» دەپ ئويلايتتى. غەتفان قەبىلىسىمۇ بىر نەچچە كۈنگە قالماي ياردەمگە كېلىپ بولاتتى. ئاڭغىچە، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلىنالمىغان مۇسۇلمانلار ئارقا تەرەپتىن يېتىشىپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىردىنلا قەلئەنىڭ ھەر تەرىپىنى قورشىۋېلىشقا يەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، قوشۇننىڭ بېشىغا ئەلىنى قويۇپ، ئۆزى ئون كىشى بىلەن مەدىنىگە قايتتى. قوشۇن كېچىچە ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا، مەدھىيەلەر ئوقۇپ چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھەردە يېتىپ كېلىپ، بامدات نامىزىنى قوشۇن بىلەن بىللە ئوقۇدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، بەنى نەزىر ئىتتىپاقداشلىرىدىن كۈتكەن ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزۇشنى خالىمىغانلىقىنى، غەتفان قەبىلىسى ئۆزىنىڭ بىر نەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى، ئىبنى ئۇبەي بولسا، پەيغەمبەرگە قارشى چىققۇدەك كۈچى قالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆز ۋەدىلىرىدە تۇرمىدى. پۈتۈن ئۈمىدى سۇغا چىلاشقان بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا چىققان تالاش ـ تارتىش بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. قەبىلە ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تالاش ـ تارتىش ۋە دۈشمەنلىك تۈپەيلىدىن پارچىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ، ھېچبىر يەردىن ياردەم ئالالمايۋاتاتتى. قورشاۋنىڭ ئونىنچى كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلئەنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە خورما دەرىخىنى كەستۈرۈۋېتىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۈپراقلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىر نەچچە تۈپ خورما دەرىخىنى قۇربان قىلىپ كەستۈرۈۋەتكەنىدى. چۈنكى، دەرەخلەرنىڭ كېسىلىشى ئۇنىڭغا بىرىلگەن ئىلاھىي ئەمر ئىدى (ھەشىر سۈرىسى، 5 ـ ئايەت). بۇ ئەمرنىڭ ئورۇندىلىشى دۈشمەننىڭ قارشى تۇرۇش كۈچىنى تامامەن يوقىتا چىقاردى. يەھۇدىيلار ئۈچۈن خورما دەرەخلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار ئىدى. چۈنكى، خورما ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىدى. گەرچە يەھۇدىيلار يۇرتلىرىدىن ۋاقىتىنچە سۈرگۈن قىلىنسىمۇ، بۇ تۇپراقلارنى ئەبەدىلئەبەد ئۆزلىرىنىڭ دەپ قارايتتى، ھەمدە كېلەچەكتە بۇ



www.munber.org

يەرلەرنى مۇسۇلمانلاردىن قايتۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. قۇرەيشلەر ھەر تەرەپتە جار سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتنى يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلايدىغانلىقنى ئاشكارىلىغانىدى. ئەگەر خورما دەرەخلىرى كېسىپ تاشلانسا، ئۇلارنى يېڭىدىن يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە يىل كېتەتتى. گەرچە مۇسۇلمانلار بىر نەچچە تۈپنىلا كەسكەن بولسىمۇ، يەنە قانچىنى كېسىشى مۇمكىن. ھۆيەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغانلىقنى بىلدۈردى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەممە مال ـ مۈلكىنى ئالماي، تۆگىلىرى كۆتىرەلىگۈدەك مالنىلا ئېلىپ چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقنى ئېيتتى.

ھۆيەي دەسلەپتە بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، باشقا قەبىلە ئەزالىرى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا قىستىدى. يەھۇدىيلار ئىككى ھەپتە بۇرۇن چالا تاشلاپ قويغان يول تەييارلىقنى يېڭىدىن باشلىدى ۋە ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىگىچە ھەممە نەرسىسىنى تۆگىگە ئارتتى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، سۈرىيە يولى بىلەن شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ۋاقىتقىچە، بۇقەدەر جىق يۈك ئارتىلغان كارۋان كۆرۈلمىگەنىدى. تۆگىلەر مەدىنىنىڭ قايناق بازىرىدىن قاتارلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەدىنە خەلقى ھەر بىر تۆگىگە ئارتىلغان يۈكنىڭ كۆپلىكىگە ۋە ھەرخىل بېزەكلەرگە قاراپ ھەيران قېلىشتى. تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى كاجۋىلاردا ھەرخىل رەڭلىك يىپەك كىيملەرنى كىيىپ، ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، ئالماس ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلاردىن زىبۇ ـ زىننەت تاقىۋالغان ئاياللار بار ئىدى. بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باي ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولسىمۇ، بۇقەدەر كۆپ مېلىنىڭ بارلىقىنى ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. يەھۇدىيلار ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ماڭغان بىلەن، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تېخىمۇ مۇنبەت يەرلەرگە ماكانلىشىدىغانلىقنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە، داقا ـ دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەيبەرگە ماكانلاشتى. يەنە بىر قىسمى شىمالغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ۋە شامنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرگە كېلىپ چۈشتى. ۋەھيىدە بىلدۈرۈلگەن ئەمرگە ئاساسەن، يەھۇدىيلاردىن غەنىمەت ئېلىنغان تۇپراق ۋە ماللار ساھابىلەرگە تارقىتىلىپ بېرىلمىدى، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىم ـ يېسىر ۋە يوقسۇل ـ غېرىبلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆزى ئېلىپ قالدى. ﴿(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر﴾[1].

ئەنسارلاردىن پەقەت ئىككى كىشىگىلا ناھايىتى يوقسۇل بولغانلىقى ئۈچۈن يەر بۆلۈپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇپراقنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇھاجىرلارغا بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق، ھەم مۇھاجىرلارنى مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇردى ھەم ئەنسارلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى.

[1] ھەشر سۈرىسى، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

# ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

## (58)

مىلادى **626** ــ يىلىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا، فاتىمە يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام «ھەسەن» ئىسمىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا فاتىمەنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا «كىچىك ھەسەن» مەنىسىدىكى «ھۈسەين» ئىسمى قويۇلدى. دەل شۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ «مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ تونۇلغان يېڭى ئايالى زەينەب كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇلار ئۆيلەنگىلى سەككىز ئاي بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەينەبنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى بەقى مازارلىقىدىكى قىزى رۇقىيەنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇھۇد غازىتىدا يارىلانغان جىيەنى ئەبۇسەلەمە ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ يېنىدا بولۇپ، جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ قويغانىدى.

ئەبۇسەلەمە بىلەن ئۇممۇ سەلەمە بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ئامراق بىر جۈپ ئىدى. ئۇممۇ سەلەمە ئېرىگە: «ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۆلۈپ كەتسەك، يەنە بىرىمىز باشقىسىغا ئۆيلەنمەيلى» دېگەن تەكلىپنى بەردى. لېكىن ئەبۇسەلەمە: «ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، سەن چوقۇم باشقا بىرىگە ياتلىق بولغىن» دېگەندىن كېيىن، مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «پەرۋەردىگارىم! مەندىن كېيىن ئۇممۇ سەلەمەگە مەندىنمۇ ياخشىراق ۋە ئۇنىڭغا دەرت ـ ئەلەم قىلمايدىغان بىرىنى ئاتا قىلغىن!» ئەبۇسەلەمەنىڭ ۋاپاتىدىن تۆت ئاي كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇممۇ سەلەمەگە ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇممۇ سەلەمە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا لايىق بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى: «مېنىڭ يېشىم چوڭىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېتىم قالغان باللىرىم بار. ئۇندىن باشقا، مېنىڭ ھەسەتخور خۇيۇم بار. ئى رەسۇلۇللاھ! ھەم سىنىڭ تۆت خوتۇنۇڭ بارغۇ؟!» پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «ياشنى ئېلىپ ئېيتساق، مېنىڭ يېشىم سېنىڭكىگە قارىغاندا خېلى چوڭ. ھەسەتخور خۇيۇڭغا كەلسەك، مەن ئاللاھنىڭ بۇ خۇيۇڭنى ئۆزگەرتىۋېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. باللىرىڭغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى كۆز ـ قۇلاق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. توي مۇراسىمىدىن كېيىن، ئۇممۇ سەلەمە زەينەب ئۈچۈن سېلىنغان ھۇجرىغا كۆچۈپ كىردى.

ئۇممۇ سەلەمە: «يېشىم چوڭىيىپ قالدى» دېگەن بولسىمۇ، تېخى يىگىرمە توققۇز ياشلىق ياش جۇۋان بولۇپ، ئەبۇسەلەمە بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ۋاقتىدا ئاران ئون سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقىغا كەلسەك، ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئېلىنىدىغان سىناقتىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەندىشە پەقەت ئۇنىڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئائىشەدىمۇ بار ئىدى. ئائىشە ھەفسە ۋە زەينەب بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ قالغانىدى. لېكىن، ھازىر يېشى خېلى چوڭىيىپ قالغاچقا (ئون تۆت ياشتا)، ئەھۋال باشقىچە



www.munber.org

ئىدى. ئائىشە ئۇممۇ سەلەمەنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇراتتى. فاتىمەنىڭ تويىنىڭ تەييارلىقىنىمۇ ئىككىسى بىللە قىلغانىدى. شۇڭا ئائىشە ھېچقاچان ئۇممۇ سەلەمەنى ئۆزىنىڭ رەقىبى دەپ قارىمايتتى. لېكىن، بۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭى تويى ۋە كېلىنىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر مەدىنىنى بىر ئالغانىدى. ئائىشە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى ۋە ئۇنى يېقىندىن كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يېنىغا باردىم. ئۇ باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ئىدى. بېرىپ ھەفسەگە ئېيتتۇدىم، ھەفسە: "ياق، سېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇڭ ئۇنى ساڭا شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىپ قويغان گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇنچىۋالا چىرايلىق ئەمەس" دېدى. ئاندىن ئۇممۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كەتتى. قايتىپ كېلىپ: "مەن ئۇنى كۆردۈم. ھەرقانچە چىرايلىق دېگەن بىلەن، يەنىلا ساڭا يەتمىگۈدەك" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كەلمەكچى بولدۇم. ھەفسەنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلاتتىم.»

ئەبۇسۇفيان بەدرى غازىتى ئاياغلاشقاندا مۇسۇلمانلارغا: «كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا سىلەر بىلەن يەنە ئۇرۇشىمىز» دېگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەنە شۇ ۋەدىلەشكەن كۈن يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەچكە، ئات ـ تۆگىلەر يېگۈدەك ئوت ـ چۆپ ئۈنمىگەنىدى. شۇڭا پۈتۈن يەم ـ خەشەكنى مەككىدىن ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، مەككىدىكى زاپاس يەم ـ خەشەكمۇ تۈگەش ئالدىدا تۇراتتى. «ۋەدىسىدە تۇرمىدى» دېگەن بەدنامغا قېلىشنى خالىمىغان ئەبۇسۇفيان، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ بۇ ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، يەسرىبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر كېلىۋاتاتتى. «مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى ئۇرۇش قىلىش قارارىدىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئويلىغان ئەبۇسۇفيان، سۇھەيل ۋە باشقا قۇرەيش چوڭلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. ھەممىسى بىرلىكتە بىر پىلان تۈزدى. غەتفان قەبىلىسىنىڭ بەنى ئەشجەئ ئايمىقى رەئىسى نۇئەيم سۇھەيلنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇ بۇ كۈنلەردە مەككىدە ئىدى. ئەگەر ئۇنى ئەۋەتسە، ئۇ قۇرەيش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈزۈلگەن پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىناتتى. ئەگەر نۇئەيم مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كەچكۈزەلىسە، ئۇنىڭغا يىگىرمە تۆگە بەرمەكچى بولۇشتى. نۇئەيم ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە مەدىنىگە بېرىپ، يەھۇدىي، مۇناپىق، ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ مەھەللە ـ يۇرتلىرىنى بىرمۇ بىر ئايلىنىپ يۈرۈپ: «ئەي مەدىنە خەلقى! ئەبۇسۇفيان بەدرى جېڭى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ قوشۇن تەشكىللىدى. مېنىڭچە سىلەر قۇرەيشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، مەدىنىدىن سىرتقا چىقماڭلار. چۈنكى، بۇ جەڭدە بىر ئادەمنىڭ ساق قېلىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ» دەپ جار سالدى. مەككىدە قوشۇن تەشكىللەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ دىللىرى يايراپ كەتكەن يەھۇدىي ۋە مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشكەن بەزى مۇسۇلمانلار بەدرىگە بېرىشنىڭ ئاقىلانىلىق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ۋەزىيەتتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن بەدرىگە بارماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر (پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنى) نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەبۇسۇفيانغا بەرگەن سۆزىدە تۇرۇشى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئاللاھ دىنىنى مۇستەھكەملەپ، ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزەم يالغۇز بولساممۇ، بەدرىگە بارىمەن» دېدى.

بۇ، بىر ـ ئىككى جۈملە سۆز نۇئەيمنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى يوققا چىقىرىپ، يىگىرمە تۆگىدىن مەھرۇم قىلدى. ئەمما نۇئەيم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەن بولۇپ، مەدىنىدە ئۆز تەجرىبىسى ۋە تەسىر دائىرىسى ئىچىدە بولمىغان بەزى نەرسىلەرنىڭ قەلبىدە بىخلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. يەنى ئۇنىڭ قەلبىدە ئىمان نۇرىنىڭ تۇنجى ئۈچقۇنلىرى پىلىلداشقا باشلىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەش يۈز تۆگە ۋە ئون ئات بىلەن يولغا چىقتى. كۆپىنچە تۆگىلەردە بەدرى يەرمەنكىسىدە سېتىش ئۈچۈن ئېلىۋېلىنغان ماللار بار ئىدى.

ئەبۇسۇفيان قۇرەيشلەرگە: «بىر ـ ئىككى كۈننى يولدا ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلىمىز. ئەگەر مۇھەممەد مەدىنىدىن چىقمىسا، بىزنىڭ يولغا چىققانلىقىمىزنى ۋە بەدرىدە ھېچكىم بولمىغاچقا قايتىپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ''ۋەدىسىدە تۇرمىدى'' دېگەن بەدنامغا قالىدۇ» دېدى. لېكىن، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى باشلاپ بەدرىگە بېرىپ، يەرمەنكىدە سەككىز كۈنگىچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. يەرمەنكىگە قاتناشقان باشقا يەرلىك ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇپ بەدرىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەبۇسۇفياننىڭ كەلمىگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى پۈتۈن ئەرەبىستان زېمىنىغا يېيىۋەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ نامىنىڭ ئەرەبىستان زېمىنىغا يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى تۇيغان سەفۋان ۋە باشقا قۇرەيش كاتتىلىرى، ئەبۇسۇفياننى بەدرى غازىتىدا قىلغان ۋەدىسى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلىدى. ئەمما بۇ مەغلۇبىيەت، ئۇلارنىڭ يېڭى دىننى ۋە تەرەپدارلىرىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش پىلانلىرىغا توسالغۇ بولالمىدى.

بەدرى سەپىرىدىن كېيىن، بىر ئايغىچە ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى. بىر ئايدىن كېيىن، بەزى غەتفان قەبىلىلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، نەجدكە قاراپ ئاتلاندى. ئەمما دۈشمەن ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەنىدى. بۇ سەپەر داۋامىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ‹سالاتۇخەۋپ›[①] نىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋەھيى نازىل بولدى. بۇ ئايەتلەردە، ئۇرۇش ۋاقتىدا قوشۇننىڭ نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقى، خەۋپلىك پەيتلەردە نېمىلەرنى قىلىش

---

① سالاتۇخەۋپ (خەۋپ نامىزى) ــ مۇسۇلمانلار دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاندا، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، نامازنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوقۇيدۇ. خەۋپ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى شەكلى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋپ نامىزىنى ھەرخىل شەكىلدە ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىر خىل شەكلى ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇدى. ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە ئىككى سەپ قىلىپ تىزدى. ئاندىن ئۆزى بىرىنچى سەپ بىلەن بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىدىكى كىشىلەر يەنە بىر رەكئەتنى ئوقۇپ بولغىچە ئۆرە تۇردى. ئاندىن ئارقىدىكى سەپتىكىلەر ئالدىغا، ئالدىدىكى سەپتىكىلەر ئارقىغا ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن قالغان بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇدى. ئاندىن ئارقا سەپتىكىلەر يەنە بىر رەكئەتنى ئوقۇپ بولغىچە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ تۇردى. ئاندىن سالام بەردى».



www.munber.org

كېرەكلىكى، بىر بۆلۈك ناماز ئوقۇغاندا، يەنە بىر بۆلۈكنىڭ ئۆلارنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندى. (نىسا سۈرىسى، **101**، **102** ـ ئايەتلەرگە قارالسۇن!)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھمۇ بۇ قېتىملىق سەپەرگە ئاتلانغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، كېيىنكى يىللىرى ئۇ بۇ سەپەرنىڭ چۈشكۈن قىلىنغان يەرلىرىدىن بىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇراتتۇق. ساھابىلەردىن بىرى قۇشتىن بىرنى تۇتۇۋالغانىدى. دەل شۇ چاغدا، قۇشنىڭ ئانىسى ئۆزىنى ئۇ ساھابىنىڭ قولىغا ئاتتى. ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ھەيران قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ قۇشقا ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئۇنىڭ باچكىسىنى تۇتۇۋالغاچقا، ئۇ ئۆزىنى سىلەرگە ئۇرۇۋاتىدۇ. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بۇ قۇش باچكىسىغا كۆرسەتكەن مەرھەمەتتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەرھەمەتلىكتۇر" دېگەندىن كېيىن، ئۇ ساھابىنىڭ قۇش باچكىسىنى تۇتۇۋالغان يېرىگە ئاپىرىپ قويۇۋېتىشىنى بۇيرىدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى يۈز بولۇپ، بىرىنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە بارلىق ھايۋاناتلارغا چۈشۈرگەن. شۇڭا، مەۋجۇداتلار بىر ـ بىرىگە مەرھەمەت قىلىشىدۇ، ۋەھشىي ھايۋانلارمۇ ئۆز نەسلىگە مېھىر ـ شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىدۇ. قالغان توقسان توققۇز رەھمىتى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، تاڭلا مەھشەر كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىدۇ.»

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە بىر قانچە كۈرۈپپىغا بۆلۈنۈپ قايتقانىدى. بەزى گۇرۇپپىلار ئالدىدا، بەزىلىرى كەينىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، بىر نەچچە ساھابە بىلەن ئوتتۇرىدىراق كېتىۋاتاتتى. جابىرنىڭ تۆگىسى بەكمۇ قېرىپ كەتكەچكە، ئالدىنقى قاتاردىن چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي جابىر! نېمانداق ئاستا ماڭدىڭ؟» دەپ سورىدى. جابىر: «تۆگەمنىڭ مېڭىشى مۇشۇنچىلىك» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگەڭنى چۆكتۈرگىن!» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ تۆگىسىنىمۇ چۆكتۈردى. ئاندىن: «شۇ كالتەكنى ماڭا بەرگىن!» دېدى. جابىر كالتەكنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنى كالتەك بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن: «ئەمدى تۆگەڭگە مىن!» دېدى. ھەممەيلەن تۆگىسىگە مىنىپ، يولنى داۋاملاشتۇردى. «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، تۆگەم رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى» دەيدۇ جابىر.

جابىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «يولدا رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلىۋاتاتتۇق. رەسۇلۇللاھ ماڭا: "تۆگەڭنى ماڭا ساتامسەن؟" دەپ سورىدى. مەن: "ساڭا ھەدىيە قىلىۋېتەي" دېدىم. "ياق! ماڭا سېتىپ بەرگىن!" دېدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگەمنى راستىنلا ئېلىش نىيىتى بارلىقىنى پەملەپ: "ئۇنداقتا، باھا قويۇپ بەرگىن!" دېدىم. رەسۇلۇللاھ: "بىر دەرھەم بېرەي!" دېدى. مەن: "بەكمۇ ئاز بولۇپ قالدى" دېدىم. رەسۇلۇللاھ: "ئۇنداقتا، ئىككى دەرھەم بولسۇن" دېدى. مەن يەنە: "ياق!" دېدىم. رەسۇلۇللاھ باھانى قىرىق دەرھەمگىچە چىقاردى. مەن بۇ باھاغا رازى بولدۇم. رەسۇلۇللاھ مەندىن: "سەن ئۆيلەندىڭمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "ھەئە، ئۆيلەندىم" دېدىم. رەسۇلۇللاھ: "قىز بىلەنمۇ ياكى چوكان بىلەنمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن:

www.munber.org

”چوكـان بىلـەن“ دەپ جـاۋاب بـەردىم. رەسـۇلۇللاھ: ”نېمىشـقا قىزغـا ئۆيلەنمـىدىڭ؟ تۇرمۇشـۇڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى ئەمەسمۇ؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”ئى رەسۇلۇللاھ! دادامنىڭ يەتتە قىز قېرىندىشىمنى ماڭا ئامەنەت قىلىپ قويۇپ، ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغانلىقنى بىلىسەن. شۇڭا، قىز قېرىنداشلىرىمغا قارىيالايدىغان، ئۇلارنىڭ ئۈستى ـ بېشىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزەلەيدىغان بىرىگە ئۆيلەندىم“ دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ توغرا قىلغانلىقىمنى ئېيتتى. ئاندىن ماڭا مەدىنىگە ئۈچ مىل يىراقلىقتىكى شىرارغا يېتىپ بارغاندا، تۆگىلەرنى قۇربانلىق قىلىدىغانلىقنى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرۇپ قالىدىغانلىقنى، ئايالىمنىڭ بىزنىڭ مەدىنىگە قايتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، سېلىنچىلارنى قېقىشقا باشلايدىغانلىقنى ئېيتتى. مەن: ”ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بىرمۇ سېلىنچىمىز يوق“ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ”ئۇمۇ بولۇپ قالار. سەن ئۆيگە قايتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭنى قىلغىن!“ دېدى.

قايتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە، تۆگەمنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تۆگىنى ئۇ يەرگە چۆكتۈرۈپ قويۇپ، مەسجىدتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشۇمنى ئېيتتى. مەن ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەززىن بىلالنىڭ ماڭا قىرىق دەرھەمگە توغرا كەلگۈدەك ئالتۇن تارتىپ بېرىشىنى تاپىلىدى. بىلال ئالتۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدىن ئاشۇرۇپراق تارتىپ بەردى. مەن ئالتۇننى ئېلىپ، قايتماقچى بولۇپ تۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يېنىغا چاقىردى ۋە: ”تۆگەڭنى ئېلىپ كەتكىن! ئۇ سېنىڭ مېلىڭدۇر. تۆگە ئۈچۈن بېرىلگەن ئالتۇنمۇ سېنىڭ بولسۇن!“ دېدى.»

شۇ يىلى، سەلمان فارىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم ۋە مەسلىھەت سوراپ ھوزۇرىغا كەلدى. سەلماننىڭ خوجايىنى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىلىك بىر يەھۇدىي بولۇپ، ئۇنى مەدىنىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېكىنزارلىقىدا بەكمۇ ئېغىر ئەمگەككە سالغاچقا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ بەدرى، ئۇھۇد ۋە باشقا چوڭ ـ كىچىك غازاتلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قاتنىشالمىغانىدى. ”بۇ كۈنلەردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟“ دېگەن خىيالدا يۈرگەن سەلمان، خوجايىنىدىن: «ساڭا قانچە پۇل بەرسەم، مېنى ئازاد قىلىۋېتىسەن؟» دەپ سورىدى. خوجايىنى ئۇنىڭغا: «بىر مىڭ ئالتە يۈز دەرھەمگە تەڭ ئالتۇن بەرگەندىن سىرت، ئۈچ يۈز تۈپ خورما دەرىخى تىكىپ بەرسەڭ، سېنى ئازاد قىلىۋېتىمەن» دېدى. سەلماننىڭ بۇنى تۆلىيەلىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، پۇرسەت تېپىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن خوجايىنىڭ بىلەن (ئۇنىڭغا ئالتۇن ۋە خورما دەرەخلىرىنى بەرسەڭ، سېنى ئازاد قىلىۋېتىدىغانلىقىغا دائىر) توختامنامە تۈزگىن!» دېدى. ئاندىن ساھابىلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ، خورما دەرەخلىرى ئۈچۈن سەلمانغا ياردەم قىلىشقا چاقىردى. ساھابىلەردىن بىرى يىگىرمە، يەنە بىرى ئوتتۇز تۈپ، يەنە بىرى... بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۈچ يۈز تۈپ خورما كۆچىتى تەييار بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلمانغا: «سەن بېرىپ، ئورەكلەرنى كولىغىن. ئاندىن ماڭا خەۋەر قىل. مەن خورما كۆچەتلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكىمەن»

www.munber.org

دېدى. ساھابىلەردىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭغا ئورەك كولىشىپ بەردى. ئۈچ يۈز تۈپ كۆچەتنىڭ ھەممىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تىكتى. كۆچەتلەر تېزلا ياشىرىپ، غولداشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆلەمنىڭ قالغىنىنى (يەنى ئالتۇننى) ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەدەن ئوچاقلىرىدىن بىرى ئۆزىگە سوۋغا قىلغان قۇش تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى ئالتۇننى سەلمانغا بەردى. بۇنچىلىك ئالتۇننىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سەلمان: «بۇ، مەن تۆلەشكە تېگىشلىك ئالتۇننىڭ قانچىلىكى كېلەر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇننى ئاغزىغا سېلىپ، تىلىنىڭ ئاستىدا ئۆرۈپ ـ چۆرىگەندىن كېيىن چىقىرىپ، سەلمانغا ئۇزاتتى ۋە: «بۇنى ئال! سەن تۆلەشكە تېگىشلىكنىڭ ھەممىسى مۇشۇنچىلىك» دېدى. سەلمان بىر مىڭ ئالتە يۈز دەرھەم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بۇ ئالتۇننى بېرىپ، ئازادلىققا چىقتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، سۈرىيە چېگرىسىدىكى دۇمەتۇل جەندەلگە يۈرۈش قىلدى. چۈنكى، بەنى قەلب قەبىلىسىدىن بىر توپ قاراقچىنىڭ مەدىنىگە كېتىۋاتقان كارۋانلارنىڭ ئۇن، ياغ ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالغانىدى. ئۇنىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ قۇرەيشلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئەگەر بىر كۈنى قۇرەيشلەر مەدىنىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاپ قالسا، ئۇلار شىمال تەرەپتىن ياردەم بېرىشتىن يانمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى مۇشۇنداق بىر كۈن ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار ھالەتتە ئىدى. گەرچە قېتىملىق يۈرۈشنىڭ مەقسىتى قاراقچىلارنى يوقىتىش بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىمالدىكى بەزى قەبىلىلەرگە يېڭى دىنىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش سەۋەبىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، مەدىنىدە ئىچكى قالايمىقانچىلىق توختىماي يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، مەدىنە ھەر دائىم ئەتراپتىكى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. مانا ئەمدى بولسا، ئۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ ئورنىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان ۋە كەڭ تارقالغان يېڭى دىنىنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى ۋە مۇنتىزىم كۈچى ئالغانىدى. بۇ مۇنتىزىم كۈچنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق تەرىپى شۇكى، ئۇلار ھۇجۇمنى ئۆزلىرىنىڭ مۇداپىئە قورالى دەپ بىلەتتى. شۇڭا، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر بۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلىشى لازىم ئىدى.

بۇ پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئىسلام جامائىتىنى يېقىندىن كۆزەتكەن بىرى بۇ كۈچنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى، بۇ كۈچ مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىغان بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئەقىدىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

---

[1] ئەنفال سۈرىسى، 63 ـ ئايەت.



www.munber.org

بۇ بىرلىكنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ جەزىبىسىنى شۇ قەدەر ئۈستۈن قىلغانىدىكى، ياخشى نىيەتلىك ھېچبىر ئىنسان ئۇنى ئىنكار قىلالمايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنى ئۆز ئاتا ـ ئانا، پەرزەنت ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭلاردىنمۇ چارە كۆرمىگىچە، ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر» دېگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ، بۇرۇندىن تارتىپ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەن ئىبارىلەر بۇ ئىماننىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى ھەم تەستىقى ھېسابلىناتتى.

تىنچلىق كۈنلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئارام ئېلىش كۈنلىرى دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر كۈننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىبادەتكە، يەنە ئۈچتىن بىرىنى ئىشقا، قالغان ئۈچتىن بىرىنى ئائىلىسىگە ئايرىيتتى. ئائىلىسىگە ئايرىلغان ئۈچتىن بىر ۋاقتىنىڭ ئىچىدە ئۇيقۇ ۋە تائاممۇ بار ئىدى. ئىبادەتكە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ھاللاردا كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بامدات ۋە نامازشامدىن كېيىن، نەفلە نامىزى ئوقۇيتتى. ئۇندىن باشقا، ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن قۇرئان ئوقۇيتتى، ساھابىلىرىگە دۇئالارنى ئۆگىتەتتى. تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش، ناماز پەرز قىلىنغان دەسلەپكى كۈنلەردىن ئېتىبارەن باشلانغانىدى. لېكىن، بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر ‹تاللانغان كىشىلەر› بولۇپ، مەدىنىدە ئەنە شۇنداق بىر تۈركۈم ‹تاللانغان مۇئمىنلەر› بار ئىدى. لېكىن، ئىسلامنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ مۇئمىنلەرنىڭ سانى ئازىيىشقا باشلىدى. كېيىنچە، تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەرزلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى بايان قىلىنغان بىر ئايەتتە، بۇ كىشىلەر: ﴿سەن بىلەن بىرگە بولغانلار﴾ دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەردىن بىر تۈپ ئادەمنىڭ تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقىنى) ئاللاھ ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغىنىنى ئوقۇڭلار.﴾[1]

لېكىن، ساھابىلەر تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كېچىنىڭ ئەڭ خەيىرلىك ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھەر كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە، ئاللاھ ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماندا تەجەللى قىلىدۇ ۋە: ”مەندىن بىر نەرسە تىلەيدىغانلار يوقمۇ؟ مەن ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىمەن“ دەيدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ مۇئمىنلەر تەسۋىرلەنگەن ئايەتلەرمۇ نازىل بولغانىدى:

[1] مۇزەممىل سۈرىسى، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھ نىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.﴾[1]

ئائىلىگە ۋاقىت ئايرىشقا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خاس ھۇجرىسى يوق بولۇپ، ھەر كېچىسى نۆۋىتى كەلگەن ئايالىنىڭ يېنىدا بولاتتى ۋە ئۇ ھۇجرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىگىرمە تۆت سائەتلىك ھۇجرىسى ھېسابلىناتتى. كۈندۈزلىرى قىزلىرى ياكى ھاممىسى سەفىييە ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يوقلاپ باراتتى. فاتىمە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىككى ئوغلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلەتتى. ھەسەن بىر يېرىم ياشقا كىرگەن، ھۇسەين بولسا، سەككىز ئايلىق بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بولۇپمۇ، ئانىسى زەينەبنىڭ قېشىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدىغان نەۋرىسى ئۇمامەنى بەك ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر نەچچە قېتىم مەسجىدكە ئېلىپ كىرگەنىدى. نامازنىڭ قىيامىدا ئۇنى ئۆشنىسىگە مىندۈرۈۋالاتتى، رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. سەجدىدىن تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۆشنىسىگە مىندۈرۈپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد بىلەن ئۇممۇ ئەيمەننىڭ ئوغلى ئۇسامەگىمۇ ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئىتائەتكار ساھابىلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇسامە ھەر كۈنى مەسجىد ئىچىدىكى ھۇجرىلاردا ياكى ئىشىك ئالدىدا ئوينايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى يوقلاپ كېلەتتى (مەككىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى). ئۇلار ئاساسەن ئائىلە مەسىلىلىرى ۋە ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۆلەت ئىشلىرىدا قېيىنئاتىسى ئەبۇبەكرى ۋە ئوغلى زەيدتىن، ساھابىلەردىن ئەلى ۋە ئوسماندىن مەسلىھەت ئالاتتى. لېكىن، ئىشنىڭ تولىلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىنى يېتىشتۈرەلمەي قالاتتى. چۈنكى، ھېچكىم مەدىنىدە يۈز بەرگەن بىر مەسىلىنى ئۇنىڭدەك ھەل قىلالمايتتى ياكى بىرەر ئۇقۇشماسلىقنى تۈزەپ بولالمايتتى. ھەتتا، بەزىدە ئېھتىياجى چۈشكەن غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پات ـ پات زىددىيەت ـ توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەسىلەن، بىر كۈنى، ئەنسارلاردىن بىرى بىر يەھۇدىينىڭ ئىچكەن قەسىمىگە غەزەپلىنىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ھايات تۇرسا، سەن نېمە دەپ: ‹مۇسانى ئالەملەرنىڭ خوجايىنى قىلىپ ياراتقان ئىگەمگە قەسەم قىلىمەن› دەيسەن؟» دېگەنىدى. يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ئەنسارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارنى ئازارلىدى. قۇرئاندا، مۇسا ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: ﴿ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەققەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە

[1] سەجدە سۈرىسى، 16 - ۋە 17 - ئايەتلەر.



www.munber.org

تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.»﴾[1] ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللاپ، (ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى.﴾[2] ئەنسارنىڭ ئەسلى مەقستىنى چۈشەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مېنى مۇسادىن ئۈستۈن كۆرمىگىن!» دېدى. ئاندىن يەنە بىر خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ساھابىلىرىگە: «ئاراڭلاردا ھېچكىم مېنى يۇنۇستىنمۇ ئۈستۈن دەپ قارىمىسۇن!» دېدى. ئۇنىڭسىزمۇ، ۋەھيىدە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقان چاغدىكى سۆزلىرى مۇنداق بايان قىلىنغاندى: ﴿(ئۇلار): «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ.﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم ئىچكى جەھەتتە تەرتىپ - ئىنتىزامنى ساقلاش ھەم تاشقى جەھەتتە ئەرەبىستان ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى قەبىلە - ئايماقلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن سىرت، مۇئمىنلەرنىڭ شەخسىي مەسىلىلىرىگىمۇ ياردەم قولىنى سۇنمىسا بولمايتتى. بۇ شەخسىي مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى سەلمانىنىڭكىدەك پۇتۇنلەي ماددىي مەسىلە بولسا، يەنە بەزىلىرى تەمىم قەبىلىسىلىك ھەنزەلەنىڭكىدەك پۇتۇنلەي مەنىۋىي مەسىلىلەر ئىدى. ھەنزەلە ئاۋۋال مەسىلىنى ئەبۇبەكرىگە ئېغىز ئېچىۋىدى، ئەبۇبەكرى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ سالاھىيەتلىك بىرىنىڭ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەنزەلەدىن نېمە دەردى بارلىقىنى سورىدى. ھەنزەلە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ھەنزەلە ئىككى يۈزلىمچى ئادەمدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سورىدى. ھەنزەلە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزگە جەننەت ۋە جەھەننەم توغرۇلۇق سۆز قىلىپ بەرگىنىڭدە، بىز خۇددى ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك زەۋق سېلىپ ئاڭلايمىز. ئەمما سېنىڭ يېنىڭدىن ئايرىلىپ، بالا - چاقا، مال - بايلىقلىرىمىزنى كۆرسەكلا، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئۇنتۇپلا كېتىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابىدا بۇ غايىۋىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۆرستىلگەن تىرىشچانلىقنىڭ كۈندىلىك ھاياتى پائالىيەتنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالاغا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان ياكى ئاللاھنى زىكىر قىلغان ھالىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرالىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەر سىلەرگە سالام بېرەتتى ۋە سىلەرنى يوقلاپ ئۆيۈڭلارغا كىرىپ تۇراتتى.»

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئايىغى تۈگىمەيدىغان ئېھتىياج ۋە ئارزۇ - ئىستەكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىنى ئىگەللەيتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بىر جەھەتتىن قوغدىنىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ قوغدىنىش پىكرى، باشقىلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خاس، ئالاھىدە مەۋقەسىنى ئەسلىتىدىغان بىر

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 144 – ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 33 - ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى، 285 - ئايەت.



www.munber.org

ۋەقە ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىركۈنى بىر مەسىلە توغرۇلۇق زەيدنىڭ ئۆيىگە باردى. زەيد ئۆيدە يوق بولۇپ، ئىشىكنى زەينەب ئاچتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئىككىسى دەرقەمدە تۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى. بۇ قاراش ھەر ئىككى جىيەننىڭ يۈرىكىگە بالىلىق دەۋرىدىلا چۈشكەن رىشىك ئوتىنى ئۇلغايتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ زەينەبنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە زەينەبنىڭ بۈنىڭدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ۋە زەينەبنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ قايتىپ كەتتى. زەينەب ئۇنىڭ قايتىپ كېتىۋېتىپ ئوقۇغان دۇئاسىنى ئاڭلاپ قالدى: «ئاللاھ تائالاغا ھەمدى بولسۇن! ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىنى ياراتقان ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان ئاللاھقا ھەمدى بولسۇن!» زەيد قايتىپ كەلگەندە، زەينەب ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە ئوقۇغان دۇئاسىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان زەيد دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى ۋە: «مېنى ئىزدەپ ئۆيگە بارغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. سەن ماڭا ئۆز ئاتا ـ ئانامدىنمۇ يېقىن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۆيگە كىرمەي قايتىپ كەتتىڭ؟ ياكى بولمىسا، زەينەبكە كۆزۈڭ چۈشتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتەي»[①] دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھتىن قورققىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم: «مۇباھ ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالا ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ئىش ئاجرىشىشتۇر» دېگەنىدى. زەيد ئەتىسى يەنە كەلدى ۋە ئوخشاش گەپلەرنى قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئوخشاش سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى. لېكىن، زەيد بىلەن زەينەبنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز تۇرمۇش بولۇپ، زەيد بۇ خىل تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ كەتكەچكە، زەينەب بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، زەينەپ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھى چۈشمەيتتى. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئاياللىرىغا ئۆيلىنىشى چەكلەنگەنىدى. ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسى بىلەن بېقىۋالغان بالىسنى ئايرىماسلىق، ئەرەبلەردە ئۈزۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەردىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆيلىنىش شەرتىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى، چۈنكى، شۇ ئان ئەمرىدە تۆت ئايالى بولۇپ، بۇ، ئىسلام دىنى يول قويغان ئەڭ ئاخىرقى چەك ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللام ئاياللىرىدىن بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدا ۋەھيى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن: «كىم بېرىپ زەينەبكە خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ؟ ئاللاھ ئۇنى ماڭا ئاسماندا ياتلىق قىلدى» دېدى. سەفىييەنىڭ خىزمەتچىسى سەلما دەرھال زەينەبنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. بۇ

---

[①] بۇ رىۋايەت ئەقىلغە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنى كىچىك چېغىدىن تارتىپ تونۇغاچقا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زەينەب بەك خالىمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى زەيدكە ياتلىق بولۇشقا زورلىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. بۇ ۋەقە، بىزگە ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى خالىغان بىر ئايالغا ئۆيلىنەلەيدىغان فېئودال بەگلەرنى ئەسلەتمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئوغلى ئۆياقتا تۇرسۇن، باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ، ھەتتا بىر كاپىرنىڭ ئايالىغىمۇ كۆز تىكىپ قارىمايتتى. گەرچە ئۇمۇ بىر ئىنساندۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. (تەرجىماندىن)



www.munber.org

خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان زەينەب، ئاللاھقا ھەمدى ئېيتتى ۋە كەئبە تەرەپكە قاراپ سەجدە قىلدى. ئاندىن بىلەيزۈك، مارجان ۋە باشقا زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى سەلماغا سۆيۈنچە ئورنىدا بەردى.

زەينەب قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، جەزىبىسىنى تېخى يوقاتمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ بەكمۇ تەقۋا ئايال بولۇپ، كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، نەفلە روزا تۇتاتتى ۋە مىسكىنلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ كۆنچىلىك ھۈنىرى بار ئىدى. تېرىدىن ئاياق ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىكىپ، ساتقان پۇلىنى يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلاتتى. زەينەبنىڭ ئاۋۋال باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، ۋەھيىدە نىكاھىنىڭ چۈشىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى: ﴿زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق.﴾[1]

پەقەت كېلىن كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلسىلا بولاتتى، كۆپ ئۆتمەي، زەينەب مەسجىد ھويلىسىدىكى ھۇجرىلاردىن بىرىگە كۆچۈپ كىردى.

ئايەتلەردە، بۇندىن كېيىن بېقىۋېلىنغان باللارنىڭ ئۆز دادىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىشى تەكىتلەندى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئوتتۇز بەش يىلدىن بۇيان زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىلىپ كېلىۋاتقان زەيد، زەيد ئىبنى ھارىسە دەپ چاقىرىلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ، بىرى ئاتمىش، يەنە بىر ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن زەيدنىڭ) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئاتا ـ باللىق مۇناسىۋەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە سەمىمىيەتكە ھېچقانداق تەسىر يەتمىگەنىدى. يەنى بۇ پەقەت ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىنلا ئىبارەت ـ خالاس! بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر.﴾[2]

قالغان ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرگە بىر ـ بىرىگە خىتاب قىلغاندەك خىتاب قىلالمايتتى. ئاللاھ تائالا يولغا قويغان تۆتتىن ئارتۇق ئايالغا ئۆيلىنىش رۇخسىتى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغىلا خاس بولۇپ، باشقىلار تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئالالمايتتى. ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ‹مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى› دېگەن نام بېرىلگەندىن سىرت، ئۇلار شۇنداق بىر يۇقىرى مەۋقەگە چىقىرىلدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن كېيىن، ھېچكىم ئۇلارنى ئۆز ئەمرىگە ئالالمايتتى. مۇئمىنلەردىن بىرى ئۇلاردىن بىرەر نەرسە سورىغان ۋاقىتتا، پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ سورىشى كېرەك ئىدى. ئۇندىن باشقا، ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەھزاب سۈرىسى، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

﴿ئى مۆئمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىششىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار ـ يەۋ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، ئاللاھ ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ.﴾[1]

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا مۇمكىنقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بەزى چەكلىمىلەرنى قويۇشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ھەم ھېچكىم ئۇلارنى نېرى تۇر دېمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇنىڭغا شۇنداق دىققەت قىلىپ قارايتتىكى، قارشىسىدا تۇرغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلارغا كۆرسەتمىگەن ئىلتىپاتنى ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، قارشى تەرەپ قويۇپ بەرمىگىچە، قويۇپ بەرمەيتتى. قۇرئاندا ئۇنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى قوغداش بىلەن بىرگە، يېڭى بىر ئامىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئايەتلەر نازىل بولدى. بۇ ئارقىلىق، ساھابىلەر ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى، ئۇ يوق ۋاقىتلاردىمۇ ئىپادىلىيەلەيدىغان بولدى.

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)﴾[2]

كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «بىر پەرىشتە كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى: ”ساڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتقان كىشىگە ئاللاھ ئون قېتىم دۇرۇد ئېيتىدۇ“».

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 53 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەھزاب سۈرىسى، 56 - ئايەت.



www.munber.org

## خەندەك

**(59)**

يۇرت - ماكانلىرىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، خەيبەرگە ماكانلاشقان بەنى نەزىر قەبىلىسى يەھۇدىيلىرى مۇسۇلمانلارغا تارتقۇزۇپ قويغان زىيىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا يۈرەتتى ۋە ئۇمىدلىرىنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئۈستىگە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ چوڭ ھۇجۇمغا باغلايتتى. ھۇيەي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇھ قۇرەيشلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرەيشلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇرەيش قەبىلىسى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە مىلادى **627** - يىلى (ھىجرەتنىڭ بەشىنچى يىلى) نىڭ باشلىرىدا ھۇجۇم باشلاشقا قارار قىلدى. ئەبۇسۇفيان، سەفۋان ۋە باشقا قۇرەيش چوڭلىرى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىكتە كەئبىگە كىردى ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) كە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگىچە بىر - بىرىنى تەرك ئەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى. قۇرەيشلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەھۇدىيلاردىن يېڭى دىن ھەققىدە بەزى سوئاللارنى سورىدى. ئەبۇسۇفيان: «ئەي يەھۇدىيلار! سىلەر تۇنجى مۇقەددەس كىتاب ئەۋەتىلگەن خەلق سىلەر. شۇڭا سىلەر كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسىلەر. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نىڭ دىنى ئۇلۇغمۇ ياكى بىزنىڭ دىنىمىزمۇ؟» دەپ سورىدى. يەھۇدىيلار قىلچە تەپ تارتمايلا: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۇنىڭكىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە راستچىل دىندۇر» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئاندىن ھەرقايسى قەبىلىگە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر تەقسىم قىلىندى. يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بارلىق بەنى نەجد قەبىلىلىرىنى مەدىنە ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەگەر ئۇلارنى قوزغىتالمىسا، ئىشنى پارىخورلۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۇلارنىڭ پىلانىنىڭ ئىچىدە ئىدى. بەنى ئەسەد قەبىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بەنى غەتفان قەبىلىسىگە كەلسەك، يەھۇدىيلار ئۇلارغا خەيبەردىن چىقىدىغان خورما مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بەنى غەتفان قەبىلىسىنىڭ فەزارە، مۇررە ۋە بەنى ئەشجە ئايماقلىرىدىن جەمئى ئىككى مىڭ ئەسكەر چىقىرىلدى. بەنى سۇلەيم قەبىلىسىمۇ يەتتە يۈز كىشىلىك قوشۇنى بىلەن يەھۇدىيلارغا قېتىلماقچى بولدى. بەنى سۇلەيمدىن تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر چىقىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن مەئۇنە قۇدۇقى بېشىدا يۈز بەرگەن قەتلىئام ۋەقەسىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، چوڭ بىر گۇرۇھ ھالىغا كەلگەنىدى. سۇلەيمنىڭ جەنۇبىدىكى قوشنىسى بەنى ئەمر قەبىلىسى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن پۈتۈشكەن ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

www.munber.org

قۇرەيش ۋە ئىتتىپاقداشلىرىدىن جەمئى تۆت مىڭ ئەسكەر يىغىلدى. ئۇندىن باشقا، جەنۇبتىن كېلىدىغان بىر نەچچە گۇرۇھ ياردەمچى قوشۇنمۇ بار ئىدى. قوشۇن مەككىدىن چىقىپ ساھىل يولى ئارقىلىق مەدىنىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇھۇد كۈنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانىدى. ئاز ساندىكى يەنە بىر قىسىم قوشۇن مەدىنىنىڭ شەرقىدىن، يەنى نەجد تۈزلەڭلىكىدىن يېقىنلاشماقچى بولدى. ئۇلارنىمۇ قوشقاندا، مۇشرىكلەرنىڭ ئەسكەر سانى ئۇھۇد كۈنىدىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. ئۇھۇد كۈنى مۇسۇلمانلار ئۈچ مىڭ كىشىگە يېڭىلگەنىدى. مانا ئەمدى، ئون مىڭ كىشىگە قانداق قارشى تۇرار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قېتىم قۇرەيش قوشۇنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەر سانى ئۈچ يۈز (ئۇھۇدتا ئىككى يۈز) ئىدى. غەتفان قەبىلىسىمۇ شۇنچىلىك كۈچ بىلەن قېتىلىشى مۇمكىن ئىدى.

مۇشرىكلەر مەككىدىن ئۆزلىرى پىلانلىغان كۈنى يولغا چىقتى. شۇ كۈنى، ئابباس مۇشرىكلەرنىڭ مەككىدىن يولغا چىققانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ سان - كۈچى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇمات يەتكۈزۈش ئۈچۈن خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ ئادەمنى مەدىنىگە ئەۋەتتى. خەۋەرچىلەر ئاتقا مىنگەن بولۇپ، مەدىنىگە تۆت كۈندە ئاران يېتىپ بارالىدى. مۇشرىكلەرنىڭ مەدىنىگە كېلىشىگە يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت قالغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەرنى دەرھال پۈتۈن مەدىنىگە يايدى ۋە مۇئمىنلەرگە: «ئەگەر سەۋر - تاقەتلىك بولۇپ، بېرىلگەن ئەمرلەرگە بويسۇنساڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقساڭلار، زەپەر سىلەرنىڭ بولىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇھۇد غازىتىدىكىگە ئوخشاش، ساھابىلىرىنى مەسلىھەت مەجلىسىگە چاقىردى. قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى مۇداپىئەلەنگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل كۆز - قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، سەلمان فارىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىراندىكى ۋاقتىلىرىمدا، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئەتراپىمىزغا خەندەك (ئازگال) كولايتتۇق. ھازىرمۇ شۇنداق قىلايلى!» دېدى. ئۇھۇدتىكى تاكتىكىنى تەكرارلاشنى خالىمىغان ساھابىلەر سەلماننىڭ پىكرىنى بىردەك ماقۇللىدى.

ۋاقىت قىس بولغاچقا، قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى. شەھەرنىڭ بەزى يەرلىرىدە قەلئەگە ئوخشاش سېلىنغان ئۆيلەر بار بولغاچقا، ئۇ باشتىن - بۇ باشقا خەندەك كولاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. غەربىي شىمال تەرەپتە، ئۇ يەر - بۇ يەرگە توپلىشىپ قالغان قۇرام تاشلىق يەرلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىلىرى تۇتاشتۇرۇۋېتىلسىلا بولاتتى. ئەمما بۇ قۇرام تاشلارنىڭ ئارىسىدا ‹سەلئى تېغى› دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئالدى تەرىپى بارىگاھ قۇرۇشقا مۇۋاپىق، كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولغاچقا، ‹سەلئى تېغى› نىڭ سىرتىغا خەندەك كولاش كېرەك ئىدى. بۇ خەندەك بىر قىيالىقتىن باشلىنىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي سىپىلىغىچە سوزۇلاتتى ۋە شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالاتتى. بۇ، قېزىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئۇزۇن ھەم ئەڭ مۇھىم خەندەك ئىدى.

سەلمان خەندەك كولاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، مۇسۇلمانلارغا كولىنىدىغان خەندەكنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنىمۇ ئۆلچەپ بەردى. ئۇ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدە بىر نەچچە يىل ئىشلىگەچكە، ئۇلاردا خەندەك كولاشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال - ياراقلارنىڭ ھەممىسى بار

www.munber.org

ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى. قۇرەيشلەر ئۇلار ئۈچۈنمۇ دۈشمەن بولغاچقا، قوللىرىدا بار بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى مۇسۇلمانلارغا بېرىپ تۇرۇشقا رازى بولىدى. گەرچە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامە ‹سىياسى ئەھدىنامە› بولغاچقا، بۇ ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھەممىسى ئۇبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار سۈمبا، ئۇتىغۇچ، گۈرجەك ۋە خورما قۇۋزىقىدىن توقۇلغان سېۋەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلدى ۋە ھەربىر گۇرۇپپىغا ۋەزىپە تەقسىم قىلدى. ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. مۆئمىنلەر ھەركۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئىش يېرىگە كېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتاتتى. بىر كۈنى، سەھەردە خەندەك كولىغىلى كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا مەسجىد ياسالغان ۋاقىتتا توقۇلغان بېيىتنى ئەسلەتتى. بېيىت مۇنداق ئىدى:

(ئى رەببىم!) مەھشەردە كۆرسەتكىن جەننەت يولىنى،
ياردەم قىل، تۇت ئەنسار، مۇھاجىر قولىنى!

بەزىدە بۇ بېيىتنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق ئوقۇيتتى:

(ئى رەببىم!) ئاخىرەتتىن باشقا ھەقىقى ھايات يوق،
سەن بولغاچ ئەنسار، مۇھاجىرنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى توق.

مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن جاپالىق ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر ـ بىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىنى ۋە دۈشمەننىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. بىرەرسى سەللا بوشاڭلىق قىلسا، ھەممىسىنىڭ مەسخىرىسىگە قالاتتى. سەلمان چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە نائىل بولدى. چۈنكى ئۇ ساغلام ۋە قاۋۇل بولۇپلا قالماي، بەنى قۇرەيزەلىكلەرنىڭ ئارىسىدا بىر نەچچە يىل ياشىغانلىقى ئۈچۈن، قېزىش ۋە توپا توشۇش ئىشلىرىغىمۇ بەك چاققان ئىدى. ئۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە: «ئۇ ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ» دېيىشەتتى ۋە ئۆز ـ ئارا چاقچاقلىشاتتى. ئۇ، نەچچە يىلدىن بېرى، كۆپ يەرلەردە مۇساپىرچىلىق تارتىپ يۈرگەچكە، مۇھاجىرلار ئۇنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىپ: «ئۇ بىزنىڭ ئادىمىمىز» دېدى. ئەمما ئەنسارلار ئۇلارغا قارشى چىقىپ: «ياق! ئۇ بىزنىڭ ئادىمىمىز. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئەجرىمىز كۆپ سىڭدى» دېدى. ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئەھلى بەيتنىڭ بىر ئەزاسىدۇر (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرىدۇر)» دېدى.

خەندەكنىڭ يېنىغا دۈشمەنلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن تاش دۆۋىلەپ قويۇلدى. قېزىپ چىقىرىلغان توپا سېۋەتلەر بىلەن يىراقلارغا تۆكۈلەتتى. قايتىشتا سېۋەتلەرگە تاش توشۇپ كېلىپ، خەندەكنىڭ يېنىغا دۆۋىلىنەتتى. تاشلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ‹سەلئى تېغى› دىن چىقاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بېلىگىچە يالىڭاچ بولۇپ، قولىدا سېۋەت يوقلار كۆينەكلىرىنى سېلىپ، توپا ـ تاش توشۇيتتى. خەندەك قېزىشقا ماڭغان تۇنجى كۈنى بىر توپ كىچىك بالا

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ھەممىسى دادا ـ ئاكىلىرىغا ياردەملىشىشكە ماڭغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېشى بەك كىچىكلىرىنى مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتتى، قالغانلىرىنى بولسا، دۈشمەن كەلگەندە دەرھال قايتىپ كېتىش شەرتى بىلەن ئېلىپ قالدى. ئۇھۇدتىن قايتۇرۇۋېتىلگەن ئۇسامە، ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى ئون بەش ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ يەر كولاش ۋە توپا توشۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپلا قالماي، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقىمۇ تەييار ئىدى.

ئەمگەك جاپالىق بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ساپ ۋە مۇلايىملىقى، ئىش ـ ھەرىكىتىدىكى تەبىئىيلىكى ئۇلار كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنى سۆيۈندۈرەتتى. بۇ مەنزىرىدىن ھەممىدىن بەك سۆيۈنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەل ئېيتىشقا باشلىدى، قالغانلار ئۇنىڭغا تەككەش قىلدى:

خەيبەرنىڭ يېشىللىقى گۈزەللىك ئەمەس،
خەندەكنىڭ مەنزىرىسىدەك تەبىئى ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلى مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدا يەر قازسا، ھېلى ئەنسارلارنىڭ بىلەن بىللە توپا توشۇيتتى. ئۇ نەدە بولسا بولسۇن، پەۋقۇلئاددە بىر مەسىلىگە يولۇققاندا دەرھال ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلۈشى كېرەكلىكىنى ھەممەيلەن ياخشى بىلەتتى. ئىش شۇنچە جىددىي ۋە جاپالىق بولسىمۇ، ۋاقىت كۈلكە ـ چاقچاقسىز ئۆتمەيتتى. مەسجىدتە ياشايدىغان ئەھلى سۇففەلەردىن بەنى دەمرەلىك بىرى بەكمۇ ئورۇق بولغاچقا، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ‹ھاشارەت› مەنىسىدىكى ‹جۇئەيل› دېگەن ئىسىم بىلەن چاقىراتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹ھايات ۋە روھىي سالامەتلىك› مەنىسىدىكى ‹ئەمر› دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋەتتى. خەندەك ئەمگىكىدە ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن بىر مۇھاجىر ئۆزىنى تۇتالماي مۇنداق دەپ بېيىت ئوقۇدى:

ئىسمى ‹جۇئەيل› دىن ‹ئەمر› گە ئۆزگەردى،
ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ‹ھاياتى› ئۆزگەردى.

مۇھاجىر بۇ بېيىتنى ئەمرگە ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ‹ئەمر› ۋە ‹ھاياتى› دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇلارغا تەككەش قىلاتتى. كېيىنچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىشقا چاقىردى:

رەببىمىز! سەن بولمىساڭ، تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق زاكات نېمە، نېمە ناماز ـ ئىبادەت؟
بېغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، جاسارەت،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن ماتانەت.
زۇلۇم قىلدى مۇشرىكلەر تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،
دىنىمىزدىن ياندۇرسا، قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

جابىر بىر پارچە قۇرام تاشنى قانچە قىلىپمۇ چىقىرالمىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئازراق سۇ سورىدى، سۇ كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام سۇغا تۇكۈرگەندىن كېيىن، دۇئا قىلىپ، تاشنىڭ ئۈستىگە قۇيدى. تاش كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. مۇئمىنلەر تاشنى خۇددى بىر دۆۋە قۇمنى ئۇسقاندەك، گۈرجەك بىلەن سىپۈەتلەرگە ئۇستى. يەنە بىر كۈنى مۇھاجىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياردەمگە چاقىردى. ھەزرىتى ئۆمەر ئالدىغا چىققان بىر پارچە قۇرام تاشنى ھەرقانچە قىلىپمۇ مىدىرلىتالمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىدىن سۇمبىنى ئېلىپ، تاشنى چوقۇدى. بىرىنچى چوقۇش بىلەن تەڭ تاشتىن چاقماققا ئوخشايدىغان بىر نۇر چىقتى ۋە مەدىنىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپكە كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم چوقۇدى. يەنە بىر پارچە نۇر چىقىپ، ئۇھۇد تەرەپكە كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق چوقۇشتا چىققان نۇر شەرق تەرەپكە كەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىلەن بىرلىكتە تاش كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. بىر چەتتە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان سەلمان، بۇ نۇرلارنىڭ مەلۇم بىر نەرسىنىڭ دالالىتى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇلارنى كۆردۈڭمۇ سەلمان؟ مەن تۇنجى نۇردىن يەمەن قەلئەلىرىنى كۆردۈم. ئىككىنچى نۇردىن سۈرىيە قەلئەلىرىنى كۆردۈم. ئۈچىنچى نۇردىن بولسا، خىسراۋنىڭ مەدائىندىكى خان سارىيىنى كۆردۈم. ئاللاھ ماڭا بىرىنچى نۇر ئارقىلىق، يەمەن يولىنى ئاچتى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نۇرلار ئارقىلىق غەربتە سۈرىيە بىلەن شەرقتە ئىراننىڭ يولىنى ئاچتى» دەپ جاۋاب بەردى.

خەندەكتە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېتەرلىك يېمەك ـ ئىچمىكى يوق ئىدى. ئېغىر ئەمگەك ئاچلىقنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياردەمگە چاقىرغان كۈنى ئۇنىڭ بەكمۇ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ ئاخشىمى ئۆيىگە قايتقاندا، ئايالىدىن: «يېگۈدەك نېمە بار؟» دەپ سورىدى. ئايالى: «شۇ قوزا بىلەن ئازراق ئارپىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق» دەپ جاۋاب بەردى. جابىر قوزىنى سويدى. ئەتىسى ئايالى قوزا گۆشىنى پىشۇردى ۋە ئارپىنى ئۇگۇتۇپ، نان ياقتى. كەچ كىرگەندە، جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى. جابىر پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىلا تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى: «ئى مۇسۇلمانلار! جابىر زىياپەت تەييارلاپتۇ. مەن بىلەن بىللە بېرىپ، دەستىخىنىغا داخىل بولۇڭلار!» دېدى. جابىر باشقا مۇسىبەت كەلگەندە ئوقۇلىدىغان: ﴿بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

جابىر ئايالىغا خەۋەر بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا كەتتى. ئايالى: «سەن چاقىردىڭمۇ، رەسۇلۇللاھمۇ؟» دېدى. جابىر: «رەسۇلۇللاھ چاقىردى» دېدى. ئايالى: «ھە بوپتۇ، ئۇنىڭ بىر بىلىدىغىنى باردۇر» دېدى. تائام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال دۇئا قىلدى، ئاندىن ‹بىسمىللاھ› دەپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئون كىشى بار ئىدى. ھەممىسى تويغۇدەك يېگەندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆيلىرىگە كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئون كىشى ئولتۇردى. شۇ تەرىقىدە، خەندەكتە

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 156 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى يەپ تويۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. دەستىخاندا يەنە بىر مۇنچە گۆش بىلەن نان ئېشىپ قالدى.

باشقا بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدا بىر نەرسە تۇتقان ھالدا ئەمگەك يېرىگە كەلگەن كىچىك بىر قىزنى كۆرۈپ، ئۇنى يېنىغا چاقىردى. قىز ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ جىيەنى بولۇپ، ئۇ كۈنكى ۋەقە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھقا: ''دادام بىلەن تاغامغا خورما ئېلىپ كەلگەنىدىم'' دېدىم. رەسۇلۇللاھ خورمىلارنى ئۆزىگە بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن بەردىم. رەسۇلۇللاھ خورمىلارنى بىر پارچە رەختنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، ئىشلەۋاتقانلارنى خورما يېيىشكە چاقىردى. ئۇلار يېگەنسېرى خورمىلار كۆپىيەتتى. ھەممىسى قورساقى تويغۇدەك يەپ، ئىشلىرىغا ماڭغاندىن كېيىنمۇ، خورمىلار رەخت پارچىسىنىڭ سىرتىغىچە ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى.

www.munber.org

# مۇھاسىرە

## (60)

خەندەك كولىنىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا، قۇرەيش قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، ئەقىق جىلغىسىغا چۈشتى. خەندەك كولاشقا جەمئى ئالتە كۈن كەتكەندى. قۇرەيش قوشۇنى شەھەرنىڭ غەربىدىن يېقىنلاشسا، غەتفان ۋە باشقا نەجد قەبىلىلىرى شەرقتىن ئۇھۇدقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تەرك ئېتىلگەن بولۇپ، ئۆي ئىگىلىرى شەھەر ئىچىگە قۇرۇلغان چېدىرلارغا كۆچۈرۈلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مۇۋاپىق بىر يەرگە بارگاھ قۇردى. قىزىل تېرىلەردىن ياسالغان چېدىر ‹سەلئى تېغى› نىڭ ئېتىكىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئائىشە، ئۇممۇ سەلەمە ۋە زەينەبلەر ئۆز نۆۋىتى بىلەن بۇ چېدىرغا كېلىپ تۇراتتى.

قۇرەيش قوشۇنى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى ئۇھۇدنىڭ يېقىن ئەتراپىغا ئايرىم ـ ئايرىم بارگاھ قۇردى. قۇرەيشلەر زىرائەتلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن يىغىۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندى. تۆگىلىرى ئەقىق جىلغىسىدىكى ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. غەتفانلىقلارنىڭ تۆگىلىرىمۇ ئۇھۇدنىڭ ئەتراپىدىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى يەۋاتاتتى. لېكىن، ھەر ئىككى قوشۇن ئۆزلىرى ئالغاچ كەلگەن يەمدىن باشقا ئاتلىرىغا بەرگۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدى. شۇڭا، ئامالنىڭ بېرىچە، دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك دەپ ئويلىغان ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ، شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەبۇسۇفيان قوشۇننىڭ باش قوماندانى ئىدى. ئەمما، ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەر بىر قەبىلە رەئىسى نۆۋەت بىلەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئاتلىق قوشۇننىڭ بېشىدا يەنە خالىد بىلەن ئىكرىمە بار ئىدى. شەھەرگە يېقىنلىشىپ قالغان دۈشمەن قوشۇنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەر سىرتىغا بارگاھ قۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جاسارەتلەندى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدى. چۈنكى، مەيدان ئۇرۇشى قىلغاندىلا بۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن ئۇلارنى بىردەمدىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە قاتتىق ئىشىنەتتى. لېكىن، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇدۇلدا قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئوقچىلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا كولانغان كەڭ ۋە چوڭقۇر خەندەكنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالدى. ئاتلىرى بىلەن خەندەككە سەكرەش بەكمۇ تەس ئىش بولۇپ، سەكرىگەندىن كېيىن قارشى تەرەپكە چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ قىيىن مەسىلە ئىدى. ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئۆزىدىنلا دۈشمەننىڭ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ بولغانلىقىنى چۈشەنگەن قۇرەيشلەر، ئارقىغا ئازراق داجىدى.

كۈننىڭ قالغان قىسمىنى مەسلىھەت بىلەن ئۆتكۈزگەن قۇرەيشلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ قويۇپ، ئۆزلىرى شىمالدىن ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەگەر خەندەكنىڭ ئەتراپىدا ئادەم كۆپ بولماي قالسا، بۇ يەردىن قارشى تەرەپكە ئۆتۈش ئاسان بولاتتى.

www.munber.org

ئۇندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيلىرى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىنى سىپىلدەك قوغداپ تۇرغان بەنى قۇرەيزەلىك يەھۇدىيلار كەلدى. قوشۇنغا قېتىلىش ئۇچۇن خەيبەردىن يېتىپ كەلگەن بەنى نەزىرلىك ھۇيەي، ئەبۇسۇفيانغا ئۇزىنىڭ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزۇشقا قايىل قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر بەنى قۇرەيزە ماقۇللۇق بىلدۈرسە، شەھەرگە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرگىلى بولاتتى. ئەبۇسۇفيان ھۇيەينىڭ دەرھال يولغا چىقىشىنى بۇيرىدى.

بەنى قۇرەيزەلىكلەر ھۇيەينى ھەم شۇم نىيەتلىك ۋە بالا - قازا تېرىغۇچى بىرى دەپ بىلەتتى ھەم ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ئەگەر ئۇلار رۇخسەت قىلسا، ھۇيەي ئۆز قەبىلىسىنىڭ بېشىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتنى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىگىمۇ ئېلىپ كېلىشتىن يانمايتتى. ئۇنىڭدىن قورقۇشى ۋە ھەزەر ئەيلىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇ ئىدى: ھۇيەي بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا قىلچە رەھىم قىلمايتتى ۋە ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يەتمىگىچە يا ئۆزىگە ياكى قارشىسىدىكىگە قىلچە ئارام بەرمەيتتى.

ھۇيەي ئۇدۇل بەنى قۇرەيزەنىڭ رەئىسى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەھدىلەشكەن) كەئبنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئىشىكنى قېقىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بەش قولدەك بىلىدىغان كەئب، دەسلەپتە ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ھۇيەي: «ئۇنداق قىلماي، ئىشىكىڭنى ئاچقىن!» دېدى. كەئب: «بىزنى ئارامىمىزدا قوي. بىز مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن ئەھدىلەشتۇق. ئەھدىگە خىلاپلىق قىلالمايمىز» دېدى. ھۇيەي يەنە: «ئىشىكنى ئاچقىن، چىرايلىقچە پاراڭلىشايلى!» دېدى. لېكىن كەئب ئاچقىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھۇيەي: «سەن تامىقىمنى يەۋالىدۇ دەپ ئىشىكىڭنى ئاچمايۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟» دېدى. بۇ سۆزگە دەرغەزەپ بولغان كەئب ئىشىكنى ئېچىۋەتتى. ھۇيەي ئىشىكتىن كىرىپلا: «ئەي كەئب! ساڭا مەڭگۈلۈك غەلىبە ۋە دېڭىز دولقۇنىدەك كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ كەلدىم. سېنىڭ ئالدىڭغا قۇرەيش، غەتفان ۋە كىنانەلىك ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ كەلدىم. ئۇلار ماڭا مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى پۈتۈنلەي يوق قىلمىغۇچە بولدى قىلماسلىققا ۋەدە قىلدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ قېتىم ئامان قالمايدۇ» دېدى. كەئب: «تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنىڭ ئالدىمغا بالايى - ئاپەت ۋە رەسۋالىقتىن باشقا نەرسە ئەكىلىپ باقمىدىڭ. سېنىڭ ئىچىڭ خۇددى چاقماق ۋە گۈلدۈر - غاراسلىرى بار، ئەمما يامغۇرى يوق بۇلۇتقىلا ئوخشايدۇ. ئېسىت ساڭا، ئەي ھۇيەي! مېنى ئارامىمدا قويغىن!» دېدى. ھۇيەي ئۇنىڭدىكى مۇلايىم ئىپادىنى ھېس قىلدى ۋە گەپنى ئەگىتىپ باشلاپ، ئەگەر يېڭى دىن يوق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئەۋزەللىكلەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېزىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن: «ئەگەر قۇرەيش ۋە غەتفان قوشۇنلىرى مۇسۇلمانلارنى يوقاتماي تۇرۇپ قايتىپ كەتسە، مەن نېمە كۆرسەم، سەن بىلەن تەڭ كۆرۈشكە رازىمەن» دەپ ئاللاھ نامىدا قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان كەئب، ئىسلامنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىدىغانلىقىنى پەملىدى. كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھۇيەي ئەھدىنامىنى كۆرۈپ بېقىشنى سورىدى ۋە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يىرتىۋەتتى. كەئب

قەبىلىسىدىكىلەرگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. قەبىلىسىدىكىلەر: «ئەگەر سەن ئۆلتۈرۈلسەڭ، ھۆيەيىنگمۇ سەن بىللە ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ نىمە ئەۋزەللىكى بار؟» دېيىشتى ۋە كۆپىنچىسى ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، يېگى پەيغەمبەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سۈرىيەدىن كەلگەن يەھۇدىي ئىبنى ئەل ھەييەبان تېخىچە بەنى قۇرەيزەلىكلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ، بەنى قۇرەيزەلىكلەرگە پەيغەمبەرنىڭ چىراي ـ شەكلىنى ۋە پات ئارىدا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. يەھۇدىي بولمىغان پەيغەمبەرگە قىزىقىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، كۆپىنچىلىرى مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغۇدەك سەۋىيەگە ئىگە ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا بىر پەيغەمبەرگە (مەيلى ئۇ يەھۇدىي بولسۇن ياكى بولمىسۇن) قارشى چىقىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ سىياسىي ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىشقا قارشى ئىدى. لېكىن، بىر نەچچە مۇناپىقنىڭ ھۆيەيىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلايدىغان سۆزلىرى ۋە يەھۇدىيلاردىن بىر نەچچە كىشىنىڭ قۇرەيش ۋە باشقا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھەقىقى كۈچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشى ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭ مۇشرىك ۋە مۇناپىقلار تەرەپكە ئېغىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، خەندەكنىڭ نېرىسىدىكى كەڭ كەتكەن جىلغىدا تۇرغان سان ـ ساناقسىز ئات ۋە سانجاق ـ سانجاق ئادەمنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلماي قالمايتتى.

خالىد بىلەن ئىكرىمە خەندەكتىن قانداق ئۆتۈشنىڭ كويىدا ئەتراپنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتەتتى. «بۇ قانداق تۇزاق؟» دېيىشەتتى ئۇلار بىرى ـ بىرىگە: «ئەرەبلەر ھېچقاچان بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پارسلار بار ئوخشايدۇ.» ئىككىسى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەنىدى. چۈنكى، خەندەكتىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئازراق بىر قىسمى باشقا يەرلەرگە قارىغاندا تارراق كولانغان بولسىمۇ، ئەسكەرلەر ئۇ يەرنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ يەردىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى قېتىم كۈچەپ باققان بولسىمۇ، ئۇتۇق قازىنالمىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئاتلىرى ئازگال كۆرۈپ باقمىغاچقا، خەندەككە يېقىنلاشسىلا ئۈركۈپ، ئارقىغا داجىيتتى. شۇڭا، ۋاقتىنچە ئوق ئېتىپ تۇرۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

بەنى قۇرەيزەلىكلەرنىڭ ئەھدىنامىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقى بىر دەمدىلا ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا پۇر كەتتى. مۇناپىقلار قايسى تەرەپكە بولۇشۇشنى بىلەلمەي ئوتتۇرىلىقتا قالغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشۈپ يۈرەتتى. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ چېدىرىغا كىردى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بەنى قۇرەيزە بىز بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزۇپ، بىزگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپتۇ» دېدى. غەمكىن ئولتۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ كېلىش ئۈچۈن زۇبەيرنى ئەۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئەنسارلارنىڭ ئۆزلىرىنى چەتكە قېقىلغاندەك ھېس قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەۋس ۋە خەزرەجلىك ئىككى سەئد بىلەن ئۇسەيدنى ئالدىغا چاقىرتىپ: «بېرىپ ئەھۋال ئىگەللەپ كېلىڭلار. ئەگەر بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىز يالغان بولسا، بۇنى ھەممەيلەنگە ئوچۇق ـ ئاشكارە

بىلدۈرۈڭلار. ئەگەر راست بولسا، كىنايىلىك ئىبارىلەر بىلەن ماڭىلا بىلدۈرۈپ قويۇڭلار!» دېدى. ئۇلار بەنى قۇرەيزە سىپىللىرىغا زۇبەيرنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ باردى. يەھۇدىيلار ھەققەتەن ئەھدىنى بۇزغان ئىدى. ئۇلار يەھۇدىيلارنى بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشكە ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا چاقىرغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى دېگەن كىم؟ مۇھەممەد بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىمۇ يوق، قارارنامىمۇ يوق!» دېيىشتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا بەنى نەزىر بىلەن بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ئەسلەتتى. لېكىن، كەئب ۋە باشقىلار قۇرەيشلەرنىڭ مۇتلەق غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنچ باغلىغانىدى. ئۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ: «ئەدال ۋە قارە» دېدى. بۇلار ھۇبەيب ۋە سەبداشلىرىنى ھۇزەيل قەبىلىسىگە چېقىپ قويغان ئىككى قەبىلىنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ۋە: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئەي مۇسۇلمانلار! جەسۇر بولۇڭلار!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەكنىڭ ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى شەھەرگە قايتۇرۇپ، شەھەر ئىچىنى قوغداش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، ھۇيەيىنىڭ قۇرەيش ۋە غەتفاننى مەلۇم بىر كېچە ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەنى قۇرەيزە سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇ يەردىن شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ قېچىش پىلانىنى كۆرسەتكەنلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالدى. ئەمما، دۈشمەنلەر پىلانلىغان كۈن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر نەچچە قېتىم كېچىكتۈرۈلدى ۋە ئاخىرى ئەمەلگە ئاشمايلا سۇغا چىلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، زۇبەيرنى يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىلەن شەھەرگە ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنى كېچىچە شەھەرنى ئايلىنىپ، يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر توۋلاپ چىقىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلغاندا، دۈشمەنلەر: «شەھەردە ناھايىتى چوڭ قوشۇن بار ئوخشايدۇ» دەپ قالاتتى.

خەندەكنىڭ ئەتراپىدا ئاتلارغا ھېچقانداق ئېھتىياج بولمىغان بىلەن، تېخىمۇ كۆپ ساندا ئادەمگە ئېھتىياج بار ئىدى. يۈز نەپەر ئەسكەر شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ نۆۋەت ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ھۇجۇم سانىمۇ كۆپىيىۋاتاتتى. خالىد ۋە ئىكرىمە خەندەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئازراق بېپەرۋالىق ياكى ھارغىنلىق كۆرۈلگەنلىكىنى بايقىسىلا، دەرھال شۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا تەييار ئىدى. بىر قېتىم، ئىكرىمە خەندەك بېشىدا نۆۋەت تۇتۇپ تۇرغان بىرىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە دەرھال ئېتىنى دېۋىتىپ، ئۈچ ئادىمى بىلەن بىرلىكتە قارشى تەرەپكە سەكرىدى. تۆتىنچى ئادەم ئەمدى سەكرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئەلى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. شۇنىڭ بىلەن، تۆتىنچىسى ئارقىغا يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

بىركەمدىن كېيىن، ئەمر دۈشمەن سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ يەكمۇ يەك ئېلىشماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ ئالدىغا چىققۇدى، ئەمر: «سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن. داداڭ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ئىدى. ئەڭ ياخشىسى سەن ئارقاڭغا قايت! سەن تېخى كىچىك بالىسەن» دېدى. لېكىن ئەلى كەينىگە قايتماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ



www.munber.org

بىلەن، ئەمىر ئۆلگىدىن چۈشتى. بىر ـ بىرىگە روبىرو كەلگەن ئىككىسى قاتتىق تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىدىن چىققان چاڭ ـ توزان ئەتراپنى بىر ئالغاچقا، نىرىدا قاراپ تۇرغانلار ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئەلى تەكبىر توۋلىدى. بۇنىڭدىن ئەمرنىڭ ئۆلگەنلىكى ياكى ئۆلەي دەپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانماقچى بولغان ئىكرىمە ئادەملىرىنى باشلاپ خەندەكتىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلگەن مەخزۇم قەبىلىسىدىن نەۋفەل ئېتى بىلەن بىللە خەندەككە يۇمىلىنىپ كەتتى. ئەتراپتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش يېغىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان نەۋفەل: «ئەي ئەرەبلەر! بۇ ھالغا قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىرى خەندەككە سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

بۇ سىناق گەرچە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان بولسىمۇ، خەندەكتىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قۇرەيشلەر ئەتىسى تاڭ سەھەردە خەندەكنىڭ بىر نەچچە يېرىگە كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ سېپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى جاسارەتلەندۈردى ۋە يەنە بىر ئاز ساباتلىق كۆرسەتسىلا، ۋەدە قىلىنغان غەلىبىنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھ قۇرغان يېرى ‹سەلئى تېغى› نىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا يېقىن بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە بەكمۇ ئەپلىك جاي ئىدى. دۈشمەنلەر بىر كۈن كەچكىچە كۆپ ھەپىلىشىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ھېچكىم ئۆلمىگەنىدى، لېكىن سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ بىلىكىگە تەگكەن دۈشمەن ئوقى ئۇنى ئېغىر جاراھەتلەندۈردى. دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقلىرىدا يارىلاندى.

پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كەلدى، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىشىغا بولمايتتى. ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەي دېگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكىلەر: «ئى رەسۇلۇللا! بىز تېخى نامىزىمىزنى ئوقۇمىغانىدۇق» دېيىشتى. ناماز پەرز قىلىنغاندىن بېرى، بىر ۋاخ نامازنىمۇ قازا قىلماي ئوقۇپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلار سەل جىددىيلىشىپ قالغانىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئۇلارغا تەسەللى بەرگەندەك بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەنمۇ تېخى ئوقۇمىدىم» دېگەنىدى. ئەسىر نامىزىنىڭمۇ ۋاقتى كىرىپ ئۆتۈپ كەتتى. كۈن پېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەن ھۇجۇملىرى تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتكەندە ئاندىن بارگاھقا قاراپ چېكىندى. دۈشمەن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيد ۋە بىر بۆلەك ئەسكەرنى خەندەك بېشىدا قويۇپ، ئۆزى باشقىلار بىلەن بارگاھقا قايتتى ۋە ئۇلارغا ئىمام بولۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇپ بەردى. يېرىم كېچە بولغاندا، خالىد خەندەك ئەتراپىدا ئادەم بولماسلىقى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە بىر توپ ئادىمىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇسەيد ۋە سەبداشلىرى ئۇلارنى ئوق بىلەن چېكىندۈردى.

جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان بۇ كۈنلەر قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلەنگەنىدى:



www.munber.org

﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى.﴾[1]

ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ يەنە قانچە كۈن بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىغانىدى. يېمەك - ئىچمەكى تۈگەش ئالدىدا تۇرغاننى ئاز دېگەندەك، كېچىلىرى بەك قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بەزى ئىمانى سۇس مۇسۇلمانلار مۇناپىقلارنىڭ سېپىگە ئۆتۈپ كەتكىلى ئاز قالغانىدى. مۇناپىقلار ئاغزى بېسىقماي: «بۇنداق كۈچلۈك قوشۇنغا خەندەك بىلەن قارشى تۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. دەرھال شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۇداپىئەلىنىش كېرەك» دەپ ۋالاقشىيتتى. لېكىن، ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى بۇ قىيىنچىلىقلار ئىچىدە تېخىمۇ كۈچلىنەتتى. ئۇلار پۈتۈن مۇشرىك قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى بىرلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ: ﴿بۇ (قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ئۇلارنى ماختاپ مۇنداق دېگەنىدى: ﴿(بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.﴾[2]

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر - ئىككى يىل بۇرۇن نازىل بولغان بۇ ئايەتنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيتتى:

﴿سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۈشمەنلىرىنىڭمۇ كۈندىن كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ غەتفان قەبىلىسىنىڭ ئىككى ئايمىقىغا خەۋەر يوللاپ، ئەگەر ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقسا، مەدىنىنىڭ خورما مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۇلارغا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار: «خورمىنىڭ يېرىمىنى بەرسەڭ، دېگىنىڭنى قىلىمىز» دەپ جاۋاب يوللىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچتىن بىرىنى بېرىشتە چىڭ تۇردى. غەتفانلىقلار ئاخىرى بۇنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى غەتفانلىقلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئاندىن، ئىككى سەئدنى چېدىرىغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئۇلارغا ئېيتتى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سېنىڭ پىكرىڭمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرىمۇ ۋە ياكى سەن

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 10 - ۋە 11 - ئايەتلەر.
[2] ئەھزاب سۈرىسى، 22 - ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى، 214 - ئايەت.



www.munber.org

بىزنىڭ نامىمىزدا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بىزنىڭ نامىمىزدا قىلدىم. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئەرەبلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ۋە ھەممە تەرىپىڭلارنى قورشىۋالغانلىقىنى، بۇ (خورما) ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۈچىنى زەئىپلەشتۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلمىسەم، بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمىغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بۇ ئادەملەر بىلەن بىللە باشقا ئىلاھلارغا چوقۇناتتۇق. ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇمايتتۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمايتتۇق. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇلار بىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ياكى سېتىۋېلىپ يېگەن ۋاقىتلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا خورمىلىرىمىزنى رۇخسەتسىز ئالالمايتتى. مانا ھازىر، ئاللاھ بىزگە ئىسلام دىنىنى بەخش ئەتتى، بىزنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈردى، بىزنى سەن ۋە ئىسلام بىلەن كۈچلەندۈردى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلارغا ماللىرىمىزنى بېرەمدۇق؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارمىغۇچە، بىز ئۇلارغا قىلىچتىن باشقا نەرسە بەرمەيمىز.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن!» دېدى. سەئد ئوسماننىڭ قولىدىن تېرە پارچىسى بىلەن قەلەمنى ئالدى ۋە: «ئۆز مەيلىڭگە قويۇپ بېرىڭلار، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن!» دېدى.

ئىناۋەتسىز بولۇپ كەتكەن بۇ ئەھدىنامە كېيىنچە فەزارە ۋە مۇررە قەبىلىلىرى بىلەن تۈزۈلدى. قۇرەيشلەر غەتفان قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر ئايمىقى بەنى ئەشجەئ بىلەنمۇ ئىتتىپاقداش بولۇپ، ئەبۇسۇفيان ۋە سۇھەيل ئىككىسى مۇسۇلمانلارنى ئىككىنچى قېتىملىق بەدرى غازىتىدىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن بەنى ئەشجەئلىك نۇئەيمنى تەشۋىقاتچى قىلىپ مەدىنىگە ئەۋەتكەنىدى. مەدىنىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى نۇئەيمنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغاچقا، ئىچىدە بىر داۋالغۇش پەيدا بولغانىدى. ئەنە شۇ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىغان نۇئەيم، قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلارغا بولغان بۇ ھېس - تۇيغۇلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە قارشى بەرداشلىق بېرىشىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ داۋالغۇدى ۋە قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن پاللىدە يورۇپ كەتتى. شۇ كېچىسى، ئاۋۋال شەھەرگە كىردى، ئاندىن قوشۇن بارگاھىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي نۇئەيم! نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. نۇئەيم: «سېنىڭ ئالدىڭغا ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم. ئەي رەسۇلۇللاھ! مەن سېنىڭ ئەمرىڭدىمەن، قانداق تەلىپىڭ بولسا، شۇنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن. مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى تېخى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئامال قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالغىن!» دېدى. نۇئەيم يالغان سۆزلەش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنى بىزدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن نېمە دېسەڭ بولىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭدۇر» دېدى.

نۇئەيم شەھەرگە قايتىپ، ئۇدۇل بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى ئورۇنلاشقان مەھەللىگە ماڭدى. نۇئەيمنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، يەھۇدىيلار ئۇنى ئىززەت - ئىكرام



www.munber.org

بىلەن قىزغىن كۆتۈۋالدى ۋە زىياپەت تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. نۇئەيم يەھۇدىيلارغا: «زىياپەتنى قويۇپ تۇرۇڭلار! مەن بۇنىڭ ئۈچۈن كەلمىدىم، بەلكى سىلەرنىڭ ئامانلىقڭلاردىن ئەندىشىلەنگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىڭلار كېرەكلىكىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم» دېدى. ئاندىن قۇرەيش بىلەن غەتفاننىڭ ئورۇشتا يېڭىلىپ قالسا، يەھۇدىيلارنى مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) نىڭ ئىنساۋىغا تاشلاپ قويۇپ قاچىدىغانلىقىنى، شۇڭا يەھۇدىيلارنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن بىر نەچچىنى (ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە) گۆرۈگە قويمىغىچە، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئوق ئاتماسلىقى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ ھەقتە ئاللىبۇرۇن خەۋپسىرەپ تۇرغان يەھۇدىيلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى ۋە ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىشقا قارار بەردى. ئاندىن، بۇ پىكرىنى نۇئەيمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى قۇرەيش ۋە غەتفانلىقلاردىن مەخپىي تۇتۇدىغانلىقلىرى ھەققىدە قەسەم ئىچتى.

يەھۇدىيلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلغان نۇئەيم، بىر زامانلاردىكى يېقىن دوستى ئەبۇسۇفياننىڭ قېشىغا باردى. ئۇ، ئەبۇسۇفيان ۋە باشقا قۇرەيشلەردىن سىر تۇتۇشقا ۋەدە ئېلىۋالغاندىن كېيىن: «يەھۇدىيلار مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە قايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا: ”خاتالاشقانلىقىمىز ئۈچۈن بەكمۇ پۇشايمان قىلدۇق. ئەگەر قۇرەيش ۋە غەتفاننىڭ بەزى مۇھىم ئادەملىرىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بەرسەك، بىزنىڭ گۇناھىمىزدىن كېچەمسەن؟ سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بىز سەن بىلەن بىللە باشقىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز“ دەپ خەۋەر يوللىدى. مۇھەممەد (ئەلەيھسسالام) مۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئەگەر يەھۇدىيلار سىلەردىن گۆرۈگە ئادەم سورىسا، ھەرگىز بەرمەڭلار!» دېدى. قۇرەيشلەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلغان نۇئەيم، ئۆز قەبىلىسى ۋە غەتفاننىڭ باشقا قەبىلىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا قۇرەيشلەرگە دېگەن سۆزلەرنى بىرمۇ بىر دېدى.

قۇرەيش ۋە غەتفان رەھبەرلىرى ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ھازىرچە يەھۇدىيلارغا بىر نەرسە دېمەي، نۇئەيمنىڭ سۆزى ئىسپاتلانغىچە ساقلاپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى ۋە ئىكرىمەنى بەنى قۇرەيزەگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىكرىمە ئۇلارغا: «مۇھەممەدنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلدى. ئەتىكى چوڭ ھۇجۇمغا تەييار بولۇڭلار!» دېدى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا: «ئەتە شەنبە. سىلەر مۇھىم ئادەملىرىڭلاردىن بىر نەچچىنى بىزگە گۆرۈگە قويمىساڭلار، بىز ئۇرۇشقا ھەرگىز چىقمايمىز. چۈنكى، ئەگەر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىساڭلار، بىزنى يالغۇز تاشلاپ، ئۆز يۇرتۇڭلارغا قېچىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمىز. شۇنداق قىلساڭلار، بىز ئۆزىمىز يالغۇز مۇھەممەدنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرالمايمىز» دېيىشتى. قۇرەيش ۋە غەتفانلىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «تەڭرىگە قەسەم قىلىمىزكى، نۇئەيمنىڭ سۆزلىرى توغرا ئىكەن» دېيىشتى ۋە ئەتىسى بەنى قۇرەيزەگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بىر ئادەممۇ گۆرۈگە قويالمايدىغانلىقىنى ۋە ئەتە باشلىنىدىغان چوڭ ئۇرۇشقا ئۇلارنىڭ چوقۇم چىقىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. بەنى قۇرەيزەلىكلەر يەنە: «بىزگە بىر نەچچە ئادەمنى ئەۋەتمىگىچە، بىز بىر تالمۇ ئوق ئاتمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى.



www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇسۇفيان ھۇيەيىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمىڭ قېنى؟ ئۇلار بىزنى ئالدىغاننى ئاز دەپ، بەزى ئادەملىرىمىزنى مۇھەممەدكە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى. ھۇيەي: «تەۋراتقا قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئۇلارغا ھەقسىزلىق قىلىۋاتىسەن. بۈگۈن شەنبە كۈنىدۇر. بىز يەھۇدىيلار شەنبە كۈنلۈك چەكلىمىگە قارشى چىقمايمىز. ئەمما ئەتە (يەكشەنبە) ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە شىددەتلىك ئېتىلغانلىقىنى كۆرىسەن» دېدى. ئەبۇسۇفيان يەھۇدىيلارنىڭ گۇرۇھقا ئادەم تەلەپ قىلغانلىقىنى ھۇيەيگە ئېيتىپ بېرىۋىدى، ھۇيەينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ھەممە گۇناھنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتقان ئەبۇسۇفيان: «لاتقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ بىزگە قىلىنغان خىيانەتتۇر. سىلەر تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، بىزگە خىيانەت قىلدىڭلار» دېدى. «ياق!» دېدى ھۇيەي: «سىنا تېغىدا مۇساغا نازىل قىلىنغان تەۋراتقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە خىيانەت قىلمىدىم.» لېكىن ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. ئۆز ھاياتىدىن ئەندىشە قىلغان ھۇيەي، قارارگاھتىن چىقىپ، بەنى قۇرەيزە مەھەللىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

قۇرەيشلەر بىلەن بەنى نەجد قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، نۇئەيمنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشىنىڭ قىلچە ئورنى قالمىغانىدى. ئۇرۇش باشلانغىلى ئىككى ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغانىدى. ھەر ئىككى قوشۇننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، يەم ـ خەشەكلىرى تۈگەش ئالدىدا تۇراتتى. ئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى يا ئاچلىقتىن ياكى يارىلانغانلىقتىن ۋەياكى ھەر ئىككى سەۋەبتىن بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. تۆگىلەردىنمۇ بىر نەچچىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. قۇرەيشلەر غەتفان ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ بۇ ئۇرۇشقا كۆڭۈلدىن رازى بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئىتتىپاقداش بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەجبۇرى كەلگەنلىكىنى ۋە ئەسلى مەقسەتلىرىنىڭ يېڭى دىننى يوق قىلىش ئەمەس، بەلكى غەنىمەتكە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. لېكىن، ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن ئىككى ھەپتىدىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن ھېچنېمە تارتىپ ئالالمىغانىدى. شۇڭا، ئىككى قوشۇننىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچى بارغانسېرى يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ، بۇ ئۇرۇش باشتىن تارتىپ خاتالىق ۋە ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە باشلانغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرۋاخ نامىزىدىن كېيىن: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئى نازىل قىلىنغان كىتاب ۋە ھېساب كۈنىنىڭ ئىگىسى! دۈشمەنلەرنى بىزدىن يىراقلاشتۇرغىن، ئۇلارنىڭ قورقۇپ، قېچىپ كېتىشىنى تەقدىر قىلغىن!...» دەپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن دۇئا قىلاتتى. تۆۋەندىكى ئايەت ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن نازىل بولغانىدى: ﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.



www.munber.org

ھاۋا قاتتىق سوغۇق ۋە نەم ئىدى. بىر كۈنى سەھەردە، شەرقتىن چىققان بوراننىڭ ئارقىسىدىن شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ كەتتى. شۇ كېچىسى، دۈشمەنلەر چۈشكەن جىلغىدا شۇۋىرغان چىقىپ، ئىككى قەبىلىنىڭ بارگاھىدىكى چېدىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆرۈپ تاشلىۋەتتى. ئوتلار ئۆچۈپ قالغاچقا، لەشكەرلەر يەردە بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ قارارگاھى جۇدۇندىن سەل نېرىدا قالغاچقا، چېدىرلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆرۈلمىگەنىدى. لېكىن، بەزىلىرى سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندى. يېرىم كېچىگىچە دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چېدىرىدىن چىقىپ، يېقىن يەردە تۇرغان ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا باردى. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «رەسۇلۇللاھ بىزگە: ”كىم دۈشمەننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئىگەللەپ كېلىدۇ؟ كىم بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلسە، مەن ئۇنىڭ جەننەتتە ماڭا دوست بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن“ دېدى. ھەممىمىز ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن شۇنداق ھالسىراپ كەتكەن ئىدۇقكى، ھېچكىمنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى. ھېچكىمنىڭ ئىختىيارى ھالدا بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھ، مېنى چاقىردى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: ”سەن بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرگىن ۋە ئەھۋالنى تولۇق ئىگەللەپ، ئۇدۇل قايتىپ كەلگىن. يولدا ھەم پەخەس بولغىن ھەم ھېچكىمگە چېقىلغۇچى بولمىغىن!“ دېدى. مەن دۈشمەن چېدىرلىرىغا يېقىنلاپ باردىم. جۇدۇن ۋە ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى پەرىشان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ يۈرۈپ، قۇرەيش چوڭلىرى تۇرىدىغان يەرگە يېقىنلاشتىم. كېچە قاتتىق سوغۇق ئۆتتى. سەھەرگە يېقىن شۇۋىرغان خېلى پەسلەپ قالغانىدى. بىر چاغدا، ئەبۇسۇفيان ۋارقىرىغان ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى: ”ئەي قۇرەيشلەر! ئات ـ تۆگىلىرىمىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، بەنى قۇرەيزە بىزگە خىيانەت قىلدى. ئۇ يەتمىگەندەك، شۇۋىرغان بىزنى پۈتۈنلەي پەرىشان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەمدى بۇ يەرنى تەرك ئەتمىسەك بولمايدۇ، مەن ماڭدىم.“ ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئۇدۇل بېرىپ تۆگىسىگە مىندى. تۆگىسىگە شۇنچە ئالدىراپ ـ تېنەپ مىندىكى، تۆگىنىڭ بىر پۇتىنىڭ چۈشەگلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئىكرىمە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ”سەن بۇنچە ئادەمنىڭ باشلىقى ۋە قوماندانى تۇرۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇسەن؟“ دېدى. بۇ سۆزلەردىن خىجىل بولغان ئەبۇسۇفيان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يولغا چىقىپ بولغىچە ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، كەينىدە قالغانلارنى خالىد بىلەن ئەمرغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىمۇ يولغا چىقتى. قوشۇن يولغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، خالىد: ”ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەممە ئادەم مۇھەممەدنىڭ يالغان ئېيتمىغانلىقىنى چۈشەندى“ دېدى. ئەمما ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: ”بۇ سۆزنى باشقىلار دېيىشمۇ مەيلى، ئەمما سېنىڭ بۇنداق دەيدىغانغا ھېچقانداق ھەققىڭ يوق!“ دېدى. خالىد: ”نېمىشقا؟“ دەپ سورىدى. ئەبۇسۇفيان: ”چۈنكى مۇھەممەد سېنىڭ داداڭنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى. قەبىلەڭنىڭ رەئىسى ئەبۇجەھلنى ئۆلتۈرگۈزدى“ دېدى.

www.munber.org

قۇرەيشلەر يولغا چىققاندىن كېيىن، غەتفانلىقلارنىڭ بارىگاھى تەرەپكە باردىم. لېكىن ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. قاتتىق سوغۇققا ئۇلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا قايتتىم. رەسۇلۇللاھ ئايالىرىدىن بىرىنىڭ يېپىنچىسىغا يۆگىنىپ، ناماز ئوقۇۋاتاتتى. مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى تۇيۇپ، يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە يېپىنچىنىڭ بىر ئۇچىنى ماڭا ئۇزاتتى. نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بارلىق ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم.»

بىلال بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلىدى، مۇسۇلمانلار نامازدىن كېيىن، خەندەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ ئۆيگە قايتسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قوشۇننىڭ ئالدى يولغا چىقىپ بولغانىدى. بىردىنلا، ئارىلىرىغا جاسۇس كىرىۋېلىشىدىن ياكى بەنى قۇرەيزەلىكلەرنىڭ خەندەكنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ قۇرەيشلەرنى قايتا چاقىرىپ كېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، يولغا چىقىپ بولغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن جابىر بىلەن ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى ئەۋەتتى. ئىككىسى دەرھال يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە توۋلىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى. جابىر بەنى ھارىسە قەبىلىسىنىڭ كەينىدىن ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە كېلىپ، يەنە ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككىسى نائۇمىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قېشىدا قالغان ساھابىلىرى بىلەن بىرگە شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

www.munber.org

## بەنى قۇرەيزە

**(61)**

مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ، پەقەت بىر نەچچە سائەتلا ئارام ئالالىدى. چۈنكى، جىبرىئىل پېشىن نامىزىدىن كېيىن، كۈمۈش ھەل بىلەن بېزەلگەن سېرىق سەللىنى كىيگەن ھالدا يېتىپ كەلگەنىدى. «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن تەسلىم بولدۇڭمۇ؟» دېدى جىبرىئىل: «قۇرەيشلەر تەسلىم بولمىدى. مەن ھازىر ئۇلارنى قوغلاپ يېنىپ كەلدىم. ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ھەققەتەن سېنىڭ قۇرەيشكە قارشى ئۇرۇش قىلىشىڭنى بۇيرىدى. مەن ھازىرلا يولغا چىقىمەن، بەلكىم ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سالارمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ساھابىلەرگە چاقىرىق يوللىدى ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ بەنى قۇرەيزە مەھەللىسىدە ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تۇغ ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغانىدى. قۇرەيش ۋە باشقا كۇففار قەبىلىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن بەنى قۇرەيزەنىڭ ھەممە تەرىپىنى قورشاپ بولدى.

قورشاۋ يىگىرمە بەش كۈن داۋاملاشتى. يىگىرمە بەشىنچى كۈنى، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئەبۇلۇبابە بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. بەنى قۇرەيزەلىكلەرمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئەۋسلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، ئەبۇلۇبابەمۇ ‹ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى› گە تۈرتكە بولغۇچى مۇھىم ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇلۇبابەنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغا ـ زارە قىلىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇلۇبابەنىڭ دىلى يۇمشاپ، يەھۇدىيلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى يوقاپ كەتتى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەدكە تەسلىم بولسا، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئەبۇلۇبابە: «مېنىڭچە تەسلىم بولغىنىڭلار ياخشى» دېدى ۋە بىر قولى بىلەن بوغۇزىنى كۆرسەتتى. بۇ: «ھەممىڭلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دېگەنلىك بولاتتى. ئەبۇلۇبابەنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىگە خىلاپ بولۇپ، يىگىرمە بەش كۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇھاسىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزىراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەبۇلۇبابە تېخى يېقىندىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى بىر يېتىمگە بىر تۈپ خورما دەرىخىنى بېغىشلىۋېتىشى ھەققىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، جامائەت ئارىسىدا خېلى زور غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. شۇ قېتىمقى خىجىلچىلىقنىڭ ئۈستىگە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى. چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتكەن ئەبۇلۇبابە: ﴿بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[1] دېدى. كەئب ئۇنىڭدىن: «نىمە بولدۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇلۇبابە: «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلدىم» دېدى. كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشلىرى ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئەبۇلۇبابە قەلئە ئىشىكى ئالدىدا ئۆزىدىن خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 156 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئەۋسلىكلەرنىڭ يۈزىگە قاراشتىن خىجىل بولۇپ، قەلئەنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقتى ۋە شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇدۇل مەسجىدكە بېرىپ، ئۆزىنى مەسجىد تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلىدى ۋە: «ئاللاھ مېنى كەچۈرمىگىچە مۇشۇ پېتى تۇرىمەن» دېدى.

ئۇنىڭدىن خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ: «ئۇ ئۇدۇل مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتقان بولاتتىم. ئەمدى ئاللاھنىڭ ھۆكمى كەلمىگىچە مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن» دېدى.

ئەبۇلۇبابە ئۇ يەردە ئون بەش كۈن تۇردى. ھەرۋاخ نامازدا ياكى باشقا ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا قىزى كېلىپ يېشىپ، نامازدىن كېيىن، يەنە باغلاپ قوياتتى. مۇھاسىرە ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ تىت ـ تىت بولاتتى. بىر كېچىسى كۆرگەن چۈشى ئۇنىڭغا ئازراق تەسەللى بولدى. ئۇ چۈشىدە، ساسلىققا پېتىپ قالغان بولۇپ، ساسلىقتىن كېلىۋاتقان بەدبۇيدىن تۇنجىقىپ قالاي دېگەن چاغدا، كۆزىگە بىر بۇلاق كۆرۈندى. ئۇ بۇلاق بېشىغا بېرىپ يۇيۇندى، ئەتراپتىكى بەدبۇيمۇ بىردەمدىلا خۇشبۇيغا ئۆزگەردى. چۈشىدىن ئويغانغان ئەبۇلۇبابە دەرھال يېشىنىپ، ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: «بەدىنىڭ سېنىڭ روھىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سەن دەسلەپ ئېغىر روھىي بېسىمغا ئۇچرايسەن، ئەمما كېيىنچە بۇ بېسىمدىن قۇتۇلىسەن» دېدى. ئەبۇلۇبابە مەسجىد تۈۋرۈكىگە باغلاقلىق ئۆتكۈزگەن كېيىنكى كۈنلىرىدە بۇ ‹قۇتۇلۇش› نىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى.

بەنى قۇرەيزەگە كەلسەك، كەئب ئۇلارغا: «قانداقلا بولمىسۇن، بىز ھەممىمىز مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇنداق بولغانىكەن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، جان ۋە ماللىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى!» دەپ تەكلىپ بەردى. لېكىن ئۇلار: «بىز بۇنىڭدىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىمىز. ھەم بىز تەۋرات ۋە مۇسانىڭ ئەھكاملىرىدىن باشقا نەرسىگە ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، كەئب ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىپ باقتى، لېكىن ھېچقايسىسى تۈزۈكرەك پىلان كۆرسىتەلمىدى. مۇھاسىرە باشلانغاندىن بېرى بەنى قۇرەيزەلىكلەر بىلەن بىللە قەلئەنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغان بەنى ھەلد (قۇرەيزەنىڭ قېرىندىشى ھەلدنىڭ نەسەبىدىن كەلگەن) قەبىلىسىدىن ئۈچ يىگىت، كەئبنىڭ پىكرىنى قوللىدى. بۇ ئۈچەيلەن سۈرىيەدىن كېلىپ، ئارىلىرىدا ياشاپ قالغان يەھۇدىي ئىبنى ئەل خەيەباننى تونۇيتتى. ئەل خەيەبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۇلارغا: «ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. ئەي يەھۇدىيلار! ئۇنىڭغا ھەممىدىن بۇرۇن سىلەر يېقىنلىشىڭلار. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئايال ـ باللىرىنى ئەسىر ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇ سەۋەب سىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويمىسۇن!» دېگەنىدى. يىگىتلەر بۇ سۆزلەرنى بەنى قۇرەيزەلىكلەرگە ئېيتىۋىدى، ئۇلار: «بىز تەۋراتتىن ۋاز كەچمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆزلەردىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن يىگىتلەر بەنى قۇرەيزەلىكلەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. ئۇلاردىن باشقا، قۇرەيزەلىك ئىككى كىشىمۇ ئۆز قەبىلىسىنى تاشلاپ قاچتى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئەمر ئىبنى سۇدا بولۇپ، ئۇ باشتىن ئېتىبارەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن



www.munber.org

بولغان ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىشقا قارشى ئىدى ۋە بۇنى ئوچۇق ئىپادىلىگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ: «ئەگەر بىز مۇسۇلمان بولمىساق، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) كە باج - سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولمىمىز. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن» دېدى. يەھۇدىيلار بولسا: «ئەرەبلەرگە باج - سېلىق تۆلىگەندىن ئۆلگىنىمىز ياخشى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزى يالغۇز سېپىلدىن چۈشۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاسىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى ۋە ئۇ كېچىنى مەدىنىدىكى مەسجىدتە ئۆتكۈزدى. ئەمما شۇ كېچىدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ۋە نەدە ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەردائىم ئۇ توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا: «ئاللاھ ئۇنى ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قوغدىدى» دەيتتى. مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ يەنە بىرى رىفائە ئىبنى سەمەۋئەل بولۇپ، ئۇ كېچىسى يەھۇدىي قەلئەلىرىدىن قېچىپ، مەخپىي ھالدا خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بەنى نەججار ئايمىقىدىن بولغان بىرىگە ياتلىق بولغان سەلما بىنتى قەيس (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى)نىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. كېيىنچە، رىفائە سەلمانىڭ ئۆيىدە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئەتىسى، بەنى قۇرەيزەلىكلەر ئەبۇلۇبابەنىڭ ‹ئاگاھلاندۇرۇشى› غا قارىماي، سېپىل دەرۋازىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئېچىپ، ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالىتىگە تاپشۇردى. مۇسۇلمانلار ئەرلەرنىڭ قوللىرىنى كەينىدىن باغلاپ، سېپىل سىرتىغا تەييارلانغان مەيدانغا قاتار قىلىپ تۇرغۇزدى. يەنە بىر تەرەپكە يىغىلغان ئايال - باللارنىڭ ئامانلىقى بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا تاپشۇرۇلدى. قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي لاۋازىمەتلىرى سېپىلدىن چىقىرىلىپ، بىر يەرگە توپلاندى. كۆپلارنىڭ ئېغىزلىرى بىر - بىرلەپ ئېچىلىپ، شاراپ ۋە ئېچىتىلغان خورما شەربەتلىرى تۆكۈۋېتىلدى.

ئەۋسلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنىڭ كونا ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى قۇرەيزەلىكلەرگىمۇ خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىغا قىلغان مۇئامىلىگە ئوخشاش يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئەۋسلىكلەر! ئەگەر ئاراڭلاردىن بىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارسا، سىلەر شۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولامسىلەر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى خەندەك غازىتىدا يارىلانغان ۋە ھازىر مەدىنىدىكى مەسجىدتە داۋالىنىۋاتقان (قەبىلە رەئىسى) سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يات - يات يوقلاپ تۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، مەسجىدكە يۆتكەپ ئاپىرىۋالغان بولۇپ، ئەسلەم قەبىلىسىدىن رۇفەيدە ئىسىملىك بىر ئايال ئۇنى داۋالاۋاتاتتى. ئەۋس قەبىلىسىلىك بىر نەچچە كىشى سەئدنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنى بىر قېچىرغا مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. قەبىلىسىدىكىلەر يولدا ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ سېنى ئىتتىپاقداشلىرىمىز ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بەلگىلىدى. ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىپ، ئېغىر ھۆكۈم چىقارمىغىن!» دېيىشتى. لېكىن سەئد بەكمۇ ئادالەتلىك بىرى بولۇپ، مىجەز - خاراكتېرى جەھەتتە بەئەينى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆزى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىدا ئەسىر ئېلىنغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، ئۆمۇ



www.munber.org

ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش پىكرىنى بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پىكرى كېيىنچە نازىل بولغان ئايەتلەردە تەستىقلانغانىدى. بەدرىدە قويۇۋېتىلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇھۇد ۋە خەندەك غازاتلىرىدىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانىدى. بۇ قېتىم، مەدىنىنى پۈتۈنلەي ئىستىلاھ قىلىش نىيىتىدە كەلگەن قۇرەيشلەرنىڭ ئەسلى كۈچ ۋە جاسارەت مەنبەسى بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ ياردىمى بولۇپ، ئەگەر بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى سۈرگۈن قىلىنماي، قىرىپ تاشلانغان بولسا، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سانى بۇنچە كۆپىيىپ كەتمەيتتى ھەم بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىمۇ شۇنداق جىددى پەيتتە ئەھدىنامىنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئاسىيلىق قىلمىغان بولاتتى. ئۇندىن باشقا، سەئد بەنى قۇرەيزە قەبىلىسگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇم يېڭىلىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنچ باغلاپ، ئەلچىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قىلچە پىسەنت قىلمىغانلىقىنى تېخى يادىدىن چىقارمىغانىدى. ئەگەر ھازىر ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلسا، پۈتۈن ئەۋس قەبىلىسى ئۇنىڭدىن بەكمۇ نارازى بولاتتى. لېكىن، سەئد باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە بەك ئېتىۋار بېرىپ كەتمەيتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بېرىدىغان بۇ قارارى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە كېلىدىغان ھەرقانداق دىشۋارچىلىقتا قايغۇرۇپمۇ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قىسقىچە قىلىپلا: «مەن سەئدكە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىدىن قورقمايدىغان ۋاقىت كەلدى» دەپ جاۋاب بەردى.

سەئد بەستلىك، كېلىشكەن، سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. سەئد چىقىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋسلىكلەرگە: «رەئىسىڭلارنى قارشى ئېلىڭلار!» دېدى. ئەۋسلىك بىر توپ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قېچىردىن چۈشۈردى ۋە: «ئى ئەبۇئەمر! رەسۇلۇللاھ سېنى ئىتتىپاقداشلىرىمىز ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بەلگىلىدى» دېيىشتى. سەئد ئۇلارغا قاراپ: «مېنىڭ چىقارغان ھۆكمىمگە رازى بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئاللاھقا ۋەدە ۋە قەسەم بېرەلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ھەئە!» دەپ جاۋاب بەردى. سەئد يەنە: «ھەممىڭلارنىڭ جاۋابى ئوخشاشمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق!» دەپ جاۋاب بەردى. «ئۇنداقتا» دېدى سەئد: «مەن ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، ئايال ـ بالىلارنى ئەسىر ئېلىشقا ۋە مال ـ ۋارانلارنى مۇسادىرە قىلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن.»[1] ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن، ئاللاھنىڭ يەتتە قات ئاسمانىنىڭ قەرىدە تۇرۇپ چىقارغان ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم چىقاردىڭ» دېدى.

ئايال ۋە بالىلار شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەرلەر بولسا، سېپىل سىرتىغا قۇرۇلغان قارارگاھتا قالدى ۋە كېچىچە تەۋرات ئوقۇپ، بىر ـ بىرىگە سەۋر ـ تاقەت تەۋسىيە قىلىشتى. ئەتىسى سەھەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە بازار بولىدىغان يەرگە تار ۋە ئۇزۇن

---

[1] سەئدنىڭ قارارى يەھۇدىيلارنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشىغا باغلىق ئىدى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنلىرىدىكى: «قورشاۋغا ئېلىنغان شەھەر خەلقى گەرچە ئاسىيلىق قىلمىغان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك» دېگەن ماددىسىغىمۇ ئۇيغۇن ئىدى. ئۇ ماددىدا: «رەببىڭلار ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە بەرگەندە، ئۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار؛ ئەمما ئاياللارنى، كىچىك بالىلارنى، مال ـ چارۋىلارنى ۋە شەھەردىكى بارلىق نەرسىلەرنى غەنىمەت سۈپىتىدە ئۆزەڭلارغا قالدۇرۇڭلار!» دېيىلگەنىدى. [كونا ئەھدە، 5 ـ كىتابتىن]



www.munber.org

ئازگال كولاشقا بۇيرىدى. ئازگال كولىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەتتە يۈز ئەتراپىدىكى يەھۇدىي بىرنەچچىدىن بولۇپ، ئازگال ئالدىغا قاتار تىزلاندۇرۇلدى. ئەلى، زۇبەير ۋە باشقا ياش ساھابىلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىنى بىر ـ بىرلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

ھۇيەي ئازگال بېشىغا كېتىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدى ۋە: «مەن ساڭا قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ئەيىپلىمەيمەن» دېگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا بۇرۇلۇپ: «ئاللاھنىڭ ئەمرىدە خاتالىق بولمايدۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ ئۆز كىتابىدا بەنى ئىسرائىل قەۋمى ھەققىدە يازغان ھۆكمى، قارارى ۋە ئۆلۈم پەرماندۇر» دېدى.

زابىر ئىبنى باتا ئىسىملىك ياشىنىپ قالغان بىر يەھۇدىينىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلمىغاچقا، مەدىنىگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئايال ـ بالىلار تۇرۇۋاتقان چېدىرلارنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەتىسى، ئەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يەھۇدىي ئاياللىرى نالە ـ پەرياد قىلىشىپ، مەدىنە كوچىلىرىنى بېشىغا كىيىشتى. زابىر ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ: «ئۈنداق قىلماڭلار! سىلەر دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى باشقىلارغا ئەسىر چۈشكەن تۇنجى يەھۇدىي ئاياللىرى ئەمەسقۇ؟ ئەگەر ئەرلىرىڭلار ياخشى كىشىلەر بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بۇ ھالغا قويمىغان بولاتتى. شۇڭا، سىلەر ئۆزەڭلارنى يەھۇدىي دىنىغا ئاتاڭلار، چۈنكى بىز بۇ دىنىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ، ئاخىرەتتە مۇشۇ دىن بىلەن تىرىلىشىمىز لازىم!» دېدى.

زابىر ئىسلامنىڭ ئەڭ ئازغۇن دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپلىگەن يەھۇدىيلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتكەن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، خەزرەجلىك سابىت ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرىۋالغانىدى. سابىت ئىبنى قەيس زابىرنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم» دېدى. ئەمما سابىت بۇ ئەھۋالنى زابىرغا يەتكۈزگەندە، ئۇ: «مەن قېرىپ قالغان ۋاقتىمدا، بالا ـ چاقامسىز قانداق ياشايمەن؟» دېدى. سابىت يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئايال ـ بالىلىرىنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. زابىر بۇ قېتىم: «ھىجاز تەۋەسىدە ھېچقانداق مال ـ چارۋىسى يوق بىر ئائىلە جېنىنى قانداق باقىدۇ؟» دېدى. سابىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا يەنە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ ۋارانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئەمما، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆلۈمى زابىرنىڭ كاللىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ سابىتقا: «ئەگەر سەن مېنى دوستلىرىمنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتمىسەڭ، مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققىمدىن رازى بولمايمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟» دەپ تۇرۇۋالدى. سابىت بۇنى دەسلەپ قوبۇل قىلمىدى. لېكىن، زابىر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، يەھۇدىيلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغان يەرگە ئېلىپ باردى. زۇبەير ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جەسىدىنى ئازگالغا كۆمۈۋەتتى. زابىرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى قويۇپ بېرىلدى. مال ـ ۋارانلىرىمۇ سابىتنىڭ كېپىللىقى ئاستىدا ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.



www.munber.org

باشقا ئايال ۋە باللار مۇسادىرە قىلىنغان ماللار بىلەن بىرلىكتە بۇ مۇھاسىرىگە قاتناشقان مۇسۇلمان ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خەيبەردىكى يەھۇدىيلار فىدىيە تۆلەپ قۇتقۇلدۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېسىۋىسىگە رەيھانە ئىسىملىك بىر ئايال توغرا كەلدى. رەيھانە بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن زەيدنىڭ قىزى بولۇپ، بەنى قۇرەيزەلىك بىرىگە ياتلىق بولغانىدى. رەيھانە بەكمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۇ كېيىنكى ھاياتىنى (ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن بەش يىل ياشىغان) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئۇنى رىفائەنى پاناھلىقىغا ئالغان ھاممىسى سەلمانىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. رەيھانە باشتا ئىسلام دىنىغا يېقىنلاشمىدى. لېكىن، رىفائە ۋە بەنى ھەدىل قەبىلىسىدىن ئۈچ ياش ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى ئۆگەتتى. كۆپ ئۆتمەي، بۇ ئۈچ ياشنىڭ بىرى بولغان سەئلەبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، رەيھانەنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەكمۇ سۆيۈندى ۋە ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە ياتلىق بولۇشىنى ئېيتتى. لېكىن، رەيھانە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئۆز ھىمايەڭگە ئالساڭلا بولدى. بۇ، ھەم مەن ئۈچۈن ھەمدە سەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى!» دېدى.

www.munber.org

## مۇھاسىرىدىن كېيىن

**(62)**

سەئد، يەنى قۇرەيزە ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مەسجىدتىكى كېسەل چېدىرىغا قايتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئاللاھقا: «پەرۋەردىگارىم! ئەگەر مېنىڭ تەقدىرىمدە دۇشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىش بولسا، مېنىڭ ھاياتىمنى ئۇزاتقىن. ئەگەر بولمىسا، مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن!» دەپ دۇئا قىلغاندى. مۇھاسىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر كېچىسى، ئۇنىڭ ھالىنى سورىغىلى كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردى. دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، باغرىغا باستى ۋە: «پەرۋەردىگارىم! سەئد سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنىڭ ئەڭ ئىتائەتكار ساھابىسىدۇر. ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشنى تولۇق قىلدى. ئۇنىڭ روھىنى سەن ياراتقان جانلىقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ روھىنى ئالغاندەك ئالغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھوشىغا كەلگەن سەئد: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنىڭ بىزگە دىننى تەبلىغ قىلغانلىقىڭغا شاھادەت ئېيتىمەن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن، جىبرىئىل كەلدى ۋە ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇنىڭ جىنازىسىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغانلار، جىنازىنىڭ بەكمۇ يەڭگىللىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، سەئد تەمبەل ئادەم ئىدى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بەردى. جىنازا قەبرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن قەبرىستانلىققىچە كەلگەن بىر توپ ئەر ـ ئايالغا ئىمام بولۇپ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. جەسەد قەبرىنىڭ ئىچىگە قويۇلۇۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى سارغىيىپ كەتتى ۋە: «سۇبھانناللاھ!» دېدى. ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن: «سۇبھانناللا!» دېيىشتى. پۈتۈن قەبرىستانلىق «سۇبھانناللاھ!» ئاۋازى بىلەن ياڭراپ كەتتى. كەينىدىنلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلھەمدۇلىللاھ!» دېدى، قەبرىستانلىق يەنە «ئەلھەمدۇلىللاھ!» ئاۋازلىرى بىلەن ياڭرىدى. كېيىنكى كۈنلىرى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئۇ كۈنى نېمە ئىش يۈز بەردى؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىز سەئدنىڭ قەبرىستانلىقنىڭ ئاغزىنى ئەتكەن ۋاقتىمىزدا، سەئد ئۆزىنى بىرئاز قىسىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئىنسان بۇ قەبرىنىڭ قىسىشىدىن قۇتۇلالىسا، سەئدمۇ چوقۇم قۇتۇلالىغان بولاتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئاللاھ ئۇنىڭغا راھەتلىك ئاتا قىلدى (يەنى قەبرىنى كەڭەيتىپ بەردى)» دەپ جاۋاب بەردى.

سەئد ۋاپات بولۇپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى سەھەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئۇممۇ سەلەمەگە: «ئەبۇلۇبابە كەچۈرۈم



www.munber.org

قىلىندى» دېدى. ئۇممۇ سەلەمە: «ئۇنىڭغا خەۋەر بېرەيمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئىختىيارىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇممۇ سەلەمە ھۇجرىسىنىڭ مەسجىدكە قارىتىپ ئېچىلغان ئىشىكىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە سەل نېرىدىكى تۈۋرۈكتە باغلاغلىق تۇرغان ئەبۇلۇبابەگە قاراپ: «ئەي ئەبۇلۇبابە! خۇشخەۋەر، سەن كەچۈرۈم قىلىندىڭ» دېدى. مەسجىدتىكى بىر نەچچە ئادەم ئۇنى يېشىۋېتىش ئۈچۈن ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن، ئۇ ئۇلارغا ئۇنىمدى ۋە: «مېنى رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن يەشمىگىچە، مۇشۇ پېتى تۇرىۋېرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بامدات نامىزىغا چىققاندا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە باغلىقنى يېشىۋەتتى.

ئەبۇلۇبابە نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر نەرسە ئاتىماقچى بولغانىدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئاتىشىنى بۇيرىدى. ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ۋەھيىدە باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ﷲ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

خەندەك غازىتىدىن بەش ئاي كېيىن، قۇرەيشلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ كارۋىنىنىڭ سۇرىيەدىن مەككىگە قايتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا يەتكۈزۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەيد باشچىلىقىدىكى **170** ئەسكەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. زەيد ۋە قول ئاستىدىكىلەر كارۋاننى پۈتۈنلەي قولغا كىرگۈزگەندىن سىرت، بىر مۇنچە ئادەمنىمۇ ئەسىرگە ئېلىۋالدى. كارۋاندىكى مالنىڭ كۆپىنچىسى سەفۋاننىڭ بولۇپ، ئارىسىدا كۈمۈش بۇيۇملارمۇ بار ئىدى. ئادەملەردىن بىر نەچچىسى قېچىپ كەتتى. قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۈيئوغلى ئەبۇل ئاسمۇ بار بولۇپ، ئۇ مەدىنىنىڭ بىقىنىدىكى يول بىلەن مەككىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. مەدىنىگە يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىچىگە ئايالى زەينەب بىلەن كىچىك قىزى ئۇمامەنى كۆرۈش ئارزۇسى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، قاراڭغۇ چۈشكەندە تەۋەككۈل قىلىپ شەھەرگە كىردى ۋە باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ، زەينەب تۇرۇۋاتقان ئۆينى ئاسانلا تېپىۋالدى. زەينەب ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. بىلالنىڭ ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغانغان زەينەب ئېرى بىلەن قىزىنى ئۆيگە قويۇپ، ئۆزى مەسجىدكە چىقتى ۋە باشقا قىز قېرىنداشلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاياللىرى بىلەن بىرلىكتە، ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئاياللارغا ئايرىلغان يەردە سەپ تۈزەپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ناماز تەكبىرىنى باشلاپ بەردى، قالغانلار ئۇنىڭ كەينىدىن داۋاملاشتۇردى. تەكبىر تۈگەپ، ھەممەيلەن بېسىققان

[1] تەۋبە سۈرىسى، 103 ـ ئايەت.



www.munber.org

ۋاقىتتا، زەينەب بار كۈچى بىلەن: «ئەي مۇئمىنلەر! رەبى ئىبنى ئەبۇل ئاس مېنىڭ پاناھلىقىمدىدۇر» دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن ئۆزىمۇ تەكبىر ئېيتىپ، نامازغا تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ سالىمىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى جامائەت تەرەپكە قىلدى ۋە: «مەن ئاڭلىغان سۆزنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر؟» دېدى. جامائەت بىردەك: « ئاڭلىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ئىشتىن سىلەر بىلەن تەڭ خەۋەردار بولدۇم. بىر مۇسۇلماننىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن بىرى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ئاندىن قىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئۇنى قىزغىن كۈتىۋالغىن، ئەمما ساڭا يېقىنچىلىق قىلىشىغا يول قويمىغىن! چۈنكى، ئۇ ھازىر سېنىڭ ئېرىڭ ئەمەس» دېدى. زەينەب دادىسىغا: «ئەبۇل ئاس ئۆزىگە ئىشىنىپ مال بەرگەن بىر مۇنچە كىشىنىڭ ماللىرىغا سۈرىيەدىن مال تېگىشىپتىكەن. ئۇ شۇماللار ئۈچۈن بەكمۇ قايغۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كارۋاننىڭ ئالدىنى توسقىلى بارغان ۋە غەنىمەتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئەبۇل ئاسنىڭ ماللىرىنى بۆلۈشىۋالغان ئەسكەرلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سىلەرنىڭمۇ خەۋىرىڭلار بولغىنىدەك، بىز بۇ ئادەمنى ئۆز ھىمايىمىزگە ئالدۇق. ئۇنىڭ ماللىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتۈپ بولدى. ئەگەر ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ، ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، مەن بەكمۇ سۆيۈنىمەن. ياق! ئەگەر قايتۇرۇپ بەرمىسەڭلار، بۇمۇ سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار. ئۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان غەنىمەتلىرىدۇر. ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر» دېدى. ئۇلار ماللارنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى سەزگەن بىرەيلەن: «نېمە ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىپ، بۇ ماللارنى ئۆزەڭگە ئېلىپ قالمايسەن؟ بۇ ماللار بۇتپەرەسلەرنىڭ ماللىرى ئەمەسمۇ؟!» دەپ سورىدى. ئەمما ئۇ: «مەن ماڭا ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويۇپ، ماللىرىنى ئۆزەمنىڭ قىلىۋالسام توغرا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇل ئاس ماللارنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ، مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، زەينەبمۇ ئېرى بىلەن يارىشىۋالدى. بۇ ئىشقا، پۈتۈن شەھەر خەلقى بەكمۇ سۆيۈندى.

www.munber.org

# مۇناپىقلار

## (63)

زەيد شەرقتىكى كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، يولنى ئېتىپ قويغاندىن كېيىن، كۆزنى يەنە ئۆزلىرى ھەردائىم قوللىنىدىغان غەربىي يولغا بۇرىغان قۇرەيشلەر، بۇ قېتىم قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بەنى مۇستەلەق ئايمىقىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغىدى. قۇرەيشلەر بۇ قەبىلىگە دېڭىز ساھىلىدىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭمۇ قېتىلىشى نەتىجىسىدە، غەربىي يولنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قايتىدىن بىخەتەر ھالغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، باشقا قەبىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرەيشلەر ئۈمىد قىلغاندەك بەكمۇ دۈشمەنلىك قىلىپ كەتمەيتتى. كۆپ ئۆتمەي، بۇ خەۋەرلەر مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. بۇ، كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى غەرب تەرەپتىكىلەرگىمۇ كۆرسىتىپ قويۇشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى. سەككىز كۈندىن كېيىن، بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى تېخى يولغا چىقماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن، سۇيى مول بىر يەرگە كېلىپ چۈشۈپ بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى چېدىرلاردا ياشايدىغان بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئەتراپىنى چاقماق تېزلىكىدە قورشىۋالدى. دۈشمەنلەر كۆپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا، مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر، دۈشمەندىن بولسا، ئون ئەتراپىدا ئادەم ئۆلدى. ئىككى يۈزگە يېقىن ئائىلە ئەسىر ئېلىنغاندىن سىرت، ئىككى مىڭ تۆياق تۆگە بىلەن بەش مىڭ تۆياق قوي ـ ئۆچكە غەنىمەت ئېلىندى.

قوشۇن ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بەردى. غىفار ۋە جۇھەينە قەبىلىلىرىدىن ئىككى ئادەم قۇدۇق بېشىدىكى قايسى چېغىرىقنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قىزىرىشىپ قالدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش بىردەمدىلا جەڭگە ـ جېدەلگە ئايلاندى. ئۆمەرنىڭ زاپاس ئېتىنى يېتىلەپ كەلگەن غىفارلىق خىزمەتچىسى: «ئەي قۇرەيشلەر! نەدە سىلەر؟» دەپ توۋلىدى. جۇھەينەلىك ئادەم بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى ئىتتىپاقدىشى بولۇپ كېلىۋاتقان خەزرەجلىكلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. دەرغەزەپ بولغان مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بەزى ساھابىلەر ئۇلارنى توسۇپ قالمىغان بولسا، قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. گەرچە جېدەل بېسىققان بولسىمۇ، ئىشنىڭ ئايىغى تېخى تۈگىمىگەنىدى. مۇناپىقلار بۇ قېتىمقى سەپەردە ئادەتتىكىدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار نىشاننىڭ مەدىنىگە يېقىنلىقىنى، يېرىنىڭ مۇنبەت ۋە غەنىمەتنىڭ كۆپلىكىنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېگى تېخى ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە: «ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش ۋە سەپەرلەر خەزرەج ۋە ئەۋسلىكلەرنىڭ قۇرەيشلەرنى قوللىشى ئاستىدا روياپقا چىقىۋاتىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە، قارارگاھ بەنى قەيلە قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، قۇرەيش ‹كەلگۈندىلەر› بولسا، بۇرۇنقىدەكلا ئۇلارنىڭ پاناھلىقىدىكى

www.munber.org

ئىنسانلار ئىدى. مانا مۇشۇ خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرغان ئىبنى ئۇبەي قاتارلىق بىر توپ مۇناپىقنىڭ قۇلىقىغا نېرىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارىلىرىدىن بىرى نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن كەتتى ۋە گۇناھىنىڭ ئۆمەرنىڭ خىزمەتچىسىدە ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋۋال قول كۆتەرگەنلىكىنى ئۇقۇپ كەلدى (ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى). بۇنى ئاڭلىغان مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدىكى خەندەك غازىتىدىن قالغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى بىردىنلا لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى. چۈنكى مۇھاجىرلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن بەش يىلدىن بۇيان، ھەرخىل ئۇرۇش، مۇھاسىرە ۋە سەپەرلەرنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىپ بارغاندىن سىرت، جەمئىيەتتىكى ئورنى چوڭ، باي قوشنىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنىپ، يەنە بەزىلىرى قەتلى قىلىنغانىدى. ۋادىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى ھەل قىلىش بەكمۇ مۇھىم ئىدى. ئەمما، ئىبنى ئۇبەي: «ئەگەر مەن پادىشاھ بولۇپ قالسام، بۇ مەسىلىنى چوقۇم ھەل قىلىمەن» دەپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى، بۇ بىچارە ‹كەلگۈندىلەر› شۇنچە كاتتا ئىنسانىنىڭ (ئۆزىنى دېمەكچى ـ ت.) قۇدۇقىقا يېقىنلىشىشىغىمۇ يول قويمىغۇدەك دەرىجىدە يوغىناپ كەتكەنىدى. «دېمەك، ئۇلار شۇنداق يوغىناپ كەتتى ـ ھە!» دېدى ئۇبەي: «بۇ چۈپرەندىلەر بىزنىڭ بىشىمىزغا چىقىۋېلىپ، بىزنى ئۇرغىدەك بولۇپ كەتتىمۇ؟ ”ۋاپاغا جاپا“ دېگەن شۇ ـ دە! تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.» ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان زەيد ئىسىملىك تەقۋا بىر يىگىت ئىبنى ئۇبەينىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ خائىننى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۆمەر! باشقىلار: مۇھەممەد ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ـ دېمەمدۇ؟» دېدى. ئەنسارلاردىن بىرى ئىبنى ئۇبەينىڭ يېنىغا باردى ۋە زەيدنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتقان سۆزلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئىبنى ئۇبەي دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن خەزرەجلىك بىر نەچچىسىمۇ ئۇنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى تەستىقلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى ۋە ساھابىلەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئەمرىنى بەردى.

بۇ، كۈن راسا قىزىغان چاغ بولۇپ، ئادەتتە سەپەرگە ئاتلانمايدىغان ۋاقىت ئىدى. يولدا ناماز ئۈچۈن پات ـ پات توختىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتىسى كۈن قىزىغىچە توختىماي يول ماڭدى. بىر مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ، چۈشكۈن قىلغان قوشۇندىكىلەر بەكمۇ چارچاپ كەتكەچكە، ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە خەزرەجلىكلەرنىڭ رەئىسى ھېسابلىنىدىغان سەئد ئىبنى ئۇبادەگە ئۆزىنىڭ زەيدنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى مەخپىي بىلدۈرۈپ قويدى. «ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى ئۇبادە: «ئەگەر خالىساڭ، سەن ئۇنى كۆزدىن يوقىتىۋېتەلەيسەن. چۈنكى سەن ئەزىز، ئۇ بولسا خار ئىنسان» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىبنى ئۇبەيگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. لېكىن، سەئد بىلەن قىلىشقان سۆھبەتتىن كېيىنلا نازىل بولغان ‹مۇنافىقۇن› سۈرىسىدە ئاللاھنىڭ بۇ ئىش



www.munber.org

توغرىسىدىكى ھۆكمى بايان قىلىنغانىدى. يەنە بىر ئايەتتە زەيدنىڭ سۆزلىرى (گەرچە قۇرئاندا ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنىڭغا قارىتىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ـ ت.) بىرمۇ بىر تەكرارلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغىچە بۇ سۈرىنى ھېچكىمگە ئوقۇپ بەرمىدى. ئەمما يولدا زەيدكە يېقىنلىشىپ، قۇلىقىغا: «ئاللاھ سېنىڭ سۆزلىرىڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى» دېدى.

ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ قوشۇن ئىچىدە بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ قايغۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، كىشىلەر ئۆمەرنىڭ ئىبنى ئۇبەيىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۆلۈم قارارىنىڭ دەرھال بېرىلىپ، دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئەنسىرىگەن ئابدۇللاھ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىپ كەلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاڭلىسام، دادام ئىبنى ئۇبەيىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپسەن. ئەگەر چوقۇم شۇنداق قىلماقچى بولساڭ، مەن بېرىپ دادامنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلەي. پۈتۈن خەزرەجلىكلەر مېنىڭ دادامغا قانچىلىك سادىق ۋە ئىتائەتكار ئىكەنلىكمنى بىلىدۇ. ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى باشقا بىرىگە تاپشۇرساڭ، مەن نەپسىمنىڭ دادامنىڭ قاتىلىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورقىمەن. ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، كاپىرنىڭ ئورنىغا مۇئمىننى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، دوزاخ ئوتىغا چۈشۈپ كېتىشىم مۇمكىن» دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: « ياق! ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن!» دېدى.

www.munber.org

# مونچاق

## (64)

ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە بۇ قېتىملىق سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ھەمراھ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بىمەھەل يولغا چىقىش ئەمرىنى بەرگەن يەردىن بىر نەچچە قونالغۇ نېرىدا، ئائىشە مونچىقىنى يۈتتۈرۈپ قويىدى. كۆن پاتقان مەزگىل بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما مونچاقنى تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە ئائىشەنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. چۈنكى، بۇ مونچاقنى ياتلىق بولغان كۈنى ئانىسى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۈجەۋھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. قونالغۇ قىلىنغان يەردە سۇ بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ يەردە بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمر بەرگەنىدى. لېكىن، كەينىدىنلا تاڭ ئاتقىچە شۇ يەردە قېلىشقا ئەمر قىلدى. پىلاننىڭ ئۆزگەرتىلىش سەۋەبى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقالدى ۋە كۆپىنچە كىشى كىچىككىنە مونچاق ئۈچۈن شۇنچە چوڭ قوشۇننىڭ سۇسىز بىر يەردە تۇرغۇزۇپ قويۇلغىنىغا ئاچچىقلاندى. ساھابىلەردىن بەزىلىرى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرمۇنچە ۋايسىدى. ئەبۇبەكرى قىزىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن ھەم خىجىللىقتا قالدى ھەم ئاچچىقلاندى. يېقىن ئەتراپتا ھېچقانداق قۇدۇق يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسكەرلەر يېنىدىكى سۇلىرىنى ئىشلىتىپ بولغانىدى. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ بولمىغاچقا، بامدات نامىزىنى بۇ يەردە ئوقۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا تەيەممۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولدى. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەدۇر:

﴿... سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار...﴾[1]

قونالغۇغا كېلىپ چۈشكەندىن بېرى قوشۇننىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالغان غەم ـ غۇسسە بىردىنلا يوققا چىقتى. ئۇسەيد ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەي ئەبۇبەكرى ئائىلىسى! بۇ سىلەرنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن تۇنجى مەرھەمەتڭلار ئەمەس» دېدى.

تاڭ ئاتقان بولسىمۇ، مونچاق تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مونچاق ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇش قارارى ئېلىندى. ئائىشەنىڭ تۆگىسى ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، كېچىچە تۆگىنىڭ ئاستىدا قالغان مونچاق تېپىلدى.

ئۇندىن كېيىنكى قونالغۇ قۇملۇق بىر ۋادا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىككى چېدىرى يەنە باشقا چېدىرلارنىڭ سەل نېرىسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ھەمراھ بولۇش نۆۋىتى ئائىشەگە كەلگەنىدى. ھەزرىتى ئائىشە كېيىنكى يىللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆزى بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق

[1] نىسا سۈرىسى، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

دېگەنىدى: «مەن پۈچىقاقلىرىمنى يۇقىرىغا تۈردۈم، ئۇمۇ شۇنداق قىلدى. مۇسابىقە باشلاندى ۋە ئۇ يېڭىۋالدى. ئاندىن ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدە يۈز بەرگەن بىر ئىشنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: ''بىرگە بىر بولدى'' دېدى. ئۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادامنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى، مېنىڭ قولۇمدا بىر نەرسە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىكى نەرسىنى سورىدى، مەن بەرمەي قاچتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىمدىن قوغلىغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا يېتىشەلمىگەنىدى.»

ئائىشەنىڭ مونچىقىنىڭ يىپى ئىنچىكىلەپ كەتكەچكە، مەدىنەگە يېقىن يەردىكى قونالغۇدا، ئائىشە تاھارەت سۇندۇرغىلى بارغان ۋاقىتتا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، يەنە چۈشۈپ قالدى. ئائىشە قوشۇننىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇمۇ سەلەمە بىلەن بىرلىكتە كاجۇىلىرىغا كىردى ۋە پەردىلىرىنى تارتىپ، رومىلىنى قايرىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا، مونچىقىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە كاجۇىدىن چىقىپ، مونچىقىنى ئىزدىگىلى كەتتى. ئادەملەر ئۇ چاغقىچە تۆگىلەرنى تەييارلاپ، كاجۇىلارنى تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە ئارتتى. نورمال ئەھۋالدا ئىككى كاجۇىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى. چۈنكى، ئوتتۇز ياشلىق بىر ئايال بىلەن ئون تۆت ياشلىق، ئورۇق بىر قىزنىڭ كاجۇىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى ـ ئەلۋەتتە! لېكىن، بۇ قېتىم كاجۇىنىڭ تېخىمۇ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى سەزمىدى ۋە شۇ پېتى يولغا چىقتى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ۋەقە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مونچىقىمنى تېپىپ، قوشۇننىڭ يېنىغا قايتتىم. لېكىن، ھېچكىم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ كاجۇىدا يوقلۇقۇمنى بىلىپ، ئىزدەپ كېلەر دېگەن خىيال بىلەن ساقلاپ ئولتۇردۇم. ئولتۇرغان يېرىمدە مۈگدەك بېسىپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن. مەلۇم سەۋەب بىلەن قوشۇننىڭ كەينىدە قالغان سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېنى كۆرۈپتۇ. بىزگە رومال ئارتىش ئەمرى كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ مېنى بىر قانچە قېتىم كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇ مېنى كۆرۈپلا تونۇپ قاپتۇ ۋە: ''ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن (بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز)، بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالىغۇ؟!'' دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغاندىم ۋە دەرھال يۈزۈمنى ياپتىم. سەفۋان مېنى تۆگىسىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى تۆگىنى يېتەكلىگەن پېتى كېيىنكى قونالغۇغا ئېلىپ باردى.»

قوشۇن قونالغۇغا بېرىپ، ئائىشەنىڭ كاجۇىسىنى يەرگە چۈشۈرگەن بولسىمۇ، كاجۇىدىن ھېچكىم چىقمىغاچقا، ھەزرىتى ئائىشەنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇلار قونالغۇدىن يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سەفۋاننىڭ تۆگىسىگە مىنگەن پېتى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. مانا بۇ، پۈتۈن مەدىنەگە كەڭ تارقىلىدىغان پىتنىنىڭ باشلانغۇچى ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغقىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئائىشە ۋە ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى.

غەنىمەتلەر ھەر قېتىمقىدەك تارقىتىپ بېرىلدى. ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا يېڭىلگەن قەبىلىنىڭ رەئىسى ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەمۇ بار ئىدى. ئەنسارلاردىن بىرى ئۇنى ئەسىر ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ مىقداردا فىدىيە تەلەپ قىلدى. جۇۋەيرىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ



www.munber.org

ھىجرىسىدا بولۇپ، ئىشىكنى ئائىشە ئاچقانىدى. كېيىنچە، ئائىشە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە جەزبىدار ئايال ئىدى. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئەرنىڭ كۆڭلى شۇررىدە ئېرىپ كېتەتتى. مەن ئىشىكنى ئالدىدا ئۇنىڭ تۇرغانلىقى كۆرۈپ تەشۋىشلەندىم. چۈنكى مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنى رەسۇلۇللاھ چوقۇم كۆرەلەيتتى. جۇۋەيرىيە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەبىلە رەئىسى ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە بولىمەن. مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى بىلىسەن. فىدىيە ھەققىدە سەندىن ياردەم سوراپ كەلدىم، - دېدى. رەسۇلۇللاھ:

- ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىنى ئارزۇ قىلامسەن؟- دەپ سورىدى. جۇۋەيرىيە:

- ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نېمە بار؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سېنىڭ فىدىيەڭنى مەن تۆلەۋېتىمەن، سەن ماڭا ياتلىق بولىسەن، - دېدى.»

جۇۋەيرىيە بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ دادىسى فىدىيە ئۈچۈن تۆگىلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، تېخى ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلمىغانىدى. دادىسى ئېلىپ كەلگەن تۆگىلەرنىڭ سانى ۋەدىلەشكەن ساندىن ئاز ئىدى. چۈنكى ھارىس ئەقىق جىلغىسىدا تۆگىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆزى ياقتۇرۇپ قالغان ئەڭ ياخشى ئىككى تۆگىنى شۇ ئەتراپتا بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىدى. قالغان تۆگىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇپ:

— ئى مۇھەممەد! سەن قىزىمنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىدىڭ. مانا بۇلار فىدىيە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن تۆگىلەر، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەمما ئەقىق جىلغىسىغا تىقىپ قويغان ئىككى تۆگە قېنى؟- دېدى ۋە تۆگە تىقىپ قويۇلغان يەرنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ھارىس:

— ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن!- دېدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ مۇسۇلمان بولدى. ھارىس تىقىپ قويغان ئىككى تۆگىنىمۇ ئەكىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى. كۆپ ئۆتمەي، جۇۋەيرىيەمۇ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىستىن قىزىنى سورىدى، ھارىسمۇ ئىككىلەنمەيلا قىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى. مەسجىد ھويلىسىدا جۇۋەيرىيە ئۈچۈن ئايرىم ھۇجرا ياسالدى.

ئەسىرلىرىدىن تېخى فىدىيە ئېلىپ بولالمىغان بەزى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى مۇستەلىق قەبىلىسى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى باغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسىرلىرىنى فىدىيە ئالماي قويۇپ بەردى. قويۇپ بېرىلگەن ئائىلىنىڭ سانى يۈزگە يېقىن ئىدى. ئائىشە جۇۋەيرىيەنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: «ئۆز قەۋمىگە ئۇنىڭدىنمۇ خەيرلىكرەك بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەنىدى.



www.munber.org

# تۆھمەت

## (65)

مەدىنىگە قايتىپ، كۆپ ئۆتمەي ئائىشە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ۋاقىتقىچە، مۇناپىقلارنىڭ ئائىشە بىلەن سەفۋان ھەققىدە تېرىغان پىتنىسى پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ بولغان بولۇپ، ئائىشەنىڭ مۇتەللىب قەبىلىسىدىن جىيەنى مىستەھ قاتارلىق بىر نەچچە كىشى بۇ ئىشقا جىددىي تۇستە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئائىشەدىن باشقا پۈتۈن شەھەر خەلقى (مەيلى ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن) بۇ ئىشنى بىلىپ بولغانىدى. ئائىشە گەرچە ھېچبىر ئىشتىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە بەزىبىر ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇرۇن ئاغرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك مېھىر ـ شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلمايۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئۇنى داۋالاۋاتقانلاردىن: «ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟» دەپ سوراپتتى ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىۋېتەتتى. بۇ ئەھۋالدىن بەكمۇ مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ، غورۇرىغا ئېلىپ، ئەرز ـ شىكايەت قىلمىغان ئائىشە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر قانچە كۈن داۋالىنىپ كېلىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىختىيارىڭ!» دېدى.

ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ھەققىمدە چىققان سۆز ـ چۆچەكلەردىن خەۋەرسىز ھالدا ئانامنىڭ ئۆيىگە باردىم. 20 كۈندىن كېيىن كېسىلىم ياخشى بولۇپ قالدى. بىر ئاخشىمى، مىستەھنىڭ ئانىسى بىلەن تالاغا چىقتۇق (ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن دادامنىڭ ئانىسى قېرىنداش ئىدى). مىستەھنىڭ ئانىسى ئېتىكىنى دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە: ”مىستەھ بېشىنى يېسۇن!“ دېدى. مەن: ”بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بەدرى غازىتىغا قاتناشقان بىرى ھەققىدە مۇنداق دېسەڭ، گۇناھ ئەمەسمۇ؟“ دەپ سورىدىم. مىستەھنىڭ ئانىسى: ”ئەي ئائىشە! ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟“ دەپ سورىدى. ”ئۇلار نېمە دەپتۇ؟“ دېدىم. ئۇ ماڭا تۆھمەتخورلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىتىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. ”بۇ قانداق گەپ؟“ دېدىم مەن. ئۇ: ”ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى“ دېدى. مەن يىغلىغان پېتى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردىم ۋە جىگەر ـ باغرىم قۇرۇپ كەتكىچە يىغلىدىم. مەن ئانامغا: ”ئاللاھ سېنى كەچۈرسۇن! خەقلەرنىڭ ئارقامدىن شۇنچە سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ماڭا ھېچنېمە دېمەپسەن“ دېدىم. ئانام: ”قىزىم، سەن ئۆزەڭنى ئۇپراتما! ئېرى ئامراق چىرايلىق ئايالنىڭ كۈندىشى جىق بولىدۇ. توقال ئاياللار ۋە باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ھەر قىسما گەپلەرنى تارقىتىدۇ“ دېدى. ئۇ كېچىسى توختىماي يىغلاپ چىقتىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈندەشلىك ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋا ئىگىلىرى بولۇپ، ھېچقايسىسى بۇ تۆھمەتكە ئىشەنمىدى ھەم

www.munber.org

ئاربلاشمىدى. دەل ئەكسىچە، ھەممىسى ئائىشەنى ئاقلاپ، ياخشى گېپىنى قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمەتىدىن بۇ تۆھمەتكە ئەڭ كۆپ ئارىلاشقانلارنىڭ بىرى زەينەپنىڭ سىڭلىسى ھەمنە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى) بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەپكە تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىشنى كۆزدە تۇتقانىدى. شۇڭا خەلق: بۇ ئىشتا زەينەپنىڭمۇ قولى بار، ـ دەپ بىلەتتى. لېكىن ئائىشە ئەزەلدىنلا زەينەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئامراق ئاياللىرىدىن بىرى دەپ قاراشتى. زەينەپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ھەمنەنىڭ ئۆزىنىڭ نامىنى قوللىنىپ قىلغان ئىشلىرى تۈپەيلىدىن كۆپ ئىزتىراپ چەكتى. تۆھمەتكە ئارىلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىدا مىستەھتىن باشقا، شائىر ھەسسان ئىبنى سابىتمۇ بار ئىدى. بۇ تۆھمەتنى ئەڭ دەسلەپ تارقاتقان ئىبنى ئۇبەي قاتارلىق مۇناپىقلار پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، بۇ ھەقتە ۋەھىي كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنچە ساقلاپ باقسىمۇ، ھېچنېمە كەلمىگەچكە، ئاياللىرى ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنى بىر ـ بىرلەپ سوراققا تارتىشقا باشلىدى. ئائىشەنىڭ تەگدىشى بولغان ئۇسامە ئۇنى ئاقلاپ: «بۇ بىر تۆھمەتتۇر. بىز ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقىنى بىلمەيمىز» دېدى. ئانىسى ئۈممۇ ئەيمەنمۇ ئۇنى ئاقلىدى. ھەزرىتى ئەلى: «ئاللاھ ساڭا چەكلىمە قويمىدى. ئۇندىن باشقا بىر مۇنچە ئايال بار. مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى خىزمەتچىدىن سوراپ باققىن. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭدىن بىلەلەيسەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرەيرەنى چاقىرتتى ۋە: «ئەي بۇرەيرە! سەن ھازىرغىچە ئائىشەدە گۇمانىڭنى قوزغىغۇدەك بىر ئىش بايقىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇرەيرە: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنىلا بىلىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولسا، ئاللاھ بۇنى رەسۇلىغا بىلدۈرگەن بولاتتى. ئائىشەنىڭ ھېچقانداق قۇسۇرىنى بىلمەيمەن. ئۇ تېخى گۆدەك قىز. ئۇنىڭ بىردىنبىر خاتالىقى شۇكى، مەن ھەرقېتىم خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشنى تاپىلىسام، ئۇ خېمىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قالاتتى ۋە خېمىرنى قوزىسى يەۋالاتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىد مۇنبىرىگە چىقىپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «ئەي ئىنسانلار! مېنىڭ ئەھلىيەم (ئايالىم دېمەكچىمەن) ھەققىدە يالغان سۆزلەرنى قىلىپ، مېنى رەنجىتكەن كىشىلەر ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۆز ئائىلەم بولسۇن ياكى سەفۋان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە سەزمىدىم. ئۇلار مەن ئۆيدە يوق ۋاقىتىمدا، ھېچقايسى ھۇجرىغا كىرمەيدىغان كىشىلەردۇر» دېدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير دەرھال سۆز ئېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋسلىك بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن. ئەگەر ئۇ خەزرەجلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن بولسا، سەن نېمە قىل دېسەڭ، شۇنداق قىلىمىز» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، خەزرەج قەبىلىسىدىن سەئد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سەن يالغان ئېيتتىڭ. سەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيسەن. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆز قەۋمىڭدىن بولغان بولسا، ھەرگىز بۇنداق دېمىگەن بولاتتىڭ» دېدى. چۈنكى تۆھمەت توقۇغۇچى مۇناپىقلار ۋە ھەسسان ئىبنى سابىت خەزرەجلىك ئىدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير قوپۇپ سەئد ئىبنى ئۇبادەگە: «ئەسلىدە سەن يالغان ئېيتتىڭ. ئاللاھقا

قەسەم قىلمەنكى، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمىز. سەنمۇ ئۇلارنىڭ تەرىپىنى تۇتقۇچى مۇناپىقلاردىن سەن» دېدى. ئىككى قەبىلە بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، ئارىدا ماجرا چىققىلى تاس ـ تاماس قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇلارغا ھاي بەردى ۋە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلىغانلىقىنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە بىلمىگەچكە، قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلىدىن سۈرۈشتە قىلغانلىقىنى بىلسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئازابلىناتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن غەيب نەرسىلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم: «مەن ئاللاھ تەرىپىدىن ماڭا بىلدۈرۈلگەن نەرسىنىلا بىلەلەيمەن» دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىنى بىلەلمەيتتى، ئەمما ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆز ساداقىتىنىڭ بۇ تۆھمەتتە ئېيتىلغان ئىشقا ھەرگىز يول قويمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشنى تىلەيتتى.

قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە ۋە سەفۋاننىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇ قەدەر يوغىناپ كەتتىكى، پۈتۈن خەلقى ـ ئالەمگە ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر دەلىل لازىم ئىدى. ئائىشەنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيتتى ھەم ئۇنىڭ سۆزلىرى ھېچبىر مەسىلىنى ھەل قىلالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ بۇ ھەقتە بىر نەرسىلەر دەيدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى. قۇرئاندا سورالغان سوئاللاغا جاۋاب بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىلگەنىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ۋەھيى نازىل بولۇشى ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىدىن ئوخشاش سوئاللارنى سورىغانىدى. لېكىن ئۇ كۈپ ئۆتمەي، بۇ سوئاللارنىڭ مەسىلە بىلەن بىۋاستە چېتىشلىق كىشىدىن، يەنى ئائىشەدىن سورىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«مەن ئائىلەم بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم» دەيدۇ ئائىشە: «ئىككى كېچە يىغلاپ ئۇخلىمىغانىدىم. ئەنسارلىق بىر ئايال بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. مەن ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدىم. ئۇ كىرىپ يېنىمغا ئولتۇردى ۋە مەن بىلەن تەڭ يىغلاشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. ئۇ، مۇناپىقلار مېنىڭ كەينىمدىن گەپ تاپقاندىن بېرى يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرمىغانىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاسماندىن (ئاللاھتىنت) ھېچبىر خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاھادەت ئېيتقاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ: ”ئى ئائىشە! سەن توغرۇلۇق ھەرخىل سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئەگەر سەن پاك بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئاقلايدۇ. ئەگەر چەكلەنگەن ئىشنى قىلغان بولساڭ، ئاللاھقا تەۋبە قىلغىن! چۈنكى بەندە خاتالىقىنى تونۇپ، تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدۇ“ دېدى. مەن يىغامدىن توختاپ دادامغا: ”مېنىڭ نامىمدا رەسۇلۇللاھقا جاۋاب بەرگىن!“ دېدىم. دادام: ”مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم“ دېدى. ئاندىن ئانامدىن سورىدىم،

ئۇمۇ ئۇخشاش جاۋاب بەردى. مەن تېخى كىچىك بولغاچقا، قۇرئان ئايەتلىرىدىن كۆپ يادقا ئالالمىغانىدىم. شۇڭا مۇنداق دېدىم: ”خەقلەرنىڭ مېنىڭ ھەققىمدە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىقىڭنى ۋە ئۇلارغا ئىشەنگەنلىكىڭنى بىلىمەن. ئەگەر سىلەرگە پاك ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام (ئاللاھ مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ)، ماڭا ئىشەنمەيسىلەر. ئەگەر مەن پاك تۇرۇپ تۆھمەتنى ئۇستۇمگە ئالسام، ماڭا چوقۇم ئىشىنىسىلەر“. ئاندىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى يادىمغا پەقەتلا ئالالماي: ”شۇڭا مەن يۇسۇپنىڭ دادىسى دېگەندەك: ﴿مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرى قىلىمەن، سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭلارغا قارىتا ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمەن﴾[1] دېگەن سۆزدىن باشقا نەرسە دېمەيمەن“ دېدىم. ئاندىن تۆشكىمگە بېرىپ، ئاللاھنىڭ مېنى ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ياتتىم. مېنىڭ ھەققىمدە ئايەت نازىل بولۇشىنى كۈتمەيتتىم. چۈنكى مەن ئۆزەمنى ئىسمىم قۇرئاندا زىكىر قىلىنغۇدەك دەرىجىدە مۇھىم شەخس ئەمەس دەپ بىلەتتىم. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدە مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان بىر نەرسىلەرنى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى چىقىپ كەتمىگەنىدى. كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلدى. ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش تومۇرلىرى كۆپۈپ، تېرىلىرى تارتىشىپ كەتتى. قىش كۈنلىرى بولۇشىغا قارىماي، ئۇستى ـ بېشىدىن شۇرقىراپ تەر ئاقاتتى. ۋەھيى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەسلىگە كەلدى ۋە: ”ئى ئائىشە! ئاللاھقا ھەمدى ئېيتقىن! چۈنكى ئۇ سېنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈردى“ دېدى. ئانام يېنىمغا كېلىپ: ”قىزىم! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بارغىن!“ دېدى. مەن: ”ياق! ئورنۇمدىن تۇرمايمەن ھەم ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ھەمدى ئېيتمايمەن“ دەپ تۇرۇۋالدىم.»

نازىل قىلىنغان ئايەت مۇنداق ئىدى:

﴿سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەس، بەلكى ياخشىدۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ؛ بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ـ ت) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ: بۇ ئېنىق بوھتان، ـ دېمىدى؟ ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچى كەلتۈرمىدى؟ ئۇلار گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزەرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ. سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار. بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئاغزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا نېمىشقا: مۇنداق سۆزلەرنى دېمەسلىكىمىز كېرەك. ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر، ـ دېمىدىڭلار؟ ئاللاھ سىلەرگە تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، مۇنداق سۆزلەرنى ھەرگىز قايتا قىلماڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى بايان

[1] يۇسۇف سۈرىسى، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا بىھاياللىقنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى ـ ت). ئاللاھ شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچاندۇر. ئى مۆئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، ئۇنى شەيتان بىھاياللىققا، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچقايسىڭلار ئەبىدى پاك بولماس ئىدىڭلار. ۋاھالەنكى، ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

ۋەھيىدە يەنە زىنا مەسلىسى، زىنا قىلغۇچىلارنىڭ ۋە مۆئمىن ئاياللارغا بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ شەرئەت ھۆكمى بويىچە جازالىنىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغانىدى. بوھتاننى ئوچۇق ـ ئاشكارە يايغان ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمنە، مىستەھ ۋە ھەسسان ئىبنى سابىتلار جازاغا تارتىلىپ، سەكسەن دەررە ئۇرۇلدى. پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي قاتارلىق مۇناپىقلار گۇناھىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە جازادىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى كۆپ سۈرۈشتە قىلمىدى ۋە جازاسىنى ئاللاھقا تاپشۇردى.

مىستەھ ئەبۇبەكرىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشى بولمىغاچقا، ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا نەپەقە بېرىپ كېلىۋاتاتتى. مىستەھنىڭ بۇ بوھتانغا قاتناشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇبەكرى: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشە ھەققىدە يالغان ئېيتىپ، بېشىمغا بالا تېپىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم قىلمايمەن» دېدى ۋە ئۇنىڭغا بېرىۋاتقان نەپەقىسىنى توختىتىپ قويدى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي شۇ ئايەت نازىل بولدى:

﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا بىر نەرسە بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى خالىمامسىلەر؟ ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.﴾[2]

بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى: «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن» دېدى ۋە مىستەھنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەر دائىم بېرىپ كېلىۋاتقان نەرسىلىرىنى بەرگەندىن كېيىن: «بۇندىن كېيىن ئۇنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايمەن» دەپ ۋەدە قىلدى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامۇ ھەسسان ئىبنى سابىتقا ناھايىتى مەرتلىك قىلدى. مۇسىبەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇل قالغان ئايالى ھەمنەنىمۇ جىيەنى تەلھەگە ياتلىق قىلىپ قويدى. ھەمنە تەلھەدىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى.

[1] نۇر سۈرىسى، 11 ـ ئايەتتىن 21 ـ ئايەتكىچە.
[2] نۇر سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.



www.munber.org

## قۇرەيشنىڭ ئارىسالدىلىق

### (66)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزدى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كەئبىگە كىرگەن بولۇپ، كەئبىنىڭ ئاچقۇچلىرى ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئەتىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەن چۈشىنى ساھابىلىرىغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ئۆمرە ھەجگە بېرىپ كېلىشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن، يول تەييارلىقىغا جىددىي تۇتۇش قىلىندى ۋە مۇقەددەس زېمىندا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يەتمىش تۇياق تۆگە سېتىۋېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىرنى يېنىغا ئېلىۋېلىشقا قارار بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىدى. چەك ئۇممۇ سەلەمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) گە چىقتى. ئۇندىن باشقا، ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىكى ئىككى ئايال، نۇسەيبە ۋە ئۇممۇ مەنىنمۇ ئۆمرە قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىدى.

ھەممەيلەن يولدا ئۇۋ ئۇۋلاش ئۈچۈن يېنىغا بىردىن قىلىچ ئېلىۋالدى. ھاجىلار يولغا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، ئۆمەر ۋە سەئد ئىبنى ئۇبادە: «قۇرەيشلەر ھارام ئايلاردىمۇ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قېلىش مۇمكىن» دېدى ۋە تولۇق قوراللىنىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن قورال ئالمايمەن، چۈنكى مەن ھەج قىلىشتىن باشقا ئىشقا ماڭمىدىم» دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. تۇنجى قونالغۇغا چۈشكەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان قىلىنىدىغان تۆگىلەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئەمر قىلدى. تۆگىلەر كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىن بىرنى تاللاپ، مەككە تەرەپكە قاراتتى ۋە ئوڭ تاغىقىغا بەلگە قىلىپ قويغاندىن كېيىن، بويىنغا چەمبىرەك ئاستى. ئاندىن باشقا تۆگىلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلىنىشىنى بۇيرىدى. ئۇندىن كېيىن، خۇزائەنىڭ كەئب ئايمىقىدىن بولغان بىرىنى مەككىنى تىڭ - تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى پارچە رەختتىن تەركىب تاپقان ئەنئەنىۋي ھەج كىيىمى (ئېھرام) كىيىۋالغان بولۇپ، بېشى ئوچۇق ئىدى. ئېھرامنىڭ بىر پارچىسى بەدەنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى يۆگەش ئۈچۈن بەلگە ئورىلاتتى، يەنە بىر پارچىسى، مۈرىدىن ئايلاندۇرۇپ ئارتىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، باشقا ھاجىلار بىلەن بىللە: ”لەببەيكەللاھۇممە، لەببەيك!“ (ئى ئاللاھ! مانا ھوزۇرۇڭغا كەلدىم، سېنىڭ ئەمرىڭدىمەن) دېيىشكە باشلىدى. ھاجىلارنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن ھەجگە تەييارلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمى ئېھرامغا سەل كېيىنرەك كىرمەكچى بولدى. چۈنكى ئېھرام ئۇۋ ئۇۋلاش قاتارلىق بىر مۇنچە ئىشلارنى چەكلەيتتى.

قۇرەيشلەر ھاجىلارنىڭ مەدىنىدىن يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن تەخمىن قىلغاندەك، ساراسىمىگە چۈشتى ۋە مەجلىس ئەزالىرى دەرھال يىغىلدى.



www.munber.org

قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ كەمگىچە مۇنداق جىددىي ئارىسالدىلىق پەيدا بولۇپ باقمىغانىدى. ئەگەر مەسجىدنىڭ قوغدىغۇچىلىرى سۈپىتىدە مىڭغا يېقىن ئەرەب ھاجىنىڭ ئالدىنى توسسا، ئۆز ئەجدادلىرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر دۈشمەنلىرىنىڭ مەككىگە بىخارامان كىرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىغا يول قويسا، بۇ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مەنىۋىي غەلىبە ھېسابلىناتتى. شۇنداقلا، بۇ خەۋەر پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تارقىلىپ كەتكەندىن سىرت، ئالدىنقى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىز مەدىنە سەپىرىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەنلىك بولاتتى. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ ھاجىلارنىڭ كونا ئەنئەنە بويىچە تاۋاپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىبراھىم دىنىنىڭ ياقلىغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، كۆپ ئادەمنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولاتتى. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرگەن قۇرەيشلەر ھاجىلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك قارارىغا كەلدى ۋە: «تەڭرىگە قەسەمكى، ئەڭ ئاخىرقى بىرىمىز قالغۇچە ئۇلارغا قارشى ئېلىشىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشتى.

ھاجىلار ئۇسفانغا يېتىپ بارغاندا، ئالدىن ئەۋەتىلگەن بىر گۇرۇپ قايتىپ كېلىپ، مەككىلىكلەرنىڭ خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدا ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنى باشقا بىر يول بىلەن ئېلىپ ماڭىدىغان بىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدى. ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىرسى بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۇلارنى ساھىل تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيەگە بارىدىغان ئۆتكەلگە بارغۇچە تار ۋە ئەگرى - بۈگرى يوللار بىلەن ماڭدى. ھۇدەيبىيە ھارام قىلىنغان رايوننىڭ بېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، مەككىگە تۆۋەن تەرەپتىن تۇتىشىدىغان تۈزلەڭلىك ئىدى. يول باشلىغۇچى ھاجىلارنى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ كۆزىدىن قاچۇرالىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن بەك كۆپ توپا - چاڭ چىقىپ كەتكەچكە، خالىد ئۇلارنى سېزىپ قالدى ۋە قۇرەيشلەرگە ئۇلارنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن مەككىگە قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەڭ ئامراق تۆگىسى قەسۋە بىلەن يولغا چىققانىدى. بۇ تۆگە سەنىيەتۇلمۇرار دېگەن يەرگە كەلگەندە، چۆكۈۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. مۇسۇلمانلار: «ھال، ھال!» (تۆگىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز) دەپ شۇنچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، تۆگە خۇددى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى. «بۇ تۆگە بەكمۇ جاھىلكەن» دېيىشتى ئۇلار. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ھازىرچە ھۇدەيبىيەنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەي تۇرۇشقا بېرىلگەن ئىشارەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا: «ئۇ جاھىل ئەمەس. ئۇنىڭ يولدا يېتىۋېلىش ئادىتى يوق. ئەينى ۋاقىتتا پىلنى توختىتىپ قويغان كۈچ ئۇنىمۇ توختىتىپ قويدى. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن مەككىلىكلەر كەئبىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ھەرقانداق شەرت قويسا، ئۇنى قوبۇل قىلىمەن» دېدى. ئاندىن قەسۋەنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىدى. تۆگە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇدەيبىگە قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدا سۇ بولمىغان بىر يەرگە چېدىر قۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭسىزمۇ ھاجىلار ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق تۆگىلەرگە قاراۋاتقان



www.munber.org

ئەسلەم قەبىلىسىدىن ناجىيەنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ قانچىلىك سۇ تاپالىسا، شۇنچىلىكىنى بىر سوغىغا ئېلىپ ئالدىغا كەلتۈرۈشىنى ئېيتتى. ناجىيە سۇنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاۋۋال تاھارەت ئالدى، ئاندىن بىر ئوچۇم سۇنى ئاغزىغا ئېلىپ، قايتىدىن سوغىنىڭ ئىچىگەياندۇردى ۋە ئوقدىنىدىن بىر تال ئوق ئېلىپ: «سۇنى ئاپىرىپ، ئۇ ئازگالغا تۆك. ئاندىن بۇ ئوق بىلەن ئارىلاشتۇر!» دېدى. ناجىيە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇ بىر قىلدى. ئوقنى سۇغا سېلىشى بىلەن، پاك - پاكىز سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ناجىيە ئازگالدىن ئارانلا چىقىۋالدى. ئازگالنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ھاجىلار سۇدىن قانغۇدەك ئىچىپ، تاھارەت ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئات - تۆگىلىرىنىمۇ سۇغۇرىۋالدى.

ئىبنى ئۇبەي قاتارلىق بىر نەچچە مۇناپىقمۇ ھاجىلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. ئىبنى ئۇبەي سۇ ئىچىۋاتقان پەيتتە، ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن بىرى يېنىغا كېلىپ: «ئەي ئەبۇھۇباب! سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! ئۆزەڭنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭنى تېخىچە بىلەلمىدىڭمۇ؟ بۇندىن باشقا يەنە نېمە تەلەپ قىلماقچىسەن؟» دېدى. ئىبنى ئۇبەي ئۇنىڭغا: «مەن بۇنداق ئىشنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم ئىبنى ئۇبەيگە تەھدىت سېلىپ، قوپال تەگدى. ئىبنى ئۇبەي بالىسى بىللەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزى ھەققىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ سۆزىنى باشلىماي تۇرۇپلا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «بۈگۈنكىدەك ئىشنى بۇرۇن نەدە كۆرگەنىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئىبنى ئۇبەي: «مەن بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇ سۆزلەرنى قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئىبنى ئۇبەي: «ئاللاھنىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاممۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

بەدەۋىي قەبىلە رەئىسلىرىدىن بىرى سۇنى قانغۇدەك ئىچكەن ھاجىلارغا بىر تۆگە بىر قوي سويدى. بۇ بەدەۋىي قەبىلىسى، بىر زامانلار كەئبىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بەنى خۇزائە قەبىلىسى بولۇپ، ئەسلەم، كەئب ۋە بەنى مۇستەلەق ئايماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش غەيرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ سىياسىي ئۈستۈنلۈك ئېلىپ كېلەتتى. بەنى خۇزائە قەبىلىسى بۇ ئىتتىپاق سايىسىدە قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بەنى بەكىر قەبىلىسىگە قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئىككى قەبىلە ئارىسىدا ھازىرچە ئۇرۇش - توقۇنۇش بولمىغاچقا، قۇرەيشلەر بەنى خۇزائە قەبىلىسىگە ئانچە دۈشمەنلىك قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ھەجگە ماڭغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇدەيبىيەگە چۈشكۈن قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر قۇرەيشلەرگە يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، خۇزائەنىڭ چوڭلىرىدىن بۇدەيل ئىبنى ۋەرەقە مەككىدە ئىدى. كېيىن ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: «ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى ئادىمى قالغۇچە، سىلەر بىلەن كەئبە ئارىسىدىكى يولنى توسۇپ تۇرۇشقا قەسەم ئىچىشتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «بىز بۇ يەرگە ئۇرۇش قىلغىلى ئەمەس، بەلكى پەقەت بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈنلا كەلدۇق.

www.munber.org

ئالدىمىزنى توسقانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىز. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىشى ۋە يولنى ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن مەلۇم مۆھلەت بېرىمەن» دېدى.

قۇرەيشلەر مەككىگە قايتىپ كەلگەن بۇدەيل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى خاپا ھالەتتە كۈتۈۋالدى. ئۇلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نىيەتلىرىنى ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئەبۇجەھلىنىڭ ئوغلى ئىكرىمە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەقىف قەبىلىسىدىن ئۇرۋە (ئۇنىڭ ئانىسى مەككىلىك ئىدى) ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدىن قاتتىق رەنجىدى. سەفۋان بۇدەيلگە: «كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن!» دېدى. بۇدەيل ئۇلارغا ھاجىلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىشى ئۈچۈن مەلۇم مۆھلەت بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇرۋە ئەتراپىدىكىلەرگە: «بۇدەيل سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەكلىپنى ئېلىپ كەپتۇ. مېنىڭچە بۇ تەكلىپنى چوقۇم قوبۇل قىلىش لازىم. ئەگەر خالىساڭلار، مەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ كېلەي. ھەم ئۇنىڭ يېنىغا ئەلچى سۈپىتىدە بېرىپ كەلگىچە، ئەتراپىنى كۆزىتىپ، سىلەرگە خەۋەر بېرىمەن» دېدى.

قۇرەيشلەر ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما بۇرۇن پۈتۈن ئىتتىپاقداش بەدەۋىلەرگە قوماندانلىق قىلغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن "ئەھابىش" دەپ ئاتالغان بىرىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ئادەم كىنانە قەبىلىسىنىڭ بەنىل ھارىس ئايمىقىدىن ھۇلەيس بولۇپ، ئۇ ئۇھۇد غازىتىدا جەسەتلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەبۇسۇفيانغا غەزەپلەنگەن ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر كۆرۈپلا، يا ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن ياكى بۇرۇن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاڭلىغان ياخشى سۆزلەردىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ مەرھەمەتلىك بىرى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇقەددەس شەيئىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى. شۇڭا بەلگە سېلىنغان قۇربانلىق تۆگىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرىدى. تۆگىلەردىكى بەلگە ۋە بويۇنلىرىدىكى چەمبىرەكلەرنى كۆرگەن ھۇلەيس ئۇ قەدەر تەسىرلەندىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەيلا، ئۇدۇل مەككىگە قايتتى ۋە قۇرەيشلەرگە ھاجىلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قۇرەيشلەر ئۇنى مازاق قىلىپ: «سەن ھىلە ـ مىكىرنى بىلمەيدىغان سەھرالىقسەن» دېيىشتى. بۇ، قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى بولۇپ، ئۇلار بۇ خاتالىقنى بەكمۇ كېچىكىپ تونۇپ يەتتى. «ئەي قۇرەيشلەر!» دېدى ھۇلەيس غەزەپلەنگەن ھالدا: «بىز سىلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشىڭلار ئەمەس ھەم بۇ ئىش توغرۇلۇق ئارىمىزدا ھېچقانداق كېلىشىممۇ يوق. ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچى بولغان بىرىنى نېمە ئۈچۈن توسىۋالىسىلەر؟ نەپسىمنى قۇدرەت ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان (ئاللاھ) غا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر يا مۇھەممەدنىڭ شەرتىگە قوشۇلىسىلەر ياكى مەن پۈتۈن ئەباھىشلىقلارنى ئېلىپ، مەككىدىن چىقىپ كېتىمەن» دېدى. قۇرەيشلەر: «بىز بىر قارار چىقارغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرغىن!» دېيىشتى.

ئۇ چاغقىچە، سەقىف قەبىلىسىدىن ئۇرۋە ھاجىلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇرۋە خۇددى تەڭ مەرتىۋىلىك كىشىلەردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، ھەر قېتىم گەپ قىلغاندا، قولى بىلەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقلىنى تۇتامالايتتى. مۇھاجىرلاردىن مۇغىرە ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ قىلىچىنىڭ ئارقا بىسى بىلەن ئۇرۋەنىڭ قولىنى تۇرتۇپ قويدى. بىر ـ ئىككى مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇرۋە قولىنى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقلىغا ئۇزارتتۇيدى، مۇغىرە تېخىمۇ قاتتىقراق تۇرتۇپ تۇرۇپ: «قولۇڭ بەدىنىڭدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، قولۇڭنى رەسۇلۇللاھنىڭ ساقلىدىن تارت، بولمىسا چېپىۋېتىمەن، دېمەكچى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قول ئۇزارتىشتىن تەپ تارتتى. سۆھبەت تۈگەپ بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۋە تېخىچە قايتمىغانىدى. چۈنكى ئۇ قۇرەيشلەرگە ئەلچى بولۇش بىلەن بىرگە، جاسۇسلۇق قىلىشقىمۇ ۋەدە بەرگەنىدى. شۇڭا قارارگاھتا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلىۋالدى. لېكىن، ئۇ ھېچيەردە كۆرۈپ باقمىغان ۋە كۆرۈشنىمۇ ئويلاپ باقمىغان بەزى ئەھۋاللار ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇرۋە مەككىگە قايتقاندىن كېيىن قۇرەيشلەرگە مۇنداق دېدى: «ئەي خالايىق! مەن كىسرا (ئىران پادىشاھى)، قەيسەر (رۇم پادىشاھى) ۋە نەجاشى (ھەبەشىستان پادىشاھى) لارنىڭ ھوزۇرىدا بولدۇم. لېكىن مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھۆرمەت ـ ئېتىبارىنى بۇ پادىشاھلارنىڭ ھېچبىرىدە كۆرمىدىم. ئۇ بىر ئىشقا بۇيرۇق بەرسە، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقار ـ چىقماس دەرھال بەجا كەلتۈرىدىكەن. ئۇ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۇنى بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ گەپ قىلغاندا، ھېچكىم ئۈن ـ تىنىنى چىقارمايدىكەن. ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىمايدىكەن ۋە يەرگە قارىۋالىدىكەن. ئۇ سىلەرگە ياخشى تەكلىپ بېرىپتۇ، مېنىڭچە بولغاندىمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىڭلار!»

ئۇرۋە تېخى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدىن كەتمىگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئب قەبىلىسىدىن ھىراسنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، قۇرەيشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ھىراس مەككىگە يېتىپ بارغاندا، ئىكرىمە تۆگىنىڭ پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. لېكىن، ھۇلەيس ۋە ئادەملىرى ئۇنى توسۇۋېلىپ، ئەلچىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ قايتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «قۇرەيشلەرگە ھىمايىچىسى بار بىرىنى ئەۋەتكىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنى چاقىردى. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر ئۆچ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆز قەبىلىسى بەنى ئەدىينىڭ ئۆزىنى قوغدىيالىغۇدەك كۈچى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن: «مەككىدە مەندىنمۇ كۈچلۈك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ھىمايىچىسى تېخىمۇ كۆپ بىرىنى بىلىمەن. ئۇ ئوسمان ئىبنى ئەففاندۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئەۋەتتى. ئابدۇشەمس قەبىلىسىدىن يېقىنلىرى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار ھۇدەيبىيەدىكى ھېچكىمنى كەئبىگە يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن بولسىمۇ، ئوسمان ئىبنى ئەففاننى كەئبىدە تاۋاپ قىلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن ئوسمان ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلدى. قۇرەيشلەر ئىبنى ئۇبەيگىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا خەۋەر ئەۋەتتى. لېكىن ئىبنى ئۇبەي: «رەسۇلۇللاھ تاۋاپ قىلمىغۇچە، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، سۆيۈنۈپ كەتتى.



www.munber.org

## مۇتلەق غەلىبە

## (67)

ئوسمان مەككىگە كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى خۇددى ۋەھيى كەلگەندىكىدەك بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ساھابىلەردىن بىرىگە باشقىلارنى بىر يەرگە يىغىشقا ئەمر بەردى. ساھابە: «ئەي مۇسۇلمانلار! روھ (جىبرىئىل) رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ساداقەت قەسىمى ئېلىشنى ئەمر قىلدى. ئاللاھ نامىدا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىڭلار!» دېگىنىچە، پۈتۈن چېدىرلارنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ چاغقىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياپراقلىرى ياشىرىشقا باشلىغان بىر تۈپ ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى. بەنى ئەسەد ئىبنى خۇزەيمە قەبىلىسىگە مەنسۇپ سىنان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلدى. چاقىرىقتا نېمە ئۈچۈن بەيئەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى. شۇڭا سىنان: «ساڭا ۋە سېنىڭ نەپسىڭدە بولغان نەرسىگە بەيئەت قىلىمەن» دېدى، باشقىلارمۇ شۇنداق دەپ بەيئەت قىلدى. ھەممىسى بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوسماننىڭ ئورنىغا مەن بەيئەت قىلىمەن» دېدى ۋە سول قولىنى ئوسماننىڭ قولى سۈپىتىدە ئوڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بەيئەت قىلدى. ھاجىلاردىن پەقەت بىرلا كىشى چاقىرىققا ئاۋاز قوشمىغانىدى. ئۇ مۇناپىق جەد ئىبنى قەيس بولۇپ، تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالغان بولسىمۇ، باشقىلار بىلىپ قالغانىدى.

قۇرەيشلەر سۇھەيلنى مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھى تۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن بولغان نىقراز ۋە ھۇۋەيتىبمۇ بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرى ئىچىدە تالاش ـ تارتىش ئېلىپ باردى. ساھابىلەر چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ، ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ كېلىشەلىگەن ياكى كېلىشەلمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى. نىھايەت كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە كېلىشىمنامىنى «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» بىلەن باشلاپ يېزىشنى ئېيتتى. لېكىن سۇھەيل ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە: «''رەھمان'' نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن. ئەگەر يازماقچى بولساڭ: ''بىسمىكەللاھۇممە'' (ئى ئاللاھ! سېنىڭ نامىڭ بىلەن باشلايمەن) دەپ يازغىن!» دېدى. بەزى ساھابىلەر: «ئاللاھقا قەسەمكى، ''بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم'' دىن باشقا نەرسە يازمايمىز» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ ئەلىگە: «''بىسمىكەللاھۇممە'' دەپ ياز!» دېدى. ئاندىن ئەلىگە: «بۇلار ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد بىلەن ئەمرىنىڭ ئوغلى سۇھەيل ئارىسىدا ئىمزالانغان سۈلھىنامىنىڭ ماددىلىرىدۇر دەپ يازغىن!» دېدى. لېكىن سۇھەيل يەنە قارشى چىقتى ۋە: «بىز سېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭنى قوبۇل قىلغان بولساق، سېنىڭ كەئبىگە كىرىشىڭنى توسمىغان بولاتتۇق ھەم ساڭا قارشى ئۇرۇشمۇ قىلمايتتۇق. شۇڭا: ''ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد'' دەپ يازغىن!» دېدى. ئەلى «ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېگەن سۆزنى يېزىپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزلەرنى ئۆچۈرىۋېتىشنى



www.munber.org

بۇيرىدى، لېكىن ئەلى ئۆچۈرۈشكە ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، بارماقلىرىنى ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇشنى ئېيتتى ۋە كەلىمىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئۇ كەلىمىلەرنىڭ ئورنىغا «ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد» دېگەن كەلىمىلەر يېزىلدى.

سۈلھىنامە ماددىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

بىرىنچى، ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلمايدۇ. بۇ مۇددەت ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئادەملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتمايدۇ.

ئىككىنچى، قۇرەيش تەرىپىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا قېچىپ كەلگەنلەر قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن قۇرەيشلەرگە قېچىپ كەلگەنلەر مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. ئادەم قاچۇرۇش ياكى خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بۇ يىل بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي قايتىپ كېتىپ، كېلەر يىلى قۇرەيش خەلقى مەككىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە كىرىپ ئۈچ كۈن تۇرىدۇ. مەككىگە قىنىغا سېلىنغان قىلىچ ۋە ئوقيالاردىن باشقا قورال ئېلىپ كەلمەيدۇ.

تۆتىنچى، ئەرەب قەبىلىلىرى كىمنى ئىختىيارى قىلسا (مۇسۇلمانلار ياكى مۇشرىكلەردىن قايسىسىنى تاللىسا)، شۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرسە بولىدۇ.

سۈلھىنامە يېزىلىۋاتقان پەيتتە، خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بىر نەچچە كاتتىسى ھاجىلارنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنىدى. بەنى بەكىر قەبىلىسىدىن بىر ـ ئىككى ۋەكىلمۇ سۇھەيل بىلەن بىللە ئىدى. سۈلھىنامىنىڭ تۆتىنچى ماددىسى يېزىلغان ۋاقىتتا، خۇزائەلىكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە: «بىز بۇ سۈلھىنامىدە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) تەرەپتە تۇرىمىز» دېدى. بەنى بەكىرلىكلەرمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «بىز قۇرەيشلەر بىلەن بىللەمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىمۇ سۈلھىنامىگە قول قويغۇزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھىيگە يېقىن چۈش كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، بەيئەت ئېلىشنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ سەپەردە زەپەر قازىنىشىنىڭ ئىشارىتى دەپ بىلگەن ساھابىلەر، سۈلھىنامىنىڭ ماددىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى بېسىۋالالمىدى ۋە: «ھارام قىلىنغان يەرگە شۇنچە يېقىنلاشقان تۇرۇپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كېتەمدۇق؟» دېيىشتى. بۇ ئىش ھار كېلىپ ئاران تۇرغاندا، تېخىمۇ ھار كېلىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. پۇت ـ قولى زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان بىر ياش يىگىت زەنجىرلەرنى شاراقشىتقىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى. بۇ سۇھەيلنىڭ ئىسلامغا كىرگەن كىچىك ئوغلى ئەبۇجەندەل بولۇپ، سۇھەيل ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پۇت ـ قولىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، سولاپ قويغانىدى. ئەبۇجەندەلنىڭ ئاكىسى ئابدۇللاھ ھاجىلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنىسىنىڭ ئالدىغا كەلمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ئارىدا سۇھەيل ئەبۇجەندەلنىڭ



www.munber.org

بوينىدىكى زەنجىرنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى سالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇلۇپ: «بۇ كېلىشتىن بۇرۇن سۇلھنامە ئىمزالىنىپ بولغان» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، توغرا!» دېدى. سۇھەيل: «شۇڭا بۇ مەن بىلەن قالىدۇ» دېدى. ئەبۇجەندەل ئاۋازىنىڭ بارىچە: «ئەي مۇسۇلمانلار! مەن ئىمان ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن زۇلۇم چېكىپ، بۇتپەرەس بولۇپ كېتەمدىم؟» دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلنى بىر تەرەپكە تارتىپ، ئوغلىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. لېكىن سۇھەيل ئۇنىمىدى. كەلگەندىن بېرى بىر ئېغىز سۆز قىلماي، جىم ئولتۇرغان نىقراز بىلەن ھۇۋەيتىب، بۇ مەسىلىنىڭ سۇلھنامىگە بولىدىغان يامان تەسىرىنى ئويلاپ يەتتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! سەن خاتىرجەم بولغىن، بىز ئۇنى سېنىڭ ئورنۇڭدا ھىمايە قىلىمىز» دېدى. بۇ، ئەبۇجەندەلنىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئىككىسى ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئەبۇجەندەلنى يانلىرىغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇجەندەلگە قاراپ: «سەۋر قىلغىن! ئاللاھ چوقۇم ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش ئاجىز مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق ۋە چىقىش يولى بېرىدۇ. بىز قۇرەيشلەر بىلەن سۇلھى تۈزۈپ ۋەدىلەشتۇق. ئۇلارغا خىيانەت قىلالمايمىز» دېدى.

ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئۆمەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى ۋە: «سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، رەسۇلى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر: «ئۇنداقتا، دىنىمىزنىڭ ئېتىبارىنى نېمە ئۈچۈن يوققا چىقىرىمىز؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايمەن. ئۇ ماڭا زەپەر ئاتا قىلىدۇ» دېدى. ئۆمەر ئۆز گېپىدىن يانماي: «سەن بىزگە كەئبىگە بېرىپ، تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. لېكىن مەن سىلەرگە بۇ يىل تاۋاپ قىلىمىز دېگەنمىدىم؟» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. «چوقۇم بارىسىلەر!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋە كەئبىنى تاۋاپ قىلىسىلەر.» بۇ سۆزلەرگە يەنە چىنپۈتمىگەن ئۆمەر ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئاللارنى سورىدى. گەرچە ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمەرگە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، سوئاللارغا ئوخشاش شەكىلدە جاۋاب بەردى ۋە ئاخىرىدا: «بېرىپ ئۇنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلغىن، چۈنكى ئۇ راست ئېيتىدۇ» دېدى. ئۆمەرنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك پۈتۈنلەي يوقىمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىدىن ئالغان جاۋابى ئۇنى خېلىلا تەسىرلەندۈرگەنىدى. شۇڭا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۇلھنامىگە قول قويۇش ئۈچۈن چاقىرغاندا، ئۈن ـ تىنسىز بېرىپ قول قويدى. ئۇندىن باشقا، ئابدۇراھمان ئىبنى سۇھەيل، ئەلى، ئەبۇبەكرى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە مەھمۇد ئىبنى مەسلەمە قاتارلىقلارمۇ سۇلھنامىگە قول قويدى.

سۇھەيل ۋە ھەمراھلىرى ئەبۇجەندەلنى ئېلىپ، مەككىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى قاپلىغان غەشلىك قايتا قوزغالغانغاندەك بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇلھنامىگە قول قويغان ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە سەل نېرىدا ئولتۇراتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ،

www.munber.org

ھاجىلار كۆپرەك يىغىلغان يەرگە كەلدى ۋە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، قۇربانلىق ماللىرىڭلارنى بوغۇزلاڭلار، ئاندىن چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار!» دېدى. لېكىن ھېچكىم ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۈن - تىن چىقارماي، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلمايۋاتاتتى. بەلكى، بۇ ئىشنىڭ ئۆزلىرى كۈتكەن يەردىن چىقماسلىقى ۋە نورمالدا توغرا ھېسابلانمايدىغان بىر ئىشقا ئەمر بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىسى ھەيران قالغانىدى. چۈنكى، ئىبراھىمنىڭ دىنىغا كۆرە، مال قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈش پائالىيەتلىرى ھارام قىلىنغان رايوننىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكىدىن نارازى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېدىرىغا قايتتى ۋە بولغان ئىشلارنى ئۇممۇ سەلەمەگە ئېيتتى. ئۇممۇ سەلەمە: «سەن ئالدى بىلەن ئېھرامدىن چىققىن ۋە ھېچكىمگە گەپ قىلماي بېرىپ، قۇربانلىق مېلىڭنى بوغۇزلىغىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بەلگە سېلىپ قويغان تۆگىنى باشقىلار ئاڭلىيالىغۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا: «بىسمىللا، ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇپ بوغۇزلىدى. بۇنى كۆرگەن ھاجىلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك، قۇربانلىق ماللىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىراشنى چېچىنى چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن چاقىردى. مۇسۇلمانلارمۇ دەرھال بىر - بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. كېيىنكى يىللىرى، ئۇممۇ سەلەمە: «ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چېچىنى شۇقەدەر تېز چۈشۈرگەنىدىكى، مەن بىرەر قازا يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كەتتىم» دېگەنىدى. بەزىلىرى چېچىنى چۈشۈرمەي، ئازراق ئالدۇرۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، چېدىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئاللاھ چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن!» دېدى. چېچىنى چۈشۈرمىگەنلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! چېچىنى ياساتقانلارغىمۇ مەرھەمەت قىلسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. چېچىنى چۈشۈرمىگەنلەرنىڭ نارازىلىقى كۈچەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، نارازى بولغۇچىلارنىڭ ئاۋازى تازا ئەۋجىگە چىققاندىن كېيىن: «چېچىنى ياساتقانلارغىمۇ مەرھەمەت قىلسۇن!» دېدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نېمە ئۈچۈن چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگىلا دۇئا قىلغانلىقى سورالغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چۈنكى ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمىگەن كىشىلەر ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېدىرىغا قايتىپ كىرىپ، يەردە تۇرغان چېچىنى قولىغا ئالدى ۋە سىرتقا چىقىپ، يېقىن يەردىكى بىر تۈپ دەرەخكە قارىتىپ ئاتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ چېچىدىن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. نۇسەيبىيەمۇ ئەرلەردىن بوش كەلمەي، چاچتىن ئازراق ئېلىۋالدى. ئۇ چاچلارنى تاكى ئۆزى ۋاپات بولغان ۋاقىتقىچە، ئەڭ قىممەتلىك نەرسە سۈپىتىدە ساقلىغانىدى.

ئەتراپ ھاجىلارنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەن چاچلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بىردىنلا يەڭگىل شامال چىقتى ۋە چاچلارنىڭ ھەممىسىنى مەككە تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەتتى. بۇنى ئاللاھنىڭ

www.munber.org

ھەجلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى دەپ بىلگەن ھاجىلار بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە شۇندىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربانلىق ماللارنى بوغۇزلاشقا بۇيرىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۆمەر ۋىجدان ئازابىدىن قاتتىق بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن يېقىنلاشتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى سوغۇق ئىپادىنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى. ئېتىنى ئالدىغا قارىتىپ دېۋىتكەن ئۆمەر ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي ئۆمەر! بولدى قىل، ئاناڭ سەن ئۈچۈن ماتەم تۇتسۇن!» دېدى. ئۇ كېيىنكى يىللىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ھەققىدە ئايەت نازىل بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق قورققانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئاتلىق بىرى كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئۆمەرنىڭ قورقۇنچى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى ئىللىق ئىپادىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى گۇمانلىرى بىردىنلا غايىب بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ: «ماڭا قۇياشنىڭ ئاستىدىكى ھەممە نەرسىدىن خەيرلىكرەك بولغان بىر سۈرە نازىل قىلىندى» دېدى.

يېڭى نازىل قىلىنغان سۈرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بېشى مۇنداق باشلانغانىدى: ﴿ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق.﴾①

ئايەتلەردە يەنە دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بەيئەتمۇ تىلغا ئېلىنغانىدى: ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن بىر غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ فەتھە قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى.﴾②

يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارغا بېرىلگەن تەمكىنلىكنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بايان قىلىنغانىدى: ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ (خەلقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ئاللاھنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ

① فەتھ سۈرىسى، 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② فەتھ سۈرىسى، 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قالـدىغان جەننەتلەرگـە كىرگۈزۈشـى ئۈچۈنـدۇر، ئاللاھنىـڭ ئـۇلارنىڭ گـۇناھلىرىنى كەچۈرۈشـى ئۈچۈندۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.»[①]

سەپەرنى ۋاقىتلىق توختاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ چۈشى ھەققىدە قۇرئانـدا مۇنداق دېيىلگـەندى: ﴿ئـاللاھ پەيغەمبىرىگـە ھـەق رەۋىشـتە، ھـەقىقىي راسـت چـۈش كۆرسـەتتى. (ئـى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر. ئاللاھ (سۇلھتىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ فەتھىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى.﴾[②]

---

[①] فەتھ سۈرىسى، 4 - ۋە 5 - ئايەتلەر.
[②] فەتھ سۈرىسى، 27 - ئايەت.



www.munber.org

## ھۇدەيبىيەدىن كېيىن

**(68)**

بەنى سەقىف قەبىلىسىدىن ئەبۇبەشىرنىڭ ئانىسى بەنى زۇھرى قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۇپىتىدە تائىفتىن مەككىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئەبۇبەشىر ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسى ئۇنى قاماپ قويىدى. لېكىن ئۇ مەككىدىن پىيادە قېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن كېلىپ تۇرۇشىغا مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئىككى ئەلچى كەلدى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەشىرگىمۇ ئەبۇجەندەلگە ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، سۇلھىنامىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇنى قۇرەيشلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئۆمەر ۋە باشقا ساھابىلەر سۇلھىنامە شەرتلىرىگە خېلى كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار قۇرەيش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئازات قىلىنغان قۇلنىڭ ئەبۇبەشىرنى مەككىگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئېغىزدىن: «ئاق يول بولسۇن! ئاللاھ مۇھەققەق ساڭا چىقىش يولى بېرىدۇ» دېيىشتى.

ساھابىلەرنىڭ ئۈمىدلىرى ئۇلار ئويلىغاندىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشتى. ئەبۇبەشىرنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ناھايىتى قاۋۇل چوڭ بولغانىدى. ئۇ تۇنجى قونالغۇدا ئەلچىنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئازات قىلىنغان قۇل (ئىسمى كەۋسەر) مەدىنىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل مەسجىدكە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق بىر نەرسە كۆرگەن ئوخشايدۇ» دېدى. كەۋسەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ مىڭ تەستە قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى ئېيتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئەبۇبەشىر قىلىچنى كۆتۈرگەن پېتى مەسجىدكە كىرىپ كەلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىپ، مېنى قۇرەيشكە ئەۋەتتىڭ. لېكىن ئاللاھ مېنى قۇتۇلدۇردى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئانىسىنىڭ ھالىغا ۋاي! بۇ يىگىت جەڭ ئۈچۈن ئەڭ نۇرلۇق مەشئەلنىڭ ئۆزى ئىكەن. كاشكى ئۇنىڭ يېنىدا باشقا ئادەملەرمۇ بولغان بولسىچۇ؟!» دېدى. ئەگەر قۇرەيشلەر باشقا ئەلچى ئەۋەتسە، ئۇنى يەنە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. لېكىن بۇ ئىش ئەبۇبەشىرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قىلىچ، ساۋۇت، قالقان ۋە غەنىمەت ئېلىنغان باشقا نەرسىلەرنى بەشكە بۆلۈپ تەقسىم قىلىپ، تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلىغانىدى. «ئەگەر ئۇنداق قىلسام» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇلار مېنى سۇلھىنامىگە خىيانەت قىلدى دەپ ئەيىبلەيدۇ» دېدى، ئاندىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن كەۋسەرگە قاراپ: «ئەلچىنىڭ ماللىرى ساڭا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئادەمنىمۇ مەككىگە سەن ئېلىپ كەتكىن!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كەۋسەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! مەن تېخى جېنىمدىن تويۇپ كەتمىدىم. مېنىڭ كۈچۈم ئۇنىڭغا ھەرگىز يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئىككى كىشىلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن» دېدى. مۇسۇلمانلار زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئورۇندىغان بولسىمۇ، مەككە



www.munber.org

ۋەكىلى مەھكۇمنى ئېلىپ كېتىشكە ئۇنىمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەشىرگە: «نەگە بارساڭ بارغىن، ئەمما مەدىنىدىن چىقىپ كەت!» دېدى.

ئەبۇبەشىر: «كاشكى ئۇنىڭ يېنىدا باشقا ئادەملەرمۇ بولسىچۇ؟» دېگەن سۆزگە بىنائەن قىزىل دېڭىز ساھىلى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ سۆزنىڭ ئەمر ۋە تەۋسىيە مەنىسىدە ئېيتىلغانلىقىنى چۈشەنگەن پەقەت ئۇلا ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، مەككىدىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرى ۋە ئەبۇبەشىرنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يوللىدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ساھىل تەرەپتە ياشايدىغان ئىتتىپاقداش قەبىلە كىشىلىرىدىن سوراپ بىلىۋالغانىدى. سۇھەيلىنىڭ ئوغلى ئەبۇجەندەل ئۆزىنى ھىمايىگە ئالغان ئىككى كىشىنىڭ قولىدا خېلى راھەتكە چىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككىدىكى مۇسۇلمان ياشلارغا يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان نازارەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا يۇمشاپ قالغانىدى. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار مەدىنىگە قېچىپ كەتسە، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۇلارنى قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدى. بۇ يۇمشاق ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان ئەبۇجەندەل ۋە باشقا ياشلار بىر ئامال قىلىپ، ئەبۇبەشىرنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئەبۇبەشىر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، مەككىدىن سۈرىيەگە ماڭىدىغان كارۋان يولى ئۈستىدىكى ئەڭ ستراتېگىيىلىك جايغا ئورۇنلىشىۋالدى. ياش مۇسۇلمانلار ئەبۇبەشىرنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى دەپ بىلەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى يېڭى مۇسۇلمان بولغاچقا، ئىسلام ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلىرى يوق ئىدى. ئەبۇبەشىر ئۇلارغا ئىمام بولغاندىن سىرت، دىنىي مەسىلىلەردىمۇ يول كۆرسىتەتتى. قۇرەيشلەر شىمالىي كارۋان يولىنىڭ قايتىدىن ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ سۆيۈنگەنىدى. لېكىن ئەبۇبەشىرنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان يەتمىش نەپەر ياش يىگىت بۇ يولنىڭ قايتىدىن ئېتىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. نۇرغۇن ئادەم ۋە مال ــ مۈلكىدىن ئايرىلغان قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەكتۇپ يوللاپ، مەككىدىن قېچىپ كەتكەنلەرنى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇشنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن ئۇلارنى قايتۇرۇۋالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەشىرگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا مەدىنىگە كېلىپ تۇرسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. مەكتۇپ ئەبۇبەشىرنىڭ قولىغا تەگكەندە، ئۇ ئېغىر كېسەل ئازابىدىن سەكراتتا ياتاتتى. ئەبۇبەشىر مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى ۋە قوللىرىدا تۇتقان پېتى جان ئۈزدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىككە قويدى ۋە قەبرىسىنىڭ يېنىغا بىر مەسجىد ياسىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

قىيا تاشلىق يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ۋەلىدنىڭ تۆگىسى بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ، ۋەلىد يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى ئۇچلۇق تاش شىلىۋەتكەنىدى. ۋەلىد كېسىلگەن بارمىقىنى ئېلىپ نېرىغا تاشلىۋەتكەچ مۇنداق دەپ بېيىت ئوقۇدى:

سەن قانىغان بارماقتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس،
ئاللاھ يولىدا بۇنچىلىك ئىش ھەم ھېچقانچە ئەمەس.



www.munber.org

لېكىن ئۇنىڭ كېسىلگەن بارمىقىغا مىكروپ يۇقۇپ، ئەھۋالى كۈنسېرى يامانلىشىپ كەتتى. ۋەلىد ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن، ئاكىسى خالىدنى مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرىپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى ۋە ئاكىسىغا يەتكۈزدى.

كۆپ ئۆتمەي، ئوسمانىنىڭ ئۆگەي ھەمشىرىسى، يەنى ئانىسى ئەرۋا بىلەن بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيدىنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇم مەدىنىدىن قېچىپ كەلدى. لېكىن، مۇئمىن ئاياللارنىڭ مۇشرىكلارگە قايتۇرۇپ بېرىلىشى ھارام قىلىنغان ئايەت نازىل بولغانىدى. شۇڭا ئۇممۇ گۈلسۇمنىڭ ئىككى ئاكىسى ئۇنى ئالغىلى كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇممۇ گۈلسۇمنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرمىدى. قۇرەيشلەرمۇ كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايلا ماقۇللۇق بىلدۈردى. چۈنكى، سۈلھىنامىدە ئاياللار توغرۇلۇق ھېچنېمە دېيىلمىگەنىدى. زەيد، زۇبەير ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئۆزلىرىنىڭ ئۇممۇ گۈلسۇمگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا زەيدكە ياتلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇممۇ گۈلسۇممۇ بۇ تەۋسىيەنى قوبۇل قىلدى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ بىر ئايدىن كېيىن، ئەبۇبەكرى ۋە ئائىشەنى ھەم قايغۇلاندۇرىدىغان ھەم سۆيۈندۈرىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئۇممۇ رۇمان كېسەل تارتىپ، ۋاپات بولدى. ئۇ «بەقى مازارلىقى» غا قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە گۆرىگە كىردى. ئۇممۇ رۇماننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى مەككىدىكى ئوغلى ئابدۇلقابەنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. بۇ خەۋەردىن قاتتىق قايغۇرغان ئابدۇلقابە ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان بىر ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇرسەت تاپتى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن، مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن ئابدۇلقابە مۇسۇلمان بولدى. بەيئەت قىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇراھمان» غا ئۆزگەرتتى.

ئابدۇراھمان ئۇ كۈنلەردە مۇسۇلمان بولغان بىردىنبىر كىشى ئەمەس ئىدى. ھەپتە ـ ئايلار ئۆتكەنسېرى، قۇرئاننىڭ بۇ سۈلھىنامىنى نېمە ئۈچۈن «مۇتلەق (روشەن) غەلىبە» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ئايدىڭلاشماقتا ئىدى. مەككە ۋە مەدىنە خەلقى بىر ـ بىرى بىلەن خاتىرجەم بېرىش ـ كېلىش قىلالايدىغان بولغانىدى. سۈلھىنامە تۈزۈلۈپ ئىككى يىل ئۆتمەيلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمي سانى ئىككى ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى.

ھاجىلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممەيلەننى سۆيۈندۈرىدىغان بىر ئايەت نازىل بولغانىدى:

﴿بەلكىم ئاللاھ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

---

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.



www.munber.org

بەزىلەر بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان مۇناسىۋەت كۆزدە تۇتۇلغان دەپ قارايتتى.

ھۆدەيبىيە سۈلھىسىدىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەبەشىستاندىكى جىيەنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندى. ئۇبەيدۇللاھ ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن خرىستىئان بولۇپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن يەنە خرىستىئانلىققا قايتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە (ئەبۇسۇفيانىنىڭ قىزى) بۇ ئىشقا بەكمۇ قايغۇردى. ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئۆلۈمىدىن تۆت ئاي كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇممۇ ھەبىبەنى ئۆزىنىڭ نامىدا نىكاھلاپ قويۇشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپلا، شۇنداق قارار قىلغانىدى. لېكىن ئۇممۇ ھەبىبە چۈشىدە بىرىنىڭ ئۆزىگە: «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ خىتاپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن بولۇپ، بۇ چۈشىنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بېشارىتى ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. دەرۋەقە، ئەتىسى نەجاشىنىڭ ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشى بىلەن بۇ چۈشىنىڭ راست ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇممۇ ھەبىبە ئەڭ يېقىن تۇغقىنى خالىد ئىبنى سەئىدنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تاللىدى. نەجاشى جەئفەر قاتارلىق بىر قانچە ساھابىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى ئاستىدا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ قويدى. ئاندىن نەجاشى خان سارىيىدا توي زىياپىتى بەردى ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان بارلىق مۇسۇلمانلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەرگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنىڭ ئەمدى مەدىنىگە كېلىپ تۇرسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جەئفەر دەرھال يول تەييارلىقىغا كىرىشتى. نەجاشى ئۇلارغا يولدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى قولۋاق سوۋغا قىلدى. ئۇممۇ ھەبىبەمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدى. مەدىنىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم ھۇجرا سېلىنىۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت نەجاشىغىلا مەكتۇپ يوللىمىغانىدى. خەندەكتە چوڭ قۇرام تاشنى پارچىلىغان ۋاقىتتا، بىرىنچى ئۇرۇشتىن چىققان نۇر بىلەن يەمەن قەلئەلىرىنى؛ ئۈچىنچى ئۇرۇشىدا مەدائىنىدىكى خىسراۋنىڭ ئاق سارىيىنى كۆرگەنىدى. ئىسلام ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بۇ يەرلەرگە قەدەر يېيىلىدىغانلىقى بېشارىتى بولغان بۇ ئىككى نۇر ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت بار ئىدى. چۈنكى يەمەن ئۇ ۋاقىتلاردا، ئىران ھۆكۈمرانلىقىغا قارايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىران ئىمپېراتورلۇقىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. مەكتۇپ يوللىغان ۋاقىتتا، ئۇلاردىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتمىگەن بولسىمۇ، باشقىچە چارە كۆرۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق تاپقانىدى.

تاشتىن چىققان ئىككىنچى نۇردىن سۇرىيە قەلئەلىرىنى كۆرگەنىدى ۋە ئىسلامنىڭ بۇ يەرلەرگە، ھەتتا ئۇنىڭمۇ غەربىگىچە يېيىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا رىم ئىمپېراتورى ھىراقلىيۇس (ھىرەقل) قىمۇ شۇ مەزمۇندا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، سۇرىيە ۋالىيسى ئارقىلىق ھىراقلىيۇسقا ئەۋەتتى. ئۇندىن باشقا، مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىسقىمۇ مەكتۇپ يوللاندى.



www.munber.org

خىسراۋ باشقىلاردىن مەدىنىدە كۈنسېرى كۈچلىنىپ كېتىۋاتقان ئەرەب ‹پادىشاھ›نىڭ ئۆزىنى ‹پەيغەمبەر› دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ يەمەندىكى ۋالىسى بازانغا مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ھەققىدە تولۇق مەلۇمات ئېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بازان دەرھال مەدىنىگە ئىككى ئەلچى ئەۋەتتى. ئىككى ئەلچى ئىران ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، ساقاللىرىنى قىرىپ، بۇرۇتلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ غەلىتە كۆرۈنۈشىدىن يىرگەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى؟» دەپ سورىدى. ئۇلار خىسراۋنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: «پەرۋەردىگارىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ساقالنى ئۆستۈرۈپ، بۇرۇتنى قىسقارتىشقا بۇيرۇيدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەتىسى كېلىشىنى ئېيتىپ، يولغا سالدى. شۇ كېچىسى جىبرىئىل كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىراندا ئىسيان چىققانلىقى ۋە خىسراۋنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، تەختكە ئوغلى شىرۋەينىڭ چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. ئەتىسى ئەلچىلەر كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ خەۋەرنى ئېيتتى ۋە بېرىپ يەمەن ۋالىسىغا يەتكۈزۈشنى بۇيرىدى ۋە: «ئۇنىڭغا مېنىڭ دىنىم ۋە ھۆكۈمرانلىقىمنىڭ خىسراۋ پادىشاھلىقىنىڭمۇ نېرىسىغىچە تارقىلىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر ئۇ ئىسلامغا كىرسە، ئۇنى قوللايدىغانلىقىمنى ۋە يەمەن خەلقىگە پادىشاھ قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭلار!» دېدى.

ئىككى ئەلچى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي سەنئاغا قايتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى بازانغا يەتكۈزدى. بازان: «قېنى كۆرىمىز! ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغان بولىدۇ» دېدى. بازان ئەھۋال ئىگەللەپ كېلىش ئۈچۈن ئىرانغا ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىراننىڭ يېڭى ئىمپېراتورى شىرۋەينىڭ ئەلچىسى يەمەنگە يېتىپ كەلدى ۋە ئىمپېراتورنىڭ ئۇنىڭدىن ‹ساداقەت› تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بازان ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىردى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئەلچى ۋە باشقا ئىرانلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن مەدىنىگە خەۋەر يوللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەمەنگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. مانا بۇ، خەندەكتە كۆرۈنگەن تۇنجى نۇر ئارقىلىق بېرىلگەن ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدائىنغا يوللىغان مەكتۇبى خىسراۋنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يېتىپ بارغاچقا، مەكتۇب يېڭى شاھنىڭ قولىغا تەگدى. شىرۋەي مەكتۇبنى ئوقۇپ بولۇپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن يىرتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «پەرۋەردىگارىم! سەنمۇ ئۇنىڭ ئىمپېراتورلۇقىنى پارچە - پارچە قىلىۋەتكىن!» دەپ دۇئا قىلدى. دەرۋەقە، ئىران ئىمپېراتورلۇقى ئەڭ بۇرۇن يېمىرىپ تاشلاندى.

ھاجىلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇن پەقەت ئىشلىتىلىپ باقمىغان بىر قورال بىلەن سۇيىقەست قىلىندى. ئەرەبىستاندىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەر بىر نەسلىدە سېھىرگەرلىكنى بىلىدىغان بىر - ئىككى ئادەم بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا، لەبىد ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بۇ ‹ھۈنەر›نى بىلەتتى. ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمىغان لەبىد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىر

ئىشلىتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى ۋە بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بىرىدىن ناھايىتى كۆپ پۇل ئالدى. سېھىر قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بىر تۇتام چېچى بولۇشى لازىم ئىدى. لەبىدنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرى ساددا كىشىدىن بىرنى ئىشقا سېلىپ، چاچنى قولغا چۈشۈردى. لەبىد چاچلارنى ئون بىر تۈگۈن قىلىپ باغلىدى. قىزلىرى بولسا، ھەر بىر تۈگۈنگە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ دەم سالدى. ئاندىن چاچلارنى يېڭى چاڭلانغان چىشى خورمىنىڭ جىرىمغا باغلاپ، چوڭقۇر قۇدۇقتىن بىرىگە تاشلىدى. بۇسېھىر پەقەت بۇ تۈگۈنلەر يېشىلگەندىلا يېشىلەتتى.

كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىدە غەلىتە ھېس پەيدا بولغانلىقنى سەزدى. بىر تەرەپتىن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىلمىغان ئىشلار خۇددى قىلىنىپ بولغاندەك خىيالىغا كېلىپ قالاتتى. ئۇندىن باشقا، ئورۇقلاشقا باشلىغاندى ۋە ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تائامنى يېيەلمىگۇدەك دەرىجىدە ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاللاھتىن ئۆزىگە شىپالىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە، ئىككى كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ ئەسلى سەۋەبى ھەققىدە پاراڭلاشقانلىقنى ۋە ئۇ قۇدۇقنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئويغانغان ۋاقىتتا، جىبرىئىل يېنىغا كەلدى ۋە بىرى بەش، يەنە بىرى ئالتە ئايەتلىك ئىككى سۈرىنى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەزرىتى ئەلىنى ئۇ قۇدۇقنىڭ بېشىغا بېرىپ، بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇشقا بۇيرىدى. ھەر بىر ئايەت ئوقۇلغاندا، بىردىن تۈگۈن يېشىلەتتى. تۈگۈنلەرنىڭ ھەممىسى يېشىلىپ بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ ھەم جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئىككى سۈرە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

﴿«مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ) غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن.﴾[1]

﴿«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ)غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلەيمەن» دېگىن.﴾[2]

بۇ سۈرىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىلىرى بولۇپ، يامانلىقلاردىن پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن داۋاملىق ئوقۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇ قۇدۇقنى ئېتىۋېتىپ، يېنىغا باشقا قۇدۇق ئاچقۇزغاندىن كېيىن، باشقىلاردىن پۇل ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان لەبىدكە خەۋەر يوللىدى. لېكىن ئۇنىڭغا چارە قوللانمىدى.

[1] فەلەق سۈرىسى.

[2] ناس سۈرىسى.



www.munber.org

## خەيبەر

**(69)**

مەككە بىلەن تۈزۈلگەن سۈلھە مۇسۇلمانلارنىڭ شىمال تەرەپتىكى خەتەرلىك دۈشمەنلەرگە ۋاقىت ئاجرىتىشىغا قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ـــ مۇسۇلمانلارغا ئەزەلدىن دۈشمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتقان خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئىدى. سېھرىگەر لەبىدكە ئۇلاردىن بىرىنىڭ پۇل بەرگەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، بەنى نەزىر ۋە ئۇلارنىڭ خەيبەرلىك تۇغقانلىرىغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق دەلىل ۋە چوڭ سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەدىنىنى ئىشغال قىلىش نىيىتى يوق ئىدى، بىر ـ ئىككى ئادەمدىن باشقىلىرى خەندەك ئۇرۇشىغىمۇ قاتناشمىغانىدى. لېكىن ھەر قېتىم قۇرەيشلەرنى مەدىنىگە قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ۋە غەتفان قەبىلىسىنى قۇرەيشلەر بىلەن بىرلىششكە كۈشكۈرتكەنلەر شۇلار ئىدى. غەتفان قەبىلىسىنىڭ تاكى ھازىرغىچە مەدىنىگە دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىشىغىمۇ ئۇلار سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى. خەيبەر شۇ پېتى قېلىۋەرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ خاتىرجەم ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا قاچانلا بولمىسۇن، ئۇلارغا قارىتا چارە كۆرۈلىدىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا خېلىدىن بېرى بىلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە چۈشكەن بىر ئايەتتە بايان قىلىنغان "غەنىمەتلىرى مول بولغان يېقىن زەپەر" دىن خەيبەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. لېكىن بۇ خەۋەرنى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈلمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئايەتتە ئۆمرە سەپىرىگە چىقمىغان بەدەۋىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ماددىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەنىدى. ئۇلار غەنىمەت ۋە ماددىي پايدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆمرىگە چىقىشنى خالىمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئەرەبىستان زېمىنىنىڭ ئەڭ باي خەلقى خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان غازاتقىمۇ قاتناشماسلىقى لازىم ئىدى.

شۇنداق بولغاندا، مۇسۇلمانلار كىچىك بىر قوشۇن بىلەنلا سەپەرگە ئاتلىناتتى ھەم ئەسكەر سانىنىڭ ئاز بولۇشى ھەربىكەت پىلانى ۋە يۆنىلىشىنىڭ مەخپىي تۇتۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئەمما بۇ خەۋەر ھەققەت ئەمەس، بەلكى ئەپسانىدەك بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ بولدى. خەيبەر قورغانلىرىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. قۇرەيش ۋە باشقا ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ خەۋەرنىڭ راست بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىشتى. چۈنكى، ئەگەر بۇ خەۋەر راست بولسا، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ‹ساراڭ› ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، بۇ خەۋەرنىڭ يالغان بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىشتى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى بولسا، ئۆزلىرىگە شۇ قەدەر ئىشىنەتتىكى، بۇ خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قەتئىي چىنپۈتمىدى ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ

www.munber.org

مەدىنىدىن قوشۇن باشلاپ ماڭغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئۇلارغا يېتىپ بارغىچە، ئىتتىپاقداشلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتمىدى. خەيبەر رەئىسى كىنانە مۇسۇلمانلارنىڭ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال غەتفان قەبىلىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بەدىلىگە بىر يىللىق خورما مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. غەتفان قەبىلىسى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى ھەر كۈنى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قايتا ـ قايتا تەرتىپكە سېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. غەتفاندىن ياردەمچى قوشۇن كەلسە، جەمئىي ئەسكەر سانى ئون تۆت مىڭ بولاتتى. مەدىنىدىن كەلگەن خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاران ئالتە يۈز ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يېنىغا ئەۋس قەبىلىسىدىن ئەبۇئەبس كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ يولدا مىنگۈدەك تۆگىسى بولسىمۇ، كىيىملىرى بەك كونىراپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدا خەجلىگۈدەك ياكى ئائىلىسىگە خىراجەت ئۈچۈن قويۇپ قويغىدەك پۇلى قالمىغانىدى. ئۇندىن باشقا بىر نەچچە كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئەبۇئەبستەك ناچار بولمىسىمۇ، ئانچە بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۆمرە سەپىرىدە ئىقتىساد كۆپ خىراجەت قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇرۇشتىن ئېلىنغان غەنىمەتلەر كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان مۇھاجىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەچكە، خەزىنىمۇ بوشاپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇئەبسكە قولىدا قېلىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى نەرسە (ئۈزۈن ۋە يېڭى كىيىم)نى ئۇنىڭغا بەردى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەپەر ئۈستىدە ئەبۇئەبسنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ كونا ۋە جۇل ـ جۇل كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: «مەن ساڭا بەرگەن كىيىم قېنى؟» دەپ سورىدى. ئەبۇئەبس: «ئۇنى سەككىز دەرھەمگە ساتتىم. ئاندىن ئۈزەمگە ئىككى دەرھەملىك خورما ئالدىم، ئىككى دەرھەمنى ئائىلەمنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن قويۇپ قويدۇم. قالغان تۆت دەرھەمگە بۇ كىيىمنى ئېلىپ كىيىۋالدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كۈلۈپ كەتتى ۋە: «ئەي ئەبۇئەبس! سىلەر ھەقىقەتەن بەكمۇ پېقىرسىلەر. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن سىلەر باي ـ باياشات تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر. ئالدىڭلاردا بىر دۆۋە دەرھەم، ئۆيۈڭلاردا خىزمەتچىڭلار بولىدۇ. ئەمما بۇ سىلەر ئۈچۈن خەيرلىك ئەمەستۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەپەردە قوشۇننى توختاتتى ۋە ئەسلەم قەبىلىسىدىن ئىبنى ئەل ئەقۋانى يېنىغا چاقىرىپ، ئۆزلىرىگە كارۋان ناخشىلىرىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرىشنى بۇيرىدى. ئەل ئەقۋانىڭ ئاۋازى بەكمۇ جاراڭلىق ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خەندەك كولىغان ۋاقىتتا ئۆزلىرىگە ئۆگەتكەن بېيىتنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

رەببىمىز! سەن بولمىساڭ، تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق نېئمىدۇر زاكات، ناماز ـ ئىبادەت.



www.munber.org

ئىبنى ئەل ئەقۋا ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!» دېدى. بۇ سۆزگە قارشى چىققان ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق دېمىگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى. كاشكى ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولالىغان بولساق!» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ يېقىندا شېھىت بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگەنىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كىمگە رەھمەت تىلىسە، كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ شېھىت بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

قوشۇن ئىككى يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، نىشانغا يېقىنلىشىپ باردى. خەيبەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىرى غەتفان قەبىلىسىنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ، يېرىم كېچىدە سېپىل ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئورۇنلاشتى. يېڭى ئاي تېخى ئەمدىلا باشلانغاچقا، ئەتراپ بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. قوشۇن سېپىلغا ناھايىتى مەخپىي يېتىپ كەلگەچكە، شەھەردىكى ھېچكىم ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيمىدى. سەھەر ۋاقتى، بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنىمۇ پەس ئاۋازدا ئېيتىلدى. مۇسۇلمانلار نامازدىن كېيىن، ‹ھىجاز بوستانلىقى› نىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، خورما باغلىرى ۋە قەلئەلىرىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆزەتتى. كۈن قىزارغان مەزگىل، تېرىلغۇ سايمانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سېپىلدىن چىققان دېھقانلار ئۇن - تىن چىقارماي شەھەرنىڭ ئالدىغىچە يېتىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى ۋە: «مۇھەممەدنىڭ قوشۇنى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئارقىغا قاراپ قېچىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئاللاھۇ ئەكبەر! خەرەبەت ئەلخەيبەر (خەيبەر خاراب بولدى)!» دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى جازاغا تارتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتىن بىرنى ئوقۇدى:

﴿ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «چۈشكەن چاغدا...» دېگەن يېرىنى: «چۈشۈرگەن ۋاقتىمىزدا...» دېدى.

يەھۇدىيلار قوشۇنلىرىنى دەرھال تەرتىپكە سالدى. ئۇلار قوماندانلىرىدىن بىرىنىڭ شۇنچە ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، قەلئە بۇلۇڭلىرىدىكى مۇداپىئە توساقلىرىغا شەكسىز ئىشەندى ۋە يەسرىب قورغانلىرى بىلەن ‹تاغ سېپىللىرى› ئىسمى بېرىلگەن خەيبەر قورغانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، بىرلىك بۇزۇلۇپ، قوماندانلار ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلاشقا باشلىدى. شۇڭا، يەسرىب يەھۇدىيلىرى ھەققىدە نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى:

﴿... ئۇلارنى ئۆم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر... ﴾[1]

[1] سافقات سۈرىسى، 117 - ئايەت.



www.munber.org

ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، بىرلىك ئىچىدىكى قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ئىدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۆز نەپسىنى تىۋەندىكى ۋەدە بىلەن ئۇلۇغلايدىغان كىشىلەردىن تەركىپ تاپقانىدى:

﴿ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئىتىقاد قىلىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ چىدامچانلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.﴾[2]

ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ يېقىن قورغانغا ھۇجۇم قىلغاندا، باشقا قورغاندىكىلەر بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ھۇجۇمغا بىرلىكتە قارشى تۇرماي، ئەكسىچە، ئۆزلىرىگە قاراشلىق قورغانلارغا بېكىنىپ، ئۆز كۈچىنى زورايتىش بىلەن مەشغۇل بولدى. شۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى كۈچ پەرق زور دەرىجىدە ئازايغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار يەنىلا يات ئەللەردە بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق سىنىلىۋاتاتتى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئەرەبىستان زېمىنىغا تونۇلغان ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەر بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىلگىرىكى جەڭلەردە قالقاننى بۇ قەدەر كۆپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولمىغانىدى. ئارقا سەپتە ئاياللار ئوق تەگكەن مۇجاھىدلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىۋاتاتتى. ئۇممۇ سەلەمە بۇ قېتىم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەپەرگە چىققانىدى. يارىدارلارنى داۋالاش ۋە ئارقا سەپتە تۇرۇپ مۇجاھىدلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى سەفىييە، ئۇممۇ ئەيمەن، نۇسەيبە ۋە ئەنەسنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيم قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمىدى. ئالتىنچى كۈنى كېچىسى، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ھەزرىتى ئۆمەر شەھەر سېپىلىدىن سىرتقا چىققان بىر يەھۇدىينى تۇتۇۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ جاسۇس يەھۇدىي ئۆزىگە ئامانلىق بېرىلسە، قايسى قورغاننىڭ ئەڭ ئاجىز ۋە قايسى قورغاندا قورال ـ ياراقنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدى بىلەن ئادەم سانى ئەڭ ئاز، لېكىن بۇرۇن باشقا قورغانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر خىل ئۇرۇش قورالىغا ئىگە قورغانغا ھۇجۇم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. دېمەك، خەيبەردىمۇ ئۇزۇندىن بېرى يەسرىبتىكىدەك ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەرگەنىدى. ئەتىسى، مۇسۇلمانلار ئۇ قورغاننى ئىشغال قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ قورغاننىڭ ئىچىدە مەنجانىق ۋە باشقا مۇھىم قوراللار بار ئىدى. مۇسۇلمانلار بىر ھېسابتا شۇ قوراللار ئارقىلىق ئاجىز قورغانلارنى بىر ـ بىرلەپ قولغا كىرگۈزدى. يەھۇدىيلار نائىم قورغىنىغا بېكىنىۋالدى. بۇ قورغاننىڭ ئەسكىرىي كۈچى خېلى كۈچلۈك بولغاچقا، يەھۇدىيلار قاتتىق ئېلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى كەينىگە چېكىندۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەتە تۇغنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى سۆيىدىغان

---

[1] ھەشىر سۈرىسى، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بەقەرە سۈرىسى، 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

شۇنداق بىرىگە تۇتقۇزىمەنكى، ئاللاھ بىزگە ئۇنىڭ قوللىرى ئارقىلىق نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ھېچقاچان ئۇرۇشتىن قاچمايدىغان بىرىدۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇرۇنقى جەڭلەرگە كىچىكرەك بىر پارچە رەختنى تۇغ قىلىپ ئىلىپ ماڭاتتى. ئەمما خەيبەرگە، ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) نىڭ پەرەنجىسىدىن تىكىلگەن يوغان قارا تۇغ ئىلىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار بۇ بايراقنى «بۇركۇت» دەپ ئاتىۋالغاندى. ئەتىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تۇغنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە ئاللاھتىن ئۇزلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ كۈنى زۇبەير ۋە قىزىل سەللىلىك ئەبۇدۇجانە ناھايىتى چوڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ھەزرىتى ئەلى ئادەملىرىنى تەشكىللەپ قورغانغا توختىماي ھۇجۇم قىلدى ۋە نىھايەت يەھۇدىيلار سېپىل دەرۋازىسىنى مۇسۇلمانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قورغان ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارقا تەرەپتىكى بىر قانالدىن باشقا قورغانغا ئۆتىۋالغاندى.

خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىر ـ بىرىدىن: «بەنى غەتفان قەيەردە؟» دەپ سورىشاتتى، ئەمما ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەيتتى. غەتفان قەبىلىسى ئۆزلىرى بەرگەن ۋەدىگە ئاساسەن تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىققاندى. ئەمما بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر قونالغۇدا چۈشۈپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. تۇيۇقسىزلا ئارقا ـ ئالدىن ئۈچ قېتىم: «خەلقىڭلار! خەلقىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋازنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇز ئائىلىلىرىنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىنى ئويلىغان ئەسكەرلەر دەرھال قەبىلىسىگە قايتتى. لېكىن، قايتىپ بېرىپ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز پېتى ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە: «يەھۇدىيلار بۇ ۋاقىتقىچە مۇسۇلمانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولدى. ئەمدى بارغان بىلەن بىز قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش قالمىدى» دەپ ئويلاپ، قايتا يولغا چىقمىدى.

زۇبەير قورغىنى ـــ خەيبەر قورغانلىرىنىڭ ئەڭ پۇختا يېرى بولۇپ، كىرىش ئېغىزىغا ئۇچلۇق قىيا تاشلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، باشقا تەرەپلىرى تىك قىيالىق ئىدى. باشقا قورغانلاردىن قاچقان يەھۇدىي ئەسكەرلىرى بۇ قورغانغا بېكىنىپ، ناھايىتى كۈچلۈك مۇداپىئە سېپى قۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قورغاننى ئۈچ كۈنگىچە مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، باشقا قەلئەدىن چىقىپ كەلگەن بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا زۇبەير قەلئەسىدىكىلەرنىڭ مەخپىي سۇ مەنبەسى بولغاچقا، مۇسۇلمانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ۋە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر ئۆزى، ئائىلىسى ۋە ماللىرى ئۈچۈن ئامانلىق بېرىلسە، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قورغان سېپىللىرىنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مەخپىي سۇ يولى بار ئىكەنلىكىنى، يەھۇدىيلارنىڭ شوتىلار بىلەن پەسكە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن سۇ ئالىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق سۇ قىسىلچىلىقى يوق ئىكەنلىكىنى، ئەگەر سۇ مەنبەسى ئېتىۋېتىلسە، ئۇلارنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك ئۇرۇشقىمۇ پايلىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە پىلان تۈزدى.



www.munber.org

بىر نەچچە كۈن داۋاملاشقان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، بۇ قورغانمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

قەمۇس قورغىنى ـ يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى بولۇپ، بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ ئەڭ باي ئايمىقى بولغان كىنانە ئائىلىسىگە تەۋە ئىدى. قورغان ئاھالىسىنىڭ ئاز قىسمى بۇرۇندىن تارتىپ خەيبەردە ياشاپ كېلىۋاتقانلار بولسىمۇ، كۆپىنچىسى مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، بۇ يەرگە يەرلىشىپ قالغان يەھۇدىيلار ئىدى. غەتفان قەبىلىسىنىڭ ياردىمىنى كۈتۈۋاتقان كىنانەلىكلەر، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى ئويلاپ ساراسىمىگە چۈشتى. باشقا قەبىلىلەردىن قېچىپ قەمۇسقا كىرىۋالغان يەھۇدىيلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا ئون تۆت كۈن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئون بەشىنچى كۈنى، كىنانە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەۋەر يوللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى. كىنانە ئۆز ئائىلىسىدىن بىر نەچچە كىشى بىلەن چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «خەيبەرنى ۋە مال ـ مۈلكىڭلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارغا تاشلاپ، شەھەردىن چىقىپ كەتسەڭلار، سىلەردىن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەيمىز ياكى ئەسىر ئالمايمىز. ئەگەر كىمكى، مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ مېڭىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى بىزنىڭ قولىمىزدىدۇر» دېدى. كىنانە ۋە باشقىلار بۇ شەرتلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئەلى ۋە زۇبەير بىلەن بىرلىكتە يەھۇدىيلاردىن ئون ئادەمنى بۇ كېلىشىمگە گۇۋاھچى قىلدى.

ئەمما كۆپ ئۆتمەي، ھەم مۇسۇلمانلار ھەم يەھۇدىيلار كۆپ قىسىمماللارنىڭ يوشۇرۇلغانلىقىنى سېزىپ قالدى. بەنى نەزىر مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغاندا، پۈتۈن مەدىنە خەلقىگە كۆز ـ كۆز قىلىپ، ھەممىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان ماللىرى كۆرۈنمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ سەۋەبىنى كىنانەدىن سورىدى. كىنانە ئۆزلىرىنىڭ خەيبەرگە كەلگەندىن بېرى قورال ـ ياراق سېتىۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىدىكى مال ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا، ھاياتلىرىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىغانىدى. گەرچە ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلمىگەن پەيغەمبەر بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىسىمۇ، ئۇنى ئالداشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كىنانەنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچنەرسىنى يوشۇرماسلىقى ئۈچۈن كۆپ يالۋۇردى. چۈنكى، ھەزرىتى مۇھەممەد قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپاتتى. لېكىن كىنانە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتمەيلا، خەزىنىنىڭ ئورنى پاش بولۇپ قالدى. كىنانە ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن جىيەنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ئائىلىسى ئەسىر ئېلىندى.

قەمۇس قورغىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ قالغان ئىككى قورغاندىكىلەرمۇ ئوخشاش شەرت بىلەن مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولدى. كۆپ ئۆتمەي،

خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىر مەجلىس تەشكىللەپ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ تىرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەر يىللىق ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا باج ھېسابىدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خەيبەردە قېلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىپىگە رازىلىق بىلدۈردى ۋە: «مەن قاچان چىقىپ كېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلسام، شۇ ۋاقىتتا دەرھال چىقىپ كېتىسىلەر!» دېگەن شەرتنى قوشۇپ قويىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ‹بايلار ۋادىسى› ـ فەدەككە يۈرۈش قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز ـ چۆچەك تارقالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان فەدەك يەھۇدىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا ئوخشاش باج تۆلەش شەرتى بىلەن تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەۋەر يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، فەدەك ئۇرۇش قىلىنماي ئېلىنغان باشقا يەرلەرگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ئۆتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ھەممە ئىش ئىزىغا سېلىنغاندىن كېيىن، زەپەر قازانغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئارام ئېلىۋاتقاندا، سەللەم ئىبنى مىشكەمنىڭ تۇل قالغان ئايالى بىر تۇياق قوينى پىشۇرۇپ، ھەر تەرىپىنى زەھەرلىدى. ئۇ باشقىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوينىڭ سېنىنى (پاچىقىنى) ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاچقا، بىر سانغا تېخىمۇ كۆپ زەھەر چېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتقاندىن كېيىن، ساھابىلەرنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلغان ۋە مەككىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان تۇنجى مۇسۇلمان ـ خەزرەجلىك بەرانىڭ ئوغلى بەشىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆشتىن بىر لوقما يېدى ۋە دەرھال تۈكۈرۈۋېتىپ ساھابىلىرىگە: «گۆشكە قول ئۇزاتماڭلار! بۇ سان ماڭا ئۆزىنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى» دېدى. يەھۇدىي ئايال تېپىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بۇ قوينى زەھەرلىگەن ياكى زەھەرلىمىگەنلىكىنى سورىدى. ئايال: «بۇنى ساڭا كىم ئېيتتى؟» دېدى. «گۆش ئۆزى ئېيتتى، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئايال: «خەلقىمنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىسەن. مېنىڭ دادام، تاغام ۋە ئېرىم ئۆلدى. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: "ئەگەر ئۇ بىر پادىشاھ بولسا، مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمەن. ئەگەر پەيغەمبەر بولسا، بۇ گۆشنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ" دەپ ئويلىدىم ۋە گۆشنى زەھەرلىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بەشىرنىڭ چىرايى ئاللىبۇرۇن تاتىرىپ بولغانىدى، كۆپ ئۆتمەي، ۋاپات بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى كەچۈرۈۋەتتى.

بۇ ئۇرۇشتا دادىسى ۋە يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان يالغۇز ئۇ ئاياللا ئەمەس ئىدى. كىنانەنىڭ خەزىنىنى تىقىپ قويغانلىقى تۇپەيلىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا، كىنانەنىڭ تۇل قالغان ئايالى سەفىييەمۇ (ئۇ ھۇيەيىنىڭ قىزى بولۇپ، ھۇيەي بەنى قۇرەيزەلىكلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن سۈلھىنامىنى يىرتىپ تاشلاشقا قايىل قىلغاچقا، خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇلار بىللە ئۆلتۈرۈلگەنىدى) بار ئىدى. سەفىييە ئون يەتتە يېشىدا



www.munber.org

بولۇپ، تېخى بىر ـ ئىككى ئاي بۇرۇنلا كىنانەگە ياتلىق بولغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ مۇددەت ئىچىدە پەقەتلا خۇشال بولالمىدى. سەفىييە دادىسى ۋە ئېرىنىڭ ئەكسىچە تەقۋا ئايال ئىدى. ئۇ تېخى كىچىك چاغلىرىدا، خەلق ئارىسىدا بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن سۆزلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ ئون ياشقا كىرگەن مەزگىللىرىدە، مەككىلىك بىر ئەرەبنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ۋە كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ قۇباغا ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ بۇ ‹ساختىپەز ئادەم› نى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن قۇباغا كەتكەنلىكى، لېكىن يېرىم كېچە بولغاندا ئۇلارنىڭ ناھايىتى خاپا ھالەتتە قايتىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ يادىدىن ھەرگىز چىقمىغانىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرگە قارشى چىقماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ ‹كىچىك ئەقلى› گە پەقەتلا سىغمىغانىدى.

سەفىييە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن باشلاپ خەيبەر سېپىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن بىر چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىدە، مەدىنە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرغان تولۇنئاي ئاستا ـ ئاستا خەيبەر تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا چۈشكەنىدى. سەفىييە ئويغىنىپ، چۈشىنى كىنانەگە سۆزلەپ بەردى. كىنانە ئۇنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالدى ۋە: «بۇ پەقەت سېنىڭ ئۇ ھىجاز شاھى مۇھەممەدنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت» دېگەنىدى. سەفىييە ئەسىرگە ئېلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، يۈزىدىكى تەستەك ئىزى تېخى يوقاپ كەتمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن تەستەك ئىزىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، سەفىييە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى. سەفىييە چۈشىنى سۆزلەپ بېرىشتىن بۇرۇن، بەنى قەلب قەبىلىسىدىن دىھيە سەفىييەنى ئۆزىگە خەيبەر ئۇرۇشىنىڭ غەنىمەت ئۈلۈشى سۈپىتىدە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرگەنىدى. لېكىن سەفىييەنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دىھيەگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ سەفىييەنىڭ ئورنىغا جىيەنىنى ئېلىشىنى بىلدۈردى. ئاندىن سەفىييەگە: «مەن سېنى ئەسىرلىكتىن ئازات قىلىۋېتىمەن. سەن يەھۇدىي پېتى قېلىپ، ئۆز خەلقىڭ بىلەن ياشامسەن ياكى ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرگە ياتلىق بولۇشنى خالامسەن؟ ئۆزەڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىغىن!» دېدى. سەفىييە: « ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تاللايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىش يولىدىكى بىرىنچى قونالغۇدا سەفىييە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويدى.

سەپەر تېخى تۈگىمىگەنىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ئۇدۇل قايتىپ كەتمەي، قوشۇننىڭ بېشىنى غەرب تەرەپكە بۇرىدى ۋە «ۋادى قۇرا» يەھۇدىيلىرىنىڭ سېپىللىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۈچ كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن، يەھۇدىيلار خەيبەردىكى شەرتلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، تەسلىم بولدى.

قوشۇن خەيبەرگە يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، كارۋان ناخشىسى ئېيتىپ بەرگەن ئەسلەملىك ئىبنى ئەل ئەقۋا قورغانلارغا قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كەتكەنىدى. قانداقتۇر، ئۇنىڭ قىلىچى ئۆزىگە تېگىپ كېتىپ، ئېغىر يارىلىنىپ جان ئۈزگەنىدى. شۇڭا ئەنسارلاردىن بىرى:



www.munber.org

«ئۇنى شىپەت دەپ قاراشقا بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ، يالغانچىنىڭ سۆزىدۇر. ھەقىقەتەن سۇ ئۇزۇش ماھىرى سۇغا قانداق شۇڭغىسا، ئۇمۇ جەننەت باغچىلىرىغا شۇنداق شۇڭغۇپ ئۆتۈپ كەتتى» دېدى. ‹شېھىت› بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر تالاش - تارتىش «ۋادى قۇرا» دا مەيدانغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەڭگى قۇلى كەركەرە بىر تۆگىنىڭ ئۇلاغلىرىنى يېشىۋاتقاندا، بېشىغا ئوق تېگىپ ئۆلگەندى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھازىر خەيبەردە تىقىۋالغان يەكتەكنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتى ئاستىدا جەھەننەم ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ساھابىلەرنىڭ ئالاھىدە مەۋقەگە ساھىب ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇ ئالاھىدە مەۋقە بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت يۈكىنىڭمۇ ئالاھىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. چۈنكى ئاللاھ ئادىل بولۇپ، ئۇلارنى يامانلىققا قارشى تۇرۇش ناھايىتى قىيىنلىشىدىغان ۋاقىتلاردا ياشايدىغان ئىنسانلارغا قارىغاندا ئېغىرراق جازاغا مۇپتىلا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دەيتتى: «سىلەر شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتىسىلەركى، شەرىئەت ھۆكمىنىڭ ئوندىن بىرىگە خىلاپلىق قىلساڭلار، مەھكۇم ھالغا چۈشۈپ قالىسىلەر. ئەمما شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئۇ زامانلاردا شەرىئەت ھۆكمىنىڭ ئوندىن بىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار "ھىدايەت تاپقۇچىلار" قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ».



www.munber.org

## «كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟»

**(70)**

مۇسۇلمانلار قوشۇنى يەتتە ھەپتىدىن كېيىن زەپەر بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، جەئفەر ۋە ھەمراھلىرى ھەبەشىستاندىن كېلىپ بولغانىدى. جەئفەر ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ۋاقتىدا، يىگىرمە يەتتە ياشلىق يىگىت ئىدى، مانا ئەمدى قىرىق ياشقا كىرىپ، يېتىلگەن ئادەمگە ئايلانغانىدى. گەرچە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئون ئۈچ يىلدىن بېرى يۈز كۆرۈشەلمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيدى ۋە: «جەئفەرنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن خەيبەرنىڭ فەتھ قىلىنىشىدىن قايسىسىغا بەكرەك سۆيۈنۈشۈمنى بىلەلمىدىم» دېدى. جەئفەر ئايالى ئەسما ۋە ھەبەشىستاندا تۇغۇلغان ئابدۇللاھ، مۇھەممەد، ئەۋن ئىسىملىك ئۈچ ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۇندىن باشقا، ھۇجرىسى ئەمدىلا پۈتكەن ئۇممۇ ھەبىبەمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ رەسمىي توي ئۈچۈن زىياپەت بەردى. ئۇممۇ ھەبىبە ئوتتۇز بەش ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەدىن باشقا ئاياللىرى ئۇنى مەككىدىكى چاغلاردىلا تونۇيتتى. ئۇندىن باشقا، ئۇ زەينەپنىڭ يەڭگىسى ۋە ھەبەشىستان سەپىرىنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدىن ئېتىبارەن ئۇممۇ سەلەمە ۋە سەۋدەنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشىدىن ھەممەيلەننىڭ خۇشرى بولغاچقا، ھېچكىمگە يات تۇيۇلمىدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتۈلمىگەندە ياش ۋە چىرايلىق سەفىييەنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشى، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) باشقا ئاياللىرى ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىييەنى ۋاقتىنچە مېھماندوست ھارىسەنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئائىشە، راست ـ يالغىنىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇممۇ سەلەمە ئائىشەگە: «ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايال. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ» دېدى. ئائىشە ھارىسەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يېڭى كېلىننى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى. سەفىييەنىڭ يۈزى يېپىقلىق بولۇپ، تونۇشلۇق بىرىشتىن ئەيمەنگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئەمما ئائىشە يېڭى كېلىنگە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرەلىگۈدەك دەرىجىدە يېقىن يەردە ئىدى. ئائىشە قايتماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ يەردە بولۇپ، ئائىشەنى تونۇپ قالغانىدى. سىرتقا چىققاندا، ئائىشەگە يېتىشىپ كېلىپ: «ئەي ئائىشە! ئۇ قانداقراق ئىكەن؟» دەپ سورىدى. ئائىشە: «ئۇ باشقا يەھۇدىي خوتۇنلىرىغا ئوخشايدىغان يەھۇدىي ئىكەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق دېمىگىن! چۈنكى ئۇ ئىسلامغا كىرىپ، ئىمانىنى گۈزەللەشتۇردى» دېدى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرى سەفىييەنى دادىسىنىڭ شەخسىيتى بىلەن رەنجىتىشكە باشلىدى. «ئەي ھۇيەيىنىڭ قىزى!» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىدە ھۆرمەت ئاتالغۇسى ئىدى. لېكىن ئۇلار ئاھاڭدىكى پەرق ئارقىلىق ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. بىر كۈنى، سەفىييە يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، چۈنكى ئاياللاردىن بىرى ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەسخىرە قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىييەگە: «ئۇلارغا: ”مېنىڭ دادام ھارۇن، تاغام مۇسادۇر“ دېگىن!» دېدى.

سەفىييە ياش جەھەتتىن ئائىشەگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ھەفسە يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەنىدى. دەسلەپكى كۈنلىرى، ئائىشە بۇ ھەقتە خاۋاتىرلەندى. ئەمما كۈن ئۆتكەنسېرى ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئىجىل دوستلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ دوستلۇق چەمبىرىنىڭ ئىچىدە ھەفسەمۇ بار ئىدى. كېيىنكى يىللىرى، ئائىشە مۇنداق دېگەنىدى: «بىز (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى) ئىككى گۇرۇھ ئىدۇق. مەن، سەفىييە، ھەفسە ۋە سەۋدە تۆتىمىز بىر گۇرۇھ؛ ئۇممۇ سەلەمە ۋە باشقىلىرى بىر گۇرۇھ ئىدى.»

ئائىشە ئۇ يىلى ئون ئالتە ياشتا بولۇپ، يېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى ئىشلاردا پىشىپ ـ يېتىلگەن، ئەمما بەزى ئىشلاردا تېخى كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى يۈز ئىپادىسى ۋە ئاۋازىدىن ئاسانلا ئىپادىلىنىپ قالاتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەي ئائىشە! مەن سېنىڭ ماڭا نارازى بولغان ۋاقتىڭ بىلەن مەندىن مەمنۇن بولغان ۋاقتىڭنى ئاسانلا پەرق ئېتەۋالالايمەن» دېدى. ئائىشە: «ماڭا ئاتا ـ ئانامدىنمۇ سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھ! بۇنى قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چۈنكى سەن مەندىن مەمنۇن بولغان ۋاقىتلىرىڭدا قەسەم قىلساڭ: ”مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارىغا قەسەم بولسۇنكى...“ دەيسەن. مەندىن نارازى بولغان ۋاقىتلىرىڭدا بولسا: ”ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارىغا قەسەم بولسۇنكى...“ دەيسەن» دېدى. يەنە بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ يېنىغا كۈتۈلگەن ۋاقىتتىن سەل كېيىنرەك كىردى. ئائىشە: «بۈنچە كەچ بولۇپ كەتتىڭچە، نەدە يۈردۈڭ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى كەنجەم (كەنجى ئايالىم دېمەكچى ـ ت)! ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىدا ئىدىم» دېدى. ئائىشە: «ئۇممۇ سەلەمەنىڭ نۆۋىتى ئۆتۈپ كەتمىگەنمىدى؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئائىشە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر تۆپىلىكنىڭ ئىككى يانباغرى ئوتتۇرىسىدا بولساڭ؛ ئۇلارنىڭ بىرىدە مال ئوتلىتىلغان، يەنە بىرىدە ئوتلىتىلمىغان بولسا، سەن ماللىرىڭنى قايسىسىدا ئوتلىتاتتىڭ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مال ئوتلىتىلمىغىنىدا ئوتلىتاتتىم» دېدى. ئائىشە: «ئۇنداق بولسا، مەنمۇ سېنىڭ باشقا ئاياللىرىڭغا ئوخشىمايمەن. چۈنكى مەندىن باشقا ئاياللىرىڭنىڭ ھەممىسى بۇرۇن باشقا ئەرلەرگە ياتلىق بولغان چوكانلاردۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە گەپ قىلماي، كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەۋە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بىر ئايال ئىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىرمە ئادەمگە تەڭ

www.munber.org

بولۇپ، ۋەھيىدە: ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.﴾[1] دېيىلگەنىدى. ئۇ خۇددى ئۆز ئىچىدە تاشقى دۇنيا بىلەن سىپلىشتۇرغىلى بولىدىغان ۋە بەزى تەرەپلەردە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان بىر باشقا دۇنيا ئىدى. ئائىشە ئۇنىڭ ناھايىتى يىراقتىن كەلگەن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. شۇنداقلا، بوران ئاۋازىمۇ ئۇنىڭ يۈزىدە ناھايىتى ئېنىق ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلاتتى. بىر كۈنى، چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇ بېشى، مۈرىسى ۋە كۆكسىنى ئېچىۋېتىپ، ئاسماندىن چۈشكەن بۇ ‹رەھمەت›تىن يەر يۈزى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغانىدى.

ئۇنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئائىشەنىڭ كۈندەشلىكىنى پەسەيتىدىغان بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ سۆيگۈنىڭ دەل ئەكسىچە، كۈندەشلىكنىڭ پەقەت بۇ دۇنياغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى، قۇرئاندا جەننەت ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

﴿ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلىدۇق (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىنىق ـ ئاداۋەت بولمايدۇ).﴾

بىر كۈنى، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتتە كىملەر سىزنىڭ ئاياللىڭ بولىدۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا: «سەن ئۇلاردىن بىرى ھېسابلىنىسەن» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە: «جىبرىئىل مېنىڭ يېنىمدا، ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى» دېدى. ئائىشە: «مەندىنمۇ سالام ئېيتقىن. ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەرىكىتى ئۇنىڭغا بولسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى.

كېيىنكى يىللىرى، ئائىشە ئۆزىنىڭ كۈندەشلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ھەممىدىن خەدىچەنى كۈنلەيتتىم. چۈنكى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەدىچەگە جەننەتتىكى قىممەتلىك تاشلاردىن بىر ساراي ياسالغانلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەر بېرىشنى ئەمر قىلغانلىقى ئۈچۈن، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) داۋاملىق ئۇنى ئەسلەيتتى. ھەر قېتىم قوي قۇربانلىق قىلسا، گۆشىنىڭ كۆپىنچىسىنى خەدىچەنىڭ يېقىنلىرىغا تارقىتىپ بېرەتتى. شۇڭا مەن ھەر دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”خۇددى دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا ئايال يوقتەك...“ دەپ قوياتتىم.»

ئائىشەنىڭ كۈندەشلىكى بەكمۇ تېز تۇتاتتى. خەيبەر غازىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە (قاچانلىقى ئېنىق ئەمەس ـ ت)، ئەبۇل ئاسنىڭ ئانىسى ھالە ئوغلىنى، كېلىنى زەينەپنى ۋە كىچىك نەۋرىسى ئۇمامەنى يوقلاپ مەدىنىگە كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدىكى ۋاقىتتا، بىر ئايال ئىشىكنى قېقىپ، ئىچكە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردىنلا تىترەپ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن ئائىشە بەكمۇ ئاچچىقلاندى. چۈنكى ھالەنىڭ ئاۋازىدىن خەدىچەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولغانىدى. كېيىنچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ، ھالەنىڭ ئىچكە كىرىش ئۈچۈن

[1] نۇن سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.

www.munber.org

رۇخسەت سوراش شەكلىنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئايالى خەدىچەنىڭكىگە شۇنداق ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

سەۋدە بەكمۇ ياشىنىپ قالغاچ، ئۆزىنىڭ نۆۋىتىنى ئائىشەگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پۈتۈن خەلق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭ ئائىشەنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ تەخمىنىدىنلا ئىبارەت ئەمەس ئىدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پات - پات: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ دۇنيادا كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى ھەردائىم ئوخشاش بولمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ سۆيگۈسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، قىزلىرى، نەۋرىلىرى، ئەلى، ئەبۇبەكرى ۋە بەزىدە زەيد ياكى ئۇسامە ... قاتارلىقلارنى تىلغا ئالاتتى. بەزىدە ئائىشەنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىدىن چىقارغان بولسىمۇ، باشقا ئاياللىرىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلماقچى ياكى قۇرئاندا ئەمر قىلىنغاندەك تىلەك تۇتۇش ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) سوۋغا بەرمەكچى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈچە كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ، ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار: «رەسۇللاھنىڭ كەيپىياتى ئائىشەنىڭ يېنىدا بولغان ۋاقىتلاردا ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، تەلەپ ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرىمىز ئاسانلا ھەل بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە كۈندەشلىك ۋە قىزغانچۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولاتتى. ئۇممۇ سەلەمە ئۆزى ۋە باشقا ئاياللارنىڭ نامىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سوۋغا بەرمەكچى بولغانلارنىڭ بىرلا كۈننى كۈتمەي، قاچان بېرىشنى خالىسا، شۇ چاغدا بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىدى. ئۇممۇ سەلەمە تەلىپىنى ئىككىنچى قېتىم ئېيتتى، يەنە بىر جاۋاب چىقمىدى. ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئائىشە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە مېنى خاپا قىلمىغىن! چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقىلىرىڭلارنىڭ يېنىدا ماڭا ۋەھيى كەلمەيدۇ» دېدى. ئۇممۇ سەلەمە: «سېنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن» دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرى شۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدى. ئۇلار فاتىمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئاياللىرىڭ سېنىڭ ھەممىسىگە تەڭ مۇئامىلە قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دېيىشنى ئۆتۈندى. فاتىمە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى خالىمىغان ھالدا قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جەھشىنىڭ قىزى زەينەپ كېلىپ، قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەگە: «ئەي كەنجى قىزىم! مەن ياخشى كۆرگەننى سەن ياخشى كۆرمەمسەن؟» دەپ سورىدى. فاتىمە: «شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، سەن ئائىشەنى ياخشى كۆرگىن!» دېدى. ئاندىن: «سېنى بۇ يەرگە زەينەپ ئەۋەتتى، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. فاتىمە: «زەينەپ ۋە باشقىلىرى ئەۋەتتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەسەم

www.munber.org

قىلمەنكى، بۇ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغۇچى زەينەپتۇر» دېدى ۋە فاتىمە سۆزىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرەپ قويدى.

فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالLىرىنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتى. ئاياللار: «ئى فاتىمە! بىزنىڭ ئالدىمىزغا قۇرۇق قول قايتىپ كەپسەن» دېيىشتى ۋە ئۇنى يەنە بىر قېتىم بېرىشقا زورلىدى. لېكىن فاتىمە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاياللار زەينەپكە: «سەن بارغىن!» دېدى. زەينەپ ماقۇل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە: «زەينەپ بىلەن سەن پاراڭلاشقىن!» دېدى. ئائىشە زەينەپ جاۋاب بېرەلمەيدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاغزىنى تۇۋاقلىدى.

ئاياللىرىغا تەڭ ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش ھەم باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا چاقىرىش ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجبۇرىيىتى بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ) ئاياللىرىغا تەڭ مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك خاراكتېرىمۇ بۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئۇ پەقەت بېرىلگەن سوۋغىنى مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلىش ۋە قالغان ئىشنى سوۋغا بەرگۈچىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىشقا مەسئۇل ئىدى. زەينەپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە: «سەن ھەقىقەتەن ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى سەن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ۋە فاتىمەدىن بولغان نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەينلەرنىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرەتتى ۋە: «ئائىلەم ئىچىدە ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن» دەيتتى. ئۇسامەنىمۇ ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرى قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇ ھەر دائىم ھەسەن بىلەن ئۇسامەنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «پەرۋەردىگارىم! مەن بۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ شۇنداق ياخشى كۆرگىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى.



www.munber.org

## خەيبەر غازىتىدىن كېيىن

### (71)

خەيبەر غازىتىدىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە جەمئىي ئالتە قېتىم قوشۇن ئەۋەتىلدى. ئەلى ۋە ئەبۇبەكرى باشچىلىقىدىكى ئىككى قوشۇن يەمەن يولىنى ئېتىۋالغان ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئۈستىگە؛ يەنە ئىككى قوشۇن شەرق ۋە شىمالدىكى غەتفان قەبىلىلىرىنىڭ ئۈستىگە؛ باشقا ئىككى قوشۇن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي مۈلكىگە كىرگۈزۈلگەن فەدەك ئويمانلىقىغا يېقىن بەنى مۇررە قەبىلىسىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىلدى. فەدەك يەھۇدىيلىرى مەدىنىدىن بۇ بەدەۋىلەر (بەنى مۇررە) گە قارشى ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. بۇلاڭچى بەدەۋىلەرنىڭ ئادەم سانى ئېنىق بولمىغاچقا، ئوتتۇز كىشىلىك كىچىك قوشۇن ئەۋەتىلدى. لېكىن ئوتتۇزىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ باشچىلىقىدا ئىككى يۈز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. دۈشمەن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ بەدەر تىكىۋەتتى. مۇسۇلمانلار تۆگە، قويلارنى غەنىمەت ئالغاندىن سىرت، بىر نەچچە ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. ئۇ يىلى ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ئۇسامەمۇ بۇ قېتىملىق سەپەرگە قېتىلغانىدى. گەرچە ئۇ خەندەكتىمۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، بۇ، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم رەسمىي ئۇرۇشقا چىقىشى ئىدى. جەڭ ۋاقتىدا، بەنى مۇررەلىك بىرى ئۇنىڭ يېشىنى تىلغا ئېلىپ مەسخىرە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان ئۇسامە، جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلماسلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىماي، ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ، چۆلنىڭ ئىچىگىچە كىردى ۋە ئاخىرى ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، قىلىچى بىلەن يارىلاندۇردى. بەنى مۇررەلىك بەدەۋىي: «لا ئىلاھ ئىللاھ» (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما ئۇسامە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىدى.

جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ تۇنجى بولۇپ: «ئۇسامە قېنى؟» دەپ سورىدى. ئۇ ۋە بارلىق ئەسكەرلەر رەسۇلۇللاھنىڭ زەيدنىڭ ئوغلىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار گەرچە زەپەر قازانغان بولسىمۇ، قاتتىق قايغۇغا چۆمدى. ئۇسامە قاراڭغۇ چۈشكەندىن بىر سائەت كېيىن، قارارگاھتا پەيدا بولدى. غالىب ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى. «مېنى مەسخىرە قىلغان بىر ئادەمنى قوغلاپ كەتكەنىدىم. ئۇنىڭ يېتىشىۋېلىپ، قىلىچىمنى ئۇراي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ: ”لائىلاھە ئىللاللاھ“ دېدى» دېدى. غالىب: «شۇنىڭ بىلەن سەن قىلىچىڭنى قىنىغا سالدىڭ، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇسامە: «ياق» دېدى «ئۇنىڭغا ئۆلۈم شەربىتىنىڭ تەمىنى تېتىتقاندىن كېيىن، قىنىغا سالدىم.» بۇنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۇسامە خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. مەدىنىگە قايتقىچە بىر نەرسە يېگۈدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغانىدى. چوڭ ياشلىق ساھابىلەر ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىمان ئېيتقان كاپىرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ۋەقە تۈپەيلىدىن نازىل بولغان ئايەتلەرنى ياخشى بىلەتتى. بىر قېتىم، كاپىرنىڭ قورال ـ يارىقى ۋە ساۋۇتىنى ئولجا ئالماقچى بولغان بىر مۇسۇلمان: «سەن مۇسۇلمان

ئەمەس!» دەپ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. گەرچە ئۇسامەگە تۇرتكە بولغان نەرسە ئۇلچا ئەمەس، بەلكى شەرەپ بولسىمۇ، ئەمما پرىنسىپ جەھەتتىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئىدى. بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولمىغىچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ـ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ ـ سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋابلار) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەت بىلەن ئىش قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.﴾[1]

ئۇسامە مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ، ئۇنى باغرىغا باسقاندىن كېيىن: «ماڭا سەپەر جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىن!» دېدى. ئۇسامە يولغا چىقىشتىن باشلاپ، ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋاقتىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. دەل ئۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۇسامە! ئۇ: ”لائىلاھە ئىللاللاھ“ دەپ تۇرسا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇسامە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ پەقەت ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ شۇنداق دېدى» دېدى. «شۇنىڭ بىلەن، سەن ئۇنىڭ راست ياكى يالغان ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇسامە: «بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» دېدى. ئۇسامە كېيىنكى يىللىرى: «ئۇ كۈنى ئىسلامغا كىرگەن بولۇشۇمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلدىم» دېگەنىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنغا كىرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، توققۇز ئايغىچە ھېچيەرگە بارماي، مەدىنىدە تۇردى. جەنۇب ۋە شىمالغا قوشۇنلار ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئايلار ئاساسەن تىنچ ۋە مولچىلىق ئىچىدە ئۆتكەنىدى. ئەمما ‹ھىجازنىڭ بوستانلىقى› دىن قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ مولچىلىق بىر مۇنچە مەسلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى.

بىر كۈنى، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىشىككە يېقىنلاپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆي ئەھلىگە مۇناسىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ۋارقىراپ گەپ قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئاياللار قۇرەيشلەر، يەنى مۇھاجىرلار ئىدى. مانا بۇ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ: «قۇرەيش ئاياللىرى ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئەركىن ۋە مەنمەنچى مەدىنە ئاياللىرىنىڭ يامان خۇيلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغىلى تۇردى» دېگەن سۆزىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلارنىڭ تەلىۋىنى ئورۇندىماسلىقىنى

[1] نىسا سۈرىسى، 94 ـ ئايەت.

www.munber.org

ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار، جەڭ غەنىمەتلىرىنىڭ بەشتىن بىرى بۆلۈپ بېرىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە بېرىشىنى تەلەپ قىلىشۋاتاتتى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە پەردە تارتىپ قويۇلغانىدى. ئۆمەرنىڭ ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرى شاپپىدىلا جىمىقتى. ئاياللار پەردە ئارقىسىغا شۇنداق تېزلىك بىلەن ئۆتۈۋالدىكى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۆيگە كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى يالغۇز كۈلۈپ تۇراتتى. ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ پۈتۈن ھاياتىڭنى كۈلكە بىلەن تولدۇرسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تېخى ھازىر مەن بىلەن بىللە تۇرغان ئاياللارنىڭ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، شاققىدە پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىشىغا كۈلۈپ كەتتىم» دېدى. «بۇ مېنىڭ ئەمەس، سېنىڭ ھەققىڭ. مەندىن ئەمەس، سەندىن قورقۇشى ۋە ھۆرمەتلىشى كېرەك» دېدى ئۆمەر، ئاندىن ئاياللار تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «ئەي ئۆز نەپسىنىڭ دۈشمەنلىرى! مەندىن قورقىسىلەر - يۇ، رەسۇلۇللاھتىن قورقمامسىلەر؟» دەپ سورىدى. «شۇنداق» دېدى ئاياللار: «چۈنكى سەن رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن قوپال ۋە تېرىككەك ئادەمسەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىبنى خەتتاب! ئۇلار توغرا ئېيتىدۇ. قۇدرەتلىك ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر شەيتان سېنىڭ قايسى يولدا كېتىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ قالسا، ئۇ چوقۇم باشقا يولنى تاللايدۇ» دېدى.

يېڭى قولغا كىرگۈزۈلگەن مال - دۇنيا ۋە باياشاتچىلىققا چۆمۈلگەن ھايات ئۇممۇ ئەيمەننىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر ئىستەك تۇغدۇردى. ئۇ خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆزىگە خاس بىر تۆگىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ئۇلاغ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «سېنى بىر تۆگىنىڭ بوتىلىقىغا مىندۈرىمەن» دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ماڭا لايىق ئەمەس، مەن بوتىلاققا مىنىشنى خالىمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «سېنى تۆگىنىڭ بوتىلىقىدىن باشقا نەرسىگە مىندۈرمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تالاش - تارتىش تاكى ئۇممۇ ئەيمەننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدىن: «ھەر تۆگە باشقا بىر تۆگىنىڭ بوتىلىقىدۇر» دېمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىنىگە قەدەر داۋاملاشتى.

يەنە بىر كۈنى، ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېگىزكىنى يۆلەپ، خاپا ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. «ئەي ئۆمەر!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن قول ئىلكىمدە بولمىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە ئاتلانغان ۋاقىتتا، بۇ سەپەرنىڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ۋە مەدىنىنىڭ مال - مۈلۈككە توشۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن: «بۇ سىلەر ئۈچۈن خەيرلىك ئەمەستۇر!» دېگەنىدى. ئۆز ئائىلىسىمۇ بۇ سۆزنىڭ ئىچىگە كىرەتتى - ئەلۋەتتە! ئۇندىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئائىشە خەيبەر غازىتىدىن بۇرۇن تويغىدەك خورما يەپ باقمىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇلارغا قاراشلىق يېقىر مۇھاجىرلار سانىنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پەقەت جىددىي ئېھتىياجلىق

نەرسىلەرنىلا تەلەپ قىلىشىغا، بەزىدە ئۇنىمۇ تەلەپ قىلماسلىقىغا تۇرتكە بولاتتى. بەرگۇدەك نەرسىلەر تارقىتىلىپ، بېرىلمىگۇدەك نەرسىلەر سېتىلاتتى ۋە پۇلىغا لازىملىق نەرسىلەر ئېلىناتتى. ئەمما، ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاياللىرىغا سوۋغا بەرگۇدەك كۆچى بار ئىدى. بۇ، بىر مۇنچە ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەلەپ قىلىشىغا سەۋەب بولىۋاتاتتى. چۈنكى باراۋەرلىك ئۈچۈن بىرىگە بېرىلگەن نەرسە يەنە بىرىگىمۇ بېرىلىشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۇمشاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانىدى. بىر كۈنى، ئۆمەر بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئايالىغا ئازار بەردى. ئايالىمۇ ئۆمەرگە قارشى جاۋاب ياندۇردى. ئۆمەر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇۋىدى، ئايالى: «پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭغا قارشى جاۋاب بەرسە بولىدىكەنيۇ، مەن ساڭا جاۋاب بەرسەم بولمامدىكەن؟ (ئاندىن ئۆز قىزى ھەفسەنى ئىما قىلىپ) بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە كاللىسىغا نېمە كەلسە، قىلچە خىجىل بولماي پەيغەمبەرگە دەۋرىدىكەن» دېدى. ئۆمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى ۋە دەرھال ھەفسەنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەفسە ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆمەر قىزىنىڭ كۆرىگىنى يوقىتىش ئۈچۈن: «سەندە يا ئائىشەدىكى لاتاپەت ياكى زەينەپتىكى گۈزەللىك يوق» دېدى. ئەمما سۆزلىرىنىڭ قىزىغا قىلچە تەسىر قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «سىلەر پەيغەمبەرنى ئاچچىقلاتقان ۋاقىتلاردا، ئاللاھنىڭ غەزەپتىن سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟» دېدى. ئاندىن جىيەنى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا باردى ۋە: «پەيغەمبەرگە خىيالىڭلارغا كەلگەن نەرسىنى دەيدىغىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك بىلەن جاۋاب ياندۇرىدىغىنىڭلار راستمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ سەلەمە: «سەدىغاڭ كېتەي، ئەي ئۆمەر! سەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارغا نېمە دەپ ئارىلىشىۋالىسەن؟ خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى، راست شۇنداق. بىز ئەقلىمىزگە نېمە كەلسە، شۇنى دەيمىز. ئەگەر ئۇ بۇنىڭغا رازى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلىدىغىنى باردۇر. ئەگەر ئۇ رازى بولمىسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ساڭا ئىتائەت قىلغاندىن بەكرەك ئىتائەت قىلىمىز» دېدى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكى بەزى ئىشلارنىڭ ئۆز يولىدا ماڭمايۋاتقانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە مەدىنىدىكى بۇ مولچىلىق ۋە باياشاتچىلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. مىسىر ۋالىسى مۇقەۋقىس پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىسلامغا چاقىرىق قىلىپ يازغان مەكتۇبىغا ئېنىق جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، يۈز مىسقال ئالتۇن، ئېسىل رەختلىك كىيىمدىن يىگىرمە قۇر، قېچىر، بايتال، بىر ھەرەم ئاغىسى ۋە خرىستىئان قىبتى چۆرىدىن ئىككىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. مارىيە ۋە سىرىن ئىسىملىك چۆرىلەر ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى چىرايلىق ئىدى. ئەمما مارىيە سىرىنغا قارىغاندا تېخىمۇ چىرايلىق ۋە جەزىبىلىك كۆرۈنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قالدى. سىرىننى ھەسسان ئىبنى سابىتقا بېرىپ، مارىيەنى مەسجىدكە ھۇجرا ياسىلىپ بولغىچە، سەفىييەنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي يوقلاپ تۇرۇشى،

www.munber.org

باشقا ئاياللىرىنىڭ كۈندەشلىكىنى شۇقەدەر قوزغىدىكى، چۆرىنىڭ كۆڭلى قاتتىق رەنجىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يۇقارقى مەدىنىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئائىشە ۋە باشقا ئاياللار دەسلەپتە بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئۆتمەي ھېچنېمىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مارىيەنى بۇرۇنقىدەكلا يوقلاپ تۇراتتى. ھەتتا بەزىدە يولنىڭ يىراقلىقى تۈپەيلىدىن باشقا ئاياللىرىغا ۋاقىت ئاجرىتالمايتتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ھەققى بولغان ئىشنى (بۇ ھەق ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپ يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتاتتى) قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. سەفىيەدىن باشقا ھەممىسى ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن چۆرىسى ھاجەرنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن نەسەبكە مەنسۇپ ئەمەسمىدى؟ ھەزرىتى مۇساغا نازىل قىلىنغان تەۋراتمۇ بۇ ھەققەتنى تەكىتلىمەكتە؛ قۇرئانمۇ بىر خوجايىننىڭ ئۆز قولىنى خالىسا چۆرىسى قىلىۋالالايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلماقتا ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەكمۇ ھېسسىياتچان ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتى ئەنە شۇ ئاياللىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە ئارىلىشىشلىرى تۈپەيلىدىن كۈنسېرى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، ھەفسە بۇ ئىشقا ئۇقەدەر كىرىشىپ كەتتىكى، ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇندىن كېيىن مارىيەنى يوقلىمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى. بۇ قېتىم، ئائىشەمۇ ھەفسەگە بولۇشۇپ بەردى.

يېڭى نازىل بولغان سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مارىيەنى ئۆزىگە ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەت بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن، سۈرىنىڭ ئىسمى «تەھرىم» دەپ ئاتالغاندى:

﴿ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەسىمى ئىناۋەتسىز قىلىنغاندىن كېيىن، ئائىشە ۋە ھەفسەنىڭ ئىسىملىرى زىكىر قىلىنمىغان ھالدا (ئۇلارنىڭ ھەققىدە) مۇنداق دېيىلگەنىدى: ﴿ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللاھ خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا ئاللاھ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر.﴾[2]

باشقا بىر ئايەتتە بارلىق ئاياللىرىغا مۇنداق دەپ خىتاب قىلىنغاندى:

[1] تەھرىم سۈرىسى، 1 ـ ئايەت.
[2] تەھرىم سۈرىسى، 4 – ئايەت.



www.munber.org

﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن.﴾[1]

سۈرىدە يەنە تارىختىكى ئىككى ناچار ئايال بىلەن ئىككى ياخشى ئايال ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەندى:

﴿ئاللاھ كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ ۋە لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى. (ئۇ ئىككىسىگە) «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار!» دېيىلدى.﴾[2]

﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن!» دېدى. ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى.﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرۈۋشىنى ئېيتىپ، ئۆيدىن چىقتى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق بالىخانىدا تۇرۇۋشقا قارار بەردى. پۈتۈن مەدىنە خەلقىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. شۇ كېچىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۆمەر، ئەتىسى سەھەردە ھەر كۈندىكىدەك مەسجىدكە باردى. نامازدىن كېيىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىز ئاچماقچى بولۇپ تەمشەلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىمايلا بالىخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۆمەر ھەفسەنىڭ يېنىغا كىردى، ھەفسە يىغلاۋاتاتتى. ئۆمەر: «نېئىمگە يىغلاۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى ۋە جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا: «مەن ساڭا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتمىغانمىدىم؟ رەسۇلۇللاھ سىلەرنى تالاق قىلدىمۇ؟» دېدى. «بىلمەيمەن» دېدى ھەفسە: «ئەمما ئۇ بالىخانىدا تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. بالىخانىنىڭ كىرىش ئېغىزى مەسجىدنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۆمەر ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مۇنبەرنىڭ يېنىدا بىرنەچچەيلەن ئولتۇرغان بولۇپ، بەزىلىرى يىغلاۋاتاتتى. ئۆمەر ئۇلارنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەرداشلىق بېرەلمەي بالىخان ئىشىكىگە كەلدى. ئىشىك ئالدىدا

[1] تەھرىم سۈرىسى، 5 - ئايەت.
[2] تەھرىم سۈرىسى، 10 - ئايەت.
[3] تەھرىم سۈرىسى، 11 - ۋە 12- ئايەتلەر.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگى قۇلى تۇراتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئۆمەرنىڭ ئىچىگە كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىغىن!» دېدى. ئىشىك باقار كىرىپ كېتىپ، بىرەر مىنۇتتىن كېيىن يېنىپ چىقتى ۋە: «سەن ئۈچۈن رۇخسەت سورىدىم. ئەمما ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى» دېدى. ئۆمەر مۇنبەرنىڭ قېشىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، قايتا كېلىپ رۇخسەت سورىشىنى ئېيتتى. ئەمما ئىشىك باقار يەنە ئوخشاش جاۋاب بىلەن قايتىپ چىقتى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇنداق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىشىك باقار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆمەر ئىچىگە كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. ئىچى خورما تالالىرى بىلەن تولدۇرۇلغان تېرە ياستۇققا يۆلىنىۋالغان بولۇپ، دۈمبىسىدە بورىنىڭ پېتىپ كەتكەن ئىزلىرى تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە قارىماي، ئۇدۇلغا قارىۋالغانىدى. «ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى ئۆمەر: «ئاياللىرىڭىنى تالاق قىلدىڭمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، تالاق قىلمىدىم» دېدى. ئۆمەر يۇقىرى ئاۋازدا: «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسگە ئاڭلانغانىدى. كېيىنكى يىللىرى، ئۆمەر سەلەمە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن توختىماي يىغلايتتىم ۋە بىرى كېلىپ: "رەسۇلۇللاھ سىلەرنى تالاق قىلىۋەتتىمۇ؟" دەپ سورىسا: "قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، بىلمەيمەن" دەپ جاۋاب بېرەتتىم. تاكى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگىچە شۇنداق بولدى. ھەممىمىز ھۇجرىمىزدا تۇرۇپ ئۆمەرنىڭ تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ سوئالىغا: "ياق!" دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇق.» ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن خەلقنىڭ كاللىسىدىكى سوئال ئوخشاش ئىدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز قىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلگەنىدى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يېنىغا كىرىپ ئۆرە تۇردۇم. ئاندىن: "بىز مەككىدىكى ۋاقتىمىزدا ئاياللىرىمىزنى باشقۇراتتۇق. ئەمما مەدىنىگە كەلگەندىن بېرى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ قالدۇق" دېدىم» دەيتتى ئۆمەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تەستىقلىغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئۆزىنىڭ ھەفسەنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقان سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كۈلۈپ قويدى. بۇنىڭدىن جاسارەتلەنگەن ئۆمەر ئولتۇرۇپ، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. يەردە بىر پارچە بورا بىلەن ئۈچ دانە ياستۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرئاز ھەشەمەتلىك ھايات كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئىران ۋە يۇنان شاھلىرىنى مىسال كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: «ئەي ئىبنى خەتتاب! كاللاڭدا ھېچ شۈبھە قالمىسۇن. ياخشى نەرسىلەر ئۇلارغا پەقەت بۇ دۇنيا ئۈچۈنلا بېرىلگەن» دېدى.

يېڭى ئاي تېخى ئەمدى باشلانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاي ئۆتۈپ كەتكىچە، ئاياللىرىنىڭ ھېچقايسى بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاي توشقان كۈنى، ئالدى بىلەن ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئائىشە خۇشاللىقىدىن: «دەل يىگىرمە



www.munber.org

توقۇز كېچە بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورىدى. ئائىشە: «مەن كۈن ساناپ كەلدىم. ئەمما قانداق ساندىمكىن ـ تاڭ؟!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئاي يىگىرمە توققۇز كۈنلۈك ئايغۇ؟» دېدى. ئائىشە ئاي كالىندارىغا ئاساسەن بەزى ئايلارنىڭ يىگىرمە توققۇز كۈنلۈك بولىدىغانلىقىنى ئۇنۇتقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە يېڭى نازىل بولغان ۋەھيىنى بايان قىلىپ، ئىككى نەرسىدىن بىرىنى تاللايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە: «بۇ ھەقتە ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ساڭا مەسلىھەت كۆرسىتىشىنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. ئائىشە: «ياق! ھېچكىم بۇ ھەقتە مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ. ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئىككى نەرسە قايسىلار؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ساڭا تاللاش ھوقۇقى بەردى. قايسىنى خالىساڭ، شۇنى تاللىغىن!» دېدى ۋە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېئمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى.»﴾[1]

ئائىشە: «ھېچ شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھنى، رەسۇلىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى تاللايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى ۋە ھەممىسى ئۇنى تاللىدى.

www.munber.org

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 28 - ۋە 29 - ئايەتلەر.

## ئۆمرە ۋە ئۇنىدىن كېيىن

**(72)**

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ، قۇرەيشلەرنىڭ ۋەدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرە ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمنى زىيارەت قىلىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئالدىنقى يىلى ئۆمرە سەپىرىگە چىققانلارنىڭ بەزىلىرى ۋاپات بولغان، يەنە بەزىلىرى جەڭلەردە ئۆلتۈرۈلگەنىدى. قالغانلىرىغا يېڭىلىرى قېتىلىپ، جەمئىي ئىككى مىڭ ھاجى يولغا چىقتى. بەنى دەۋس قەبىلىسىدىن ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ يېڭى قېتىلغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەيبەر غازىتىدىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم ئادەم بىلەن مەدىنىگە كېلىپ، ئەھلى سۇففىلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلغانىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسمى ئابدۇرراھمانغا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنى يەنىلا «مۈشۈكلەرنىڭ دادىسى» مەنىسىدىكى ئەبۇھۇرەيرە ئىسمى بىلەن ئاتايتتى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش مۈشۈكلەرگە ئامراقلىقى ۋە نەگە بارسا، بىر ئاسلاننى كۆتۈرۈۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغانىدى. كېيىنكى يىللىرى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ قېتىملىق سەپەردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇربانلىق تۆگىلەرگە مەسئۇل قىلىپ قويدى.

قۇرەيشلەر ھاجىلارنىڭ ھارام رايونغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋادىنى بوشىتىپ، ئەتراپتىكى تۆپىلىكلەرگە چىقىپ كەتتى. قۇرەيش رەئىسلىرى ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىگە يىغىلىپ، ئۇ يەردىن مەسجىدنى كۆزەتمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇ يەردىن خېلى كۆپ يەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەنە، ئۇزۇن رەتكە تىزىلىپ، غەربىي شىمالىي ئۆتكەلدىن شەھەر ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلگەن ھاجىلار كۆرۈندى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا قەدىمدىن بېرى ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر سۆز ئاڭلىنىشقا باشلىدى: «لەببەيكەللاھۇممە، لەببەيك!»

قەۋسەگە مىنىۋالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ، يېتىلىۋالغان خىزمەتچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە چاچلىرىنى چۇشۇرۇپ، ئاپپاق ئېھرامغا ئورىنىۋالغان ھاجىلار قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. باشقىلارنىڭمۇ بەزىلىرى تۆگىلىك، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. ئۇلار ئەڭ يېقىن يول بىلەن مەسجىدى ھەرەمگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ھەممىسىنىڭ ئۈچىسىدا بېلىنىڭ ئۈستىنى يۆگەيدىغان بىر پارچە رەخت بار ئىدى. مەسجىدكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىسىدىكى رەخت پارچىسىنى مۈرىسىدىن چۈشۈرۈپ، بىر تەرىپىنى ئوڭ قولىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئىككى ئۇچىنى سول مۈرىسىدىن چاپراس شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ، ئالدى ـ ئارقىغا قىلىپ ساڭگىلىتىپ قويدى. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلىقىغا مىنگەن پېتى كەئبىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭىغا قاراپ ماڭدى ۋە ھاسىسىنى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە تەگكۈزگەندىن كېيىن، كەئبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى، يەنى تاۋاپ قىلدى. تاۋاپتىن كېيىن، سەفا تۆپىلىكىگە بېرىپ، سەفا بىلەن مەرۋە



www.munber.org

ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كەلدى. ’’سەئيى‘‘ دەپ ئاتالغان بۇ پائالىيەت قۇربانلىق تۆگىلەر تۇرغان مەرۋە تۆپىلىكىدە ئاخىرلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغانىدىن كېيىن، يەنە ھىراسقا چېچىنى چۈشۈرگۈزدى. ئۆمرە پەرزلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشاتتى.

كەئبىنىڭ ئىچى بۇتلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمگە باردى. ئەمما كەئبىنىڭ ئىشىكلىرى قۇلۇپلاغلىق بولۇپ، ئاچقۇچلىرى ئابدۇددار قەبىلىسىدىن بىرىنىڭ قولىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچقۇچلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىرىنى ئەۋەتتى.

ئەمما قۇرەيشلەر سۈلھىنامىدە بۇنداق شەرتنىڭ يوقلۇقىنى ھەم كەئبىگە كىرىشنىڭ ھەج پەرزى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. شۇڭا ئۇ يىلى ھېچكىم كەئبىگە كىرەلمىدى. ئۇ كۈنى، قۇياش تىك ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنى چاقىرىپ، كەئبىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئەزان توۋلىشىنى ئېيتتى. بىلالنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى پۈتۈن مەككە تۆپىلىكلىرىگىچە ياڭرىدى. ئاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ تەكبىر ۋە كەلىمەئى شاھادەت ئوقۇغان ئاۋازلىرىمۇ مەككە ۋادىسىنى بىر ئالدى. ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىدىكى قۇرەيش رەئىسلىرى زەڭگى قۇل ـ بىلالنى كەئبىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپ دەرغەزەپ بولدى. ئۇلار بۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى كۆپ غەلىبىگە ئېرىششىگە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بىر يىل بۇرۇن ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىغان سۈلھىنامىنى تۈزگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ھاجىلار ئۆزلىرىگە ئۇگچە قالغان شەھەردە ئۈچ كۈن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرى مەسجىدكە قۇرۇلغانىدى. مەخپىي مۇسۇلمان بولغان مەككىلىكلەرنىڭ كېچىلىرى تۆپىلىكلەردىن چاندۇرماي چۈشۈشى مۇسۇلمانلارنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. ئاbbas ئوچۇق ـ ئاشكارە مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، قۇرەيشتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا غىڭ ـ پىڭ قىلالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۈچ كۈن بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى ۋە بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قېينى سىڭلىسى مەيمۇنەنى تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى. مەيمۇنە ۋە ئۇممۇل فازىل بىر تۇغقان ئاچا ـ سىڭىللار بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى، ھەمزەنىڭ تۇل قالغان ئايالى سەلما ۋە ئۇنىڭ قىزى ئۇمارەمۇ ئابباسنىڭ ئۆيىدە بىللە تۇراتتى. ئەلى جىيەنى، يەنى ھەمزەنىڭ قىزىنىڭ بۇتپەرەسلەر ئارىسىدا تۇرۇۋەرمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئابباسمۇ ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىدى ۋە ئۇمارەنىڭ ھاجىلار بىلەن بىللە كەلگەن فاتىمەنىڭ يېنىدا تۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭ تۆگىسىگە مىنىشىنى قارار قىلدى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، سۇھەيل ۋە ھۇۋەيتىب ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىدىن چۈشۈپ، سەئد ئىبنى ئۇبادە ۋە باشقا بىر نەچچە ئەنسار بىلەن ئولتۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ۋاقتىڭلار توشتى، شەھەردىن چىقىڭلار!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۆيلەنمەكچى، بۇ يەردە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ، سىلەرگىمۇ توي زىياپىتى بەرسەم، سىلەرچە قانداق بولار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ زىياپىتىڭگە ئېھتىياجىمىز يوق، شەھەردىن دەرھال چىقىپ كەت! ئى

مۇھەممەد! سەندىن ئاللاھ نامىدا ۋە ئارىمىزدىكى سۇلھىنامە نامىدا شەھەردىن چىقىپ كېتىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز. مانا ئۈچىنچى كۈننىڭ كېچىسىمۇ ئۆتۈپ كەتتى» دېدى. سەئىد ئۇلارنىڭ بىھۆرمەتلىك بىلەن قىلغان بۇ مۇئامىلىسىدىن دەرغەزەپكە كەلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ: «ئەي سەئىد! بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەن ئادەملەرگە قوپال مۇئامىلە قىلمىغىن!» دېدى. ئاندىن بارلىق مۇسۇلمانلارنى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن شەھەردىن چىقىپ بولۇشقا بۇيرىدى. ئەمما خىزمەتچىسى ئەبۇرافىنى مەيمۇنەنى ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن مەككىدە قالدۇردى. مەيمۇنە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھارام قىلىنغان رايوندىن بىر قانچە مىل يىراقلىقتىكى سەرىف دېگەن يەردە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ توي، دۈشمەن بىلەن بۇرۇن تەخمىن قىلىنىپ باقمىغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتكە سەۋەب بولدى. مەيمۇنە، ئۇممۇل فازىل، ئۆگەي قېرىنداشلىرى سەلما ۋە ئەسمالار بىر ئانىدىن بولغان ئاچا - سىڭىللار بولۇپ، مەيمۇنە بىلەن ئۇممۇل فازىلنىڭ دادىلىرى تەرىپىدىن ئەسما ئىسىملىك يەنە بىر قېرىندىشىمۇ بار ئىدى. مەخزۇم قەبىلىسىدىن ۋەلىدتىن تۇل قالغان ئەسمانىڭ (ۋەلىدتىن) خالىد ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىدى. خالىد ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايالىنىڭ جىيەنى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇغقان بولۇپ قالغانىدى.

مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چۈشلۈك ئارام ئېلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەسكىن ئاۋازدا ئېلىپ بېرىلغان تالاش - تارتىش تۈپەيلىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئاۋازلاردىن ئۇلارنىڭ ئەلى، زەيد ۋە جەئفەر ئۈچى ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇلار بىر قارارغا كېلەلمىگەنسىرى ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىردى ۋە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار بۇنىڭ شەرەپ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ۋە مەدىنىگە كەلگىنىدىن بېرى ئەلىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئۇمارەدە قايسىسىنىڭ ھەققىي كۆپرەك ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلغانلىقىنى ئېيتتى. «ئۆيگە كىرىڭلار!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن مەن ھۆكۈم چىقىرىپ قوياي.» ئۈچى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئەلىدىن بۇ ھەقتە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى سورىدى. ئەلى: «ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنى مەككىدىن مەن ئېلىپ كەلدىم. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ھەققىم كۆپرەك» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەرگە قارىدى. جەئفەر: «ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى. ئۇنىڭ ھاممىسى (ئانىسىنىڭ قېرىندىشى) مېنىڭ ئەمرىمدە» دېدى. جەئفەرنىڭ ئايالى ئەسما ئۇمارەنىڭ ھاممىسى ئىدى. سۆز زەيدكە كەلدى. ئۇ پەقەت: «ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ قىزىدۇر» دەپلا جاۋاب بەردى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېڭى كەلگەن ۋاقىتتا، ھەمزە بىلەن زەيدنى قېرىنداش قىلىپ قويغانىدى. ھەمزە شېھىت بولۇشتىن بۇرۇن، ئۆزىگە تەۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە زەيدنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. ھەر ئۈچىنىڭ بۇ شەرەپنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سەۋەبلىرى بار ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارارنى بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن ھەممىسىنى بىر قۇردىن ماختاپ چىقتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، جەئفەرگە: «سېنىڭ تەققى - تۇرقۇڭ ۋە مىجەز - خۇلقىڭ ماڭا ئوخشايدۇ» دېگەنىدى. پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھسسالام ئۇلارنى ماختاپ، كۆڭلىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن، بۇ ھەقنىڭ جەئفەرگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن جەئفەرگە: «ئۇنىڭ ئۇستىدە ھەممىدىن بەك سېنىڭ ھەققىڭ بار، چۈنكى ئانىنىڭ قىز قېرىندىشىمۇ بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئانىسىدۇر» دېدى. جەئفەر ھېچنېمە دېمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئەي جەئفەر! بۇ نېمە قىلىق؟» دەپ سورىدى. جەئفەر: «بۇ، ھەبەشىستانلىقلارنىڭ پادىشاھىغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسى. قاچانكى، نەجاشى بىرىگە سۆيۈندىغان بىر نەرسە بەرسە، ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، نەجاشىنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇندىن كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئوغلى سەلەمەنى ئۇمارەگە ئۆيلەندۈردى. سەلەمەنىڭ دادىسى ئەبۇسەلەمە ھەمزەنىڭ قىز قېرىندىشى بەررەنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن، سەلەمە ئەينى ۋاقىتتا ئۇمارەنىڭ جىيەنى ھېسابلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويغاندىن كېيىن: «ئەمدى سەلەمەگە بولغان قەرزىمنى ئادا قىلغاندىمەن؟» دېدى. چۈنكى، سەلەمەنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە ئوغلى سەلەمەنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بەرگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنى ئۇممۇ سەلەمەگە قەرزدار دەپ كۆرەتتى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭغا بىر كېلىن بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ قەرزىنى ئادا قىلغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى ئىدى.

قۇرەيش رەئىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مەككىگە كىرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئەمما خالىد ۋە ئەمر ئىككىسى نە ئەبۇقۇبەيستە، نە باشقا تۆپىلىكتە كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەككىگە يېقىنلىشىشتىن بۇرۇنلا شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككىسى شەھەردىن ئۆز ئالدىغا چىققان بولۇپ، چىقىپ كېتىش سەۋەبلىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىدى. لېكىن ھەر ئىككىسى بىر نۇقتىدا ئوخشاش كۆز — قاراشقا ئىگە ئىدى. يەنى ئۇلارغا كۆرە: «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچۈن روھىي غەلىبە بولغان بولسا، ئۇنىڭ مەككىگە كىرىشى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچى تايانچ كۈچنىڭ يوققا چىققانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.» شۇندىمۇ، ئەمرنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ھالبۇكى، خالىد بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قارارسىزلىق ئىلكىدە يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىچكى ھالىتىنى سىرتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقانىدى. ئەمما كېيىنچە، ئۇھۇد ۋە خەندەك جەڭلىرىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلچە پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى، چۈنكى قانداقلا بولمىسۇن، ئاخىرقى غەلىبىنىڭ پەيغەمبەرگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھۇدەيبىيەگە بارغاندا، خالىدنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۆزىدىن بىردىنلا غايىب بولغانىدى. بۇنىڭغا ھەيران قالغان خالىد: «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن قوغدىلىۋېتىپتۇ» دەپ ۋارقىرىغانىدى. بۇ، ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى يۈرۈشى ئىدى. كۆپ ئۆتمەي، مۇسۇلمانلار خەيبەر زەپىرىگە ئېرىشتى.



www.munber.org

خالىدنىڭ كاللىسىدا باشقا ئوي - خىياللارمۇ بار ئىدى. ئۇ گەرچە ئۆزى خالىمىسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئىنىسى ۋەلىدنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزىگە ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇنى سورىغانلىقىنى ۋە: «ئەگەر ئۇ كۈچ - قۇۋۋىتىنى بۇتپەرەسلىككە قارشى ئىشلىتىپ، ئىسلامنى قوللىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ خەيرلىك بولاتتى. بىزمۇ ئۇنى باشقىلاردىن ئۇستۈن كۆرگەن بولاتتۇق» دېگەنلىكىنى يازغانىدى. ۋەلىد مەكتۇبىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەي ئاكا! قانچىلىك زىيان تارتقانلىقىڭنى ئۆزەڭ بىر دەڭسەپ كۆرگىن!» دېگەنىدى.

ئۇنىدىن باشقا، ئائىلىسىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرمۇ خالىدقا تەسىر قىلغانىدى. خالىدنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى پەيغەمبەر تەرەپدارى بولۇپ كېلىۋاتقان ئانىسى يېقىندا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. مانا ئەمدى بولسا، ھاممىسى مەيمۇنە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ياتلىق بولدى. بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، خالىد بىر چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىدە ئۇ ھەممە تەرىپى قورشالغان، قۇرغاق بىر دۆلەتتە تۇراتتى. كېيىنچە ئۇ بۇ دۆلەتتىن چىقىپ، ھەممە تەرىپى يېپيېشىل، تۈپرىقى مۇنبەت بىر دۆلەتكە كېلىپ قالىدۇ. ئۇ چۈشىگە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن تەبىر بېرىپ، مەدىنىگە بېرىشقا قارار بەردى. ئەمما ئۆزى يالغۇز بېرىشنى خالىمىدى. ئەجبا، ئۆزىگە ئوخشاش ئويلايدىغان ھېچكىم يوقمىدۇ؟ ئەمىر، سەفۋان ۋە ئىكرىمەلەر ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى. ئەمىر مەككىدە بولمىغاچقا، ئىكرىمە بىلەن سەفۋاننى يېنىغا چاقىردى. ئەمما سەفۋان: «پۈتۈن قۇرەيش مۇھەممەدنىڭ ئارقىسىدىن ماڭسىمۇ، مەن ماڭمايمەن» دەپ چالۋاقىدى. ئىكرىمەمۇ شۇنداقراق جاۋاب بەردى. خالىد ھەر ئىككىسىنىڭ بەدرى غازىتىدا دادىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، سەفۋاننىڭ ھەم دادىسى ھەم قېرىندىشىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆزى يالغۇز مېڭىشقا مەجبۇر بولغان خالىد غەمكىن ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، ئابدۇددار قەبىلىسىدىن تەلھەنىڭ ئوغلى ئوسمان (ئۇ بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئۇممۇ سەلەمەنى مەككىدىن مەدىنىگە ئاپىرىپ قويغانىدى) ئۇچراپ قالدى. ئوسمان خالىدنىڭ ئىكرىمە ۋە سەفۋانلاردىنمۇ يېقىن دوستى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىككىسىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىشنى باشقا بىرىگە دەپ ئولتۇرماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوسمان بەدرى غازىتىدا دادىسى، ئىككى تاغىسى ۋە تۆت جىيەنىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە بىر ئېغىز سۆز قىلماي خېلى بىر يەرگىچە بىللە ماڭغاندىن كېيىن، خالىد تۇيۇقسىزلا گەپ قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ: «بىزنىڭ ھالىمىز كامارغا كىرىۋالغان تۈلكىنىڭ ھالىدىن پەرقلەنمەيدۇ. كامارغا بىر سوغا سۇ تۆكسەڭ، تۈلكە بىردەمدىلا كاماردىن چىقىدۇ» دېدى. ئوسماننىڭ يۈز ئىپادىسىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان خالىد ئۆزىنىڭ نەگە، نېمە ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۆزۈندىن بۇيان شۇنداق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئوسمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدى ۋە بەزى نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. خالىد ئۇنى رازىمەنلىك بىلەن كۈتۈپ تۇردى. ئەتىسى سەھەردە، ئىككىسى بىرلىكتە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.



www.munber.org

ئەمرگە كەلسەك، ئۇ ئىسلام ھەققىدە ئىكرىمە ۋە سەفۋانلار بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىدى. ئەمما ئۆز ئەھۋاللىرىنىڭ چاتاقلىقىنى ئۇلاردىن ياخشىراق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى داھى دەپ بىلىدىغان سەھل ۋە باشقا قەبىلىلەردىن بىر توپ ياشنى ئۆزى بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا بېرىشقا قايىل قىلدى. ئۇلارغا: «ئەگەر مۇھەممەد ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشسە، بىز باشقىلارنىڭ ھىمايىسىدە خاتىرجەم تۇرۇۋېرىمىز. ئەگەر قۇرەيشلەر زەپەر قازانسا، بىز بىر ئامال قىلىپ يەنە مەككىگە قايتىپ كېلىمىز. مۇھەممەدنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاندىن، نەجاشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغىنىمىز ياخشىراق» دېگەنىدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىردەك تەستىقلىدى.

ئەمر ھەم سىياسەتچى ھەم يىقىلغىنىغا ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدىغان جەسۇر ئادەم ئىدى. ئۇ جەئفەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستاندىكى تەسىرىنى سەل چاغلاپ، ناھايىتى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ، نەجاشى بىلەن نەچچە يىلغىچە ئالاقە قىلىپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. مۇسۇلمانلار كېيىنچە ھەبەشىستاندىن مەدىنىگە كۆچۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار كەتكەندىن كېيىن، ئەمر نەجاشىنىڭ يېڭى دىنغا بولغان قىزىقىشىنىڭ يوقىغا چىققانلىقىنى قىياس قىلغانىدى. نەجاشى ئۇنى ھوزۇرىغا چاقىرغاندا، ئەمر سوۋغا قىلغان تېرە مەھسۇلاتلىرىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى. نەجاشى ئۇ قەدەر خۇشال كۆرۈنۋاتاتتىكى، ئەمر ئۇنىڭدىن ھىمايە تەلەپ قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. ئەمما ئۇ ھىمايە تەلەپ قىلغان ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتىدىغان بەزى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، پادىشاھنىڭ بىردىنلا قاتتىق غەزەپلىنىشىگە سەۋەب بولدى ۋە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ نەجاشىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قېلىشى ئۈچۈن، تېرە مەھسۇلاتلىرىدىن بەكرەك، مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ، ئىسلامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن نەجاشىدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى. ئەمما قارشى تۇرغۇدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ: «ئەي پادىشاھ! ئۇنىڭغا راستىنلا شاھادەت ئېيتامسەن؟» دەپ سورىدى. نەجاشى: «ئاللاھ ھوزۇرىدا ئۇنىڭغا شاھادەت ئېيتىمەن. ئەي ئەمر! سەن مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك قىلغىن ۋە ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلغىن! ھەق تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، خۇددى مۇسا فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەندەك، مۇھەممەدمۇ ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق توسالغۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

تارىخ كىتابلىرىدا، ئەمرنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەمر بىر كېمىگە چىقىپ، يەمەنگە باردى ۋە ئۇ يەردىن بىر تۆگە ۋە يەپ ـ ئىچىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ مەككىدىن مەدىنىگە بارىدىغان ساھىل يولى ئۈستىدىكى تۇنجى قونالغۇسى ھەددە دېگەن يەردە خالىد بىلەن ئوسمانغا ئۇچراپ قالدى. يولنىڭ قالغان قىسمىنى ئۈچى بىرلىكتە باستى.

مەدىنە مۇسۇلمانلىرى ئۈچىلىسىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. خالىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ كۈنكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ: «مەن سالام بەرگەندە ئۇنىڭ يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى» دېگەنىدى. خالىد تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلدى: «ئاللاھتىن باشقا



www.munber.org

ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە شاھادەت ئېيتىمەن!» رەسۇلۇللاھ: «سېنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتىمەن! مەن بۇرۇنلا سېنىڭ ئەقلىڭنىڭ سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم» دېدى. خالىد: «ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشۇ كەمگىچە مېنىڭ ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ كەلگەنلىكىمنى بىلىسەن. ئاللاھنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان بولساڭ!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭ سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دېدى. تەئەججۈپلەنگەن خالىد: «شۇنچە كۆپ گۇناھ ئۆتكۈزۈۋەتسەممۇ، سۈرۈشتە قىلىنمامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن قايغۇلۇق ئىپادىلەر چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «پەرۋەردىگارىم! خالىدنى سېنىڭ دىنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالىمىغىن، ئۇنى كەچۈرۈۋەتكىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئوسمان ۋە ئەمرمۇ كەلىمەئى شاھادەت ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. كېيىنكى يىللىرى، ئەمر مۇنداق دېگەنىدى: «بەيئەت قىلغان ۋاقتىتا، مەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۈزىگە قارىيالمىغانىدىم.»

ئەمرنىڭ قېرىندىشى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ جىيەنى ھىشام خەندەك ئۇرۇشىدىن بۇرۇن مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ قاچتى. ئابدۇللاھ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ناھايىتى تەقۋا مۇسۇلمان بولۇپ، كۆپىنچە كۈنلىرىنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزەتتى ھەم ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بىرى ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلغانىدى. ئابدۇللاھ بىلەن ھىشام ئىككىسى ئەمرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ھەردائىم دۇئا قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەدىنىدە بىر يەرگە جەم بولۇشى ھەم ئەمر ئۈچۈن ھەم ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خۇشاللىق بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئۇندىن باشقا، جەئفەر بىلەن ئەلىنىڭ ئاكىسى ئاقىل ۋە مۇتئىمنىڭ ئوغلى جۇبەيرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كاتتا ئىش بولدى. جۇبەير بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەنلەرنى فىدىيە تۆلەپ مەككىگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغانىدى ۋە بۇ مەزگىل ئىچىدە ئىسلام ئۇنىڭ قەلبىگە شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئاقىل بەيئەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئىككى سەۋەب بىلەن ياخشى كۆرىمەن. بىرى، ماڭا تۇغقان بولغانلىقىڭ ئۈچۈن؛ يەنە بىرى، تاغامنى شۇنداق ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن...» دېگەنىدى.

www.munber.org

## قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار

**(73)**

ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى ھەم خۇشاللىقلارغا ھەم قايغۇلارغا تولغان بىر يىل بولدى. تۇنجى قايغۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ۋاپاتى ئىدى. زەينەپ كۆز يۇمغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ بېشىدا بولۇپ، كۆڭۈلى ۋە نەۋرىلىرىگە تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن، ئۇممۇ سەلەمە، سەۋدە ۋە ئۇممۇ ئەيمەنگە جىنازىنى يۇيۇپ، كېپەنلەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. غۇسلى قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن جىنازىگە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىچكە كىيىۋالغان كىيىمنى سالدى ۋە زەينەپنى شۇنىڭ بىلەن كېپەنلەشنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەينەپنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، قەبرە بېشىدا تۇرۇپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن پەرزەنت كۆرگەن بىردىنبىر ئايال خەدىچە بولۇپ، ئۇندىن باشقا ئاياللىرىدىن بالا تۇغۇلمىغانىدى. مەدىنەلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مەدىنەدىمۇ بىر بالىسى تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھازىرقى ئاياللىرىدىن ئۇممۇ سەلەمە بىلەن ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ بۇرۇنقى ئەرلىرىدىن بولغان بالىلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەر قېتىم ئۆيلەنگەندە، مەدىنىلىكلەر يېڭى بوۋاق بولۇپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن بەكمۇ خۇشال بولۇشاتتى. ئەمما مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئۈمىدلىرىدىن ۋاز كېچەتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خەدىچەدىن كېيىن ئۆيلەنگەن ئاياللىرىنىڭ ھېچقايسىسىدىن بالىسى بولمىغانىدى. ئەمما قىزى زەينەپنىڭ ۋاپاتىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ تەكرار دادا بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىبتى چۆرىسى ھامىلدار ئىدى. مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھەمىشە ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

ئۆمرە ھەججىدىن ئۈچ ئاي كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۇرىيە چېگرىسىدىكى قەبىلىلەرگە ئون بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان «تىنچلىق ئەلچىلىرى» ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىگە يا ئوقى بىلەن جاۋاب قايتۇردى ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولغان مۇسۇلمانلاردىن ئون تۆتىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

كۆپ ئۆتمەي، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما تېخىمۇ سياسىي تۈس ئالغان يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خرىستىئان شاھى قەيسەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇبىنىڭ جاۋابىنى ئالالمىغاچقا، قايتا مەكتۇب يېزىپ، دىھيە ئەل كەلبى ئارقىلىق بەسرە ۋالىسىغا ئەۋەتتى. غەسسانلىق بىر قەبىلىنىڭ رەئىسى بەسرەگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. غەسسانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى خرىستىئان بولغاچقا، ھەر قاچان قەيسەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ جازاسىز قېلىشىنى



www.munber.org

خالىمدى ۋە ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ، زەيدنىڭ قوماندانلىقىدا غەسسان قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. ئەگەر زەيد ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا جەئفەر؛ جەئفەرمۇ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ قوماندانلىق قىلىشىنى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلسە، مۇجاھىدلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن بىرىنى قوماندان قىلىپ سايلىشىنى تاپىلىدى. ئاندىن زەيدنىڭ قولىغا ئاق تۇغدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ، باشقا ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە قوشۇننى ئۇھۇدنىڭ شىمالىدىكى تۆپىلىكلەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

قوشۇن سۇرىيە چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، پەقەت بارلىق شىمالىي قەبىلىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى قەيسەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتى. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ جەمئىي يۈزمىڭ كىشىدىن ئاشىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز - چۆچەك تارقالدى. ئەلۋەتتە، بۇ كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان سان ئىدى. زەيد دەرھال قوماندانلىق ھەيئىتىنى بىر يەرگە يىغدى. ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئەھۋالنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يا ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇيتتى ياكى ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتەتتى. ئەمما ئابدۇللاھ بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپ: «ئالدىمىزدا ئىككى ئىش بار. بىرى زەپەر قۇچۇش، يەنە بىرى شېھىت بولۇپ، جەننەت باغلىرىدىكى دوستلىرىمىزغا ھەمراھ بولۇش. قېنى ئەمسە، ئالغا!» دېدى. بۇ سۆز ئۇھۇد غازىتىدىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇندىن كېيىنكى ھەر قېتىملىق غازاتتا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ھەم قارشى چىققىلى بولمايدىغان سۆز ئىدى.

ھەممەيلەن ئابدۇللاھنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ، شىمالغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ۋە سۇرىيە چېگرىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان ئۆلۈك دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ساھىلىغا يېقىنلاپ كەلدى. يەنە بىر نەچچە سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىكى دۈشمەن كۆرۈندى. بىزانس ۋە ئەرەب قوشۇنىنىڭ سانى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق ئىدى. قوشۇن قوماندانلىرىدىن ھېچقايسىسىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى بۇ قەدەر زور بولغان قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بۇ قەدەر ئىلغار قورallarغا ئىگە ئاتلىق قوشۇننىمۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. بىزانسنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئوتتۇرىغا، ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇلارنىڭ ئىككى يېنىغا ئورۇنلاشقانىدى. بەدرىدىكى قۇرەيش قوشۇنى بۇ قوشۇننىڭ ئالدىدا يوق ھېسابىدا ئىدى. ھەم دۈشمەن قوشۇنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشىۋالغانىدى. لەشكەرلەرمۇ جەڭ پەرمانىغا تەييار ھالەتتە تۇراتتى.

ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ئەپسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن زەيد، قوشۇننى جەنۇبقا، مۇئتەگە قاراپ چېكىنىشكە بۇيرىدى. ئۇ يەردە ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشالايتتى ھەم قوشۇن سېپىنىمۇ رەتلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايتتى. دۈشمەن قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ، مۇئتەگىچە يېتىپ كەلدى. دۈشمەن تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋېدى، زەيد چېكىنىش ئورنىغا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئەمرىنى بەردى (دۈشمەنلەر ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغانىدى).

www.munber.org

دەل ئۇ پەيتتە، مەدىنە بىلەن مۇئتە ئارىلىقىدىكى مۇساپە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچۈن يوق قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەيدنىڭ ئاق تۇغنى لەپىلدەتكەن پېتى دۈشمەن لەشكەرلىرىگە قانداق ھۇجۇم قىلغۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. زەيد بىر نەچچە دۈشمەنگە يەر چىشلەتكەندىن كېيىن، ئېغىر يارىلىنىپ، شېھىت بولدى. تۇغنى جەئفەر قولىغا ئېلىپ، باتۇرانە جەڭ قىلدى ۋە ئۇمۇ شېھىت بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئۆتتى. ئۇنىڭ ھۇجۇمى دۈشمەنىنىڭ ئوق ياغدۇرۇشى ۋە ئۆزىنىڭ شېھىت بولۇشى بىلەن نەتىجىلەندى، مۇجاھىدلار قالايمىقان بولۇپ، كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى. ئەنسارلاردىن سابىت ئىبنى ئەركام تۇغنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار سېپى قايتا تۈزەلدى. سابىت قولىدىكى تۇغنى خالىدقا ئۇزاتتى. ئەمما خالىد بۇ شەرەپكە ئۇنىڭ تېخىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئالغىلى ئۇنىمىدى. سابىت: «ئال، بۇنى يەردىن ساڭا بېرىش ئۈچۈن قولۇمغا ئالغاندىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد قوماندانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سەپلەرنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇردى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئۈچۈن، دۈشمەن ھۇجۇملىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەچ قوشۇننى ئارقىغا چېكىندۈردى. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، زەپەر قازىنالمىدى. ئەمما دۈشمەنلەر بۇ زەپەردىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن ئۈچ قوماندان سىرتىدا، بەش كىشى شېھىت بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قاراشتا بۇ خالىدنىڭ غەلىبىسى ھېسابلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەيد، جەئفەر ۋە ئابدۇللاھنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن شېھىت بولغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن: «ئۇلاردىن كېيىن ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى تۇغنى قولىغا ئالدى ۋە ئاللاھ ئۇلارغا چىقىش يولى كۆرسەتتى (يەنى مۇسۇلمانلارنى بىخەتەرلىككە ئېرىشتۈردى)» دېگەنىدى. ئەنە شۇ كۈندىن كېيىن، خالىد «ئاللاھنىڭ قىلىچى (سەيفۇللاھ)» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ جەڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇپ تۇراتتى. نامازدىن كېيىن، ئادىتى بويىچە جامائەتكە بۇرۇلۇپ ئولتۇرمايلا، مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى. نامازشام ۋە خۇپتەن نامازلىرىمۇ شۇنداق ئۆتتى.

ناماز ئارىلىقىدا جەئفەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «ئەي ئەسما! جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى كەلتۈرگىن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۈز ئىپادىلىرىدىن شۈبھىلەنگەن ئەسما بالىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى سۆيدى ۋە كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئەسما: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ جەئفەر ۋە باشقىلاردىن خەۋەر ئالدىڭمۇ ـ يا؟» دەپ سورىدى. «ھەئە، بۈگۈن شېھىت بولدى» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام. ئەسما ئېچىنىشلىق ھالدا چىقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قوشنا ئۆيلەردىكى ئاياللار يۈگۈرۈپ كىرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قايتىپ چىقتى ۋە بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇلارغا ئاش ـ تاماق كىرگۈزۈلۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ: «ئۇلار بۇ قايغۇ ـ ئەلەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېدى.

ئۇممۇ ئەيمەن، ئۇسامە ۋە زەيدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆيىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەيدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇندىن بۇرۇن



www.munber.org

ئۇلارغا ئېيتىپ بولغانىدى. ئۇيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، زەيدنىڭ كوچىدا يىغلاپ تۇرغان كىچىك قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سەئد ئىبنى ئۇبادە، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ ئاھ - زارى» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە جەننەتنى كۆردى. زەيد، جەئفەر، ئابدۇللاھ ۋە ئۇرۇشتا شېھىت بولغان باشقا مۇجاھىدلارنىڭ ھەممىسى جەننەتتە تۇراتتى. جەئفەر خۇددى پەرىشتىلەردەك ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئەتىسى بامدات نامىزىدا، جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېلى روھلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن، جامائەت تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئولتۇردى. مەسجىدتىن چىققاندىن كېيىن، ئەسمانىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەسمانىڭ كۆڭلى خېلى تەسكىن تاپتى.

خالىد قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇقەۋقىسنىڭ ئۆزىگە سوۋغا قىلغان ئاق قېچىر (دۇلدۇل) نى كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا جەئفەرنىڭ چوڭ ئوغلىنى مىندۈرۈپ، قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقتى. مەدىنىلىك ئەر - ئايال ھەممىسى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار تىزىلغان بولۇپ، ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قوشۇنغا قۇم چاچتى ۋە: «ۋۈي قاچقۇنلار! ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشتىن قېچىپ كەلدىڭلارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. «ياق!» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار قاچقۇن ئەمەس، بەلكى جەڭگە قايتا ئاتلىنىش ئۈچۈن قايتىپ كەلدى» دېدى.

مۇئتەدىكى چېكىنىش، شىمالدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىگە يېڭى ئىسلام دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىش جاسارىتى ئاتا قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن، بەلى ۋە قۇزائە قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ سۇرىيە چېگرىسىغا ئادەم يىغقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئەمما بۇ قېتىم بىزانس قوشۇنلىرى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرنى ئۈچ يۈز كىشىگە قوماندان قىلىپ، مۇمكىن بولسا ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش، پەقەت بولمىغاندا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەمرنىڭ قوشۇنغا قوماندان بولۇپ تاللىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئانىسى بەلى قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلىدە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بار ئىدى. ئەمر قوشۇننى كېچىسى يول ماڭدۇرۇپ، يوچۇن يەرلەرنى قونالغۇ قىلىپ، ئون كۈن ئىچىدە سۇرىيە چېگرىسىغا يېقىنلاشتى. ئۇ يىلى، قىش بالدۇر كەلگەنىدى. شىمالنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا ياشاپ باقمىغان مەككە ۋە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار، قونالغۇغا چۈشكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوتۇن ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما ئەمر ئوت يېقىشنى قەتئىي چەكلىدى. بىر نەچچەيلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ: «سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇڭلار. ئۇنداق بولغانىكەن، ئىتائەت قىلىڭلار!» دېدى. ئۇلار قايتا غىڭ - پىڭ قىلالمىدى.



www.munber.org

دۇشمەن سانىنىڭ ئۆزلىرى تەخمىن قىلغىنىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئەمىر، ھازىرچە يەرلىكلەردىن باشقا ياردەم كەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ئويلىدى ۋە جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەۋەتىپ، ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلدى. ئەبۇئۇبەيدە دەرھال ئىككى يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياردەمگە يېتىپ كەلدى. ئەبۇئۇبەيدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەڭ يېقىن ساھابىلەردىن بىرى ۋە بۇندىن بۇرۇنقى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قوماندانلىقىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما ئەمىر يېڭى كەلگەنلەرنىڭ پەقەت ياردەمچى قوشۇن ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قوشۇنغا ئۆزىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇئۇبەيدەگە ئىككى قوشۇن ئارىسىدا بىرلىك قۇرۇلۇشنى ۋە ئايرىمچىلىق كېلىپ چىقماسلىقنى جېكىلىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ۋاز كەچتى ۋە ئەمىرگە: «ئەگەر سەن ماڭا ئىتائەت قىلمىساڭ، تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا ئىتائەت قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەبۇئۇبەيدەگە رەھمەت تىلىگەنىدى.

ئەمىر بەش يۈز كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، سۇرىيە چېگرىسىدىن ئۆتتى. دۇشمەن ئازراق قارشىلىق كۆرسىتىپ قويۇپلا، چېدىرلىرىنى تاشلاپ تارقىلىپ كەتتى. دۇشمەنلەر كەتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا دوستانە مۇئامىلىدە بولغان كىشى ياكى كىشىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمىر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا مەكتۇپ يېزىپ، سۇرىيە چېگرىسىنىڭ قايتىدىن ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ تەسىر، مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرگىچە يېيىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت مەنىۋي جەھەتتىنلا ئىبارەت ئەمەس بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ھەم قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دۇشمەن ھەم كۈچلۈك، ئىشەنچلىك ۋە مەردانە ئىتتىپاقداش دەپ بىلەتتى. باشقا ئىتتىپاقداشلار پەيغەمبەرگە نىسبەتەن زەئىپ ۋە پايدىسىز ئىدى. بەزى ئەھۋاللاردا سىياسەت بىلەن دىنني تۇرتكە بىرلىشىپ، بىر پۈتۈن تەشكىلي قۇرۇلما ھاسىل قىلاتتى. ئەمما ئاستا ـ ئاستا تەرەققى قىلسىمۇ، سىياسەتتىن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىدىن مۇستەقىل، كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك بىر ئامىل بار بولۇپ، بۇ يېڭى دىنغا كىرگەنلەرنى باشقىلاردىن تۈپتىن پەرقلەندۈرىدىغان روشەن ھوزۇر ئىدى. ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەيدىغان قۇرئان، ئەينى زاماندا، رەھمەت ۋە جەننەت كىتابى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ نەسىھەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى، مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدە بەزى شەرتلەرنى چامى يەتكىنچە ئورۇندىغاندا ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا قىلاتتى. يەنى بۇ ھوزۇر ـــ ئىمان ئۆلچىمىدىن ئىبارەت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيتتى: «شەرتلەرنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھەممىسى ياخشىدۇر».



www.munber.org

## سۈلھىنىڭ بۇزۇلۇشى

**(74)**

ھۇدەيبىيە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن خۇزائە قەبىلىسى بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن بەكىر قەبىلىسى ئارىسىدىكى ئاداۋەت پەسەيمىدى. ئەمىر سۈرىيەگە ئەۋەتىلىپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بەكىر قەبىلىسىدىن بىر توپ ئادەم يېرىم كېچىدە خۇزائە قەبىلىسىگە باستۇرۇپ بېرىپ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەيدانغا كەلگەن بۇ توقۇنۇشلاردا قۇرەيشلەر ئۆز ھىمايىسىدىكى بەكىر قەبىلىسىگە قورال ياردەم قىلغاندىن سىرت، ئادەممۇ ئەۋەتكەندى. خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بەنى كەئب ئايمىقى دەرھال مەدىنىگە ھەيئەت ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەردى ۋە ياردەم تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزىنىڭ چوقۇم ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، غۇسلى قىلىش ئۈچۈن سۇ سورىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىن غەزەپلەنگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غۇسلى قىلىۋېتىپ: «ئەگەر بەنى كەئبكە ياردەم قىلالمىسام، ماڭىمۇ ھېچكىم ياردەم قىلمىسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئويلاپ يېتىپ، پۇشايمان قىلدى ۋە سۈلھىنى پۇختىلاپ، مۇددىتىنى ئۇزارتىپ كېلىش ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسا، ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئۆزلىرىنىڭ رەئىسى ئەبۇسۇفياننى مەدىنىگە ئەۋەتتى. ئەبۇسۇفيان يولدا مەدىنىدىن قايتقان خۇزائەلىك ئەلچىلەرگە يولۇقۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قورقتى. «ئى مۇھەممەد!» دېدى ئۇ: «مەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلگەن ۋاقىتتا يوق ئىدىم. ئەگەر خالىساڭ، بۇ سۈلھىنى پۇختىلاپ، مۇددىتىنى ئۇزارتايلى!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىگە: «سىلەردىن بۇ سۈلھىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بارمۇ؟» دېگەن سوئال بىلەن جاۋاب بەردى. ئەبۇسۇفيان ھودۇققان ھالدا: «خۇدا ساقلىسۇن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزمۇ شۇ سۈلھىگە ئاساسەن ئىش كۆرۈۋاتىمىز. بىز ئۇ سۈلھىنى ئۆزگەرتمەيمىز ھەم ئۇنىڭدىن باشقىسىنىمۇ قوبۇل قىلمايمىز» دېدى. ئەبۇسۇفيان ئۇنىدىن باشقا قىلىدىغان سۆزىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، قىزى ئۇممۇ ھەبىبەدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇن بەش يىلدىن بېرى ئۇنى كۆرمىگەنىدى. ئەبۇسۇفيان يەردىكى سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇممۇ ھەبىبە سېلىنچىنى دەرھال تارتىۋالدى. ئەبۇسۇفيان: «قىزىم! بۇ، مېنى ئەتىۋارلىغىنىڭمۇ ياكى سېلىنچىنى ئەتىۋارلىغىنىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇممۇ ھەبىبە: «بۇ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرىدىغان سېلىنچا. سەن بولساڭ، تېخى بۇتپەرەس، نىجىس ئادەمسەن» دېدى ۋە كەينىدىن مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى: «دادا! سەن قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىسى سەن. نېمە ئۈچۈن ئىسلامغا

www.munber.org

كىرمىدىڭ؟ نىمە ئۈچۈن كۆزى كۆرمەيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان تاشلارغا چوقۇنىسەن؟» ئەبۇسۇفيان: «توۋۋا!.. توۋۋا!... مەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ دىنىغا كىرىش ئۈچۈن، ئۆز ئەجدادلىرىمنىڭ دىنىدىن ۋاز كېچەمدىمەن؟!» دېدى ۋە قىزىنىڭ ياردىمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەبۇبەكرى ۋە باشقا ساھابىلەرنىڭ ئالدىغا باردى. چۈنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئوچۇق ئېيتمىغان بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن يۈز بەرگەن توقۇنۇش تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئارىسىدىكى سۈلھىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما بۇ، سۈلھىنىڭ قايتىدىن تۈزۈلۈشىگىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يەنى، ئەگەر نوپۇزلۇق بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەر ئىككى تەرەپنى قايتىدىن ھىمايىسىگە ئالسا، قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. ئەبۇسۇفيان بۇ پىكرىنى ئەبۇبەكرىگە ئېيتىۋىدى، ئۇ: «مەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىمايىسىگە ئالغانلارنىلا ئۆز ھىمايەمگە ئالالايمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

باشقىلارمۇ شۇنىڭغا يېقىن جاۋاب بەردى. ئەڭ ئاخىرى، ئەبۇسۇفيان ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىغا باردى. لېكىن ھەزرىتى ئەلى: «ئەي ئەبۇسۇفيان، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! رەسۇلۇللاھ سېنىڭ تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ قارارىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى ساھابىلەر قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېيىلگەنلىكىنى بىلەتتى:

﴿... ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾[①]

شۇنداقلا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارارىدىن ياندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەبۇسۇفيان فاتىمەگە قارىدى. فاتىمە ھەسەننى قۇچىقىغا ئېلىپ پەردە ئولتۇراتتى. «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ قىزى! ئوغلۇڭغا ئېيتقىنكى، ئۇ چىقىپ ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە ھامىي بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلسۇن ۋە شۇ ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ئەبەدىي رەئىسى بولۇپ قالسۇن!» دېدى. لېكىن فاتىمە بالىلارنىڭ ھېچكىمگە ھامىي بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇسۇفيان يەنە ھەزرىتى ئەلىگە بۇرالدى ۋە ئۆزىنىڭ نىمە قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى. «باشقا چارىسى يوق» دېدى ئەلى: «سەن ئۆزەڭ ھامىي بولغانلىقىڭنى كىشىلەرگە بىر - بىرلەپ ئېلان قىلغىن! سەن دېگەن بەنى كىنانەنىڭ رەئىسى تۇرساڭ؟!» ئەبۇسۇفيان: «سەنچە شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەلى: «مېنىڭچە بولماسمىكىن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇسۇفيان مەسجىدكە كىردى ۋە ۋارقىراپ تۇرۇپ: «ئەي خالايىق! مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! مەن ھەممە ئادەمنى ئۆز ھامىيلىقىمغا ئالدىم. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭمۇ مېنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! مېنىڭ ھامىيلىقىمنى رەت قىلمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن» دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەي ئەبۇسۇفيان! بۇ پەقەت سېنىڭ خىيالىڭ - خالاس!» دەپ جاۋاب بەردى.

[①] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى سەپەرگە ھازىرلىق كۆرۈشكە بۇيرىدى. ئەبۇبەكرى ئۆزىنىڭمۇ سەپەرگە چىقىدىغان ياكى چىقمايدىغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرەيشكە قارشى يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇبەكرى: «سۇلھىنىڭ ۋاقتى تېخى توشمىغانىدىغۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار خىيانەت قىلىپ، سۇلھنامىنى بۇزدى. شۇڭا ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ ساڭا ئېيتقانلىرىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن. خالىغانلار مېنىڭ سۈرىيەگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمنى؛ خالىغانلار تائىفقا ياكى ھەۋازىنغا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمنى پەرەز قىلسۇن!» دېدى ۋە: «پەرۋەردىگارىم! بىزنىڭ نىيەت ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنى قۇرەيشلەردىن مەخپىي تۇتقىن! بىزنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ بۇ دۇئاسىغا جاۋابەن، ھاتىب ئىسىملىك بىر مۇھاجىرنىڭ بۇ سىرنى ئۇقۇپ قالغانلىقى ۋە قۇرەيشكە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى. ھاتىب مەكتۇبنى مەككىگە ماڭغان مۇزەينەلىك بىر ئايالغا بېرىپ قويغان بولۇپ، ئۇ ئايال مەكتۇبنى چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير بىلەن ئەلىنى ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. ئىككىسى ئايالنىڭ بوغچىسىنى ئاختۇرۇپ مەكتۇبنى تاپالماي: «ئەگەر مەكتۇبنى بەرمىسەڭ، كىيىمىڭنى سالدۇرۇپ ئاختۇرىمىز» دەپ قورقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال مەكتۇبنى چىقىرىپ بەردى. مەكتۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ھاتىب چاقىرىپ كېلىنىپ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقى سورالدى. ھاتىب: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىشىنىمەن. مېنىڭ مۇرتەد بولۇپ كەتكىنىم يوق، كۆڭلۈمدە قىلچە شەك ـ شۈبھىمۇ يوق. ئەمما مەن قۇرەيش بولمىغاچقا، مەككىدە قېلىپ قالغان بالا ـ چاقامغا ھېچكىم ئىگە چىقمايدۇ. شۇڭا قۇرەيشلەرنىڭ بۇ مەكتۇبنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، بالا ـ چاقىلىرىمنى قوغدىشى ئۈچۈن مەكتۇب يازغانىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ ! مېنى قويۇۋەتكىن، بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي!» دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۆمەر! سەن ئاللاھنىڭ بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلارغا: ”سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنى مەغپىرەت قىلدىم“ دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىشەنچ قىلىدىغان ئەتراپتىكى بىر نەچچە قەبىلىگە خەۋەر يوللاپ، رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا مەدىنىگە كېلىشكە چاقىردى. بەدەۋىلەر بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. قارار قىلىنغان كۈن يېتىپ كەلدى، مەدىنىدە شۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان زور قوشۇن يولغا چىقتى. تېنى ساغلام مۇسۇلمانىنىڭ ھېچقايسىسى قوشۇندىن چۈشۈپ قالمىغانىدى. مۇھاجىرلار يەتتە يۈز كىشى بولۇپ، ئۈچ يۈز ئېتى بار ئىدى. ئەنسارلار بولسا، تۆت مىڭ كىشى ئىدى ۋە بەش يۈز ئېتى بار ئىدى. يولغا چىققاندىن كېيىن، قوشۇنغا قېتىلغان قەبىلىلەر بىلەن قوشقاندا، جەمئىي ئون مىڭ كىشى بولغانىدى. ئاتلىق قوشۇن تۆگىلەرگە مىنىپ، ئاتلىرىنى يېتىلىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن بىر نەچچە ساھابىسىدىن باشقا ھېچكىم دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.



www.munber.org

يېرم يولغا كەلگەندە، ئايال ۋە باللرنى ئېلپ مەدننگە كېتۋاتقان ئابباس ئۇچراپ قالدى. ئابباس مەككدن ئايرلپ مەدننەدە ياشاش قارارغا كەلگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنمۇ سەپەرگە قېتلشقا تەكلپ قلدى. ئۇلارنڭ ماقۇللۇق بلدۇرۇشى ھەممدن بەك (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بلەن بللە يولغا چققان) مەيمۇنەنى سۆيۇندۇردى.

ئۇممۇ سەلەمەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بلەن بللە سەپەرگە ئاتلانغانندى. قونالغۇلاردن برردە، ئۇممۇ سەلەمەگە ئككى قۇرەيشنڭ زيارەت قلماقچى بولغانلقى بلدۇرۇلدى. ئۇلارنڭ برى، ئۇنڭ ئۆگەي قېرندشى، يەنى دادسى بلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنڭ ھاممسى ئاتكەنڭ ئوغلى ئابدۇللاھ؛ يەنە برى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنڭ ئەڭ چوڭ تاغسى ھارسنڭ شائر ئوغلى ئەبۇسۇفيان ئدى. ئەينى ۋاقتتا، ھەلمە ئۇنڭغمۇ ئنكئانا بولغانندى. ئەبۇسۇفيان كچك ئوغلى جەئفەرنى بللە ئېلپ كەلگەندى. ھەر ئككلسى ۋەھيى چۇشۇشتن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنڭ يېقن بۇرادەرلردن بولۇپ، ۋەھيى چۇشۇشكە باشلغاندن كېين، ئۇنڭدن يۇز ئۆرۇگەندى. مانا ئەمدى، ئۇنڭدن كەچۇرۇم سوراش ئۇچۇن كەلگەن بولۇپ ۋە ئۇممۇ سەلەمەنڭ ئۆزلرى ئۇچۇن ۋەسلە بولۇشنى تەلەپ قلۋاتاتتى. ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنڭ يېنغا بېرپ: «ئايالڭنڭ قېرندشى، يەنى ھاماڭنڭ ئوغلى بلەن سېنڭ ئېملدشڭ، يەنى تاغاڭنڭ ئوغلى كەپتۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن ئۇلارنى كۆرۇش ئۇچۇن چاقرمدم. قېرندشم (يەنى ئۇممۇ سەلەمەنڭ قېرندشى) ماڭا دېمەكچى بولغانلرنى مەككدە دەپ بولغان. تاغامنڭ ئوغلغا كەلسەك، ئۇ مېنڭ ھاياتمغا داغ چۇشۇردى» دېدى. ئەبۇسۇفيان شېئرلرى ئارقلق پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى مەسخرە قلغانندى. ئۇممۇ سەلەمە ئۇلار ئۇچۇن يالۋۇرۇپ باققان بولسمۇ، قلچە پايدسى بولمدى. ئەبۇسۇفيان بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇ مېنى كۆرۇشنى خالمسا، مەن ئوغلۇمنى ئېلپ چۆلگە كرپ كېتمەن ۋە ئاچلق - ئۇسسۇزلۇقتن ئۆلگچە ئالدمغا قاراپ ماڭمەن. تۇغقانچلق مۇناسۋتمز بر تەرەپتە قالسۇن. مەن ئۇچۇن ئەڭ كۆپ قايغۇردغنى ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى دېمەكچى) بولدۇ» دېدى. ئۇممۇ سەلەمە بۇ سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا يەتكۇزۋدى، ئۇلارغا ئچى ئاغردى ۋە ئۇلارنى قوبۇل قلشقا رازى بولدى. ئككسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنڭ چېدرغا كېلپ، مۇسۇلمان بولدى.

سەپەر ئۇستدە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بر ئتنڭ يېڭى تۇغۇلغان كۇچۇكلرنى يول بويدا يېتپ ئېمتۋاتقانلقنى كۆردى ۋە ئادەملردن برەرسنڭ ئۇنڭغا چېقلپ قويۇشدن ئەنسرەپ، دەمرەلك جۇئەيلنى قوشۇن بۇ يەردن ئۆتۇپ بولغچە ئتنڭ بېشدا قاراپ تۇرۇشقا بۇيردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنڭ ئسمنى ‹ئامر›غا ئۆزگەرتكەن بولسمۇ، باشقلار ئۇنى يەنلا جۇئەيل دەپ ئاتايتتى.

كۇدەيدگە كەلگەندە، قوشۇنغا بەنى سۇلەيم قەبلسدن توققۇز يۇز ئاتلق ئادەم قېتلدى. ئۇلارنڭ جاكارچلردن برى: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بزنى ئككى يۇزلمچى دەپ بلسەن. ئەمما بز سېنڭ تاغلرڭ بولمز (جاكارچى ئۆز قەبلسدن بولغان ھاشمنڭ ئانسى

www.munber.org

ئاتىكەنى كۆزدە تۇتقانىدى). شۇڭا بىزنى سىناپ كۆرۈشۇڭ ئۈچۈن يېتىپ كەلدۇق. بىز جەڭگە ماھىر، چىدامچان ۋە چەۋەنداز ئادەملەرمىز» دېدى.

مەدىنىدىن يولغا چىققان ئاساسىي قوشۇندىن باشقىلىرىمۇ، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ تۇغ ۋە ئەلەملىرىنى ئېلىپ چىققان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى تېخى قولىغا ئالماي، يۈگەكلىك پېتى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆز ئەلەملىرىنى ئېچىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىشنى ۋە ئارىلىرىدىن بىرىنى ئەلەمدار قىلىپ تاللاپ بېرىشىنى سورىدى. لېكىن تېخى ئەلەم كۆتۈرۈش ۋاقتى يېتىپ كەلمىگەنىدى. چۈنكى، نەگە يۈرۈش قىلىنىدىغانلىقى ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول ئۈستىدە جاكارچى ئارقىلىق خالىغانلارنىڭ روزىسىنى ئاچسا بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چۈنكى سەپەردىن كېيىن قازا قىلغان كۈنلەرنىڭ روزىسىنى تۇتۇۋالسا بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىق كۆپىنچە كىشىلەر ھارام رايونىغا يېقىنلاشقانغا قەدەر روزىسىنى ئاچمىدى. مەررۇ زەھرانغا كەلگەندە، دۈشمەنلەرگە كۈچلۈك كۆرۈنۈش ئۈچۈن روزىنى ئېچىش ئەمرى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. مەررۇ زەھراندا قىلىنغان ئېپتار نۇرغۇنلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلدى. چۈنكى مەررۇ زەھران مەككىدىن بىر ـ ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەر ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ خىيالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلھىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ مەككىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارگاھ قۇرۇلغان يەر دۈشمەن ھەۋازىن قەبىلىسىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئەجىبا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجازنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىقنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، جەنۇبتىكى بوستانلىق، لاتنىڭ ئىبادەت مەركىزى بولغان تائىفنى بېسىۋالماقچى بولغانمىدۇ؟

«دۈشمەن كىم؟» دېگەن سوئالنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن كەئب ئىبنى مالىك باشقىلارغا ۋاكالىتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۈشمەننىڭ كىملىكىنى سورىماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىز چۆكتى ۋە سۆزىنى ئۇدۇللا ئېيتىشتىن تارتىنىپ، سەپەر ئۈستىدە يازغان بىر نەچچە بېيىتنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ بېيىتلاردا كىشىلەرنىڭ قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقارماقچى بولۇپ تۇرغانلىقى، ئۆز ئارىلىرىدا دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراشقانلىقى، ئەگەر قىلىچلارنىڭ تىلى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ شۇ سوئالنى سورايدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى كۈلۈمسىرەپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولدى. كەئب ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەي، ئادەملىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى.

قۇرەيش ۋە ھەۋازىن قەبىلىسىدىكىلەرمۇ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تاپالماي تىت ـ تىت بولماقتا ئىدى. ھەۋازىن قەبىلىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نەجد چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆپىلىكلەرگىچە يېيىلغانىدى. تائىفمۇ بۇ تۆپىلىكلەرنىڭ بىرىگە جايلاشقانىدى. تائىفتا ياشايدىغان ۋە ئۇ يەردىكى بۇتخانىنى قوغدايدىغان سەقىف قەبىلىسى ھەۋازىنغا خەۋەر يوللاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بولۇپ يولغا چىققانلىقىنى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشنى بىلدۈرگەنىدى. ھەۋازىن ئايماقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چاقىرىققا بىنائەن، تائىفنىڭ شىمالىدىكى مۇۋاپىق بىر يەردە يىغىلىشقا باشلىدى.



www.munber.org

قۇرەيشلەر بولسا، تائىفنىڭ مەككىدىن بەكرەك خەتەر ئاستىدا ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشمۇ، ئۆزلىرىنىڭ سۈلھىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەستىن چىقارمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۈلھىنى رەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ساراسىمىگە سېلىش ئۈچۈن، مۇجاھىدلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى ۋە ھەربىرىنىڭ بىردىن گۈلخان يېقىشىنى بۇيرىدى. مىڭلارچە گۈلخان ئوتى مەسجىدى ھەرەم تەرەپتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەككىگە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەخمىن قىلغاندىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر يەتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. جىددىي يىغىلغان مەجلىس ئەزالىرى ئەبۇسۇفياننىڭ يەنە بىر قېتىم ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى ماقۇللىدى. بەدرى غازىتىنى توختىتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھاكىم (خەدىچەنىڭ جىيەنى) بىلەن ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەملەشكەن ۋە سۈلھى بۇزۇلغاندىن كېيىن بىرنەچچە ئادىمىنى باشلاپ مەدىنىگە كەتكەن خۇزائەلىك ھۇدەيلمۇ ئەبۇسۇفيان بىللە ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھىغا ئاز قالغاندا، ئاق قېچىرغا مىنىۋالغان بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ مەككىگە خەۋەر يوللاش ئۈچۈن قوشۇندىن ئايرىلىپ قالغان ئاباس ئىدى. ئۇنىڭغا كۆرە، قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەرھال ھەيئەت ئەۋەتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى تونۇپ، سالام بېرىشكەندىن كېيىن، ئاباس ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرىغا باشلاپ باردى. ئەبۇسۇفيان: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! سەن تونۇش - ناتونۇش ئادەملەرنى باشلاپ، ئۆز خەلقىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدىڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: «سىلەر كېلىشىمگە خىيانەت قىلدىڭلار ۋە سۈلھىنى بۇزدۇڭلار. ھەمدە بەنى كەئبكە ھۇجۇم قىلدىڭلار ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھ ھارام قىلغان رايون ۋە مەسجىدىگە تاجاۋۇز قىلدىڭلار» دېدى. ئەبۇسۇفيان گەپنى بۇراشقا ئۇرۇنۇپ: «سەن ئەسلىدە تىغ ئۇچىنى ھەۋازىن قەبىلىسىگە قارىتىشىڭ كېرەك ئىدى. ئۇلار سېنىڭ تۇغقانلىرىڭ بولمايلا قالماي، ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىڭدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا ھەممىنى نېسىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەككىنىڭ فەتھىنى، ئۇ يەردە ئىسلامنىڭ زەپەر قۇچۇشىنى ۋە ھەۋازىننىڭ مەغلۇبىيىتىنى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ، ماللىرىنىڭ غەنىمەت ئېلىنىشىنى...» دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆچىگە بۇرۇلۇپ: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە شاھادەت ئېيتىڭلار!» دېدى. ھاكىم بىلەن ھۇدەيل دەرھال شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئەمما ئەبۇسۇفيان: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دەپ قويۇپلا جىمىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قالغان قىسمىنىمۇ ئېيتىشىنى تەكىتلىۋىدى، ئۇ: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! مەن تېخىچە ئىككىلىنىۋاتىمەن. ماڭا ئازراق مۆھلەت بەرگىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا ئۇلارنى ئۆز چېدىرىغا ئېلىپ كېتىشنى بۇيرىدى. ئەتىسى سەھەردە، بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇلدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ئەبۇسۇفيان: «بۇ نېمە ئاۋاز؟» دەپ سورىدى. ئاباس: «ئەزان» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇسۇفيان: «كۈندە نەچچە ۋاخ ناماز ئوقۇلىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئاباس: «بەش ۋاخ» دېدى. ئەبۇسۇفيان: «نېمانداق جىق؟!» دېدى. بىردەمدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغان سۇدىن بىر تامچە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ، تۇرتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە: «ئەي ئەبۇفازىل! مەن بۇنداق ئىخلاسمەنلەرنى ھېچنەدە كۆرۈپ باقمىدىم» دېدى. ئاباس: «ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا، ئىمان ئېيتقىن!» دېدى. ئەبۇسۇفيان: «مېنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن!» دېدى. نامازدىن كېيىن، ئاباس ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئەبۇسۇفيان كەلىمەئى شاھادەتنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېيتتى. ئاباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر چەتكە تارتىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇسۇفياننىڭ شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتكە نەقەدەر ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئىنئام قىلغىن!» دېدى. بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمەييەلىك رەئىسنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سەن مەككىگە قايتىپ بارغاندا خەلققە: ”كىم ئەبۇسۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇ ئامان قالىدۇ؛ يەنە كىم ئۆز ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇمۇ ئامان قالىدۇ؛ كىم مەسجىدكە كىرىۋالسا، ئۇنىڭغىمۇ ئامانلىق بېرىلىدۇ“ دەپ جاكارلىغىن!» دېدى.



www.munber.org

## مەككىنىڭ فەتھى

### (75)

چېدىرلار تۆگىلەرگە ئارتىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئاچتى ۋە ئۆزى تاللىغان ئادەملەرنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ئابباس بىلەن ئەبۇسۇفياننى ۋادىنىڭ ئەڭ تار يېرىدە تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى بۇيرىدى. ئەبۇسۇفيان قۇرەيشلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېيىنرەك ماڭسىمۇ ئۈلگۈرەتتى. چۈنكى ئۇ قوشۇن ماڭالمايدىغان بەزى چىغىر يوللار ئارقىلىق، قوشۇندىن بۇرۇن مەككىگە يېتىپ بارالايتتى.

ئەبۇسۇفيان ئەڭ ئالدىدا ئۆتكەن بىر بۆلۈك قوشۇننىڭ بېشىدىكى ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى. ئابباس: «ئۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد» دېدى. خالىد ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۈچ قېتىم: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر توۋلىدى. خالىدنىڭ يېنىدا سۇلەيمنىڭ ئېتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۇھاجىر ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن يېشىل سەللىلىك زۇبەيرنىڭ قوماندانلىقىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئەبۇسۇفياننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۈچ قېتىم تەكبىر توۋلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەسكەرلىرى تەكبىر توۋلىۋىدى، پۈتۈن ۋادا ياڭراپ كەتتى. قوشۇن ئەنە شۇنداق بۆلۈك ـ بۆلۈك بولۇپ، ئەبۇسۇفياننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئەبۇسۇفيان بىر تەرەپتىن ئالدىغا كەلگەن ھەر بىر بۆلۈك باشلىقىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھاياجانلىناتتى. بولۇپمۇ، غەتفان قەبىلىسىنىڭ ئەشجەئ ئايمىقىغا ئوخشاش بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەشەددىي دۈشمەن بولغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بۆلۈكلەر ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، ئەشجەئنىڭ ئەلەملىرىدىن بىرىنى ئۆزىنىڭ ۋە سۇھەيلنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولغان نۇئەيم تۇتاتتى.

ئەبۇسۇفيان: «بۇلار ئەرەبلەر ئىچىدە پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى ئىدى» دېدى. ئابباس: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىسلامنى سىڭدۈردى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پولاتتىن ياسالغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىۋالغان بولۇپ، پەقەت كۆزلىرىلا كۆرگىلى بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تۇغىنى كەشف قەبىلىسىنىڭ رەئىسى سەئد ئىبنى ئۇبادەگە تۇتقۇزغانىدى. سەئد ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە: «ئەي ئەبۇسۇفيان! بۇ، ئۆلۈم كۈنىدۇر. بۈگۈن مۇقەددەس زېمىندا ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنغان كۈندۇر. بۈگۈن ئاللاھنىڭ قۇرەيشلەرنى خورلايدىغان كۈنىدۇر» دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۆلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، قەۋسەگە مىنىۋالغانىدى. ئىككى تەرىپىدە ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇسەيد بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا گەپ قىلىپ كېلىۋاتقاندا، ئەبۇسۇفياننىڭ: «ئى

www.munber.org

رەسۇلۇللاھ! سەن خەلقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە بۇيرۇق چۈشۈردۈڭمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن سەئدنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرارلىدى ۋە: «سادىغاڭ كېتەي! مەن خەلق نامىدا سەندىن بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمەن. چۈنكى سەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى، ئەڭ مېھرىبانى ۋە ئۆز نەسەبىگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان ئادەمسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۈگۈن مەرھەمەت كۈنىدۇر ۋە بۈگۈن ئاللاھنىڭ قۇرەيشنى ئۇلۇغلايدىغان كۈنىدۇر» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن ئۇسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىز سەئدنىڭ قۇرەيشكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغ ۋە بۆلۈك قوماندانلىقىنىڭ سەئدتىن ئېلىنىپ، تېخىمۇ مۇلايىم مىجەز بولغان قەيسكە بېرىلىشىنى بۇيرىدى. بۇيرۇق سەئدكە يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ: «مەن بۇ پەرماننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئالمىغىچە، تۇغنى باشقىلارغا بەرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىگە يۆگىۋالغان قىزىل سەللىسىنى چىقاردى ۋە ئۇنى سەئدكە ئىشارەت سۈپىتىدە ئەۋەتتى. سەئد تۇغنى دەرھال قەيسكە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

قوشۇن تامامەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇسۇفيان مەككىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. مەككە خەلقى ئۆيلىرىدىن چىقىپ، بىر يەرگە يىغىلىشىۋالغانىدى. ئەبۇسۇفيان ئۇلارغا قاراپ: «ئەي قۇرەيشلەر! مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ناھايىتى چوڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئون مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىۋالغانلارنىڭ ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دەپ جاكارلىدى. ئۇ ئەسنادا، ھىند ئۆيىدىن چىقتى ۋە ئېرىنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ نانقېپى، پور كۆتەكنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەبۇسۇفيان: «ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ئەي خالايىق! بۇ خوتۇننىڭ سىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار! چۈنكى سىلەر بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە زور قوشۇن كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئەبۇسۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلارغا ئامانلىق بېرىلىدۇ» دېدى. خەلق: «ھەي بالاتەككۈر! ھەممىمىز سېنىڭ ئۆيۈڭگە قانداق پاتىمىز؟» دەپ سورىدى. ئەبۇسۇفيان شۇندىلا: «ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلارمۇ ئامانلىققا ئېرىشىدۇ؛ مەسجىدكە كىرىۋالغانلارمۇ ئامانلىققا ئېرىشىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆيلىرىگە، بەزىلىرى مەسجىدكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

قوشۇن شەھەرگە يېقىنلىشىپ كەلدى ۋە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان زۇتۇۋاغا بارگاھ قۇردى. بۇ يەر ئىككى يىل بۇرۇن خالىد باشچىلىقىدىكى ئاتلىق قوشۇننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن جايلاشقان يېرى ئىدى. ئەمما ھازىر شەھەر خۇددى بىر يىل بۇرۇن ئۆمرە ھەجى ۋاقتىدىكىدەك تىمتاس بولۇپ، ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم: «ئۈچ كۈن تۇرۇش» دەيدىغان چەكلىمە يوق ئىدى. قەۋسە بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا تازىم قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا شۇنداق ئېگىلدىكى، بېشى تۆگىنىڭ چومىغا تېگىپ قالغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننىڭ سول قانىتىنى خالىدنىڭ، ئوڭ قانىتىنى زەبەيرنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرغانىدى. ئۆزى ئورۇنلاشقان مەركىزىي قاناتنىمۇ ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىگە سەئد

www.munber.org

ۋە ئوغلىنى، يەنە بىرىگە ئەبۇئۇبەيدەنى قوماندان قىلدى. بۇ تۆت قانات بۆيرۇق بىرىلگەندە، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن (خالىد تۆۋەندىن، قالغانلىرى تۆپىلىكلەردىكى ئۈچ ئايرىم ئۆتكەلدىن) بىرلا ۋاقىتتا كىرمەكچى بولدى.

قوشۇن بارىگاھ قۇرغان يەرنىڭ نىرىسىدىكى ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىدە ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى. كۆزى ئۆتكۈر ئادەم ئۇلاردىن بىرىنىڭ ھاسا تۇتۇۋالغان قېرى ئادەم، يەنە بىرىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيتتى. شۇنداق، ئۇلار ئەبۇبەكرىنىڭ دادىسى ئەبۇقۇھافە بىلەن قىز قېرىندىشى قۇرەيبە ئىككىسى ئىدى. ئۇ كۈنى سەھەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇتۇۋاغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەبۇقۇھافە قىزىنى چاقىرىپ، ئۆزىنى ئەبۇقۇبەيس تۆپىلىكىگە ئېلىپ چىقىشنى ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ كۆرگەنلىرىنى ئۆزىگە سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتقانىدى. ئەبۇقۇھافە ياش ۋاقتىدا ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى ۋە پىللىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەككىنىڭ باشقا تەرەپتىكى تۆپىلىكلىرىگە چىققانىدى. لېكىن ئۇ ھازىر ياشىنىپ قالغان بولۇپ، كۆزلىرىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ ئوغلى ۋە نەۋرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قوشۇننى قىزىنىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق كۆرەلەيتتى. قۇرەيبە قارا ۋە قويۇق بىر نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتۇدى، دادىسى ئۇنىڭ ئەمر كۈتۈپ، بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇندىن كېيىن، قۇرەيبە قوشۇننىڭ تۆتكە ئايرىلغانلىقىنى كۆردى. بۇنى ئاڭلىغان دادىسى ئۇلىرىنىڭ دەرھال ئۆيگە قايتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. يولدا كېتىۋاتقىنىدا، يانلىرىدىن بىر توپ ئاتلىق ئەسكەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەسكەرلەردىن بىرى قۇرەيبەنىڭ بوينىدىكى كۈمۈش زەنجىرنى يۇلۇپ ئېلىۋالدى. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆيگە ساق ـ سالامەت كېلىۋالدى.

تۆپىلىكلەرنىڭ يەنە بىرىدە ئىكرىمە، سەفۋان ۋە سۇھەيل قاتارلىقلار قۇرەيش ۋە باشقا ئىتتىپاقداش قەبىلىلەردىن يىغىلغان بىر توپ ئەسكەر بىلەن تۇراتتى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. خالىدنىڭ تۆۋەن تەرەپتىن شەھەرگە كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى. ئەمما ئۇلارنىڭ سانى خالىدنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىغا قىياس قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاز ئىدى. خالىدنىڭ ئادەملىرىدىن ئىككىسى شېھىت بولدى. قۇرەيشلەر ئوتتۇز ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئىكرىمە بىلەن سەفۋان ساھىل تەرەپكە قاچتى. سۇھەيل بولسا، ئۆيگە كىرىپ ئىشىكىنى تاقىۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئەزاقىر دېگەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، شەھەرگە كىرگەن ۋاقتىدا، ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئاياغلاشقانىدى. كۈندىلىك بازار قىلىنىدىغان يەردىن پەسكە قاراپ قىنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچلارنى كۆردى. دەھشەتكە تولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئۇرۇشۇشنى ھارام قىلمىدىممۇ؟» دېدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئۇرۇشۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئېيتىلغاندىن كېيىن، ئۇ: «ئۇنداقتا، بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىكەن» دېدى.

ئەبۇرافى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىل رەڭلىك تېرىدىن تىكىلگەن چېدىرىنى مەسجىدنىڭ يېنىغا قۇرۇپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىرغا ئىشارەت بىلەن چېدىرنى



www.munber.org

كۆرسەتتى ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، تۆۋەنگە قاراپ ئىلگىرىلىگەچ: «ھېچقايسى ئۆيگە كىرمەيمەن» دېدى.

ئۇممۇ سەلەمە، مەيمۇنە ۋە فاتىمەلەر ئۇنى چېدىرىدا كۈتۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇممۇ ھانىمۇ ئۇلارغا قېتىلغانىدى. شەرىئەت مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن مۇشرىك ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، ئۇممۇ ھانى ئېرى ھۇبەيرەدىن ئاجراشقانىدى. ئۇنىڭ ئېرى تەرەپتىن ئىككى تۇغقىنى (بىرى ئەبۇجەھلنىڭ ئىنىسى) خالىدقا قارشى جەڭگە قاتناشقان بولۇپ، جەڭدىن قېچىپ، ئۇممۇ ھانىنىڭ ئۆيگە كىرىۋالغانىدى. ئۇممۇ ھانىغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرگەن ھەزرىتى ئەلى ئۇ ئىككى مەخزۇملۇقنى كۆرۈپ قالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكلىگىنىگە قارىماي، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇممۇ ھانى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسىنى يېپىپ قويۇپ، ئەلىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى ۋە: «ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن!» دەپ تۇرۇۋالدى. ھەزرىتى ئەلى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇممۇ ھانى ئۇلارنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئېلىشقا كەتتى. چېدىرغا بېرىپ تۇرۇشىغا، فاتىمە ئۇنىڭغا نەشتىرنى سانجىپ: «بۇتپەرەسلەرنى ھىمايەڭگە ئالدىڭمۇ؟» دېدى. دەل شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ قالغاچقا، فاتىمەنىڭ سۆزى بۆلۈنۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىيەنى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئۇممۇ ھانى بولغان ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇ: «بۇ بولماپتۇ، سەن كىمنى ھىمايەڭگە ئالغان بولساڭ، بىزمۇ ئۇنى ئۆز ھىمايىمىزگە ئالىمىز. سەن كىمنى قوغدىساڭ، بىزمۇ ئۇنى قوغدايمىز» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، بىر سائەت ئارام ئالدى. ئاندىن قەۋسەنى كەلتۈرۈپ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى كىيدى ۋە قىلىچىنى بېلىگە ئاستى. بىر قولىدا ھاسىسى بار ئىدى، دۇبۇلغىسىنىڭ يۈز قىسمىنى ئۈچۈق قويغانىدى. ئۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلگەنلەر چېدىرنىڭ سىرتىدا ئۇنى كۈتۈپ قاتار تۇرۇشقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى بىلەن پاراڭلاشقاچ مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. قالغانلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇلۇڭىغا بېرىپ، تەكبىر ئېيتتى ۋە ھاسىسى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئىستىلام قىلدى. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىر ئاۋازلىرى مەسجىد ۋە پۈتۈن شەھەرنى بىر ئالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىگە مىنگەن پېتى كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى. تۆگىنىڭ چۇلۋۇرى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەگە تۇتقۇزۇلغانىدى. بۇ شەرەپ ئالدىنقى يىلى خەزرەجلىك بىرىگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يىل ئەۋسلىك بىرىگە بېرىلىشى مۇۋاپىق كۆرۈلگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىدىن چىقىپ، ئەتراپىغا قاتار تىزىلغان ئۈچ يۈز ئاتمىش پارچە بۇتقا قاراپ ماڭدى. كەئبىدىن بۇتلارغا قاراپ كېتىۋېتىپ:

﴿ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلدى، بۇتپەرەسلىك بەربات بولدى، بۇتپەرەسلىك قايتا باش كۆتەرمەيدۇ.﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ماڭدى.

ئاندىن بۇتلارنى ھاسسى بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئۆرۈپ، ھەممىسنى چېقىۋەتتى. كەئبىنىڭ ئەتراپىنى تولۇق ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بۇرۇن كەئبىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان ماقامى ئىبراھىمغا كەلگەندە، ئۇلغىدىن چۈشتى ۋە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن زەمزەم بۇلىقىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئابباس بەرگەن سۇدىن ئىچتى. بۇ ئارقىلىق، ھاشىمىلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسى ئورۇنلانغان بولدى. ئەلى كەئبىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، ئوسمان ئۇنىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە تاپشۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە باشقىلار يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆزەڭلار يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىلەرنىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن خالىد ۋە ئەمىر بىلەن بىللە مەدىنىگە بارغان ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىرتىپ، ئاچقۇچلارنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە بۇ ھەقنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئوسمان ئاچقۇچلارنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ماڭدى ۋە كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۇسامە بىلەن بىلال كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن كەئبىگە كىرىشنى ئېيتقاندى. كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمانغا ئىشىكنى ئېتىۋېتىشنى تاپىلىدى.

كەئبىنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي بۇتپەرەس ئىلاھلارنىڭ رەسىملىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمانغا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ رەسىمىدىن باشقا رەسىملەرنىڭ چۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئۇلار كەئبىنىڭ ئىچىدە بىر ھازا ھايال بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماندىن ئاچقۇچلارنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ: «ۋەدىسىدە تۇرغان، بەندىلىرىگە ياردەم قىلغان ۋە قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دېدى. ئۆيلىرىگە كىرىۋالغانلار ئاستا ـ ئاستا ئۆيلىرىدىن چىقىپ، مەسجىدكە كىرىۋالغانلارنىڭ قېشىغا يىغىلىۋالغان بولۇپ، ھەممىسى كەئبىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «نېمە ئويلاۋاتىسىلەر؟ نېمە دېمەكچىسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «ياخشى نەرسىلەرنى ئويلاۋاتىمىز ۋە ياخشى نەرسىلەرنى دېمەكچىمىز. سەن نەسەبى ئېسىل ۋە مەرت قېرىندىشىمىزسەن. سەن نەسەبى ئېسىل ۋە مەرت قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى سەن. ئەمىر سېنىڭ قولۇڭدىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە قېرىندىشىم يۈسۈپ ئۆز ئاكىلىرى مىسىردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتقاندا، يۈسۈفنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىنى ئېيتىپ بېرەي: ﴿سىلەر بۈگۈن ئەيىپلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن. ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر.﴾[2]

[1] ئىسرا سۈرىسى، 81 ـ ئايەت.
[2] يۈسۈف سۈرىسى، 92 ـ ئايەت.



www.munber.org

دەل شۇ پەيتتە، دادىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كەتكەن ئەبۇبەكرى، دادىسىنى يېتىلەپ مەسجىدكە يېتىپ كەلدى. قىز قېرىندىشى قۇرەيبە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ياشىنىپ قالغان ئادەمنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگىچە ئېلىپ كەلدىڭ؟ مەن باراتتىم ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئەبۇبەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىشى تېخىمۇ خەيرلىكتۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇقۇھافەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا كەلىمەئى شاھادەت كەلتۈرۈشنى ئېيتتى. ئەبۇقۇھافە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ تەكرارلاپ، مۇسۇلمان بولدى.

چېقىلغان بۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭى ھۇبەل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىنى بۇيرىغاندىن كېيىن، قۇرەيش خەلقىنى ئۆز ئۆيلىرىدىكى بۇتلارنى چېقىۋېتىشكە چاقىردى. ئاندىن ئۆز ئائىلىسىنى تۈنجى بولۇپ ئىسلامغا دەۋەت قىلغان سافا تۆپىلىكىگە باردى. ئۇ يەردە، بۇرۇن ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغان، ئەمما ھازىر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلماقچى بولغان بىر توپ ئەر - ئايال تۇراتتى. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆزىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشىدىن قورققان ھىند باشقىلارغا تونۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يۈزىگە رومال ئارتىۋالغانىدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئۆزەم ئۈچۈن تاللىغان دىنىمنى مۇزەپپەر قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دېگەندىن كېيىن، بېشىدىن رومالنى ئالدى ۋە: «مەن ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند بولىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىلدى. سافاغا كەلگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئىكرىمەنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھاكىممۇ بار ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئېرى ئىكرىمە ئۈچۈن ئامانلىق تىلىدى. ئىكرىمە تا ھازىرغىچە مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. ئۇممۇ ھاكىم ئېرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلدى ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئالدىغا توپلىشىۋالغان ئادەملەرگە سەپسېلىپ قارىدى ۋە: «ئەي ئاباس! قېرىندىشىڭنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇتبە بىلەن مۇتئەب قەيەردە؟ ئۇلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار ئەبۇلەھەبنىڭ ھايات قالغان ئىككى ئوغلى ئىدى. ئۇتبە دادىسىنىڭ زورلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىزى رۇقىيەنى تالاق قىلىۋەتكەن بولۇپ، مانا ئەمدى قورقۇپ سىرتقىمۇ چىقمايۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئۇلارنى تېپىپ كەلگىن!» دېدى. ئاباس بېرىپ، ئىككى جىيەننى تېپىپ كەلدى. ھەر ئىككىسى مۇسۇلمان بولۇپ، بەيئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىككىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ھەجەرۇل ئەسۋەد بىلەن كەئبىنىڭ ئىشىكى ئارىسىدىكى ئەل مۇلتەزەم دەپ ئاتىلىدىغان تامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى، يۈزىدىن خۇشاللىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئىشقا ھەيران بولغان ئاباس سەۋەبىنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن پەرۋەردىگارىمدىن بۇ ئىككى يىگىتنى تەلەپ قىلغانىدىم، مانا بۇلارنى ماڭا بەردى» دەپ جاۋاب بەردى.

مەككىگە يېقىن يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەڭ چوڭ ئۈچ بۇتخانىنىڭ بىرى نەخلە دېگەن يەردە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ بۇتخانىنى چېقىۋېتىش ئۈچۈن خالىدنى ئەۋەتتى.



www.munber.org

خالىدنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى تۇيغان بىر راھىب ئەڭ يوغان ئايال ھەيكەلنىڭ بويىنغا قىلىچنى ئېسىپ، جانسىز ھەيكەلنى يا خالىدنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۆزىنى قوغداپ قېلىشقا چاقىردى. خالىد يېتىپ كېلىپ، ئىبادەتخانىنى ئۆرىدى ۋە بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، مەككىگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بىر نەرسە كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. خالىد: «ھېچنەرسە كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، ئىبادەتخانىنى چاقالماپسەن. قايتا بېرىپ، چېقىۋېتىپ كەلگىن!» دېدى. خالىد نەخلەگە قايتا باردى. چېقىپ تاشلانغان بۇتخانىدىن ئۇزۇن چاچلىرىنى يېيىۋالغان، قىپيالىڭاچ بىر ئايال چىقتى. بۇنى كۆرۈپ تېنى شۈركىنىپ كەتكەن خالىد: «ئەي ئۇززا! سەن ئىبادەتكە ئەمەس، بەلكى ئىنكارغا لايىقسەن» دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئايالنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. مەككىگە قايتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىزنى ھالاكەتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! كىچىك چاغلىرىمدا، دادام دائىم يۈزگە يېقىن قوي ـ تۆگىنى ئېلىپ ئۇززاغا باراتتى. ئۇلارنى ئۇززا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلاتتى ۋە ئۈچ كۈن شۇ يەردە تۇراتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئۇززا مەمنۇن بولدى دەپ ئويلايتتى» دېدى.

مەككە خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ بولغانىدى. سۇھەيل ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، ئوغلى ئابدۇللاھنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزى ئۈچۈن ئامانلىق تىلىدى. گەرچە ھېچكىمنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقى جاكارلانغان بولسىمۇ، سۇھەيل ئۆزىنى بۇ جاكارنىڭ سىرتىدا دەپ ئويلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھقا: «ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىلدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدىدۇر. قورقماي چىقىۋەرسۇن!» دېدى. ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ: «سۇھەيلنى كۆرگەن ۋاقىتىڭلاردا، ئۇنىڭغا ئەيىبلەش كۆزى بىلەن قارىماڭلار. چۈنكى، ھاياتىم ئۇستىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئەقىللىق ۋە شەرەپلىك، ئىسلام ھەقىقىتىنى كۆرەلەيدىغان ئادەمدۇر» دېدى. شۇندىن كېيىن، سۇھەيل سىرتقا چىقالىدى، ئەمما تېخىچە مۇسۇلمان بولمىدى.

سەفۋانغا كەلسەك، جىيەنى ئۇمەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئايلىق مۆھلەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدىدى ۋە ئەينى ۋاقىتتا، مەككىنىڭ كېمە پورتى بولغان شۇئەيبەدىن تاپتى. سەفۋان ئۇ يەردە كېمە كۈتۈۋاتاتتى. ئۇمەيرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن سەفۋان ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇمەير دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆز سۆزىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە يەمەننىڭ سىزىقلىق رەختىدىن قىلىنغان سەللىسىنى بەردى. سەفۋان شۇندىلا قايىل بولۇپ، مەككىگە كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئەمىن تاپمىغانىدى: «ئەي مۇھەممەد! جىيەنىم ئۇمەير ئەگەر مەن مەلۇم بىر نەرسىنى قوبۇل قىلسام (ئىمان ئېيتسام دېمەكچى ـ ت.)، ماڭا ئامانلىق بېرىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلمىسام، ماڭا ئىككى ئاي مۆھلەت بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن بۇ يەردە قالغىن!» دېدى. سەفۋان: «ماڭا ئېنىق جاۋاب بەرمىسەڭ، ھەرگىز قالمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «ساڭا تۆت ئايلىق مۆھلەت بېرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سەفۋان مەككىدە قېلىشقا قوشۇلدى.

ئىكرىمە: بۇ ئۆچىنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن، ئەمما ئەڭ بۇرۇن ئىمان ئېيتقان كىشى ئىدى. ئۇ تىھامە ساھىلىدا ھەبەشىستانغا بارىدىغان بىر كېمىگە چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، كېمە كاپىتانى: «ئاللاھ بىلەن ئاراڭدا بولغان دىنىنى تۈزەتكىن!» دېدى. ئىكرىمە: «نېمە دېيىشىم كېرەك؟» دەپ سورىدى. كاپىتان: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ـ دېگىن!» دېدى ۋە شۇنداق دېمىگەن كىشىنى كېمىسىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. «لا ئىلاھە ئىللاللاھ» دېگەن تۆت كەلىمىلىك بۇ ئىبارە بىردىنلا ئىكرىمەنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇۋەتتى. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ دېگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ تېخى كېمىگە چىقمىغانىدى. ئۇنىڭ كېمىگە چىقىشىنىڭ سەۋەبى بۇ تۆت كەلىمىدىن يەنى، بۇ تۆت كەلىمىنىڭ جەۋھىرى بولغان مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ دىنىدىن قېچىش ئۈچۈن ئىدى. كېمىدە تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى چىن قەلبىدىن چىقىرىپ ئېيتالىغانلىقىغا قارىغاندا، قورۇقلۇقتىمۇ چوقۇم ئېيتالايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «دېڭىزدا بىزگە تەڭرى بولغان ئۇ زات، قۇرۇقلۇقتىمۇ بولالايدۇ ـ ئەلۋەتتە!» دەپ پىچىرلىدى. دەل شۇ چاغدا، ئايالى يېتىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىككىسى بىللە مەككىگە قايتتى. ئۇنىڭ مەككىگە كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى ساھابىلىرىغا: «ئەبۇجەھلىنىڭ ئوغلى ئىكرىمە مۇسۇلمان بولدى، ئۇ ھازىر بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دادىسىنى ھەرگىز تىلغا ئالغۇچى بولماڭلار. چۈنكى ئۆلۈكلەرنى تەنقىدلەش تىرىكلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدۇ ھەم ئۆلۈككە يەتكۈزۈلمەيدۇ» دېدى.

ئىكرىمە مەككىگە بېرىپ، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىن خۇشاللىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئىكرىمە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۈگۈن مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭ، شۇنى بېرىمەن» دېدى. ئىكرىمە: «سەندىن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مېنىڭ ساڭا قارشى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمغا ئەپۇ تىلىشىڭنى سورايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە دۇئا قىلدى. ئاندىن ئىكرىمە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى ھەقتىن توسۇش ئۈچۈن خىراجەت قىلغان پۇل ـ مال‌لىرى ۋە ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنى تىلغا ئالدى ۋە بۇندىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇل ـ مال ۋە تىرىشچانلىق سەرپ قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى ھەم شۇنداق قىلدى.

www.munber.org

# ھۆنەيىن غازىتى ۋە تائىف قورشاۋى

## (76)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زور قوشۇن بىلەن مەككىنى فەتھى قىلغان بولسىمۇ، ھەۋازىن قەبىلىسى داۋاملىق تۈردە ئەتراپىغا ئەسكەر يىغىۋاتاتتى. مەككىنىڭ فەتھى ۋە پۈتۈن بۇتلارنىڭ چېقىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغانىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئايال بۇتى «لات» نىڭ ئوخشىشى بولغان «ئۇززا» نىڭ يىقىلىشى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولدى. مەككىنىڭ فەتھىسىدىن ئۈچ ھەپتە كېيىن، ھەۋازىنلار تائىفنىڭ شىمالىدىكى ئەۋتاس ۋادىسىدا يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىدى.

مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىككى مىڭ كىشىنىڭ قېتىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى تېخىمۇ زورايدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە ئابدۇشەمسلىك بىرىنى باشلىق قىلىپ قويىدى. خەزرەجلىك دىنىي ئالىم مۇئاز ئىبنى جەبەلنى مەككىدە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارغا دىنىي ئىلىم ئۆگىتىشكە تەيىنلىدى. ئاندىن پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ مەككىدىن يولغا چىقتى. قوشۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلمىغان سۇھەيل، سەفۋان قاتارلىق بىر گۇرۇھ ئادەممۇ بار بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى ھەۋازىنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈنلا يولغا چىققانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سەفۋانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ساۋۇت كىيىم ۋە باشقا قورال ـ ياراقلىرىدىن يۈز يۈرۈش بېرىپ تۇرۇشىنى سورىدى. سەفۋان: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بەرمىسەم مەجبۇرىي ئالامسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق! ئۇرۇشتىن كېيىن ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سەفۋان قورال ـ ياراقلارنى بارگاھقا توشۇپ ئاپىرىدىغان تۆگىلىرى بىلەن قوشۇپ بەردى.

ھەۋازىننىڭ سەقىف، ناسىر، جۇشەم ۋە سەئد ئىبنى بەكرى قەبىلىلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىققانىدى. دۈشمەن قوشۇنىغا ناسىر قەبىلىسىدىن كۈچى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى بىلەن داڭق چىقارغان ئوتتۇز ياشلاردىكى مالىك قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ چوڭلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئاياللار، باللار ۋە مال ـ چارۋىلارنىمۇ ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىشىنى بۇيرىدى. چۈنكى، بۇلار قوشۇننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بەرسە، ئەسكەرلەر تېخىمۇ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلاتتى.

مالىك مەككىدىن يولغا چىققان قوشۇن ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچ پايلاقچى ئەۋەتتى. بىردەمدىن كېيىنلا، ئۈچىلىسى ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. قورققىنىدىن ئۈچىلىسىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى. ئۇلاردىن بىرى: «تاغنى ئاتقا مىنىۋالغان ئاق كىيىملىك ئادەملەرنى كۆردۇق. ۋە بىردىنلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق» دېدى. يەنە بىرى: «كېلىۋاتقانلار دۇنيا ئىنسانلىرى ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەنلەردۇر. بىزچە قايتىپ كېتەيلى. چۈنكى قوشۇن



www.munber.org

بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىزنى كۆرسە، ئوخشاش ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېدى. مالىك غەزەپلەنگەن ھالدا: «ھاياسىزلار! سەنلەر بۇ يەردىكى ئەڭ قورقۇنچاق ئادەملەر ئىكەنسىلەر» دېدى. بۇ ئۈچى بەكمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىكى، قوشۇندىكىلەر ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرسە چوقۇم ساراسىمىگە چۈشەتتى. شۇڭا مالىك ئۇلارنى كۆزدىن نېرىراق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە: «ماڭا جەسۇر بىرىنى تېپىپ كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما تېپىپ كېلىنگەن ئۇ جەسۇر ئادەممۇ ئوخشاش ئاقىۋەت بىلەن قايتىپ كېلىپ: «ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك تۇسلىرى بار ئىكەن» دېدى. ئەمما مالىك ئۇنىڭ سۆزىنى پىسەنتكە ئالمىدى ۋە قاراڭغۇدا مۇسۇلمانلارنىڭ يولى ئۈستىدىكى ھۇنەين ۋادىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەش پەرمانى چۈشۈردى. يولنىڭ تۈزلەڭلىككە چۈشىدىغان يېرىگە بارگاھ قۇردى. چۈنكى يولنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن تۆۋەننى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى، ئەمما تۆۋەندىن بۇ يەرنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مالىك ئاتلىق قوشۇننى شۇ ئەتراپتىكى ئىككى دۆڭلۈككە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارغا ئىشارەت ئارقىلىق ھۇجۇم ئەمرىنى بەرمەكچى بولدى. قوشۇننىڭ قالغان قىسمىنى تۆپىلىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى يول ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇ كېچىسى، ۋادىنىڭ ئۇ تەرىپىگە يېقىن بىر يەرگە بارگاھ قۇردى. بامدات نامىزىدىن كېيىن، قوشۇنغا چېدىرلار ۋە ساباتلىق بولسا، ئۆزلىرىنىڭ زەپەرگە ئېرىشىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتتى. ئاندىن يولغا چىقىش ئەمرىنى بەردى. ھاۋا شۇنداق تۇتۇق ئىدىكى، قوشۇن تۈزلەڭلىككە چۈشكەندە ئەتراپ تېخى قاراڭغۇ ئىدى. سۇلەيم ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان تۇرشاۋۇللارغا خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. دۇلدۇلغا مىنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، قوشۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز ئائىلە كىشىلىرى، ئەبۇسۇفيان، ئاباسنىڭ ئىككى ئوغلى فازىل ۋە قىسام، ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى ئوغلى قاتارلىقلار بار ئىدى. قوشۇننىڭ ئەڭ ئارقىسىدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان قۇرەيشلەر كېلىۋاتاتتى.

تۇرشاۋۇللار تۈزلەڭلىككە ئەمدىلا چۈشۈپ تۇرۇشىغا قارشى تەرەپتىن ھەۋازىن قوشۇنلىرى كۆرۈندى. تۇرشاۋۇللار كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى. چۈنكى، ھەۋازىن قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىكى ئايال ـ باللار ۋە مال ـ چارۋىلارمۇ قاراڭغۇدا ئۇلارغا قوشۇن سېپىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئالدى تەرەپ پۈتۈنلەي قامال قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان بىر پەيتتە، مالىك ئاتلىق قوشۇننى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرىدى. ئاتلىق قوشۇن دۆڭلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە خالىدنىڭ قوشۇنى ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. ھۇجۇم شۇنداق تېز ۋە دەھشەتلىك بولدىكى، خالىد ئارقىغا قېچىشقا باشلىغان بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنى توسۇۋالالمىدى. بەنى سۇلەيملىكلەر كەينىدىن كېلىۋاتقان قۇرەيشلەرنىڭ ئارقىسىغا قاچتى. تۈزلەڭلىككە ئەمدىلا چۈشۈپ تۇرغان قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئارقىغا قېچىشقا باشلىدى. دۈشمەننىڭ ناھايىتى تېز ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئاتلىق ۋە تۆگىلىك قوشۇنى بىردەمدىلا پۈتۈن ئۆتكەللەرنى قامال قىلىۋالدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يولنىڭ ئوڭ چېتىگە چىقىۋالىدىغۇدەك يەردە بولغاچقا، ئۆزىنى دەرھال

چەتكە ئېلىپ، يېنىدىن ھېچ ئايرىلمايدىغان بىر توپ كىشىنىڭ ياردىمىدە بىخەتەر بىر يەرگە ئۆتتۈۋالدى. ھارىسنىڭ ئوغلى ئەبۇسۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇلدۇلىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتۇۋالغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كېلىشكە چاقىردى. ئەمما ئۇرۇشنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكەچكە، ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئابباسنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوم چىقاتتى. ئۇ: «ئەي دەرەخ ئەسھابى! ئەي رىزۋان ساھىبلىرى!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. مۇھاجىر ۋە ئەنساردىن يۈزگە يېقىن ئادەم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئاندىن ھەممىسى ئۆتكەللەرگە تارقىلىپ بېرىپ، دۈشمەن كونتروللۇقىدىكى ئۇرۇشنى بىردەمدىلا ئۆز قوللىرىغا ئالدى. ئابباس داۋاملىق ۋارقىراۋاتاتتى. قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ تولىسى كەينىگە يېنىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرەلىشى ھەم ئۆزىنىڭ ئەتراپنى ياخشى كۆزىتىشى ئۈچۈن ئۆزەڭگىگە دەسسەپ ئۆرە تۇردى. دۈشمەن قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم! ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئېگىلدىشىدىن ئازراق شېغىل تاش تېپىپ كېلىشنى ئۆتۈندى. ئېلىپ كېلىنگەن تاشنى قولىغا ئېلىپ، بەدرىدە قىلغىنىدەك، دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، باياتىن بېرى ئۆزلىرى دۇچار بولغان مەغلۇبىيەتكە ئەمدى دۈشمەنلەر دۇچار بولماقتا ئىدى. كېيىنچە، بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى: ﴿ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز، - دېدىڭلار. بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىن بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرنى قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەم بەرگۈچى قوشۇنلارنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، ئاللاھ كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

دۈشمەن قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. مالىك دەسلەپتە باتۇرلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمەي، سەقىفلىكلەر بىلەن بىرلىكتە ئەتراپى سېپىللار بىلەن قورشالغان تائىف شەھىرىگە چېكىندى. ھەۋازىن قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى نەخلە تەرەپكە قاراپ قاچتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ بېرىپ، نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈردى. ھەۋازىنلار ئۇ يەردىن

[1] تەۋبە سۈرىسى، 25 - تىن 27 - ئايەتكىچە.



www.munber.org

ئۆزلىرىنىڭ بارىگاھى قۇرۇلغان ئەۋتاس تەرەپكە بۇرالدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۈپىلىكلەرگە قوغلىۋەتتى.

مۇسۇلمانلاردىن، بولۇپمۇ، ئەڭ دەسلەپ ئارقىغا قاراپ قاچقان سۇلەيم قەبىلىسىدىن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەندى. ئەمما ئۇندىن كېيىنكى جەڭلەردە كۆپ چىقىم بولمىدى. ئۇسامەنىڭ ئاكىسى ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا شېھىت بولدى.

ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئارقا سەپلەرگە قويۇپ قويغان ئايال ـ باللىرى ئەسىر ئېلىندى. غەنىمەتتە تۆگە، قوي، ئۆچكىدىن باشقا، تۆت مىڭ مىسقال كۈمۈشمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنىڭ مەككىدىن ئون مىل يىراقلىقتىكى جىئرانە دېگەن يەرگە ئېلىپ بېرىلىشىنى بۇيرىدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى بۇدەيلگە تاپشۇردى.

ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا بەنى سەئد ئىبنى بەكرى قەبىلىسىنىڭ بىر ئايمىقىمۇ بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىق دەۋرى بۇ قەبىلىدە ئۆتكەنىدى. ئەسىرلەر ئىچىدىكى ياشىنىپ قالغان بىرى ئۆزىنى ئەسىر ئالغان مۇسۇلمانلارغا: «قەسەمكى، مەن رەئىسىڭلارنىڭ قىز قېرىندىشى بولىمەن» دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! مەن سېنىڭ قىز قېرىندىشىڭ بولىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدا تۇرغان يەتمىش ياشلاردىكى مومايغا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن: «بۇنىڭغا بىر ئىسپاتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. موماي بەدىنىدىكى چىشىنىڭ ئىزىنى كۆرسەتتى ۋە: «مەن سەرىر ۋادىسىدا سېنى يۈدۈپ كېتىۋاتقاندا، سەن مېنى چىشلىۋالغانىدىڭ. بىز چوپانلار بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتۇق. سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام ئىدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇندىلا ئۇنى يادىغا ئالدى. بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمىلدەشلىرىدىن شەيما ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالىزىنى يەرگە سېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىنىكئانىسى ھەلىمە بىلەن يولدىشى ھارىسنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئىككىسى بىرئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «بەنى سەئدكە قايتامسەن ياكى بىز بىلەن قېلىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. شەيما ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشنى ۋە ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىممەتلىك بىر نەرسە ھەدىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى قايتىپ كەلگىچە كەتمەي تۇرۇشنى تاپىلىدى. چۈنكى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسە ھەدىيە قىلماقچى ئىدى. ئاندىن قوشۇننى باشلاپ، تائىفقا قاراپ يولغا چىقتى.

سەقىف قەبىلىسى شەھەردە ئۆزلىرىگە بىر يىل يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىۋالغانىدى. ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان ئۇرۇش ۋاستىلىرىگە قارشى مىخانىزملىرىمۇ تولۇق بولغاننىڭ ئۈستىگە ئوق ئېتىشقىمۇ ماھىر ئىدى. شەھەر سېپىلى توختىماي ئوقۇقا تۇتۇلدى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئون بەش كۈنگىچە ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جاكارچى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغان سەقفلىك قۇللارنى ئازات قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يىگىرمىگە يېقىن قۇل

www.munber.org

بىرلىشىپ، شەھەردىن مەخپىي قېچىپ چىقىپ، مۇسۇلمان بولدى. يەنە بىر ھەپتە نەتىجىسىز ئۆتتۈپ كەتتى. ئۇ ئارىلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئۇنىڭغا بىر قاچا سېرىقماي بېرىلگەنىدى، ئەمما بىر خوراز كېلىپ قاچىنى ئۆرۈۋەتتى. ئەبۇبەكرى: «بۈگۈن مەقسىتىڭگە يېتەلمەيدىغانىدەك تۇرىسەن» دەپ تەبىر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى. بەلكىم شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىش سەقىفلىكلەرنى يېڭىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەتكەن بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورشاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جىئرانەگە قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرىدى. قوشۇن يولغا چىققاندىن كېيىن، بەزى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھەر خەلقىگە لەنەت ياغدۇرۇشىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بەرمەيلا قوللىرىنى ئاچتى ۋە: «پەرۋەردىگارىم! سەقىفلىكلەرگە ھىدايەت ئاتا قىل ۋە ئۇلارنى بىزگە يەتكۈزگىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇمۇ سەلەمەنىڭ يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئۆگەي قېرىندىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى ئابدۇللاھ تائىف قورشاۋىدا شېھىت بولدى.

www.munber.org

## كىلىشىملەر

### (77)

قوشۇن جىئرانەگە يېتىپ كەلگەندە، ئالتە مىڭغا يېقىن ئايال ـ بالا ئەسىر كۈنىنىڭ تەپتىدىن قېچىپ، سايىداق بىر يەرگە يىغىلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقسۇل بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خۇزائەلىك بىرىنى ئۇلارغا يېڭى كىيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتتى. كىيىمنىڭ پۇلى غەنىمەت ئېلىنغان تۆت مىڭ مىسقال كۈمۈشتىن تۆلىنەتتى. غەنىمەت ئېلىنغان تۆگىنىڭ سانى يىگىرمە تۆت مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ھېچكىم قوي، ئۆچكىنىنىڭ سانىنى ئېلىشقا ئۇرۇنمىدى. شۇندىمۇ قىرىق مىڭدىن ئارتۇق دەپ تەخمىن قىلىشتى.

ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەنىمەتتىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن نېسىۋىنى ئېلىشقا ئالدىرايتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دەرھال قايتىش نىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى ھەۋازىنلىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئەسىرلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆتۈنۈشىنى كۈتۈۋاتاتتى. غەنىمەتتىن ئۆزىگە چۈشىدىغان بەشتىن بىر نېسىۋە زاكاتقا ئوخشاش ئىشلىتىلەتتى. يېڭى نازىل بولغان ئايەتتە، بۇنىڭغا ئوخشاش فوندلار ئىشلىتىلىدىغان، "دىللىرى مايىل قىلىنىدىغانلار" نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان بىر گۇرۇھ تەسۋىرلەنگەنىدى: ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

"دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىدىغانلار" ـــ ئەقلىمىزگە تۇنجى بولۇپ، مەككىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بۇتپەرەس ھاياتى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ۋە شارائىتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلغان مەككىلىكلەر كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇسۇفيانغا يۈز تۆگە بەردى؛ ئوغۇللىرى مۇئاۋىيە بىلەن يەزىدكىمۇ يۈزدىن ئىككى يۈز تۆگە بەردى. يەنى ئەبۇسۇفيانغا جەمئىي ئۈچ يۈز تۆگە بەرگەن بولدى. بۇ ئىش باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. خەدىچەنىڭ جىيەنى ھاكىمغا يۈز تۆگە بېرىلگەندە، يەنە ئىككى يۈز تۆگە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ تەلىپىنى دەرھال بىجا كەلتۈردى. ئەبۇسۇفياننىڭكىدەك ئەھۋاللاردا مەيدانغا كەلگەن كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك ياكى تۇراقسىزلىق بېرىلگەن سوۋغىنىڭ ئەسلى مەقستىنى يوققا چىقىراتتى.

شۇنداقتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھاكىمغا: «بۇ مال ـ مۈلۈك ساپ ۋە يېپيېشىل ئوتلاققا ئوخشايدۇ. كىم ئۇنى مەرتلىك بىلەن قولىغا ئالسا، ئۇنىڭغا يارىشىدۇ. ئەگە كىم ئۇنى كىبىرلىك بىلەن قولىغا ئالسا، ئۇنىڭغا ياراشمايدۇ ۋە توختىماي يەيدىغان، ئەمما پەقەتلا تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ. بەرگەن قول ئالغان قولدىن خەيرلىكتۇر. ئائىلىسىنى بېقىشقا مەسئۇل كىشىلەرگە

[1] تەۋبە سۈرىسى، 60 ــ ئايەت.

بېرىشتىن باشلىغىن!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھاكىم ئۆزىنىڭ بۇنىدىن كېيىن ھېچنەرسە ئالمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى ۋە ئۆزى تەلەپ قىلغان ئىككى يۈز تۆگىدىن ۋاز كەچتى.

زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى ئوتتۇرىلىقتا قالغان، يەنى مۇسۇلمان بولۇش ياكى بولماسلىقتا قارار بېرەلمىگەنلەر ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە يۈزدىن تۆگە بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇھەيل بىلەن سەفۋانمۇ بار ئىدى. ھەر ئىككىسى ھۇنەيندە جەڭگە قاتناشقانىدى. ئۇنىدىن باشقا، سەفۋان جەڭنىڭ بېشىدا ئارقىغا قاراپ قاچقان ۋە بۇ ئەھۋالدىن سۆيۈنگەن مەككىلىك مۇشرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بېشىمىزغا ھەۋازىن قەبىلىسىدىن بىرى باشلىق بولغاندىن كۆرە، قۇرەيشتىن بىرىنىڭ باشلىق بولغىنى تۈزۈك» دەپ ۋارقىرىغانىدى. يۈز تۆگىنى تاپشۇرۇۋالغان سەفۋان جىئرانە ۋادىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، غەنىمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. جىئرانەدە چوڭ ـ كىچىك بىر نەچچە جىلغا بار ئىدى. كىچىك جىلغىلارنىڭ بىرى يېشىللىقتا پۈركەنگەن بولغاچقا، قوي ـ ئۆچكە ۋە تۆگە پادىلىرى ئۇ يەرگە يىغىلىۋالغانىدى. سەفۋانىنىڭ بۇ كۆرۈنۈشتىن تەسىرلەنگەنلىكىنى سەزگەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «بۇ جىلغىنى ياقتۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. سەفۋان پەس ئاۋازدا: «ھەئە!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئىچىدىكى مال ـ چارۋىلار بىلەن بىرلىكتە ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن!» دېدى. سەفۋان: «ئەگەر بۇ پەيغەمبەردىن باشقا بىرىنىڭ نەپسى بولغان بولسا، ھەرگىز بۇ قەدەر ياخشىلىق ۋە سېخىيلىققا ئىگە بولالمايتتى» دېدى. ئاندىن كەلىمەئى شاھادەت كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولدى.

سۇھەيلگە كەلسەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھىمۇ جىئرانە ۋادىسىدا پۈتۈنلەي يوقىلا چىقتى. بۇ، يا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇشى ۋە ھۇنەيندىكى مۆجىزىلىك جەڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كىشىنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان جىسمى بىلەن بىر يەردە بولۇشى ۋەياكى بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر يەردە يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن بولغانىدى. ئەمما ئۇ ئىسلامغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىمان ئېيتتى.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، سۇھەيلنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ شېھىت بولغاندا، ئەبۇبەكرى سۇھەيلگە تەسەللىي بەرمەكچى بولۇۋىدى، سۇھەيل ئۇنىڭغا: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: "بىر شېھىت ئۆز قەۋمىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائەت تىلەيدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەنمۇ ئوغلۇمنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ماڭا شاپائەت تىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

جىئرانەدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بەزىلىرى مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ كاتتىباشلىرى بولۇپ، ئۇلار: ئەبۇجەھلنىڭ ئىككى قېرىندىشى؛ خالىدنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى، يەنى ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن ۋەلىدنىڭ ئۆز قېرىندىشى ھىشام؛ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاممىسى ئاتىكەنىڭ ئىككىنچى ئوغلى زۇھەير؛ ئون يىل بۇرۇن مەجلىستە بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىب قەبىلىسىگە يۈرگۈزۈلگەن بايقۇتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىدە ئەبۇجەھلگە قارشى چىققان تۇنجى قۇرەيش زۇھەير قاتارلىقلار ئىدى. ئاتىكە ئوغۇللىرىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدى.

قوشۇن جىئرانەدە بىر نەچچە كۈن كۈتكەن بولسىمۇ، ھەۋازىنىدىن ھېچقانداق ھەيئەت كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام غەنىمەتلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. غەنىمەت



www.munber.org

تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، بالىلىق ۋاقتىدا ئۆزىنى باققان ھارىسنىڭ قېرىندىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھەيئەت يېتىپ كەلدى. ھەيئەتتىكى ئون تۆت كىشى مۇسۇلمان ئىدى، قالغانلىرىمۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە سېخىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆتۈندى ۋە: «سېنى كۆكسىمىزدە ئېمىتىپ، قۇچىقىمىزدا چوڭ قىلدۇق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بىر ھەيئەت كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگىچە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ۋە غەنىمەتلەرنىڭ تېخى يېڭىلا تارقىتىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلاردىن: «سىلەرگە مال - چارۋا لازىممۇ ياكى بالا - چاقاڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بىزگە بالا - چاقىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگىن!» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ۋە ئابدۇددار قەبىلىسىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. قالغانلىرىنى سىلەرنىڭ نامىڭلاردا سوراپ باقىمەن. بىز پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىلەر: "رەسۇلۇللاھنىڭ بىزنىڭ نامىمىزدا مۇسۇلمانلاردىن شاپائەت تىلىشىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بىزنىڭ نامىمىزدا رەسۇلۇللاھتىن شاپائەت تىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز" دەڭلار!» دېدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئۆزلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلگەن ئەسىرلەرنى دەرھال قايتۇرۇپ بەردى. باشقا قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇلاردەك قىلدى، بەزىلىرى دەسلەپ بۇنى قوبۇل قىلمىدى، كۆپ ئۆتمەي، ئەسىرلەرنىڭ فىدىيەسىنىڭ كېيىن تاپشۇرۇلۇشى شەرتى بىلەن ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى زۇھرى قەبىلىسىدىن سەئدكە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلگەن ياش ئايال ئۆزىنىڭ سەئدنىڭ قېشىدا قالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، قايتىشقا ئۇنىمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېمىلدىشىغا ئازراق تۆگە، قوي ۋە ئۆچكە بېرىپ ۋىدالاشتى. ھەيئەت يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلاردىن باشلىقى مالىكنى سورىدى. ئۇلار مالىكنىڭ تائىفتىكى سەقىفلىكلەرنىڭ قېشىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىڭلار! ئالدىمغا كېلىپ مۇسۇلمان بولسۇن، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مال - چارۋىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن سىرت، يۈز تۆگە ئىنئام قىلىمەن» دېدى ۋە مالىكنىڭ ئائىلىسىنى مەككىدە ھاممىسى ئاتىكەنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

ھەيئەت قايتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى مالىكقا يەتكۈزدى. مالىك سەقىفلىكلەرنىڭ ئۆزىنى سولاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچكىمگە تىنىمىدى. شۇ كېچىسى شەھەردىن چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قارارگاھىغا كەلدى ۋە مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان ھەۋازىنلىق مۇسۇلمانلارغا باشلىق قىلىپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ تائىفلىكلەرگە ئارام بەرمەسلىكىنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، تائىف قورشاۋى مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قايتا باشلاندى. بۇ قېتىمقى قورشاۋ بۇرۇنقىسىدىن سەل پەرقلىق ئىدى.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ ئىنسان روھىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىشىمۇ، بۇ تەسىرنىڭ پەقەت دىنىنىڭ ئېغىزدىلا ئەمەس، بەلكى چىن كۆڭۈلدىن سەممىيەتلىك بىلەن قوبۇل قىلىنىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىدىغانلار» غا ماددىي ياردەم قىلىش پرىنسىپى مانا بۇ سەممىيەتلىككە توسالغۇ بولىدىغان قىيىنچىلىق ۋە پېشكەللىكلەرنى يوق قىلاتتى. ئەمما بۇ پرىنسىپ، باشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن، تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭمۇ ئېگىدىن ئۆتمىگەنىدى. بۇندىن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چۆلدە ئاچ ـ زارلىقتا ياشاۋاتقان شۇنچە كىشىگە قارىماي، تېخى مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقى ئېنىق بولمىغان ئادەملەرگە نۇرغۇنلىغان مال ـ چارۋا ئىنئام قىلىنغانىدى. زۇھرىلىك سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن غەتفانلىق ئۇيەيي بىلەن تەمىملىك ئەقراغا يۈزدىن تۆگە بېرىپ، ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يوقسۇل، ئەمما تەقۋادار مۇسۇلمان بولغان دەمرەلىك جۇئەيلگە ھېچنېمە بەرمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، جۇئەيل بىر دۇنياغا لىق كېلىدىغان ئۇيەيي ۋە ئەقرادىنمۇ قىممەتلىكتۇر. ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ دىلى ئىسلامغا مايىل بولۇشى كېرەك. مەن جۇئەيلنىڭ سەممىي ساداقىتىگە ئىشىنىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھاجىرلار شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشقان تۆت مىڭغا يېقىن ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدا چىققان غۇلغۇلا بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقسۇل ئىدى، لېكىن ئۇلارغا تۆتتىن تۆگە ياكى شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان قوي، ئۆچكە بېرىلگەنىدى. ئەسىرلەردىن يۇقىرى مىقداردا فىديە ئېلىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇلارنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي قايتۇرۇپ بېرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار قۇرەيشلەردىن نوپۇزلۇق ئون ئالتە ئادەم بىلەن باشقا قەبىلە رەئىسلىرىدىن تۆت ئادەمگە ناھايىتى كۆپ مال ـ چارۋا ئىنئام قىلىنغانلىقىنى كۆرگەنىدى. مال ـ چارۋا بېرىلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بايلار ئىدى. ئەمما ئەنسارلاردىن ھېچكىمگە بىر نەرسە ئىنئام قىلىنمىدى. گەرچە مۇھاجىرلارمۇ ئىنئام ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يەنىلا تەسەللىي تاپمىدى. چۈنكى مال ـ چارۋىنىڭ كۆپىنچىسى مۇھاجىرلارنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرى بولغان قۇرەيشلەرگە بېرىلگەنىدى. شۇڭا ئەنسارلار: «رەسۇلۇللاھ ئۆز قەبىلىسىگە قايتتى. جەڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى بىز ئىدۇق. ئەمما غەنىمەت تارقىتىلغاندا، خىش ـ ئەقرىبالىرى، قەبىلىسى ئۇنىڭ يېقىنلىرى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى چوقۇم ئېنىقلايمىز. ئەگەر، بۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بولسا، سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرى بولۇپ قالسا، بىزنىمۇ ئويلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز» دېيىشتى.

ئەنسارلار ئارىسىدىكى غۇلغۇلا تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتتى. سەئد ئىبنى ئۇبادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىدى. سەئد: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىمەن. بۇ پىكىرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بىلمەكچىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدكە ئەنسارلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرلەر ئۈچۈن تەييارلانغان يەرگە يىغىشنى ئېيتتى. بىر قانچە مۇجاھىدمۇ سەئدتىن رۇخسەت ئېلىپ ئەنسارلارنىڭ ئارىسىغا

قېتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئەي ئەنسارلار جامائىتى! سىلەرنىڭ مېنىڭ ھەققىمدە بەزى سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدىم. مەن كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەر گۇمراھلىقتا ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مەن ئارقىلىق ھىدايەتكە ئېرىشتۈرمىدىمۇ؟ سىلەر كەمبەغەل ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مەن ئارقىلىق باي قىلمىدىمۇ؟ بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مەن ئارقىلىق دوست قىلمىدىمۇ؟» ئەنسارلار: «ھەئە، شۇنداق! ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ مەرتتۇر» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرمۇ ئۆزەڭلارنى ئاقلىمامسىلەر؟» دېدى. ئەنسارلار: «بىز ئۆزىمىزنى نېمە دەپ ئاقلايمىز؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر خالىساڭلار: ”سەن بىزگە خارلانغان ھالدا كەلگەنىدىڭ، بىز سېنى ئەزىزلىدۇق. سەن بىزگە قوغلانغان ھالدا كەلگەنىدىڭ، بىز سېنى ئۆز قوينىمىزغا ئالدۇق. سەن بىزگە چارىسىز ھالدا كەلگەنىدىڭ، بىز ساڭا ياردەم بەردۇق“ دېسەڭلار بولىدۇ. شۇنداق دېسەڭلار، توغرا ئېيتقان بولىسىلەر ھەم باشقىلارمۇ بۇنىڭغا چىنپۈتىدۇ. ئەي ئەنسارلار جامائىتى! سىلەرنىڭ تەۋرەنمەس، مۇستەھكەم ئىمانىڭلارغا ئىشىنىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن مال ئۈچۈن شۇنچە خاپا بولدۇڭلارمۇ؟ ئەي ئەنسارلار! سىلەر مەمنۇن بولمىدىڭلارمۇ؟ ئەي ئەنسارلار جامائىتى! باشقىلار قوي، تۆگىلەرنى ئېلىپ قايتسا، سىلەر رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولماامسىلەر؟ ئەگەر پۈتۈن خەلق بىر يولغا، ئەنسارلار باشقا بىر يولغا كىرسە، مەن چوقۇم ئەنسارلار بىلەن بىر يولدا بولغان بولاتتىم. ئاللاھ ئەنسارلارغا، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ۋە بالىلىرىنىڭ بالىلىرىغا رەھمەت قىلسۇن!» دېدى. بۇ سۆزلەردىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئەنسارلار ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتكىچە يىغلاشتى ۋە ھەممىسى بىردەك: «بىز نېسىۋىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ بولۇشىغا رازىمىز» دېيىشتى.

www.munber.org

## زەپەردىن كېيىن

### (78)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىئرانەدىن كېيىن ئۆمرە قىلدى ۋە مەدىنىگە قايتتى. مەدىنە يولىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتىگە قايىل بولغان سەقىفلىك ئۇرۋە ئۇچراپ قالدى. ئۇرۋە ھۇنەيىن غازىتى ۋاقتىدا يەمەندە ئىدى. ھۇنەيىندىكى مۆجىزىلىك زەپەر خەۋىرى ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان مايىللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇرۋە قىلچە ئىككىلەنمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى ۋە تائىفقا بېرىپ، خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئۇچۇن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدى. لېكىن ئۇرۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار مېنى ئۆزىنىڭ بالىسىدىنمۇ چارە كۆرىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدى. ئەمما ئۇرۋە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى. تائىفلىق ئوقياچىلار ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئوققا تۇتتى. ئۇرۋە ئېغىر يارىلىنىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بار - يوقلۇقىنى سورىشىدى: «بۇ، ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. مېنى تائىف قورشاۋىدا شېھىت بولغانلارنىڭ يېنىغا كۆمۈڭلار!» دېدى. ئائىلىسى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۋەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ: «ئۇرۋە ياسىن سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئەمما خەلقى ئۇنى ئۆلتۈردى» (ياسىن سۈرىسى 20 - ئايەتكە قاراڭ!) دېدى. ئۇ ئادەم خەلقىنى ئىسانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان ئانتاكيالىق (ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئانتاكيا شەھىرى) بىر ياغاچچى بولۇپ، ئانتاكيا خەلقى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلەنگەنىدى:

﴿(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى» دېدى.﴾[1]

ئۇرۋەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئوغلى بىلەن جىيەنى تائىفتىن مەدىنىگە كېلىپ، مۇسۇلمان بولدى ۋە مۇھاجىر جىيەنلىرى مۇغىرە بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئتەدە شېھىت بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۇچۇن كۆپ قايغۇردى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بىرى ھەم تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭ قەسىدىلىرى ھەسسان ۋە كەئب ئىبنى مالىكنىڭ قەسىدىلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇراتتى. ئەمما خەلقنىڭ قارىشىچە، ئەرەبىستان زېمىنىنىڭ ئەڭ داڭلىق ئىككى شائىرى بار بولۇپ، بىرى لەبىد، يەنە بىرى ئالدىنقى نەسلىدىن زۇبەير ئىبنى سەلمانىنىڭ ئوغلى كەئب ئىدى.

---

[1] ياسىن سۈرىسى، 26 - ۋە 27 - ئايەت.



www.munber.org

كەئب مۇزەينەلىك بولسىمۇ، ھاياتىنىڭ كۆپىنچە قىسمىنى غەتفانلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزگەچكە، مۇزەينە قەبىلىسىدە كەڭ يېيىلغان ئىسلام دىنىدىن يىراق قالغانىدى. كەئبنىڭ قېرىندىشى بۇجەير ھۇدەيبىيەدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانىدى، ئەمما كەئب بۇ يېڭى دىنغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىدىغان شېئىرلارنى يازاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ شائىرنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئەڭ خەيرلىك ئىش قىلغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇجەير ئۇنىدىن بۇرۇن كەئبنى ئاگاھلاندۇرغانىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن كەچۈرۈم سوراشنى ئېيتىپ: «ئۇ پۇشايمان قىلىپ ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى كەچۈرىدۇ» دېگەنىدى. كەئب مەككىنىڭ فەتھىدىن كېيىنمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى ۋە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدى:

قاچقىن، ئەگەر قاچالىساڭلا،
ئۇززا، لاتقا ئەمەس، پەقەت ئاللاھقا.
ھېچكىم، ھېچنەگە قاچالماس بۇگۈن،
قەلبى ساپ، ئىخلاسلىق مۇئمىندىن باشقا.

سان ـ ساناقسىز ئىنسانىنىڭ ئارقىمۇ ئارقىدىن مۇسۇلمان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كەئب بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگە تار كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، مەدىنىدىكى جۇھەينەلىك بىر دوستىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى، بامدات نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قولىغا قويۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر كەئب ئىبنى زۇبەيرنى ئالدىڭغا كەلتۈرسەم، ئۇ پۇشايمان قىلسا ۋە ئامانلىق تىلىسە، ئۇنى قوبۇل قىلامسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «قوبۇل قىلىمەن» دېدى. كەئب: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن كەئب ئىبنى زۇبەير بولىمەن» دېدى. ئەنسارلاردىن بىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئۇنداق قىلما! ئۇ بۇرۇنقى كەئب ئەمەس، ئۇ پۇشايمان قىلدى» دېدى. كېيىنچە، كەئب بۇ ۋەقە ھەققىدە يازغان قەسىدىسىنى ئوقۇپ بەردى. قەسىدە ئەنئەنىۋى بەدەۋىي ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، قاپىيىلىك ۋە لىرىك ئىدى. قەسىدىدە كۆپىنچە، تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەسلى تېمىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن كەچۈرۈم سوراش مەزمۇنىدا ئىدى. قەسىدىنىڭ بېشى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن مۇھاجىرلارنى ماختايدىغان كىرىش سۆز بىلەن ئاياغلاشقانىدى:

دەيدۇ ئۇمىد باغلاپ كەلگەن دوستلىرىم:
قىلالمايمىز ساڭا ياردەم ـ شاپائەت.
دېدىم: كۆرەي ئۆز يولۇمغا قويۇڭلار،



www.munber.org

پىشانەمگە پۈتۈلگەننى نىھايەت.
ئاخىر بىر كۈن ئۆلەر ئادەم بالىسى،
ئۆزۈن يىللار ياشىسىمۇ سالامەت.
رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۆلۈم بۇيرۇپتۇ،
ئۈمىدىم بار، كەچۈرەر قىلىپ ئىنايەت.
بەردى ئاللاھ ساڭا روشەن قۇرئاننى،
ھەق دىنغا قىلىپ سېنى ھىدايەت.
رەسۇلۇللاھ دۈشمەن ئۈچۈن ئاللاھنىڭ،
ئۆتكۈر، نۇرلۇق قىلىچىدۇر ئالامەت.

كەئب قەسىدىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەننىڭ سىزىقلىق رەختىدىن تىكىلگەن توننى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى. ئەمما كېيىن، ساھابىلەردىن بىرىگە: «كاشكى ئەنسارلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ قويغان بولسىچۇ! ئۇلارمۇ شۇنىڭغا ھەقلىق ئىدى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كەئب، ئەنسارلارنىڭ ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقى، سۆزىدە تۇرىدىغانلىقى، مېھماندوست، مەرت ۋە سېخىيلىقىنى ماختاپ بىر پارچە شېئىر يازدى.

مارىيەنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە بالىسىنىڭ تۇغۇتىدا خەدىچەگە ياردەم قىلغان سەلما قېرىپ قالغانىدى. فاتىمەنىڭ تۇغۇلغىنىغىمۇ مانا يىگىرمە بەش يىل بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، سەلما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭى بالىسىنىڭ تۇغۇتى ئۈستىدە بولۇش ئۈچۈن مارىيە تۇرۇۋاتقان يۇقارقى مەدىنىدىكى ئۆيگە باردى. شۇ كېچىسى بالا تۇغۇلدى.

بالا تۇغۇلغان كېچىسى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەر قېتىمقىدىن باشقىچە نام بىلەن، يەنى: «ئى ئىبراھىمنىڭ دادىسى!» دەپ خىتاب قىلدى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، سەلما دەرھال ئېرى ئەبۇرافىنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغلى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەتىسى، بامدات نامىزىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلدى ۋە: «ئۇنىڭغا ئەجدادىم ”ئىبراھىم“ نىڭ ئىسمىنى بەردىم» دېدى. مەدىنىدە ھەم چوڭ خۇشاللىق يۈز بەردى ھەم مەدىنىلىك ئاياللارنىڭ ئىچىدە بوۋاقنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ كىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە باشلاندى. بۇ تەلەي يۇقارقى مەدىنىدە، مارىيەگە قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر تۆمۈرچىنىڭ ئايالىغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىسىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك بېرىپ كۆرۈپ كېلەتتى. بەزى كۈنلىرى چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى شۇ يەردە ئۇخلايتتى.

بەزىدە بوۋاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلەتتى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ قۇچىقىدا بالىنى كۆتۈرگەن پېتى يېتىپ كېلىپ: ”قارا! ماڭا نېمىدېگەن ئوخشىغان!“ دېدى. مەن: ”نەدىكىنى، ساڭا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن“ دېدىم.



www.munber.org

رەسۇلۇللاھ: "تېنىنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈكى بىلەن تېرىسىنىڭ يۇمرانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "قوي سۈتى بىلەن بېقىلغان ھەرقانداق بوۋاقنىڭ تېنى شۇنداق يۇمران بولىدۇ" دېدىم. چۈنكى چوپانلاردىن بىرىگە بالىنىڭ ئېنىكئانىسىغا ھەركۈنى سۈت يەتكۈزۈپ بېرىش تاپىلانغانىدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەككىدىن قايتقاندىن كېيىن، ئالتە ئايغىچە مەدىنىدىن سىرتقا چىقمىدى. بۇ ئارىدا، ساھابىلەرنى كىچىك ـ كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ سەپەرلەرگە چىقاردى. بۇ سەپەرلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى ئەلى قوماندانلىقىدا مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تەي قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتىلدى. بۇندىن ئىلگىرى، ھەزرىتى ئەلى قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان كۇدەيدگە بېرىپ، «مانات بۇتخانىسى» نى چېقىۋەتكەنىدى. بۇ بۇتخانا چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەرەبىستان زېمىنىدىكى ئۈچ چوڭ ئىبادەتخانىدىن پەقەت تائىفتىكى «لات بۇتخانىسى» لا قالغانىدى. ئەمما «فۇلس بۇتخانىسى» مۇ تەي قەبىلىسىنىڭ خرىستىئان بولمىغان خەلقىنىڭ ئىبادەت مەركىزى ئىدى. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بۇ ئىبادەت مەركىزىنى يوق قىلىش ئىدى. تەي ـ شائىر ھاتىمنىڭ (ھاتىم خرىستىئان ئىدى) قەبىلىسى بولۇپ، ھاتىم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خرىستىئان ئوغلى ئەدىي چىققانىدى.

ئەلى قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئەدىي، ئائىلىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئەمما بىر سىڭلىسى قەبىلىنىڭ باشقا ئادەملىرى بىلەن بىللە ئەسىر ئېلىندى. قوشۇن ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئەدىينىڭ سىڭلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئايىقىغا باش قويۇپ، ئۆزىنى قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن يالۋۇردى ۋە: «مەن ھاتىمنىڭ قىزى بولىمەن. دادام ئەسىرلەرنى ھەمىشە قويۇپ بېرەتتى. مېھماندوست، مەرھەمەتلىك، كەڭ قورساق ئادەم ئىدى. ئۆزىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان ھېچكىمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلدى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە: «ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار! چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى سېخىيلىقنى ياخشى كۆرەتتى. ئاللاھمۇ سېخىيلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى.

ئۇ ئارىدا، قەبىلە كىشىلىرىدىن بىرى ئەدىينىڭ سىڭلىسنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قىزغا بىر تۆگە ۋە بىر قۇر كىيىم بېرىپ، ئۇ ئادەمگە قوشۇپ قويىدى. قىز ئەدىينى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇنى مەدىنىگە بېرىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا قايىل قىلدى. ئەدىي پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بەيئەت قىلىپ، مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ تەي قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەدىي مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ سەممىي ۋە ئېسىل نەسەبلىك ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

رەجەپ ئېيىنىڭ بېشىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نەجاشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئالدى. ئۇ كۈنى نامازدىن كېيىن، جامائەتكە بۇرۇلۇپ: «بۈگۈن ئادالەتلىك بىر ئادەم ۋاپات بولدى. ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ۋە قېرىندىشىڭلار ئەشەمە ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار!» دېدى. ئاندىن جامائەتكە ئىمام بولۇپ، جىنازە نامىزى (غىيابى ناماز) ئوقۇدى. كۆپ ئۆتمەي، ھەبەشىستاندىن نەجاشىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە بىر نۇرنىڭ داۋاملىق پارقىراپ تۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.



www.munber.org

www.munber.org

# تەبۇك غازىتى

## (79)

ھۇنەين غازىتىدىن كېيىن ئۈچ يىل ئۆتمەي، ئىمپېراتور ھىراكلىيۇس (ھىرەقل) قۇدۇسقا بارىدىغان مۇقەددەس يولنى قايتىدىن ياساتتى. بۇ، قۇرئان كەرىمدە: ﴿بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ﴾[1] دەپ تەسۋىرلەنگەن ۋە بىزانسىلارنىڭ پارسىلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ئالدىن بېشارەتنىڭ ئېنىق دەلىلى ئىدى. پارسىلارنىڭ سۈرىيە ۋە مىسىردىكى ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ئىدى، ئەمما سۈرىيەدە بىر خەتەرنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى ئالماشقانىدى. ئىسلام دۆلىتىنىڭ مۇشۇ تەرەپتىن خىرىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە ئىدى. چۈنكى، مەدىنىدە ھىراكلىيۇسنىڭ مەدىنىگە دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلاۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز ـ چۆچەك تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا، بىزانسىلارنىڭ بەلقاغىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە لەھم، جۇدام، غەسسان، ئامىلە قەبىلىلىرىنى بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالدى. بۇ خەۋەرلەر ھەم ئاساسسىز ھەم كۆپتۈرمە بولۇپ، ھىراكلىيۇس ئۆزىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىغان، ئەمما جاۋاب ئالالمىغان «خەتنىلىك ئادەم» نى چۈشكەنلىكىنى؛ چۈشىدە «خەتنىلىك ئادەم» نىڭ سۈرىيەنى بېسىۋالغانلىقنى كۆرگەنلىكىنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. چۈشى ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلغانىدىكى، ھىراكلىيۇسنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولغاندىن سىرت، سۈرىيە مۇداپىئەسىنىڭ بوشىتىلىشىغىمۇ سەۋەب بولدى. ھىراكلىيۇس قۇدۇستىن ھۇمۇسقا چېكىندى. ھۇمۇستا بۇ يەرلەرنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن فەتھ قىلىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا، گېنىراللىرىغا مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈپ، سۈرىيەنى ئۇنىڭغا بېرىش ۋە ئۆزلىرى شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەش ھەققىدە پىكرىنى بايان قىلدى. ئەمما ئۇ گېنىراللىرىنىڭ ھەم ھەيران قېلىشى ھەم قارشى چىقىشى بىلەن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. شۇندىمۇ، ھىراكلىيۇس ئۆزىنىڭ چۈشىنى پەقەتلا ئۇنۇتالمىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا سۈرىيە قوۋۇقلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلارنى بىزانسىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان يۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يۈرۈشلەرنىڭ نىشانى ۋە تەييارلىقى مەخپىي ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنداق قىلىنمىدى. مەككىگە ۋە باشقا ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرگە سۈرىيە سەپىرى ئۈچۈن قوراللىق ۋە ئۇلاغلىق قوشۇن ئەۋەتىش توغرىسىدا خەۋەر يوللىدى.

مىلادى **630** ـ يىل **1** ـ ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، ھاۋا ئىسسىق ھەم قۇرغاقچىلىق ۋاقتى، شۇنداقلا مېۋىلەر تازا مەي باغلاپ پىشقان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزانس ئىمپېراتورلۇقى

[1] رۇم سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.



www.munber.org

لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋىتى ۋە شان ـ شۆھرىتى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر، ئەئرابىلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ سەپەرگە ئاتلانماسلىق ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۈرلۈك باھانە كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولدى. سەپەرگە ئاتلانمىغانلارنىڭ ئارىسىدا كەئب ئىبنى مالىك، خەزرەجتىن ئىككى ۋە ئەۋسىتىن بىر بولۇپ جەمئىي تۆت سالىھ كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇلار سەپەرگە ئاتلانماسلىق ئۈچۈن ئېنىق قارار بەرمىگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىمىغانىدى. ئەمما، بۇ مەۋسۇمدە سەپەرگە ئاتلىنىش ئۇلارغا شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، سەپەر تەييارلىقىنى كەينىگە سۈرۈۋەردى ۋە ئۇلارنىڭ تەييارلىقى تېخى باشلانماي تۇرۇپلا قوشۇن يولغا چىقىپ بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايلارنى يوقسۇللارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى جابدۇتۇشقا بۇيرىدى. ئوسمان ئون ئادەمگە قورال ـ ياراق ۋە ئات ـ تۆگە؛ ئەبۇبەكرى پۈتۈن مال ــ دۇنياسىنى؛ ئۆمەر مال ــ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئىئانە قىلدى. لېكىن، ئات ـ ئۇلاغ يەنە يېتىشمىدى. ساھابىلەرنىڭ فەقىھلىرىدىن (فەقىھ ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىدىغان كىشى ـ ت.) يەتتە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنى جابدۇتۇشنى ئۆتۈندى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلارنى جابدۇتۇشقا قادىر ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار جابدۇنۇشقا خىراجەت تاپالمىغانلىقتىن قايغۇرۇپ، يىغلىغان ھالدا قايتىپ كەتتى.

بەدەۋى قەبىلىلەردىن كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. ئەسكەر سانى ئوتتۇز مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئون مىڭى ئۇلاغلىق، يىگىرمە مىڭى پىيادە ئىدى. شەھەر سىرتىغا بارگاھ قۇرۇلدى، پۈتۈن قوشۇن تەق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھەردىن چىققىچە، قوشۇنغا ئەبۇبەكرى مەسئۇل بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى ئىككى ئائىلىگە قاراپ تۇرۇش ئۈچۈن مەدىنىدە قويغانىدى. ئەمما مۇناپىقلار: «ئەلى سۆرەلمە بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆزىدىن نېرى قىلماقچى بولدى ۋە مەدىنىگە تاشلاپ كەتتى» دەپ پىتنە تارقاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى بەكمۇ ئازابلاندى ۋە دەرھال ئاتلىنىپ، تۇنجى قونالغۇلارنىڭ بىرىدە قوشۇنغا يېتىشىپ بېرىپ، مۇناپىقلارنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار يالغانچىلاردۇر. مەن سېنى مەدىنىدە قالغانلارغا قاراپ تۇرۇش ئۈچۈن قويۇپ قويدۇم. سەن قايتىپ بېرىپ، مېنىڭ ۋە ئۆزەڭنىڭ ئائىلەڭگە ھامىيلىق قىلغىن! ئەي ئەلى! ھارۇن مۇساغا قانداق يېقىن بولسا، سەنمۇ ماڭا شۇنداق يېقىن بولغانلىقىڭدىن مەمنۇن بولمامسەن؟» دېدى.

سەپەر ئۇستىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ تاھارىتىگە كېچىكىپ قالدى. مۇسۇلمانلار جامائەت بولۇپ، سەپلەرنى تۈزەپ بولغانىدى. ئۇلار ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشكە ئاز قالغىچە ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى ئىمام قىلىپ، نامازغا تۇرۇۋەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلگەندە، بىرىنچى رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىغا چېكىنمەكچى بولغان ئابدۇراھماننى تۇرتۇپ، جايىغا تۇرغۇزدى ۋە ئۆزى جامائەت سېپىگە كىرىپ تۇردى. جامائەت سالام بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىنقى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن: «توغرا



www.munber.org

قىلدىڭلار. چۈنكى ھېچبىر پەيغەمبەر ئۈممىتىدىن تەقۋا بىرىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ ۋاپات بولمايدۇ» دېدى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتتى. قوشۇنغا قېتىلالمىغان تۆت سالىھ كىشىدىن بىرى ـ خەزرەجلىك ئەبۇخەيسەمە ھاۋا شۇنداق ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيىنىڭ بېغىغا كىردى. بېغىدا ئىككى ساتمىسى بار ئىدى. خوتۇنلىرى ساتمىلارنىڭ ئەتراپىغا سۇ سېپىپ، تاماق ۋە سۇ تەكلىپ قويغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇخەيسەمە: «رەسۇلۇللاھ مۇنداق ئىسسىقتا جاپا چېكىپ، ئۇرۇشقا ئاتلانسا، مېنىڭ چىرايلىق خوتۇنلار بىلەن سالقىن يەردە تائام يەپ ئولتۇرۇشۇم دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئويلىدى ۋە خوتۇنلىرىغا: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتمەي تۇرۇپ، سىلەرنىڭ ساتماڭلارغا كىرمەيمەن. ماڭا دەرھال ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ بېرىڭلار!» دېدى. خوتۇنلىرى ئوزۇق تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئېلىپ، تۆگىگە مىنىپ سەپەرگە ئاتلاندى.

قوشۇن مەدىنە بىلەن قۇددۇسنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەن كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنشائاللاھ! ئەتە، چىڭقى چۈش مەزگىلىدە تەبۇك سېيىغا يېتىپ بارىمىز. ئۇ يەرگە مەندىن بۇرۇن بارغانلار مەن بېرىپ بولغىچە سۇغا چېقىلماي تۇرسۇن!» دېدى. ئەمما ئەتىسى تۈنجى بولۇپ بارغان ئىككى كىشى بۇلاق سۈيىنى ئىچىۋالدى. قوشۇننىڭ ئاساسىي قىسمى يېتىپ بارغاندا، بىر قانچە تامچە سۇ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى قاتتىق ئەيىبلىگەندىن كېيىن، بىر نەچچە كىشىگە ئازگاللاردا ئېششىپ قالغان سۇنىڭ ھەممىسىنى بىر پارچە تېرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. سۇ كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز ـ كۆزىنى يۇيغاندىن كېيىن، سۇنى بۇلاقنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغان تاشنىڭ ئۈستىگە سەپتى. ئاندىن ئاللاھ بۇيرىغان شەكىلدە دۇئا قىلدى. بىردەمدىن كېيىن، خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋاز كەلدى ۋە بىردىنلا تاشنىڭ ئاستىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى. پۈتۈن قوشۇن سۇدىن يۈرەكلىرى قانغۇدەك ئىچكەن بولسىمۇ، سۇ توختىماي ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا تۇرغان مۇئازغا: «ئەي مۇئاز! ئەگەر ئۆمرۈڭ يار بەرسە، بۇ يەرلەرنىڭ باغ ـ بوستانلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرىسەن» دېدى. دەرۋەقە، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە ئاتلانغان تۆت سالىھ مۇسۇلمان ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلانغانىدى. يىراقتىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى، ئەمما كىم ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا قىلغاندەك: «ئەبۇخەيسەمە بولۇپ قالسىدى» دېدى. يولۇچى يېقىنلاپ كېلىپ، سالام بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي خەيسەمە، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي!» دېدى. ئەمما بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى.

قوشۇن تەبۇكتا يىگىرمە كۈن تۇردى. بىزانس خەۋەرلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سۈرىيەنىڭ فەتھى ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاقىت ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقەبە قولتۇقى ۋە شەرقتىكى ساھىللاردا ياشايدىغان



www.munber.org

خرىستىئان ۋە يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەن ئەھدىنامە تۈزدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا باج ـ خىراج تاپشۇرىدىغان، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ھامىيلىقىغا ئالىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنى تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇنغا (يىگىرمىسى ئاتلىق) قوماندان قىلىپ، تەبۇكنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دۇمەتۇل جەندەلگە ئەۋەتتۇېتىپ، ئۆزى قالغان قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قايتتى. بۇ مۇھىم قەلئە، سۈرىيەگە بارىدىغان يول بىلەن، مەدىنىدىن ئىراققا بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە ئىدى. دۇمەتۇل جەندەلنىڭ باشلىقى (خرىستىئان) ئۇقەيدىر ئۆزىنىڭ قانداقلارچە خالىدنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. خالىد ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ باردى. ئۇقەيدىر مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بەيئەت قىلىپ، مۇسۇلمان بولدى.

www.munber.org

## تەبۇك غازىتىدىن كېيىن

**(80)**

مۇسۇلمانلارنىڭ تەبۇكتىن قايتىشىمۇ بەدرىدىن قايتىشىدەك قايغۇلۇق بولدى. قوشۇن سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىدىن بىرى — ئۇممۇ گۇلسۇم ۋاپات بولغانىدى. بۇ قېتىم ئوسمانمۇ مەدىنىدە يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ قەبرىسىگە بىرىپ دۇئا قىلدى ۋە ئوسمانغا: «ئەگەر ياتلىق بولمىغان قىزىم بولغان بولسا، يەنە ساڭا بەرگەن بولاتتىم» دېدى.

سەپەرگە چىقمىغان مۇناپىقلار بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. گەرچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما مەدىنىدە قېلىپ قالغان ئۈچ مۇئمىنگە: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈم چىقارغۇچە ماڭا يېقىنلاشماڭلار!» دېدى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۇلارغا ئارىلاشماسلىققا بۇيرىدى. بۇ ئۈچ كىشى ئەللىك كۈنگىچە جامائەت سىرتىدا قالدى. ئەللىكىنچى كۈنى، بامدات نامىزىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغانىدى:

﴿جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار الله قا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ الله نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

جامائەت بەكمۇ خۇشال بولدى ۋە بەزىلەر بۇ خۇشخەۋەرنى ئۇ ئۈچىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. ئۈچىنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان كەئب ئىبنى مالىك شەھەر سىرتىغا كەپە تىكىپ، شۇ يەردە ياشاۋاتاتتى. كېيىنكى يىللىرى، ئۇ شۇ كۈنى يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرىنىڭ: «ئەي كەئب! خۇشخەۋەر» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەجدىگە بارغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ خۇشخەۋەرنىڭ ‹كەچۈرۈم›دىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. كەئب دەرھال مەسجىدكە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى. ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ماڭا: ”تۇغۇلغىنىڭدىن بېرى سەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق كۈن ئۈچۈن سۆيۈنگىن!“ دېدى. مەن: ”ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سەندىنمۇ ياكى ئاللاھتىنمۇ؟“ دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: ”ئاللاھتىن“ دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ھەر قېتىم ئاللاھتىن خۇشخەۋەر ئالسا، يۈزلىرى تولۇنئايدەك پارقىراپ كېتەتتى» دېگەنىدى.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى، 118 – ئايەت.



www.munber.org

ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ رەئىسى مالىك مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، تائىفنىڭ ھەممە تەرىپىنى قورشاۋغا ئالغاندى. بەنى سەقىفلىكلەرنىڭ: «تائىف قەلئەسى يېمىرىلمەس» دەپ ماختىنىشلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ كېتىشكە باشلىدى. چۈنكى پۈتۈن ئەتراپى مۇسۇلمانلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، باشقا شەھەرلەرگە ئەۋەتكەن كارۋانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراۋاتاتتى. ھەتتا مالىكنىڭ ئادەملىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، قوي ـ تۆگىلىرىنى سىرتقا ئەچىقىپ ئوتلىتالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مالىكنىڭ ئادەملىرى: «قولىمىزغا چۈشۈپ قالغان سەقىفلىكلەرنى بۇتپەرەسلىكتىن يانمىغىچە قويۇپ بەرمەيمىز ياكى ئۆلتۈرىۋېتىمىز!» دەپ ئېلان قىلغانىدى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. تائىفلىقلار مەدىنىگە ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ بەنى سەقىف خەلقىنى، ماللىرىنى ۋە تۇپراقلىرىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلماقچى بولدى.

مۇسۇلمانلار تەبۇكتىن رامىزان ئېيىنىڭ باشلىرىدا قايتىپ كەلگەنىدى. شۇ ئاينىڭ ئىچىدە، تائىف ھەيئىتىمۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ھەيئەتلەرنى دوستانە كۈتۈۋالدى ۋە مەسجىد يېنىغا ئۇلار ئۈچۈن چېدىر قۇردى. ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، تۇپراقلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغانلىقىغا قارار بېرىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بەزى شەرتلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ھەيئەتلەر ‹لات›نىڭ ئۈچ يىلغىچە چېقىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمىدى. ئۇلار ئىككى يىلغا چۈشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىمىدى. بىر يىلغا چۈشتى، يەنە بولمىدى. ئەڭ ئاخىرى بىر ئايلىق مۆھلەت تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسام بۇنىڭغىمۇ: «ياق!» دېدى. ئۇلار كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئەمما بۇتنى ئۆزلىرىگە چاقتۇزماسلىقنى تىلەپ يالۋۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەش ۋاقىت ناماز بولمىغان دىندا خەيىر يوقتۇر» دېدى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇرۇۋەنىڭ جىيەنى مۇغىرەنى ھەيئەت بىللە بىلەن يولغا چىقىشقا ۋە مەككىدىن ئەبۇسۇفيانىنى ئېلىپ، تائىفتىكى ‹لات›نى چېقىۋېتىشكە بۇيرىدى.

مۇسۇلمان بولغان ھەيئەت رامىزاننىڭ قالغان كۈنلىرىنى مۇسۇلمانلار بىلەن روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تائىفقا قاراپ يولغا چىقتى. ئەبۇسۇفيان مەككىدە ئۇلارغا قېتىلدى، ئەمما بۇتنى بىر قولى چولاق مۇغىرە ئۆزى يالغۇز چاقتى. مۇغىرەنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۇرۇۋە بىلەن ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن (يەنى ئۆلتۈرۈلۈشىدىن) قورقۇپ، ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغانىدى. ئەمما چېقىلغان بۇت ئۈچۈن نالە ـ پەرياد قىلغان ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارىدىن باشقا قارشىلىق كۆرسىتىلمىدى.

ھەم تائىفلىق بولمىغان ھەم ‹لات› قا چوقۇنمايدىغان ئىككى كىشى تائىفنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇشىغا ئەڭ كۆپ قايغۇرغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە يۈرۈش قىلغاندا، ھەنزەلەنىڭ دادىسى ئەبۇئەمىر بىلەن ھەمزەنىڭ قاتىلى ۋەھشى ئۆزلىرىگە ‹يېڭىلمەس قەلئە› بولۇپ كۆرۈنگەن تائىفقا سىغىنغانىدى. ئەمما ئەمدى قاچىدىغان يېرى يوق ئىدى. ئەبۇئەمىر سۇرىيەگە قاچتى ۋە ئۆزىگە قىلغان بەددۇئادىكىدەك ‹يالغۇز ۋە ئۆي ـ ماكانسىز سۇرگۈن› پېتى ئۆلدى. نەگە بېرىشنى ئۇقالماي، تېڭىرقاپ تۇرغان ۋەھشى سەقىفلىك بىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئىمان ئېيتقان ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋەھشى مەدىنىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا شاھادەت كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولدى. دەل شۇ پەيتتە، مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئۇنىڭ ھەمزەنى ئۆلتۈرگەن قول ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ۋەھشى!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەيلى، بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، مەن ئۈچۈن بىر كاپىرنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىدىنمۇ ياخشىراقتۇر» دېدى. ئاندىن ۋەھشىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «سەن راستىنلا ۋەھشىي بولامسەن؟» دەپ سورىدى. ۋەھشى: «ھەئە، مەن بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلتۇرۇپ، ھەمزەنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى بىزگە سۆزلەپ بەرگىن!» دېدى. ۋەھشى ھەممە ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! مۇندىن كېيىن كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! مەندىن نېرى تۇرغىن!» دېدى.

ئەبۇئەمرنىڭ جىيەنى ئىبنى ئۇبەيگە كەلسەك، تەبۇك غازىتىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئېغىر كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدى. بۇرۇنقى كىتابلاردا، ئۇنىڭ قانداق (يەنى مۇسۇلمان ياكى مۇناپىق پېتى) ئۆلگەنلىكى ھەرخىل بايان قىلىنغان. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەنلىكى ۋە قەبرە بېشىدا تۇرۇپ دۇئا تۇرۇپ قىلغانلىقىنى ھەممىسى بىردەك قوبۇل قىلغان. يەنە بىر مەنبەگە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر كېلىپ، بىر مۇناپىققا مۇنچىۋالا شاپائەت قىلىپ كېتىشىگە قارشى چىققاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئەي ئۆمەر! سەپكە كىرگىن! مەن ماڭا بۇيرۇلغاننى قىلىمەن. ماڭا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، اللە ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، اللە پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.﴾[1] دېيىلدى. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلا بولسا، مەن ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىمدىنمۇ كۆپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا تەييارمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن نامىزىنى چۈشۈرۈپ، تاۋۇتىنىڭ يېنىدا قەبرە بېشىغىچە باردى. كۆپ ئۆتمەي، مۇناپىقلار ھەققىدە شۇ ئايەتلەر نازىل بولدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى.﴾[2]

ئەمما باشقا مەنبەلەرگە كۆرە، بۇ ئايەت تەبۇكتىن كېيىن نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ئايەتنى ئىبنى ئۇبەيگە ئۇيغۇنلاشقا بولمايتتى. چۈنكى ئىبنى ئۇبەي ئاغرىپ قالغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ بارغاندى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزگىرىپ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندى. ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى

---

[1] تەۋبە سۈرىسى، 80 - ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى، 84 - ئايەت.



www.munber.org

رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆلگەندە كىيىمگىدىن بىرنى مېنىڭ كېپەنلىكىم ئۈچۈن بەرگىن ۋە مېنىڭ تاۋۇتۇم بىلەن قەبرە بېشىغىچە بارغىن!» دەپ ئۆتۈنگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرگەندى. ئىبنى ئۇبەي يەنە: «ئي رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ قەبرە بېشىمدا تۇرۇپ دۇئا قىلىشىڭنى ۋە گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى. بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەرنىڭ بېشىدا، ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ بار ئىدى.

ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى ــــ «ئەلچى يىلى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ يىل مەدىنىگە ئەرەبىستان ۋە يەمەننىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئەلچى كەلگەندى. ھىميەر شاھزادىلىرى ھارىس ئىبنى ئابدۇكۇلال، نوئمان، مۇئافىر ۋە ھەمدانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىكتىن قول ئۈزۈپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا سەممىيەتلىك بىلەن مەكتۇپ يېزىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈردى. مەكتۇپتا: «ئىخلاسمەن يەھۇدىي ياكى خىرىستىئانلار ئۆز دىنىدىن قايتۇرۇلمايدۇ، ئەمما ئۇلار باج - خىراجەت تاپشۇرۇش ئارقىلىق، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئۆتىدۇ. مۇسۇلمان ۋە خىرىستىئانلاردىن باج - خىراج يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېگەندەك مەزمۇنلار يېزىلغانىدى. دىنىي ئايرىمچىلىق ھەققىدە نازىل بولغان بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەندى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللّٰه ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر اللّٰه خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن اللّٰه سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) اللّٰه سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.﴾[1]

مەدىنىگە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشاش نەتىجە كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىئرى مەئۇنە (مەئۇنە قودۇقى)دىكى قىرغىنچىلىققا سەۋەب بولغان ئەمر ئىبنى تۇفەيل ھازىر بەنى ئەمر قەبىلىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ خەلقىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە مەدىنىگە كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما ئۇ بەكمۇ نادان ئادەم ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ، ساڭا ياكى قەبىلەڭدىكى ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدۇ» دېدى. «ئۇنداق بولسا» دېدى ئەمر: «سەن شەھەرلەرنى باشقۇرۇپ، بەدەۋىلەرنى ماڭا قويۇپ بەرگىن!» دېدى.

---

[1] مائىدە سۈرىسى، 48 - ئايەت.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولمايدۇ، ئەمما سېنى ئاتلىق قوشۇنغا قوماندان قىلمەن، چۈنكى سەن ئاتنىڭ ھەممە خۇي ـ پەيلىنى بىلىدىغان ئادەمسەن» دېدى. بۇ تەكلىپنى ياقتۇرمىغان بەدەۋىي رەئىس ئۆزىنى خورلانغاندەك ھېس قىلدى ۋە ئارقىغا داجىپ: «يەنى مېنىڭ ھېچبىر ھوقۇقۇم بولمامدۇ؟! قاراپ تۇرغىن، پۈتۈن ئەتراپىڭنى ساڭا قارشى ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەر بىلەن تولدۇرىۋېتىمەن» دېدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم! بەنى ئەمر قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەمر ئىبنى تۇفەيلنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئەمر يولدا بىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۆيگە يېتىپ بارمايلا ئۆلدى. قەبىلىسى يېڭى ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توختام تۈزدى. يېڭى ئەلچىلەرنىڭ ئارىسىدا شائىر لەبىدمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن شائىرلىقنى تاشلايدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقالدى. ئۇ: «ئاللاھ ماڭا شېئىرنىڭ ئورنىغا قۇرئاننى بەردى» دېگەنىدى. ئەمما ئۇ بۇ تالانتىدىن پايدىلىنىپ دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.

ھەج مەۋسۇمى يېقىنلاپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىلارغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ مەسئۇللىقىنى ئەبۇبەكرىگە تاپشۇردى. ئەبۇبەكرى مەدىنىدىن ئۈچ يۈز كىشى بىلەن يولغا چىقتى. ئەمما ئۇلار يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ـ مۇشرىك ھەممىسىنىڭ بىلىشى كېرەك بولغان بىر ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا مېنىڭ ئائىلەمدىن باشقا ھېچكىم ۋەكىل بولالمايدۇ» دېدى ۋە ھەزرىتى ئەلىنى چاقماق تېزلىكىدە ھاجىلارغا يېتىشىۋېلىشقا بۇيرىدى. ئەلىگە بۇ ئايەتنى مىنادا ئوقۇپ، بۈندىن كېيىن كەئبىگە يالىڭاچ كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ۋە بۇتپەرەسلەرنىڭ ھەج قىلالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشنى تاپىلىدى.

ھەزرىتى ئەلى كارۋانغا يېتىشىپ بارغاندا، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: «بىزگە يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەلى: «ياق! مەن سېنىڭ رەھبەرلىكىڭدە بولىمەن» دېدى ۋە قالغان يولنى بىرلىكتە داۋاملاشتۇردى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى نامازلاردا ئىمام بولدى، خۇتبىنىمۇ ئۇ ئوقۇدى. ھېيت كۈنى، ھاجىلار ماللىرىنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مىناغا يىغىلغاندا، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئەي خالايىق! بۇتپەرەسلەرنىڭ كەئبىگە خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىشى ئۈچۈن تۆت ئاي مۆھلەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىگە چىقمايدۇ. يەنى ئۇلار بۈندىن كېيىن قەيەردە كۆرۈلسە، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى ئەسىر ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توختام تۈزگەنلەر ۋە بۇ توختامنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلغانلار، توختامنامىنىڭ ۋاقتى تۈگىگىچە ئامانلىقتا بولىدۇ. ئەگەر بىر بۇتپەرەس مۇسۇلمانلاردىن ھىمايە تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ھىمايە بېرىلىدۇ ۋە ئۇ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمىن بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ» دېدى. بۇتپەرەسلەرنىڭ ھەيدەپ چىقىرىلىشىنى ئاڭلاپ، تىجارىتىنىڭ ئاقساپ قېلىشى ۋە قىممەتلىك سوۋغىلاردىن قۇرۇق قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن يېڭى مۇسۇلمانلار ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

﴿ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلار (اللّٰه نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن

www.munber.org

ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، اللہ خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللہ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ ئونىنچى يىلىنى ئاساسەن ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. ئوغلى ئىبراھىمنىڭ تىلى چىقىپ، تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىغانىدى. ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ زەينەپ ئىسىملىك سىڭىللىرى بولغانىدى ۋە فاتىمە يەنە بىر بالىغا ھامىلدار ئىدى. ئائىلە يېقىنلىرىدىن، جەئفەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. جەئفەر شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئەسمانى ئەمرىگە ئالغان ئەبۇبەكرى بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئۆگەي دادىسى بولۇپ قالغانىدى. ئەسمامۇ بىر بالىغا ھامىلدار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانىڭ سىڭلىسى، ئابباسنىڭ ئايالى ئۇممۇ فازىلنى پات - پات يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى فازىل ۋايىغا يېتىپ قالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ھەتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيمۇنەنىڭ قېشىدىكى چاغلاردا، جىيەنى فازىلنى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشقا چاقىراتتى.

ئەلچىلەر داۋاملىق كېلىۋاتاتتى. بۇ يىلقى ئەلچىلەرنىڭ ئارىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆلھى تۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن نەجران خرىستىئانلىرىمۇ بار ئىدى. نەجران رۇملۇق (بىزانس)لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپ كونستانتىنپۇل (ھازىرقى ئىستانبۇل - ت.)دىن ماددىي ياردەم ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتمىش كىشىلىك بۇ ھەيئەتنى مەسجىدتە قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ۋاقتى كەلگەندە، شەرققە، يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئىبادەت قىلىشىغا يول قويدى.

كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ بولغىچە، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلچىلەر ئارىسىدا ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە تالاش - تارتىش چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:

﴿شۈبھىسىزكى، اللہ نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللہ (ئاتا-ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس). (ئىسا ھەققىدىكى بۇ سۆز) اللہ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سەن شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن. سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، اللہ نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ اللہ قا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن.﴾[2]

[1] تەۋبە سۈرىسى، 28 – ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 59 - دىن 61 - ئايەتكىچە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى خرىستىئان ئەلچىلەرگە ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزى ۋە ئەھلىيەسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ تالاش ـ تارتىشنى ئايەتتە ئېيتىلغاندەك بىر تەرەپ قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە، كۈيئوغلى ئەلى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلىنى يېنىغا چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى چوڭ كۇلاھ كىيىۋالغان بولۇپ، كۇلاھ ھەممەيلەننى ئىچىگە سىغدۇرغىدەك قىلىپ كەڭ يېپىلغانىدى. شۇڭا بۇ بەش كىشى «ئەھلى ئابا» (ئەھلى كۇلاھ) دەپ ئاتالدى. خرىستىئانلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مۇنازىرىلىششكە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارغا باج ـ خىراج تاپشۇرىدىغان، مۇسۇلمانلار خرىستىئانلارنىڭ جان، مال ۋە چېركاۋلىرىغا چېقىلمايدىغان ھەم باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدايدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خۇشاللىق ئىبراھىمنىڭ ئاغرىپ قېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئۇزۇن ياشىيالمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنى ئانىسى مارىيە بىلەن ھاممىسى سىرىن داۋالاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇراتتى. ئىبراھىم جان ئۈزگەن چاغدىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازا ۋە داد ـ پەريادنى چەكلىشى، باشقىلار تەرىپىدىن: «ئۆلۈمدىن كېيىنكى بارلىق قايغۇ ئالامەتلىرى چەكلەندى» دەپ چۈشىنىلگەندى ۋە بۇ خاتا چۈشەنچە بەزىلەرنىڭ كاللىسىدىن تېخىچە چىقمىغانىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۇنى (يىغىنى دېمەكچى ـ ت.) چەكلىمىدىڭمۇ؟ مۇسۇلمانلار سېنىڭ يىغلىنىڭنى كۆرسە، ئۇلارمۇ يىغلاشقا باشلايدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىماي يىغلىدى ۋە بىركەمدىن كېيىن، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ: «مەن بۇنى چەكلىمىدىم. بۇلار ئىچىنىش ۋە مەرھەمەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. مەرھەمەتلىك بولمىغانغا مەرھەمەت بولمايدۇ. ئەي ئىبراھىم! ئەگەر تەكرار يۈز كۆرۈشۈش ۋەدىسى بولمىغان بولسا، بۇ، ھەركىم مەجبۇرىي ئۆتىدىغان يول بولمىغان بولسا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەنلىرىمىز ئەڭ باشتا كەتكەنلىرىمىزگە يېتىشىۋالىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولساق، سەن ئۈچۈن كۆپ قايغۇرغان بولاتتۇق. ھېلىمۇ خېلى كۆپ قايغۇردۇق. ئەي ئىبراھىم! كۆز يىغلايدۇ، يۈرەك ئېچىنىدۇ. ئەمما بىز ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققۇدەك بىر نەرسە ئېيتقىنىمىز يوق» دېدى.

ئاندىن ئىبراھىمنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مارىيە بىلەن سىرىنگە تەسەللىي بەردى. سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئابباس بىلەن فازىل ئىككىسىنى باشلاپ كىردى. فازىل مېيىتنى يۇيدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئابباس ئىككىسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. ئاندىن جىنازە قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇسامە بىلەن فازىل مېيىتنى قەبرىگە قويغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە قەبرە بېشىدا تۇرۇپ، ئوغلى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. قەبرىگە توپا دۆۋىلەنگەندىن كېيىن، بىر كومزەكتە سۇ كەلتۈرۈپ، قەبرىنىڭ ئۈستىگە سېپىشنى بۇيرىدى. قەبرە توپىسى تەكشى يېپىتىلمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپىنى



www.munber.org

ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «بېرىڭلار ئىش قىلغاندا، ئۇنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە قىلىشقا تىرىشىڭلار!» دېدى. ئاندىن توپىنى قولى بىلەن تەكشىلەپ: «بۇ، ھېچكىمگە پايدا - زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەمما قايغۇلۇق كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەر ئىشنى مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىشىنى ۋە مەقسەتنىڭ بۇ دۇنيا ئەمەس، ئۇ دۇنيا بولۇشى كېرەكلىكىنى بىر نەچچە قېتىم تەكىتلىگەندى. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقارغاندى: «ھەر زامان ياشايدىغاندەك بۇ دۇنيا ئۈچۈن، ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئۇ دۇنيا ئۈچۈن تىرىشقىن! (مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل!)». ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ھەر زامان تەييارلىق كۆرۈش - ئاخىرەت كۈننى مەقسەت قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇنيادا مۇساپىر ياكى يولۇچىدەك بول!» دېگەندى.

ئىبراھىمنىڭ مېيىتى يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن، ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ كەتتى. بەزىلەر بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاي ۋە قۇياش ئاللاھنىڭ ئىشارەتلىرىدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر - ت). ئۇلار ئىنسانىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، تاكى ئېچىلغانغا قەدەر دۇئا قىلىڭلار!» دېدى.

www.munber.org

## دەرىجىلەر

### (81)

يېڭى دىنغا كىرىش ئەسناسىدا، ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەنىۋىي تۇرتكىلەر بەكمۇ زەئىپلەشكەنىدى. بۇ سەۋەب بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى: ﴿ئەئرابىلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر...»﴾[1]

بۇ ئايەتتە، ئىماننىڭ دەرىجىلىرىگە ئىشارەت قىلىنماقتا ۋە «بويسۇنۇش ـ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەنكى دەرىجىسى» دەپ ھېسابلانماقتا. ئۇندىن يۇقىرى دەرىجىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى نازىل بولغان نۇر سۈرىسىنىڭ تېمىسى (توغرىسى تېمىلىرىدىن بىرى) ئىدى. نۇر ـ قۇرئاندا ‹ئىمان› مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە بۇ نۇر (يورۇقلۇق) نىڭ تۆت دەرىجىسى بايان قىلىنغان:

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىسى قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.﴾[2]

ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە، يورۇتۇلغان ئەمما ئۆزى يورۇقلۇق چىقارمايدىغان تەكچە بار. ئاندىن شىشە، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇبارەك زەيتۇن دەرىخى تۇرماقتا. بۇ سىمۋوللارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىنسانغا: ﴿بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز﴾[3] دېگەن باشقا بىر ئايەتنى ئەسلىتىدۇ. نۇر سۈرىسى ئىنساننى پۈتۈنلەي پىكىر يۈرگۈزۈشكە چاقىرىدۇ. ئەمما دەرىجىلەرگە كەلسەك، بۇ تېما قۇرئاندا سىمۋوللۇق يوللار بىلەن بايان

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.
[2] نۇر سۈرىسى، 35 ـ ئايەت.
[3] ھەشر سۈرىسى، 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

قىلىنغان. ھالبۇكى، تۆنجى نازىل بولغان سۈرىلەردە ئىماننىڭ دەرىجىلىرى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنماقتا ئىدى. بۇ سۈرىلەرنىڭ بىرىدە (ۋاقىئە سۈرىسى) ئىنسانلار ئۈچ پىرقىغە ئايرىلغانىدى: سائادەتمەنلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەر)، بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەر) ۋە ياخشى ئىشلاردا ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار. سائادەتمەنلەر ـ مۇكاپاتلىنىدىغانلار، بەختسىزلەر ـ جازالىنىدىغانلار، ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار ـ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بولۇپ، ئۇلارغا «ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى» دېيىلىدۇ. چوڭ پەرىشتىلەرنى باشقا پەرىشتىلەردىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇلغان (مۇقەررەبىن)» ئاتالغۇسى ئۇلار ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. باشتا نازىل قىلىنغان سۈرىلەرنىڭ بەزىلىرىدىكى «مۇئمىنلەر كاتېگورىيىسى» دە، «ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار» بىلەن «سائادەتمەنلەر» ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ۋە «ياخشىلار (ئەبرار)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرىجە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قۇرئاندىكى (بۇ ئۈچ پىرقىنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان) تەسۋىرلەر ئارقىلىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «سائادەتمەنلەر» گە ساپ شاراب بېرىلىدۇ، تەسنىم ـ پەقەت «ياخشى ئىشلاردا ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار»غا بېرىلىدۇ. «ياخشىلار» غا بولسا، بۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى سۈپىتىدە ئىككىسىنىڭ ئارىلاشمىسى بېرىلىدۇ. (ئىنسان سۈرىسى، **5** ـ ئايەت ۋە مۇتەففىفىن سۈرىسى، **27** ـ ئايەتلەرگە قاراڭ!)

ئۇستۇنلۇك دەرىجىسى قۇرئاندا «قەلب» كە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: ﴿ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[1].

يەنە بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش قەلبىنىڭ داۋاملىق ئويغاق ئىكەنلىكىنى، يەنى قەلب كۆزىنىڭ داۋاملىق ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. قۇرئاندا بۇنىڭ باشقىلارغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە نىسبەت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنماقتا، چۈنكى قۇرئان بەزىدە پەقەت «ئەقىل ئىگىلىرى» ئۈچۈنلا خىتاب قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇبەكرى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇ سىلەردىن كۆپ ئىبادەت قىلىش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىدىكى مۇستەھكەم بىر نەرسىنىڭ سايىسىدە ئېشىپ كەتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پات ـ پات بەزى ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ئۇستۈن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالاتتى. مەككە فەتھى قىلىنغان ۋاقىتتا، خالىد ئىبنى ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەنبىھلىگەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە ئاچچىقلاپ گەپ ياندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي خالىد! ساھابىلىرىمغا سىلىق مۇئامىلە قىلغىن! چۈنكى سېنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇڭ بولسا ۋە سەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئىشلەتسەڭمۇ، ساھابىلىرىمدىن ھېچبىرىنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشەلمەيسەن» دېگەنىدى.

[1] ھەج سۈرىسى، 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىرى ئارىسىدىكى پەرق (ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادىكىدىنمۇ) چوڭدۇر:

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەنىدى: «جەننەت ئەھلى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇلۇغ يەرنىڭ (ئەڭ پارلاق پىلانېتنى (ۋېنىرا) نىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئۇپۇقلاردىكى يىراقلىقىدەك) بەكمۇ يۇقىرىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ». ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى يۇقىرى – تۆۋەنلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە بىر نەرسە ئۆگىتىشىگىمۇ تەسىر قىلغان بولۇپ، بەزى نەرسىلەرنى پەقەت «كاللىسى شۇنىڭغا ئۆتىدۇ» دەپ ئويلىغان كىشىلەرگىلا ئۆگەتكەنىدى. ئەبۇھۇرەيرە: «مېگەمگە رەسۇلۇللاھتىن ئۆگەنگەن ئىككى تۇرلۇك ئىلىم تويلىدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا چىقاردىم. ئەگەر قالغان قىسمىنىمۇ چىقىرىدىغان بولسام، بۇ يەرنى كېسىپ تاشلايسىلەر» دەپ ئۆزىنىڭ بوغۇزىنى كۆرسەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ۋە ھۇنەين زەپەرلىرىدىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بەزى ساھابىلىرىگە: «ئەمدى كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا ئاتلىنىمىز» دېدى. ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! چوڭ جىھاد نېمە؟» دەپ سورىۋىدى: «نەپسكە قارشى جىھاد» دەپ جاۋاب بەردى. ئىنسان نەپسى ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە قۇرئاندا: ﴿نەپسى دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ...﴾[2] دېيىلگەنىدى. يەنە بىرى: ﴿ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى...﴾[3] دەپ ئاتالغان بولۇپ، مانا بۇ، روھنىڭ ياردىمى بىلەن «نەپس»كە قارشى جىھاد ئېلىپ بارغۇچى قىسمىدۇر.

ئەڭ ئاخىرىدا، جىھادى ئاياغلىشىپ، كۆڭلىدە ھېچقانداق شۇبھە قالمىغان «ئارام تاپقۇچى جان (نەپس)» باردۇر. «ياخشى ئىشلاردا ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار»، «ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى» ۋە «ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇلغانلار» نىڭ نەپسلىرى ئەنە شۇنداقتۇر. ۋەھيى كامالەتكە يەتكەن بۇ نەپسكە مۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ:

﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان (نەپس)! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.﴾[4]

بۇ ئايەتلەردىكى ئىككى تەسۋىر، قۇرئاننىڭ «ئارام تاپقۇچى جان» ئۈچۈن بەرگەن ئىككى جەننەت ۋەدىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش

[1] ئىسرا سۈرىسى، 21 - ئايەت.
[2] يۇسۇف سۈرىسى، 53 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] قىيامەت سۈرىسى، 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] فەجىر سۈرىسى، 27 - دىن 30 - ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئۇچۇن ئېيتقان: «پەرۋەردىگارىم ۋە جەننەت بىلەن يۈزلىشىش» سۆزىنى خاتىرىلەتمەكتە. «ئارام تاپقۇچى جان» ئۇچۇن دېيىلگەن: «جەننىتىمگە كىرگىن» ئىبارىسى «پەرۋەردىگارىم بىلەن يۈزلىشىش» سۆزىگە ماس كەلسە، «بەندىلىرىمنىڭ ئارىسىغا كىرگىن» ئىبارىسى «جەننەت» سۆزىگە ماس كەلمەكتە. كاتتا جەننەت (جەننەتۇل ئەئلا)، يەنى «پەرۋەردىگارىم بىلەن يۈزلىشىش» ـ رىزۋان(ئاللاھنىڭ رازىلىقى) نىڭ دەل ئۆزىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەت شۇ چاغلاردا نازىل بولغانىدى:

﴿ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەندى: «بەندەم نەفلە ئىبادىتى بىلەن ماڭا يېقىنلىشىشنى تاكى مەن ئۇنى ياقتۇرغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. مەن ئۇنى ياقتۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن».

نەفلە ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا، «ئاللاھنى ياد ئېتىش ياكى ئاللاھنى چاقىرىش» مەنىسىدىكى «زىكرۇللاھ (يەنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش)» كەلمەكتە. تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ بىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپ ئەمر قىلىنغانىدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدە) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن.﴾[2]

ئۇندىن كېيىن نازىل بولغان بىر ئايەتتىمۇ مۇنداق دېيىلگەندى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلب ۋە قەلبىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ھەر نەرسىنىڭ دېتىنى چىقىرىدىغان پارقىراتقۇچىسى باردۇر. قەلبنىڭ پارقىراتقۇچىسى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتۇر». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەھشەر كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كىملەر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلغان ئەرلەر ۋە ئاياللار» دەپ جاۋاب بەردى. ساھابىلەر يەنە: «ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى: «بىر كىشى مۇشرىك ۋە بۇتپەرەسلەرگە

[1] تەۋبە سۈرىسى، 72 ـ ئايەت.
[2] مۇزەممىل سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.
[3] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45 ـ ئايەت.



www.munber.org

قارشى جەڭ قىلىپ، قىلىچى قانغا بويىلىپ كەتسىمۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

www.munber.org

## كىلەچەك

## (82)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىمنىڭ ئەي ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئۇندىن قالسا، كېيىنكىلەر تۇرىدۇ ۋە مۇشۇ پېتى داۋاملىشىدۇ» دېدى ۋە ئۆز دەۋرىدە ياشىغان ئۈممىتىنىڭ، يەنى ساھابىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلەندى. بىر كۈنى، ساھابىلىرىدىن ئون كىشىنى يوقلاپ باردى ۋە ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەردى. ئۇلار: ئەبۇبەكرى، ئوسمان، ئەلى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇئۇبەيدە، تەلھە، زۇبەير، زۇھرىلىك سەئد ۋە ھەنفىلىك زەيدنىڭ ئوغلى سەئد قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلاردىن بۇرۇن باشقىلارغىمۇ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەنىدى. ھەدىس كىتابلىرىدا، ئۇنىڭ بۇ ئون كىشىنى ماختىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن باشقىلارغا جەننەت خەۋرىنى بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، بىر ھەدىستە: «جەننەت ئەلى، ئەممار ۋە سەلمان ئۈچىنى ئارزۇ قىلىدۇ» دېيىلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەگىمۇ: «ئىمران قىزى مەريەمدىن قالسا، سەن جەننەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە تۇرىسەن» دېگەنىدى. ئەلىنىڭ ئۆزىدىن ئالغان ھېكمەتنى كېلەچەك نەسىللەرگە يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم خەۋەرچىلەردىن بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ: «مەن ئىلىمنىڭ شەھىرى بولسام، ئەلى ئۇ شەھەرنىڭ قوۋۇقىدۇر» دېگەنىدى. ئۇندىن باشقا، كۆپچىلىكنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: «مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. قايسىسىغا قارىساڭلار، ئۇنىڭدىن ھىدايەت تاپىسىلەر» دېگەنىدى.

تەبۇك غازىتىدىن قايتقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش تۈگىگەنلىكى ھەققىدە گەپ تارقالدى. ھىجرەتنىڭ ئونىنچى يىلى، توختىماي كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنى كۆرگەن ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىنپۈتتى ۋە قورال ـ ياراق، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى سېتىشقا باشلىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى توستى ۋە: «ئۈممىتىمنىڭ بىر قىسمى دەججال كەلگەنگە قەدەر ھەق يولىدىكى جىھادنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئۈممىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنى دورايدىغان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرغانىدى: «سىلەر ئۇلارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە، قەدەممۇ قەدەم دوراپ ماڭىسىلەر. ھەتتا ئۇلار زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۇۋىسىغا كىرسە، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كىرىسىلەر». قىيامەتتىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ: «ئىسلام غەرىبانە تارقالدى، ئاخىرىدا يەنە غەرىبانە ھالدا قايتىدۇ» دېگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يەنە يالغۇز تاشلاپ



www.munber.org

قويمايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ: «ئاللاھ ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا دىنىنى ئىسلاھ قىلىدىغان بىرىنى ئەۋەتىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

باشقا بىر كۈنى، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەي قېرىنداشلىرىم!» دەپ بىر نەچچە قېتىم توۋلىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سىنىڭ قېرىنداشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مېنىڭ يولداشلىرىم (دوست - بۇرادەرلىرىم) سىلەر. مېنىڭ قېرىنداشلىرىم تېخى بۇ دۇنياغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئارىسىدا» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

قىيامەتتىن بۇرۇن، ئۇ كۈنلەرنىڭ شۇنچە ناچارلىقىغا باقماي مەھدى (ھىدايەت تاپقۇچى مەنىسىدە) ئىسىملىك بىر خەلىپىنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: «مەھدى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن چىقىدۇ. ئۇ پېشانىسى كەڭ، ئىلمەك بۇرۇن ئادەمدۇر. ئۇ دۇنياغا يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە زۇلمەتلىك دۇنياغا ئادالەت ئورنىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دەججال كېلىدۇ. دەججال ئوڭ كۆزى ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان، بەتبەشىرە ۋە كور ئادەم بولۇپ، يەر يۈزىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ ۋە يالغان سۆزلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئەمما بىر توپ مۆئمىن ئۇنىڭغا قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بارىدۇ. دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەر ناماز ئۈچۈن سەپكە تىزىلىۋاتقاندا، مەريەم ئوغلى ئىسا ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەججال ھەزرىتى ئىسانى كۆرۈپ خۇددى سۇدا ئېرىغان تۇزدەك ئېرىپ كېتىدۇ. ئەگەر قويۇپ بېرىلسە، ھېچنېمىسى قالمىغىچە ئېرىپ كېتىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۇنى ئىسانىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ. ئىسا ئۇنىڭ قېنىنى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ» دېگەنىدى.

ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئاسمان - پەلەك بىنالارنىڭ سېلىنىشى - ئەنە شۇ ئالامەتلەردىن بىرىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بۇ ئالامەتلەر تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۆمەر مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرساق، كىيىمى ئاپئاق، چاچلىرى قاپقارا بىر ئادەم يېتىپ كەلدى. بىز ئۇنى تونىيالمىدۇق، ئۇنىڭ چىرايىدا سەپەر ھاردۇقىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، تىزلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ تىزلىرىغا چىپسىلاشتۇردى ۋە قوللىرىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن: ''ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن!'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ئىسلام - ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىش، تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋە كۈچى يەتكەنلەرنىڭ ھەج قىلىشىدۇر'' دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ''توغرا ئېيتتىڭ'' دېدى. بىز ئۇنىڭ بۇ سوئالنى ھەم سوراپ ھەم بېرىلگەن جاۋابنى تەستىقلىغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئولتۇردۇق. ئۇ ئادەم يەنە: ''ئىماننىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن!'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ئىمان - ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە، پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق



www.munber.org

ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر“ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ”توغرا ئېيتتىڭ. ئۇنداقتا، ئېھسان نېمىدۇر؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئېھسان ـ ئاللاھقا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. چۈنكى بىز ئۇنى كۆرمىگەن بىلەن، ئۇ بىزنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدۇ“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”توغرا ئېيتتىڭ. ماڭا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئېيتىپ بەرگىن!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سورالغۇچىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىمى سورىغۇچىنىڭ بىلىمىدىن ئارتۇق ئەمەس“ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ”ئۇنداقتا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىن!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”چۆرىنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى ۋە يالاڭئاياق، يالاڭتۆش چوپانلارنىڭ: قايسىمىز سالغان بىنا ئېگىز؟ دەپ بەسلىشىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر“ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئەي ئۆمەر! ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”ئاللاھ ۋە رەسۇلى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ“ دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ”ئۇ، سىلەرگە دىنىي تەلىمات بەرگىلى كەلگەن جىبرىئىل ئىدى“ دېدى».



www.munber.org

# ۋىدالىشىش ھەججى

## (83)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈننى بەزى ساھابىلىرى بىلەن بىللە مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئۆتكۈزەتتى. ئەمما ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا، ئاخىرقى ئون كۈننىمۇ قوشۇپ، جەمئىي يىگىرمە كۈننى ئېتىكاپتا ئۆتكۈزدى. شۇنداقلا، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا، جىبرىئىل كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. شۇ يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمەگە بىر سىر ئېيتىپ بەردى (باشقىلارنىڭ بىلمەسلىكى شەرتى بىلەن): «ھەر يىلى جىبرىئىل كېلىپ، ماڭا قۇرئاننى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتىم. ئەمما بۇ يىل ئۇ ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى. قارىغاندا، ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ».

شەۋۋال ئېيى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇندىن كېيىنكى ئايدا، مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەرلەر ئەئرابىلارغىمۇ يەتكۈزۈلدى. قىسقىغىنە ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، مەدىنە ھەر قەدىمىنى پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئېلىش مەقسىتىدە يېتىپ كەلگەن مىڭلىغان ئادەم بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇ ھەج، يۈز يىللاردىن بېرى قىلىنىپ كېلىۋاتقان ھەجلەرگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى، ھاجىلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھېچبىر بۇتپەرەسلىك ئىبادىتى بىلەن مۇقەددەس ئۆيىنى بۇلىمىغايتتى. زۇلھەججە ئېيىغا بەش كۈن قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر ـ ئاياللاردىن تەركىب تاپقان ئوتتۇز مىڭ مۇسۇلماننى باشلاپ مەدىنىدىن يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئايالى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن ئوسمان ئىبنى ئەففان يېتىلىۋالغان تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئەبۇبەكرى يېنىغا ئايالى ئەسمانى ئېلىۋالدى. تۇنجى قونالغۇلارنىڭ بىرىدە، ئەسما بىر ئوغۇل يەڭگىدى، بوۋاققا «مۇھەممەد» ئىسمى بېرىلدى. ئەبۇبەكرى ئۇنى مەدىنىگە قايتۇرماقچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، ھەجگە نىيەت قىلىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سەپەرنىڭ ئونىنچى كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتىھ قىلغىلى ماڭغاندا ئۆتكەن بىر ئۆتكەلگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، ئەتىسى سەھەردە ۋادىغا قاراپ پەسلەشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنى كۆرۈپ، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى سول قولىغا ئالدى ۋە ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! ئىنسانلارنىڭ بۇ ئۆيگە بولغان ھۆرمەت، ساداقەت، مەرھەمەت ۋە لۇتفىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى.

www.munber.org

ئاندىن سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا ئۇلاغلىق يەتتە قېتىم بېرىپ كەلدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەر بىر دۇئانى يادلىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

ئاندىن مەسجىدكە قايتىپ، كەئبە ئاچقۇچلىرىغا مەسئۇل ئابدۇددارلىق ئوسماننى، ئۇسامە ۋە بىلالنى ئەگەشتۈرۈپ، كەئبىنىڭ ئىچىگە كىردى. لېكىن ئۇ كۈنى كەچتە، ھەزرىتى ئائىشە ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەل غەمكىن ئىكەنلىكىنى سېزىپ، سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۈگۈن بىر ئىش قىلدىم، كاشكى قىلمىغان بولسامچۇ؟! كەئبىگە كىردىم. ئەمما ئۈممىتىمنىڭ بەزىلىرى كىرەلمەي (كېلەچەكتىكى مۇسۇلمانلارنى كۆزدە تۇتماقتا ـ ت)، كۆڭلى يېرىم بولۇشى مۇمكىن. بىزگە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش ئەمەس، بەلكى سىرتىدا تۇرۇپ تاۋاپ قىلىش پەرز قىلىندى» دېدى.

ئۇممۇ ھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ شۇنچە زورلىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھېچقايسىدا تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى، ھاجىلار بىللە بىلەن مىناغا باردى. كېچىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەردە ھارام قىلىنغان يەرنىڭ سىرتى، يەنى مەككىنىڭ شەرقىگە ئون ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارافات تېغىغا چىقتى.

مەككىلىكلەرنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىچى سىقىلدى. چۈنكى، باشقا ھاجىلار ئارافاتقا ماڭسا، قۇرەيشلەر: «بىز ئاللاھنىڭ ئۈممەتلىرىمىز» دەپ ھارام قىلىنغان رايوندىن چىقماسلىقتا ئادەتلىنىۋالغانىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئارافاتتىكى كۈنلەرنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغانلىقىنى، ئەمما كېيىنچە قۇرەيشلەرنىڭ بۇ پائالىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىلارغا ھەج ئەنئەنىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدى. سۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا: «ئىبراھىمنىڭ مىراسى» دېگەن كەلىمىلەر پات ـ پات تەكرارلىنىپ تۇردى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفۋانىنىڭ قېرىندىشى رەبىئەنى جاكارچى قىلىپ (ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى)، ئاۋۋال ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا مۇنۇ سۆزلەر بىلەن باشلانغان خۇتبىنى ئوقۇدى: «ئى خالايىق! سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن قايتا ئۇچرىشالماسلىقىم مۇمكىن. ئى خالايىق! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار! ئى خالايىق! مەن سىلەردىن سوراپ باقاي: بۇ ئاي نېمە ئايدۇر؟ (ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى) بۇ ئاي ھارام قىلىنغان ئايدۇر. يەنە سوراپ باقاي: بۇ يەر قانداق يەر؟ (يەنە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى) بۇ يەر ھارام قىلىنغان يەر. بۈگۈن نېمە كۈندۇر؟ (ھېچكىمدىن ئۈن ـ تىن يوق) بۈگۈن ھەج كۈندۇر. ئى خالايىق! تاكى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارغىنىڭلارغا قەدەر، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلىش خۇددى مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈن ۋە مۇشۇ يەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىققا ئوخشاشلا ھارامدۇر. ئى خالايىق! مەن سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇرۇپ كېتىمەن. بىرى، ئاللاھنىڭ كىتابى، يەنە بىرى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى. مۇشۇ ئىككى نەرسىگە چىڭ ئېسىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر...» خۇتبىدە يەنە ھالال ـ ھارام،



www.munber.org

مىراس، ئاياللارنىڭ ھوقۇقى، جازانىخورلۇق، قان قەرز ۋە باشقا تېمىلارنى تىلغا ئالدى. ئاخىرىدا، يېڭى نازىل بولغان ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان نەرسىنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ)، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

ئاندىن خۇتبىسىنى: «ئەي خالايىق! سىلەرگە تەبلىغ قىلدىممۇ (ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزدۈممۇ)؟» دېگەن سوئال بىلەن ئاياغلاشتۇردى. پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك: «ئەي رەببىمىز! ھەئە، يەتكۈزدى» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك پۈتۈن ۋادىنى تىترىتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ھاۋاغا قارىتىپ: «ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىن!» دېدى.

خۇتبىدىن كېيىن، ناماز ئوقۇلدى. ھارپا كۈنىنىڭ قالغان قىسمى دۇئا ۋە زىكىر بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. كۈن پاتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامە بىلەن بىللە يەسكە قاراپ ماڭدى، قالغان ھاجىلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەككىگە قايتتى. بۇ يەردە تېز مېڭىش كېرەك ئىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئاستا، ئاستا! ئاۋاز چىقارماڭلار! ئاراڭلاردىكى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا ياردەم قىلسۇن!» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇ كېچىنى مۇزدەلىفەدە ئۆتكۈزدى ۋە شەيتانغا سىمۋول قىلىنىپ ئەقەبەگە تىكلەنگەن ئۇچ تۈۋرۈككە تاش ئېتىش ئۈچۈن مىنا ۋادىسىدىن شېغىل تاش يىغدى. سەۋدە قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن بۇرۇن مۇزدەلىفەدىن كېتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىدى. سەۋدە باشقا ئاياللارغا نىسبەتەن بەستىلىك، ھەرىكىتى ئاستىراق بولغاچقا، ئىسسىق ۋە قىستاڭچىلىقتا بەكمۇ قىيىنىلىپ كېتەتتى. شۇڭا باشقىلار يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، شەيتانغا تاش ئېتىش ۋەزىپىسىنى بالدۇر تۈگىتىۋالماقچى بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇممۇ سۇلەيم ۋە ئاباسنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇللاھنى قوشۇپ بىللە ئەۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بامدات نامىزىنى مۇزدەلىفەدە ئوقۇغاندىن كېيىن، فازىلنى تۆگىسىگە مىنگەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى باشلاپ ئەقەبەگە باردى. ئون ئىككى يىل بۇرۇن ئالتە خەزرەجلىك بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزىگە بەيئەت قىلغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى مەيدانغا كەلگەنىدى. شەيتانغا تاش ئېتىلىپ، قۇربانلىق ماللار سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنى ئۆزىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا چاقىردى. ھاجىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىدىن بىر تۇتام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئولاشتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۇھۇد ۋە خەندەكتىكى خالىد بىلەن ئەقەبەدە مۇنۇ سۆزلەرنى قىلغان خالىد ئارىسىدىكى پەرقىقە دىققەت قىلدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ماڭلاي چاچلىرىڭنى باشقىسىغا بەرمەي، ماڭا بەرسەڭ!» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنى خالىدقا بەردى. خالىد چاچنى تۇتاملاپ ئېلىپ، كۆز ۋە لەۋلىرىگە باستى.

[1] مائىدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org

ئۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىلارغا كەئبىنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، يەنە ئىككى كېچىنى مىنادا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتىپ كېلىشنى بۇيرىدى. ئۆزى ئەسىر ۋاقتىغىچە ساقلاپ تۇردى. ھەيزدار ئائىشەدىن باشقا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى مەككە سەپىرىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئائىشەنىڭ ھەيزى توختىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قېرىندىشى ئابدۇراھمان بىلەن بىللە ھارام قىلىنغان رايوننىڭ سىرتىغا ئەۋەتتى. ئائىشە ئۇ يەردە قايتا نىيەت قىلىپ، ئېھرامغا كىردى ۋە مەككىگە بېرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ئەۋەتكەن ئۈچ يۈز ئاتلىق قوشۇن يەمەن سەپىرىدىن قايتىپ، جەنۇبتىن مەككىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەلى ھەج پائالىيىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئادا قىلىش نىيىتىدە باشقىلاردىن بۇرۇنراق يولغا چىققانىدى. غەنىمەتنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان بەشتىن بىر قىسمىدا پۈتۈن قوشۇننى كىيىندۇرۇشكە يەتكۈدەك رەخت كىيىم بار بولۇپ، ئەلى بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن پېتى تاپشۇرۇلۇشىغا قارار بەرگەنىدى. ئەمما ئەسكەرلەر ئۇنىڭ يوقلۇقىدا، ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ قويغان ئادەمنى ھەر بىر ئەسكەرگە بىرەر قۇردىن كىيىم بېرىشكە قايىل قىلدى. ئۇلار ئۈچ ئايدىن بۇيان سەپەردە بولغاچقا، كىيىملىرى بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. قوشۇن مەككىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى كۈتۈۋالغىلى ئالدىغا چىقتى ۋە كىيىملىرىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ۋەكىل: «خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرگەندە، راۋۇرۇست كۆرۈنسۇن دەپ كىيىم تارقىتىپ بەردىم» دېدى. ئەسكەرلەر مەككىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ھېيتلىق كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىۋالغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئەلى بۇ باشباشتاقلىقتا بەكمۇ غەزەپلەندى ۋە ئۇلارغا كونا كىيىملىرىنى كىيىپ، يېڭىلىرىنى غەنىمەتلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇشنى بۇيرىدى. پۈتۈن قوشۇندا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ: «ئى خالايىق! سىلەر ئەلىنى ئەيىبلىمەڭلار! چۈنكى ئۇ بۇنداق ئىشلارغا بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ» دېدى. لېكىن بۇ سۆزلەر ھەم يېتەرلىك بولمىدى ھەم پەقەت بىر نەچچە كىشىدىن باشقىسىنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىغاچقا، كۆڭۈلسىزلىك داۋاملىشىۋەردى.

مەدىنىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بىر بۆلەك ئەسكەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، ئۇ: «مەن مۇئمىنلەرگە ئۆزلىرىدىنمۇ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «شۇنداق» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىمگە ئەڭ يېقىن بولسام، ئەلىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىندۇر» دېدى. غەدىر ئەلھۇم دېگەن قونالغۇغا چۈشكەن ۋاقتىتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغدى ۋە ئەلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. ئاندىن: «پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈگىدى.

ئالدىنقى يىلى ئەلچى ئەۋەتكەن قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا نەجرىدىنىڭ شەرقىدىكى يەمامەگە جايلاشقان ھەنىفە ئىسىملىك خىرىستىيان قەبىلىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشنى قوبۇل قىلغانىدى، ئەمما مۇسەيلەمە ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆزىنىڭمۇ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

ھاجىلار مەككىدىن قايتىپ، كۆپ ئۆتمەي، يەمامەلىك ئىككى ئەلچى بىر پارچە مەكتۇپ كۆتۈرۈپ كەلدى. مەكتۇپتا: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇسەيلەمەدىن ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدكە سالاملار بولسۇن! ھاكىمىيەتنى سەن بىلەن تەڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى ماڭا بېرىلدى. دۇنيانىڭ يېرىمى بىزنىڭ، قالغان يېرىمى گەرچە گۇناھكار بولسىمۇ، قۇرەيشلەرنىڭدۇر» دەپ يېزىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇلار: «بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قاراشتا» دەپ جاۋاب بەردى. «قەسەم قىلىمەنكى» دېدى رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەيدىغان قائىدە بولمىغان بولسا، سىلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالغان بولاتتىم». ئاندىن بىر پارچە مەكتۇپ يازدۇرۇپ، ئەلچىلەرگە بەردى. مەكتۇپتا: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدتىن كاززاپ مۇسەيلەمەگە! سالام ھەق يولغا ئىتائەت قىلغانلارغا بولسۇن! ھەقىقەتەن يەر يۈزى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ خالىغان ئادىمىگە ئۇنى مىراس قىلىدۇ. ئاقىۋەت ـ ئاللاھتىن قورققانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر» دېيىلگەنىدى.

ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلاردىن بىرى بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ رەئىسى تۇلەيھە، يەنە بىرى، يەمەنلىك كەئب ئىبنى ئەسۋەد ئىدى. يەمەنلىك كەئب ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئەتراپىغا خېلى ئادەم يىغدى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ كۆرەڭ ۋە مۇتەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، كەئب ئۆلتۈرۈلدى. تۇلەيھە خالىدقا تەسلىم بولۇپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك ئادەملىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. كاززاپ مۇسەيلەمەگە كەلسەك، نۇسەيبەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئېغىر يارىلاندۇردى، كەينىدىن ۋەھشى بىر نەيزە بىلەن جېنىنى ئالدى. ئەمما بۇ ۋەقە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن يۈز بەردى. ئۇلاردىن باشقا، تەمىم قەبىلىسىدىن ساجە ئىسىملىك بىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئايال پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ زېھنى شىمالدا ئىدى. ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى (مىلادى **632** ـ يىل **5** ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى)، مۇئتەدە مەغلۇبىيىتىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە قارار بەردى. مۇسۇلمانلارنى زەيد ۋە جەئفەر شېھىت قىلىنغان كۈنى، بىزانس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ لەشكەرلىرىگە يان باسقان سۇرىيەلىك ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا بۇيرىدى. تولۇق تەييارلانغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى.

www.munber.org

## تاللاش

### (84)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەتنى خۇددى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا، مەلۇم ھەرىكەت ـ ئىشارەتلەرمۇ بولۇپ قالاتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى خۇددى بىر نەرسىنى ئېلىۋاتقاندەك ئۇزىتىپ، كەينىدىن تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندىن كېيىن: «جەننەتنى كۆردۈم، ئۈزۈمىدىن بىر ساپاق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنى ئۇزاتقانىدىم. ئەگەر ئالالىغان بولسام، ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە يەيتتىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. ئەتراپىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى سۆزلىرىگە كۆنۈپ قالغانىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئېغىز ئاچقاندا ياكى ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ۋاپات بولۇپ كېتىشىنى ئىما قىلغاندا، ئۇلارغا كۆپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، بەدەن قۇرۇلمىسى ناتىۋان ياشلاردىن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. كۆزلىرى تېخىچە نۇرلىنىپ تۇراتتى، ئاندا ـ ساندا ئاقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چاچلىرىمۇ تېخى قاپقارا ئىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ئۆزىنىڭ پات يېقىندا ۋاپات بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئېيتىۋىدى، ئاياللىرى: «بىزدىن قايسىمىز سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئەڭ بالدۇر بارىمىز؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمنىڭ قولى ئەڭ يىراق يەرگە يەتسە شۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاياللار قوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشكە باشلىدى. مەنبەلەردە بۇ ھەقتە بىر مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بىزچە بويى باشقىلارغا قارىغاندا بەستلىك بولغان سەۋدەنىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن ئىدى. زەينەپنىڭ بويى بەكمۇ ۋىجىك بولغاچقا، قولىنىڭ ئەڭ قىسقا ئىكەنلىكىدىمۇ شەك يوق ئىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، زەينەپ ئارىلىرىدا تۇنجى بولۇپ ۋاپات بولدى. شۇندىلا، ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىم ئەڭ سېخىي بولسا شۇ» دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. چۈنكى زەينەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹پېقىرلارنىڭ ئانىسى› دەپ ئاتالغان زەينەپ ئىسىملىك بۇرۇنقى ئايالىغا ئوخشاشلا بەكمۇ سېخىي ئىدى.

سۈرىيەگە ئەۋەتىلىدىغان قوشۇن تېخى يولغا چىقمىغانىدى. بىر كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇمۇۋەيھىبە ئىسىملىك ئازات گەردىسىنى چاقىرىپ: «ماڭا قەبرىدىكىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بۇيرۇق قىلىندى، مەن بىلەن بىللە قەبرىستانلىققا بارغىن!» دېدى. قەبرىستانلىققا بارغاندىن كېيىن: «ئەي مازار خەلقى! سىلەرگە سالاملار بولسۇن! سىلەر ھالىڭلاردىن سۆيۈنۈڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى. باشباشتاقلىق (مالىماتاڭچىلىق) خۇددى زۇلمەت كېچىنىڭ قارا پەردىلىرىدەك بىر ـ بىرىدىن بەتەر ھالدا يېتىپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى. ئاندىن ئەبۇمۇۋەيھىبەگە بۇرۇلۇپ: «ماڭا بۇ دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى، بۇ دۇنيادا ئۆلۈمسىزلىك ۋە جەننەت كۆرسىتىلدى. ئاندىن رەببىم ۋە

www.munber.org

جەننەت بىلەن يۈزلىشىش ياكى بۇ ئۈچىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلدى» دېدى. ئەبۇمۇۋەيھىبە: «ئى ماڭا ئاتا ـ ئانامدىن سۆيۈملۈك بولغان رەسۇلۇللاھ! بۇ دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى، ئۆلۈمسىزلىك ۋە جەننەتنى تاللىغىن!» دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «مەن رەببىم ۋە جەننەت بىلەن يۈزلىشىشنى تاللاپ بولدۇم» دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ‹بەقى مازارلىقى› دا ياتقانلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى.

ئۇ كۈنى سەھەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەسجىدكە چىقتى. نامازدىن كېيىن، مۇنبەرگە چىقىپ ئۇھۇد شېھىتلىرى ئۈچۈن رەھمەت تىلىگەندىن كېيىن، جامائەتكە قاراپ: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا بىر بەندە باركى، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا قېلىش ياكى ئۇ دۇنياغا كېتىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى. ئۇ بەندە ئاللاھنى (يەنى ئۇ دۇنيانى) تاللىدى» دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى يىغلاشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆزىنى كۆزدە تۇتتۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن: «ئى جامائەت! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ساداقەتمەنلىكى ۋە ئېھسانى بىلەن ماڭا ئەڭ يېقىن بولغان كىشى ئەبۇبەكرىدۇر. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچ ئايرىلمايدىغان بىر دوست تۇتىدىغان بولسام، چوقۇم ئەبۇبەكرىنى تۇتقان بولاتتىم. ئەمما بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىسلام قېرىنداشلىقىمۇ بىز ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن مەسجىد ئەتراپىغا سېلىنغان ۋە مەسجىدنىڭ ھويلىسىغا قارىتىپ ئىشىك ئېچىلغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەسجىدكە قارىتىپ ئېچىلغان شۇ ئىشىكلەردىن ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقىسىنى تاقىۋېتىڭلار! مەن سىلەردىن بۇرۇن كېتىمەن ۋە سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن. سىلەر بىلەن ماڭا مۇشۇ يەردە كۆرۈنۈۋاتقان كۆل (جەننەتتىكى) نىڭ بويىدا ئۇچرىشىمىز. سىلەرنىڭ گۇمراھلىققا يۈزلىنىشىڭلاردىن قورقمايمەن. ئەمما سىلەرنىڭ دۇنياۋى نەرسىلەر ئۈچۈن بىر ـ بىرىڭلار بىلەن رىقابەتلىشىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى.

مەسجىدتىن چىقىپ، ساھىبخانلىق نۆۋىتى كەلگەن مەيمۇنەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. جامائەتكە خىتاب قىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچىگەچكە، قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغانىدى. مەيمۇنەنىڭ يېنىدا بىر ـ ئىككى سائەت تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئائىشەنىڭمۇ بېشى ئاغرىۋاتقاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھۇجرىسىغا كىرگەندە: «ۋايجان بېشىم!» دەپ ئىڭرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ياق، ئائىشە! ئەسلىدە ۋايجان (مېنىڭ) بېشىم!» دېدى. ئاندىن ئائىشەنىڭ يۈزىگە سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن: «بۇ ئىشنىڭ (ئائىشەنىڭ ۋاپاتىنى دېمەكچى ـ ت) مەن ھايات ۋاقتىمدا بولۇپ قېلىشىنى خالايتتىم. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ساڭا مەغپىرەت، رەھمەت تىلەيتتىم ۋە سېنى ئۆز قولۇم بىلەن كېپەنلەپ، نامىزىڭنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلاتتىم» دېدى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشتى ۋە ئازراق بولسىمۇ كۆلدۈرۈشكە مۇۋەپپەق

www.munber.org

بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم: «ياق! ۋايجان (مېنىڭ) بېشىم!» دېگەندىن كېيىن، مەيمۇنەنىڭ ھۇجرىسىغا قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېنىنىڭ سالامەت ۋاقتىدىكىدەك ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشاتتى ۋە ھەر ۋاقىتتىكىدەك مەسجىدكە چىقىپ، جامائەتكە ئىمام بولۇۋاتاتتى. ئەمما ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ، نامازلارنى ئولتۇرغان پېتى تەستە ئوقۇيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. جامائەتكە ئۆلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشىنى ئېيتتى. بىر كۈنى، نۆۋىتى كەلگەن ئاياللىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ: «ئەتە نۆۋەت كىمدە؟» دەپ سورىدى. ئايالى نۆۋەتنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆگۈنلۈككىچۇ؟» دەپ سورىدى، ئايالى ئۇنىمۇ دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا سوراپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى ۋە ئائىشەنىڭ يېنىدا تۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، باشقا ئاياللارغا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز نۆۋەتلىرىمىزنى قېرىندىشىمىز ئائىشەگە ئۆتۈنۈپ بەردۇق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتتى. ئەمما ۋۇجۇدى يارىدەمچىسىز يۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئەلى ۋە ئابباس ئۇنى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى.

سۈرىيە سەپىرى ئۈچۈن ئون يەتتە ياشلىق ئۇسامەنى قوماندان قىلىپ تاللىغانلىقىغا كىشىلەرنىڭ نارازى بولغانلىقىنى ۋە سەپەر تەييارلىقىنىڭ ئاقساپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، خەلققە نەسىھەت قىلىشنى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما قىزىتمىسى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى، ئاياللىرىغا: «تۇلۇملارغا يەتتە قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ كېلىپ، مېنىڭ ئۈستۈمگە تۆكۈڭلار! مەن چىقىپ خەلققە نەسىھەت قىلاي!» دېدى. ھەفسە ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا ياغاچ داستىن بىرنى ئېلىپ كىردى، قالغان ئاياللار سۇ ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياغاچ داسنىڭ ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈستىدىن سۇ قۇيدى. ئاندىن كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، سەللىسىنى يۆگىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ، مۇنبەرگە چىقتى ۋە جامائەتكە مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى: «ئەي خالايىق! ئۇسامەنىڭ قوشۇنى يولغا چىقسۇن! مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇسامەنىڭ دادىسىنى قوماندانلىققا تەيىنلىسەممۇ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلغان ئىدىڭلار، مانا ئەمدى ئۇسامەنىڭ قوماندانلىقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر. ئۇنىڭ دادىسى قوماندانلىققا لايىق بىرى ئىدى، ئۇسامەمۇ شۇنىڭغا لايىق بىرىدۇر» دېدى. ئاندىن مەسجىدتىن چىقىپ، ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سەپەر تەييارلىقى تېزلىتىلدى، ئۇسامە قوشۇننى باشلاپ مەدىنىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتىكى (شىمالدا) جۇرف دېگەن يەرگە بارگاھ قۇردى.

ئۇندىن كېيىنكى نامازلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرالىسىمۇ، جامائەتكە ئىمام بولغىدەك ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاياللىرىغا: «ئېيتىپ قويۇڭلار، ئەبۇبەكرى جامائەتكە ئىمام بولسۇن!» دېدى. ئەمما ئائىشە دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا قايغۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇبەكرى بەكمۇ ھېسسىياتچان ئادەم، ئاۋازىمۇ جاراڭلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇرئان ئوقۇسىلا، يىغلاشقا باشلايدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى

ئاڭلىمىغاندەك: «ئەبۇبەكرى جامائەتكە ئىمام بولسۇن!» دېدى. ئائىشەمۇ سۆزىنى تەكرارلىدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆمەرنى بۇيرۇشنى ئۆتۈندى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئەبۇبەكرى ئىمام بولسۇن!» دېدى. ئائىشە ھەفسەنىڭ چىرايىغا يالۋۇرغان قىياپەتتە قارىدى. ھەفسەمۇ سىناپ باقتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: «سىلەر يۇسۇفنىڭ ئەتراپىدىكى خوتۇنلارغا ئوخشايسىلەر. ئەبۇبەكرى جامائەتكە ئىمام بولسۇن! خالىغان ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپسۇن، خالىغىنى مەمنۇن بولسۇن. بولمىسا، ئاللاھ ۋە مۇئمىنلەر بۇنىڭغا ئىگە بولمايدۇ» دەپ، ئاخىرقى جۈملىسىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. شۇندىن كېيىنكى نامازلارغا ئەبۇبەكرى ئىماملىق قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ھاللاردا بېشىنى ئائىشەنىڭ كۆكسىگە ياكى تىزلىرىغا قويۇپ ياتاتتى. ھۇجرىغا فاتىمە كىرىپ كەلسە، ئائىشە دادا ـ قىز ئىككىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلاتتى. بىر قېتىم ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ فاتىمەگە بىر نەرسىلەرنى دېگەنلىكىنى ۋە فاتىمەنىڭ ئاۋۋال يىغلاپ، كېيىندىنلا كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى كۆردى. فاتىمە ھۇجرىدىن چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سورىدى. لېكىن فاتىمە بۇنىڭ سىر ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچكىمگە دېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن، فاتىمە بۇ سىرنى ئائىشەگە ئېيتىپ بەردى: «رەسۇلۇللاھ ماڭا بۇ كېسەللىك تۈپەيلىدىن ۋاپات بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن يىغلىدىم. ئاندىن تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى بولۇپ مېنىڭ يۈز كۆرىشىدىغانلىقىمنى ئېيتتۇيدى، كۈلۈمسىرەشكە باشلىدىم».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەللى تۈپەيلىدىن ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتاتتى. كېسەللى ئېغىرلاشقان بىر پەيتتە، ئايالى سەفىييە: «ئى رەسۇلۇللاھ! كاشكى سەن تارتىۋاتقان ئازابنى مەن تارتقان بولسامچۇ؟!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان باشقا ئاياللار بىر ـ بىرىگە قاراشتى ۋە ئۆز ئارىلىرىدا بۇنىڭ مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى دېيىشىپ كۇسۇلداشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلىقىنى سېزىپ قالدى ۋە: «بېرىپ ئاغزىڭلارنى چايقاڭلار!» دېدى. ئۇلار سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ: «چۈنكى سىلەر دوستۇڭلار ئۈستىدىن تۆھمەت قىلدىڭلار. ئاللاھقا قەسەمكى، ئۇ پۈتۈن سەمىمىيىتى بىلەن راست سۆزىنى ئېيتتى» دېدى.

ئۇممۇ ئەيمەنمۇ ھەمىشە ئۇنىڭ يېنىدا بولۇپ، پات ــ پات ئوغلىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يوللاپ تۇراتتى. ئۇسامە ئاللاھ بىر يول كۆرسەتكەنگە قەدەر جۇرھتا ساقلاپ تۇرۇشقا قارار قىلغانىدى. ئەمما بىر كۈنى ئەتىگىنى كەلگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلىغان پېتى مەدىنىگە قايتتى ۋە گەپ قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاغرىپ ياتقان رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كىردى. ئۇسامە ئېڭىشىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن رەھمەت تىلىگەندەك قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاچتى. ئاندىن قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۇسامەنىڭ قولىغا تۆككەندەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئۇسامە قايغۇرغان پېتى بارگاھقا يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى، ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى دۈشەنبە (مىلادى 632 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۈشەنبە)، سەھەر ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىتمىسى تۆۋەنلىدى. ئۇ شۇنچە ماغدۇرسىزلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەزاننى ئاڭلاپ

www.munber.org

مەسجىدكە چىقماقچى بولدى. مەسجىدكە چىققان ۋاقتىدا، ناماز باشلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر خۇشاللىقىدىن نامىزىنى بۇزۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نامازلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىشارەت قىلدى. ئۇلارغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نامازدىكى تەقۋالىقنى قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى. فازىل ۋە ئازات گەردىسى سەۋابىنىڭ ياردىمى بىلەن سەپكە قاراپ ماڭدى. ئەبۇبەكرى ئارقىدىكى سەپلەردە ھەرىكەتلىنىش بولغانلىقىنى سەزگەندى. بۇنىڭ پەقەت بىر كىشى ئۈچۈنلا بولىدىغانلىقى ۋە ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بېشىنى بۇرىماي تۇرۇپ، كەينىگە بىر قەدەم چېكىندى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ: «سەن داۋاملاشتۇرغىن!» دېدى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئىقتىدا قىلدى.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىغا بەكمۇ سۆيۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، نامازدىن كېيىنلا يېتىپ كەلگەن ئۇسامە، ئۇنىڭ خېلى ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن يولغا چىققىن!» دېدى. ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ، جۇرفقا قايتتى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشنى بۇيرىدى. ئۇ ۋاقىتتا، ئەبۇبەكرى يۇقارقى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇ ئون يىل بۇرۇن مەدىنىگە كەلگەندە، خەزرەجلىك ھارىسەنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندى ۋە ئەسلەمەگە ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن، ھارىسەنىڭ قىزى ھەبىبەگە ئۆيلەنگەندى. ھەبىبە تا ھازىرغىچە سۈنھى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئەبۇبەكرى پات ـ پات شۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فازىل ۋە سەففاتنىڭ ياردىمى بىلەن ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئەلى بىلەن ئابباس ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلدى، ئەمما ئۇزۇن تۇرمىدى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بەزى كىشىلەر ئەلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئەلى ئۇلارغا: «ئاللاھقا شۈكرى! ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئابباس ئەلىگە قاراپ: «قەسەم قىلىمەنكى، مەن قەبىلەمدىكى كىشىلەرنىڭ يۈزىدە كۆرگەن ئۆلۈم ئالامەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىمۇ كۆردۈم. كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى! ئەگەر ھاكىمىيەت بىزگە قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭ خەلققە خىتاب قىلىپ، بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرۇلۇق نەسىھەت بېرىشىنى تەلەپ قىلايلى!» دېدى. ئەمما ئەلى: «ياق، مەن سورىمايمەن. چۈنكى ئۇ ھاكىمىيەتنى بىزگە بەرمىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بىزگە بەرمەيدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى ئائىشەنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، تۆشىكىنىڭ ئۈستىدە جانسىز ھالەتتە ياتاتتى. ئائىشە قېرىندىشى ئابدۇراھمان قولىدا مىسۋاك تۇتقان پېتى ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇددى مىسۋاكنى ئالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قارىغانلىقىنى كۆردى. ئائىشە دەرھال قېرىندىشىدىن مىسۋاكنى ئېلىپ، ئۇچىنى چايناپ



www.munber.org

يۇمشاتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي، چىشلىرىنى مسۋاكلىدى.

كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوشىدىن كەتتى. ئائىشە بۇنى ئۆلۈمنىڭ باشلىنىشى دەپ ئويلىدى. لېكىن، بىر سائەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كېلىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى: «ھېچبىر پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمەي ۋە ھايات بىلەن مامات ئۇنىڭ ئىختىيارلىقىغا سۇنۇلماي تۇرۇپ كۆز يۇممايدۇ». شۇڭدىلا، ئائىشە بۇ بىر سائەت ئىچىدە بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتنى كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى بىزنى تاللىمايدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جەننەتتە كۆرۈشەيلى!» دەپ پىچىرلىغانلىقىنى ئاڭلىدى.

﴿كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېئمەتلىك ياخشى ھەمراھلار!﴾[1]

ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر قېتىم: «جەننەتتە كۆرۈشەيلى!» دەپ پىچىرلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. مانا بۇلار، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلەر ئىدى. ئائىشەنىڭ كۆكسىگە قويغان بېشى ئاستا - ئاستا پەسكە ساڭگىلاشقا باشلىدى. باشقا ئاياللىرى يىغلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى ياستۇققا قويدى ۋە ئۆزىمۇ يىغلاشقا باشلىدى.

[1] نىسا سۈرىسى، 69 - ئايەت.

www.munber.org

## مىيتنىڭ دەپنە قىلىنىشى ۋە خەلىپىلىك

**(85)**

تۇنجى بولۇپ ئابباس ھېس قىلغان ئالامەتلەرنى، كۆپ ئۆتمەي، باشقىلارمۇ ھېس قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى، ئۇممۇ ئەيمەن ئوغلىغا ئادەم يوللاپ پەيغەمبەرنىڭ سەكراتتا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. قوشۇن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بارگاھنى چۇۋۇپ بولغاندى. ئۇسامە قوشۇنغا دەرھال مەدىنىگە قايتىش ئەمرى بەردى. تۇنجى مۇسۇلمان بولغان ئۆمەر قاتارلىق بىر توپ ساھابىمۇ بۇ قوشۇندا ئىدى. قوشۇن شەھەرگە كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ بولغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۆمەر بىر ئايەتنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەسلىدىن ـ نەسلىگە ئۆلمەي ياشايدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ مەسجىد ھويلىسىدا تۇرۇپ: «ھەزرىتى مۇسا ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، خەلقىدىن قىرىق كۈن ئايرىلىپ تۇرغاندەك، رەسۇلۇللاھمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئۇمىد قىلىمەنكى، ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئېتىغا مىنىپ سۇنھىدىن قايتىپ كەلدى. چۈنكى بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مەدىنىنىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلىپ كەتكەنىدى. ئەبۇبەكرى ھېچكىمگە قارىماي، ئۇدۇل قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇستىدىكى يوپۇقنى ئېچىپ، يۈزىگە قارىدى ۋە سۆيدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈم بەرمىسۇن!» دېدى. ئاندىن يوپۇقنى يۈزىگە يېپىپ قويۇپ، ئۆمەرنىڭ قېشىغا چىقتى. ئۇنىڭغا: «ئەي ئۆمەر! ئۆزەڭنى بېسىۋالغىن!» دېدى. لېكىن ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلار ئەبۇبەكرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ تەرەپكە بۇرالدى. ئەبۇبەكرى ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن: «ئى خالايىق! كىمكى، مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلسا، ئۇ ئۆلدى. ئەگەر كىمكى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلسا، ئاللاھ تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» دەپ، ئۇھۇدتىن كېيىن نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.﴾[1]

بۇ ئايەتنى گويا بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغاندەك ۋە ئەبۇبەكرىدىن يېڭىلا ئاڭلاۋاتقاندەك ھېسسىياتتا كەلگەن مۇسۇلمانلار، ئايەتنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمىدى. كېيىنچە، ئۆمەر مۇنداق دېدى:

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 144 ـ ئايەت.



www.munber.org

«ئەبۇبەكرى ئۆ ئايەتنى ئوقۇغاندا، شۇنداق ھەيران قالدىمكى، پۇتلىرىم تىترەپ، يەرگە ئولتۇرۇپ قالدىم ۋە شۇندىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راست ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشەندىم.»

ئەلى زۇبەير بىلەن تەلھەنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. باشقا مۇھاجىرلار بولسا، ئەبۇبەكرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغانىدى. ئۇسەيد ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكى بىرمۇنچىلىغان كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئەمما ئەۋس ۋە خەزرەجلىك ئەنسارلارنىڭ كۆپىنچىسى سەئد ئىبنى ئۇبادە رەئىسلىكىدىكى بەنى سەئد قەبىلىسىنىڭ مەجلىسخانىسىغا يىغىلغانىدى. ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرگە ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدا بىر يەرگە يىغىلغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى كىمنىڭ تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاكىمىيىتىگە مەنزۇنلۇق بىلەن ئىتائەت قىلغانىدى. ئەمما ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەنى قەيلەگە يەسرىبلىك بولمىغان بىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئويلاشقانىدى ۋە كۆپىنچىسى سەئدكە بەيئەت قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى.

ئۆمەر ئەبۇبەكرىنى مەجلىسخانىغا بىللە بېرىشقا زورلىدى. ئەبۇئۇبەيدەمۇ ئۇلار بىلەن بىللە باردى. سەئد ئاغرىق بولغاچقا، يوگەككە يوگەنگەن پېتى مەجلىسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى. ئەنسارلاردىن بىر باياناتچى ئۇنىڭ نامىدا سۆز قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۈچ مۇھاجىر مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدى. مۇھاجىرلارنى كۆرگەن باياناتچى ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى: «بىز ئاللاھنىڭ ئەنسارلىرى ۋە ئىسلامنىڭ جەڭگە ماھىر كۈچى بولىمىز. ئەي مۇھاجىرلار! سىلەرمۇ بىزدىن ھېسابلىنىسىلەر. چۈنكى سىلەردىن بىر تۈركۈم ئىنسان بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاۋاتىدۇ...» باياناتچى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى. سۆزىنىڭ ئارىسىدا مۇھاجىرلارنى ئانچە - مۇنچە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلامنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماي، ئەنسارلارنى ماختاپ كۆككە چىقىرىۋەتتى. باياناتچىنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان، ئۆمەر سۆز قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئەبۇبەكرى ئۇنى ئىشارەت بىلەن توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ ئاھاڭى يۇمشاق، ئەمما سۆزلىرى كەسكىن ئىدى: «ئەي ئەنسارلار! بىز سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن سىلەر ئىسلامنىڭ ئەرەبىستان زېمىنىدا يېيىلغانلىقىنى ۋە ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيشتىن باشقىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ ئېڭىدا قۇرەيشلەرنىڭ تەڭداشسىز ئورنى بار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!» ئەبۇبەكرى سۆزلىرىنى تۈگىتىپ، ئىككى قولىدا ئۆمەر بىلەن ئەبۇئۇبەيدەنىڭ قوللىرىدىن تۇتتى ۋە: «مەن سىلەرگە بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشنى تەكلىپ قىلىمەن. قايسىسىنى خالىساڭلار، شۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار!» دېدى. شۇ ئارىدا، ئەنسارلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆكۈمداردىن ئىككىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئاخىرىدا ئۆمەرنىڭ شۇ سۆزلىرى ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈردى: «ئەي ئەنسارلار! رەسۇلۇللاھنىڭ نامازغا ئىماملىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئەبۇبەكرىگە تاپشۇرغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ (ئەنسارلار: بىلىمىز، - دەپ جاۋاب بەردى) ئۇنداقتا، ئىچىڭلاردىن كىم (نامازدا) ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدۇ؟» ئەنسارلار: «ئاللاھ ساقلىسۇن! ھېچقايسىمىز

www.munber.org

ئۆتەلمەيمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئەبۇبەكرىنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەبۇئۇبەيدە ۋە باشقا مۇھاجىرلار بەيئەت قىلدى. ئاندىن، سەئدتىن باشقا ئەنسارلارمۇ كېلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. سەئد ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە سۇرىيەگە ھىجرەت قىلدى.

ئۇ يەردە ئېلىنغان قارارنىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەبۇبەكرى مەسجىدتە بولۇپلا قالسا، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتكىلى ئۇنىمايتتى. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن، ئەبۇبەكرى مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئەبۇبەكرىگە بەيئەت قىلىشقا بۇيرىدى ۋە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

﴿ئۇز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمرا ئىدى.﴾[1]

جامائەت بىردەك ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەلى ئۇنىڭغا كېيىنچە بەيئەت قىلدى.[2]

ھەممەيلەن بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە جامائەتكە مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى: «ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى بولمىساممۇ، مېنى ئۆزەڭلارنىڭ ھاكىمى (خەلىپىسى) قىلىپ تاللىدىڭلار. ئەگەر توغرا يولدا ماڭسام، ماڭا ياردەم قىلىڭلار. ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزسەم تۈزىتىڭلار. ھەققە سەممىيلىك بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئىتائەت؛ ھەققە بىھۆرمەتلىك قىلىش خىيانەتتۇر. ئاراڭلاردىكى ئاجىزلار تاكى ئۇلارنىڭ ھەققى باشقىلاردىن ئېلىپ بېرىلگەنگە قەدەر مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەردۇر؛ ۋە ئاراڭلاردىكى كۈچلۈكلەر تاكى باشقىلارنىڭ ھەققى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلغانغا قەدەر مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ ئاجىز كىشىلەردۇر. مەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانغا قەدەر سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. مەن ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلمىسام، سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار! قېنى ئەمسە، نامازغا تۇرايلى! ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن!»

نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ يۇيۇلۇپ، كېپەنلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. ئاللاھ ئۇلارنى مۈگدەتتى. ھەممىسى چۈشىدە: «پەيغەمبەرنى كىيىملىرىنى سالدۇرمايلا يۇيۇڭلار!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئائىشە ھۇجرىسىدىن چىقىپ تۇردى. خەزرەجلىك ئەۋس ئىبنى ھەۋلى ئۆزىنىڭ ئەنسارلارغا ۋاكالىتەن مېيىتنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئەلىگە يالۋۇرۇپ: «ئەي ئەلى! سەندىن ئاللاھ

---

[1] تەۋبە سۈرىسى، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، فاتىمە ۋاپات بولغان ۋاقىتتا، ئەلى ئەبۇبەكرىگە مۇنداق دېدى: «سېنىڭ مۇھىم شەخس ئىكەنلىكىڭنى ۋە ئاللاھنىڭ ساڭا ئېھسان قىلغانلىقىنى بىلىمىز ھەم ئۇنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ھېچبىر نەرسىسىنى قىزغانمايمىز. ئەمما سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا، بىزدىن سورىماي تۇرۇپ بىر ئىش قىلدىڭ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلغاندۇق». ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلىيەسى بىلەن ئۆز ئائىلەمدىنمۇ يېقىن ئۆتۈشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كۈنى پېشىن نامىزىدا جامائەتكە ئەلىنىڭ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىكىنى تېخى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى.



www.munber.org

ۋە رەسۇلى ئۇستىدىكى نېسىۋىمىز شەرىپىگە ئېرىشتۈرۈپ قالاي!» دېدى. ئەلى ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى فازىل بىلەن قۇسام ئەلىگە ياردەملىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بەدىنىنى يۇيدى. ئۇسامە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازات گەردىسى شۇقرانىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇ تۆكۈۋاتاتتى. ئەلى قولى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇزۇن يېڭى كىيىمىنىڭ ھەممە يېرىگە تەككۈزگەچ: «ئى ماڭا ئاتا - ئانامدىنمۇ سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ ھايات - ماماتلىقىڭ ئوخشاشلا نېمىدېگەن گۈزەل!» دېدى. دەرۋەقە، ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدى نەپەسلەنمىگەنلىكى ۋە ئىسسىقى قالمىغانلىقىغا قارىماي، خۇددى ئۇخلاپ ياتقاندەكلا كۆرۈنەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىتى كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنى نەگە دەپنە قىلىش توغرۇلۇق بەس — مۇنازىرە باشلاندى. كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ‹بەقى مازارلىقى›دىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرى ۋە ئوغلى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كۆمۈلۈشى كېرەكلىكىنى ئويلاشقانىدى. بەزىلىرى بولسا، ئۇنى مەسجىدكە دەپنە قىلىش كېرەك دەپ قارايتتى. ئەمما ئەبۇبەكرىنىڭ يادىغا ئۇنىڭ: «ۋاپات بولغان يېرىگە دەپنە قىلىنمىغان ھېچبىر پەيغەمبەر يوقتۇر» دېگەنلىكى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىچىگە قەبرە كولاندى.

ئاندىن پۈتۈن مەدىنە خەلقى گۇرۇپپا - گۇرۇپپا بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ جەسىدىنى زىيارەت قىلدى ۋە جىنازا نامىزى ئوقۇدى. ئەرلەر كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاياللار، ئۇلاردىن كېيىن باللار كەلدى. شۇ كېچىسى، ئەلى، ئابباس، فازىل ۋە قۇساملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىدىنى قەبرىگە قويۇپ، دەپنە قىلدى.

"نۇر شەھرى" مەدىنە بىردىنلا يىغا - زارغە تولدى. ساھابىلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئەيىبلەيتتى، ئەمما ئۆزى توختىماي يىغلايتتى. بىرى ئۇممۇ ئەيمەندىن نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ: «مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن يىغلىمىدىم. مەن ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىنمۇ ياخشى بىر يەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەمدىم؟ ئەمما مەن بىزگە ئاسماندىن كېلىدىغان خەۋەرلەرنىڭ توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رەھمەت دەرۋازىسى ئېتىلىپ قالغاندەك بولغانىدى. ئەمما ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنىمۇ ئۇنۇتمىغانىدى: «مەن بۇ دۇنيادا نېمە ئىش قىلاي؟! بۇ دۇنيا بىلەن مەن، خۇددى بىر يولۇچى بىلەن ئۇ يولۇچى سايىداپ ئولتۇرغان بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشايمىز. يولۇچى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرەخنى تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ھەممەيلەننىڭ شۇنداق دەپ ئويلىشى ئۈچۈن ئېيتقانىدى. بۇ دەرۋازا ھازىرچە ئېتىلىپ قالسىمۇ، مۇئمىنلەر ئۆلۈم بىلەن بىرلىكتە قايتىدىن ئېچىلاتتى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىماقتا ئىدى: «مەن سىلەردىن بۇرۇن كېتىمەن ۋە سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن. سىلەر بىلەن ماڭا مۇشۇ يەردە كۆرۈنۈۋاتقان كۆل (جەننەتتىكى) نىڭ بويىدا ئۇچرىشىمىز». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىكى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئاخىرەتتە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن



www.munber.org

ئايرىلغانىدى. ئۇ ئاخىرەتتە، ئۇلار ۋە باشقىلار ئۈچۈن چەكسىز مەرھەمەت ئاچقۇچى، جەننەت ئاچقۇچى، ھەقنىڭ روھى ۋە ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى بولۇپ قالغۇسى!...

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى چوڭدۇر. ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر).﴾[1]

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 56 - ئايەت.



www.munber.org